ياقۇپ ئىسمايىل پەيدا

# گۈلدۈرماما

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى : مەمەت نەۋبەت

خەتتات : ئابدۇرېھىم ئابدۇكېرىم

ISBN 978-7-228-12919-5

9 787228 129195 >

定价：30.00 元

ياقۇپ ئىسمايىل پەيدا

江苏工业学院图书馆
藏书章

**图书在版编目(CIP)数据**

原野雷声：维吾尔文/牙库甫·斯玛依著.—乌鲁木齐：新疆人民出版社，2009.10
ISBN 978—7—228—12919—5

Ⅰ.原 … Ⅱ.牙 … Ⅲ.长篇小说—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2009）第 190209 号

**责任编辑** 孜来哈·艾则孜
**责任校对** 阿达来提·买合苏提
**特约校对** 万力·在顿
**封面设计** 买买提·诺比提
**绘画插图** 阿布都克力木江
**出版发行** 新疆人民出版社
**地　　址** 乌鲁木齐市解放南路 348 号
**电　　话** 0991—2827472
**邮政编码** 830001
**印　　刷** 新疆金版印务有限公司
**经　　销** 新疆维吾尔自治区新华书店
**开　　本** 880×1230 毫米　1/32
**印　　张** 11.75
**版　　次** 2009 年 12 月第 1 版
**印　　次** 2009 年 12 月第 1 次印刷
**印　　数** 1—4000
**定　　价** 30.00 元

# گۈلدۈرماما

(رومان)

ئاپتورى : ياقۇپ ئىسمايىل پەيدا
مەسئۇل مۇھەررىرى : زىلەيخا ئەزىز
مەسئۇل كوررېكتورى : ئادالەت مەخسۇت
تەكلىپلىك كوررېكتورى : ۋەلى زەيدۇن
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى : مەمەت نەۋبەت
ئىستۇرما رەسىمنى سىزغۇچى : ئابدۇكېرىمجان
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى : شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - نومۇر
تېلېفون : 0991—2827472
پوچتا نومۇرى : 830001
باسقۇچى : شىنجاڭ جىنبەن مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
ساتقۇچى : شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى : 880×1230 مىللىمېتىر ، 1/32
باسما تاۋىقى : 11.75
نەشرى : 2009 - يىلى 12 - ئاي 1 - نەشرى
باسمىسى : 2009 - يىلى 12 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى : 1—4000
كىتاب نومۇرى : ISBN 978—7—228—12919—5
باھاسى : 30.00 يۈەن

# 1

ئەتراپىنى ھەيۋەتلىك تاغ تىزمىلىرى قاپلىغان ئىلى ۋادىسى شۇنچىلىك گۈزەل ئىدى. مەيلى گۈل - چېچەككە پۈركەنگەن ياز ئايلىرى بولسۇن، مەيلى ئاپئاق قار ئاستىدا سوزۇلۇپ ياتقان قىش ئايلىرى بولسۇن، ئادەمدە لىرىكىلىق تۇيغۇ پەيدا قىلاتتى.

تېكەس دەرياسى، كۈنەس دەرياسى، قاش دەرياسى شىددەت بىلەن ئېقىپ، بىر - بىرى بىلەن قوشۇلغاندىن كېيىنلا ئاندىن تىنچىپ جىمجىت ئاقاتتى. مانا بۇ يىراق - يېقىنغا نامى كەتكەن ئىلى دەرياسى ئىدى.

سالاۋات مۇشۇ ئانا دەريانىڭ يۇقىرىقى ئېقىنى تەرەپتىكى توپتېرەك يېزىسىدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولدى. يېزىنىڭ شىمالىدىكى تۆپىلىك ئۈستىدىن پۈتۈن ئەتراپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. تاغ باغرىغا جايلاشقان يېزىنىڭ كەڭ يوللىرى ئۆمۈچۈك توردەك بىر پۈتۈن گەۋدە ھاسىل قىلغان بولۇپ، قايسى ئورۇندىكىسى باغ، قايسى ئورۇندىكىسى مەكتەپ مەيدانى، قايسى كوچا قەيەرگە جايلاشقان، ھەممىنى پەرق ئەتكىلى بولاتتى. ئاپئاق ئاقارتىلغان ئۆيلەرنىڭ تاملىرى، زىرائەتلىرى يىغىۋېلىنغان سالا - سالا ئېتىزلار، ئېگىزلىقلاردا توپ - توپى بىلەن ئوتلاپ يۈرگەن پادىلار، ئۆگزىلەر ئۈستىدىن تولغىنىپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلگەن ئاقۇچ تۈتۈنلەر، يىراق - يېقىندىن ئاڭلىنىۋاتقان ئىتلارنىڭ ئۈزۈپ - ئۈزۈپ قاۋاشلىرى، كۈمۈشتەك چاقناپ ئېقىۋاتقان ئىلى دەرياسى بۇ يېزىغا گۈزەللىك ھەم چەكسىز ھاياتىي كۈچ ئاتا قىلىپ تۇراتتى.

بىر كۈنلۈك جىددىي تۇرمۇش ئاخىرلىشىپ، كەچكى شەپەق يەر - جاھاننى ئۆز ئىلكىگە ئېلىش ئالدىدا تۇرغان پەيتتە ئىشىك ئېچىلىپ ئۆيگە سالاۋات كىرىپ كەلدى. ئوچاق بېشىدا تاماق ئېتىش بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتقان ئانا كەينىگە ئۆرۈلۈپ، قولىنى

پەرتۇقىغا سۇرتۇۋەتتى ـ دە ، ئادىتى بويىچە ئىككى قولىنى كەڭ يېيىپ ، ئوغلىنى باغرىغا بېسىشقا تەييارلاندى .

— بولدى ، بولدى ! مەن ھازىر كىچىك بالا ئەمەس . ئادەمنى خىجىل قىلىدىغان مۇشۇ قىلىقىڭنى قاچانمۇ تاشلايدىغانسەن ؟ ئەجەب زېرىكتىم سەھرانىڭ مۇشۇنداق پەلىپەتىش ئادەتلىرىدىن .

ئانا تۇرغان ئورنىدا قېقىپ قويغان قوزۇقتەك داڭقېتىپ قالدى . سالاۋات قاپىقىدىن قار ياغدۇرغىنىچە ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ كەتتى .

ئوغلىدا تۇيۇقسىز يۈز بېرىۋاتقان ئىشلار ئانىنى ئويغا سالدى . سالاۋاتنىڭ كۆزىنىڭ ئولتۇرۇشۇپ ياداپ كېتىۋاتقانلىقىنى ، سۆزلىرىنىڭمۇ كەسكىنلىشىپ ، مىجەزىنىڭمۇ چۇسلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزگىنىدە نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى . ئانا ئۇنىڭ دادىسىغا ئوخشايدىغان يوغان قارا كۆزلىرىدىن دائىم كىملەرنىدۇر رەنجىتىپ ، كىملەردىندۇر نارازى بولۇۋاتقان ئالامەتلەرنى كۆرەتتى . سالاۋات خۇددى ھەل قىلىش قىيىن بولغان مەسىلىگە دۇچ كەلگەندەك ، قانداقتۇر بىر پىغاندىن يۈرىكى پۇچىلىنىۋاتقاندەك پات ـ پات ھەسرەت چېكىپ خورسىناتتى . ئانا بۇ توغرىسىدا بىرنەچچە قېتىم ئېغىز ئاچقان بولسىمۇ ، سالاۋات كۆلۈپ قويۇپ ھېچنېمە دېمىگەنىدى . بۇنىڭدىن ئانىنىڭ غەم ـ غۇسسىسى تېخىمۇ كۆچىيىپ كەتتى . ئۇنى ئارامسىزلاندۇرۇۋاتقان كۆڭۈل غەشلىكلىرىنى ئانىسىغا دەۋالغان بولسا ياخشى بولاتتى . بىراق ، ئۇ بۇ توغرىسىدا ھېچنېمە دېمىدى . ئانىمۇ ئوغلىغا قانداق تەسەللى بېرىشكە ئامالسىز قالدى .

ئانىنىڭ يۈرىكى ئەنسىز سوقۇپ كەتتى ، بىر قاراڭغۇ كۆلەڭگە ئۇلارنىڭ ئائىلىسىگە ناھايىتى تېزلىك بىلەن باستۇرۇپ كېلىۋاتاتتى . ئۇ خۇددى كىچىسى ماڭغان ئوغرى مۇشۇكتەك ، ئولجىسىغا يېقىنلاپ كېلىۋاتقان قارا قاپلاندەك شەپە چىقارماي پەم بىلەن كېلىۋاتاتتى . ئانىنىڭ يۈرىكى شۇنداق بىر شۇملۇقنى سېزىپ تۇرسىمۇ ، ئۇنى توسۇشقا ئامالسىز قالدى . ئۇنىڭ ئەمدى ئوغلىنىڭ

چىچىلىشىغا ، ئۆيگە بەزىدە غەرق مەست ، بەزىدە چالا مەست ھالدا كىرىشىگە قاراپ ئولتۇرماقتىن باشقا ئامالى قالمىغانىدى . ئانا شۇ تاپتا ئىگە ـ چاقىسىز كىچىك بالىغا ئوخشاش شۈمشىيىپ قالدى .
سىرتتىكى ئىشلارنى پۈتتۈرۈپ ئۆيگە قايتىپ كىرگەن ۋاققاس ئايالىنىڭ قىقىپ قويغان قوزۇقتەك تۇرغان ھالىتىنى كۆرۈپ ئىچىدە «ئالۋاستىغا ئۇچراپ قالدىمۇ نېمە ؟» دېگەنلەرنى ئويلىدى . ئارقىدىنلا تۈگۈلگەن مۇشتۇمىنى لېۋىگە تەگكۈزۈپ كالتە يۆتەلدى . بۇ ئاۋازدىن ئانا دەرھال ئۆزىگە كېلىپ خىجىللىق ئىچىدە نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى .
— بىلسەم ـ بىلمىسەم مۇشۇ يېقىندىن بېرى ھەل قىلىش قىيىن بولغان مەسىلىگە دۇچ كەلدىڭغۇ دەيمەن ؟ بۇ ئۆيدە مېنىڭمۇ بىر كىشىلىك ئورنۇم بار . چوڭ ئىشلارغا چامام يەتمىسىمۇ ، كىچىك ئىشلارغا ياردىمىم تېگىپ قالىدۇ ، — دېدى ۋاققاس سۆپىنىڭ چېتىگە ئولتۇرۇپ ، موخۇركىنى قەغەزگە يۆگىگەچ . ئاندىن يۆگىگەن قەغەزنىڭ چېتىنى لېۋى بىلەن نەمدەپ ئىككى بارمىقىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ سىيرىدى .
ئانا تەمتىرەپ قالدى . ئېرىنىڭ مۇنداقچىلا ئېيتقان سۆزلىرى يۈرىكىگە نەشتەر بولۇپ سانجىلغان بولسىمۇ ، چاندۇرماسلىققا تىرىشتى .
— مەن ھازىرچە شۇنچىلىك دەپ تۇراي . ئابايا ئارزۇلۇق بالاڭنى كۆرگەندەك قىلىۋىدىم ، ئۆيگە كىرمىدىمۇ ؟
ۋاققاس سەرەڭگىنى ياندۇرۇپ تاماكىسىنى تۇتاشتۇردى . ئۆي ئىچىنى موخۇركىنىڭ قاڭسىق ھىدى بىر ئالدى . ئانا ئوغلى كىرىپ كەتكەن ئۆينىڭ ئىشىكىگە كۆزىنىڭ قۇيرۇقى بىلەن قاراپ قويغاندىن كېيىن ئالدىراپ جاۋاب بەردى :
— بىچارە بالا نەچچە كۈندىن بېرى تۇزۇكرەك ئارام ئالالماپتۇ . يېزىدا ئوقۇتقۇچى بولماق نېمانداق تەستۇ ؟ ئارام ئېلىۋالسۇن دەپ ساراي ئۆيگە كىرگۈزۈپ قويدۇم .
ۋاققاس خېلى ۋاقىتقىچە ئۈنچىقماي تاماكىسىنى چېكىپ

ئولتۇردى . ئۇنىڭ بىر نۇقتىغا تىكىلگەن بىر جۈپ كۆزىدىن قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمگەن ئۇزاق ئۆتمۈشنى ئەسلەۋاتقانلىقىنى ياكى بولمىسا بارغانسېرى مەنىسى قالماۋاتقان ئۆمرى ئۈستىدە ئويلىنىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى . ئۇ خىيالدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ بىرنەرسە دېيىشكە تەمشەلگەندە ئانا هويلىدا بىر ئىشلار بىلەن ئالدىراپ يۈرەتتى .

ۋاققاس ئورنىدىن تۇردى . «بالا دەپ كۆرگەن كۈنۈمىز مۇشۇ» دەپ غوتۇلدىغىنىچە سىرتقا چىقتى . كۈن تېخى بالدۇر بولسىمۇ ، ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق قاپلاپ كېتىۋاتاتتى . غەرب تەرەپتىن تۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان قارا بۇلۇت ئۇزاق ئۆتمەيلا يېتىپ كېلىدىغان بوران ـ چاپقۇندىن دېرەك بېرەتتى . قەيەردىدۇر بىر يەردە چاقماق چېقىپ ئۆتتى . گۇلدۇرماما پۈتكۈل يېزىنى ۋەھىمىگە سالدى . ئادەملەر جىددىيلىشىپ چالا قالغان ئىشلىرىنى پۈتتۈرۈش كويىدا ئالدىرايتتى .

ۋاققاس هويلىنى بىر ئايلىنىپ چىقتى . ئامبارغا ، ئېغىلغا كىردى . ئۆگزىگە چىقىپ دالىدا ئوتلاپ يۈرگەن مال توپىغا كۆز يۈگۈرتتى . چۈشەلگەن ئاتلارنىڭ دەم بېشىنى كۆتۈرۈپ ، دەم تاقلىشىغا بىرپەس قاراپ تۇردى . كۆپ ئۆتمەيلا غەربتىن ئۆرۈلگان لەرزان شامال كۆچىيىپ ، پۈتكۈل دالا چاڭ ـ توزان ئىچىدە قالدى . كەينى ـ كەينىدىن چېقىلغان چاقماق بۇلۇت قاتلىمىنى يېرىپ ئۆتۈپ ، قاراسلاپ كەتتى . دەھشەتلىك گۇلدۇرمامىدىن كېيىن پۈتكۈل دالا جىمىپ قالدى . ۋاققاس ئۆزىگە خاس بولمىغان چاققانلىق بىلەن ئۆگزىدىن يېنىپ چۈشتى . ئۆمرىدە قانچە قېتىم مانا مۇشۇنداق گۇلدۇرمامىلىق كۈنلەرنى ئۆتكۈزگەنلىكىنى بىلمەيتتى . ئاردىن شۇنچە يىللار ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ ، ئۇ يەنىلا دالىدىكى گۇلدۇرمامىنى ياخشى كۆرەتتى . چۈنكى ، ئۇ ياشلىقىنىڭ تۇنجى قەدىمىدە ، گۇلدۇرمامىلىق گۈگۈم پەيتىدە دالىدا پاتەمنى باغرىغا باسقانىدى…

ۋاققاسنىڭ چىرايىدا شادلىق ئالامەتلىرى پەيدا بولدى . ئاتمىش

بەش يىللىق ھايات مۇساپىسىدىكى ئەڭ ئۇنتۇلماس مىنۇتلار كۆز ئالدىدىن كىنو لېنتىسىدەك بىر - بىرلەپ ئۆتتى. كوپېراتسىيىلىشىشتىن كوممۇنا قۇرۇلغۇچە بولغان ئارىلىق، پولات - تۆمۈر ئېرىتىش جېڭى، بىرگە قارشى، ئۈچكە قارشى ھەرىكەت، سوتسىيالىستىك تەلىم - تەربىيە، داجەيدىن ئۆگىنىش ھەرىكەتلىرى ھېلىمۇ ئۇنىڭ ئېنىق ئېسىدە ئىدى. ئەگەر يىللار رەھىمسىزلىك قىلمىغان بولسا، ئۇ ھازىرغىچە يېزىنىڭ تىزگىنىنى قولىدا مەھكەم تۇتۇپ تۇرغان بولاتتى. بىراق، تەبىئەت قانۇنىيىتىنى ئۆزگەرتىشكە ھېچكىمنىڭ چامىسى يەتكەن ئەمەس. تۇغۇلۇش، قېرىش ئادەمنىڭ ئىرادىسىگە باقمايدۇ. يېزىنىڭ، كوممۇنانىڭ باشلىقى بولغان چاغلار كەلمەسكە كەتتى...

دەھشەتلىك گۈلدۈرمامىدىن كېيىنلا يامغۇر چېلەكلەپ يېغىشقا باشلىدى. ئۆيگە كىرىشكە ئارانلا ئۈلگۈرگەن ۋاققاس بىر قولىنى ئىشىككە تىرىگىنىچە، شىددەت بىلەن چۈشۈۋاتقان يامغۇرغا، يامغۇر سۈيىدىن پەيدا بولغان كىچىك - كىچىك ئېقىنلارغا قاراپ تۇردى. كوممۇنانىڭ ئاشلىقىنى يىغىمەن دەپ، تالاي قېتىم يامغۇردا قېلىپ چىلىق - چىلىق سۇ بولۇپ كەتكىنىنى ئەسلىدى. ئۇ مۇشۇ يېقىندىن بېرى كىشى قەلبىنى ھاياجانغا سالىدىغان ئاشۇ كۆرۈنۈشلەرنى پات - پات ئەسلەيدىغان بولۇپ قالدى. بەزىدە ئۆز - ئۆزىگە «بۇلارنىڭ ھەممىسى قېرىغانلىقنىڭ ئالامىتى بولسا كېرەك» دەپ پىچىرلاپ قوياتتى.

ئىشىنى تۈگەتكەن ئانا ئېرىنىڭ ئىشىككە يۆلەنگەن ھالدا ئويغا چۆككەنلىكىگە بىرپەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئوغلى ياتقان ئۆيگە كىردى. سالاۋات ئىككى قولىنى بېشىغا قويۇپ ئوڭدا ياتقىنىچە ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇ كىچىك ۋاقتىدىمۇ مانا مۇشۇنداق يېتىپ ئۇخلايتتى. ئۇنىڭ سەل - پەل قارايغان يۈزىدە بىر خىل جىددىيلىك ئەكس ئېتەتتى. قىز بالىنىڭكىدەك لەۋلىرى بىر - بىرىگە ھىملەشكەن بولۇپ، مەڭزىدىكى بۇلجۇڭ گۆشلەر ئاندا - ساندا مىدىرلاپ قوياتتى. ئانىسىنىڭ ئۇنىڭغا قاراپ

يۈرەك ـ باغرى ئېزىلـدى . بېشىنى ئېگىـشتۈرۈپ پېـشانىسىگە سۆيدى . مانا ئەمدى ئۇ چوپچوڭلا يىگىت بولۇپ قالغانىدى . بىر ئـۆيـنىڭ خوجايىنىغا ئايلانغانىدى . بەلكىم ئوغلىنىڭ دېگەنلىرى توغرىدۇر . ئۆزىنىڭ ئەنسىرەشلىرىمۇ ئورۇنسىزدۇر ياكى ئۇ ئەمدى ئانىسىنىڭ باغرىغا بېسىپ پەپىلىشىگە ، كۆڭۈل بۆلۈشىگە موهتاج ئەمەستۇر...

سـالاۋات مـىـدىـرلىغىنىچە چىرايلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ يانغا ئـۆرۈلدى . ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن چىققان هاراقنىڭ سېسىق هىدى ئانىنىڭ دىمىغىغا ئۇرۇلدى .

— نېمە ، بۇ دەيۇز يەنە ئىچىپ كەلگەن ئوخشىمامدۇ ؟ — دېدى بوسۇغىدا پەيدا بولغان ۋاققاس زەردە بىلەن . ئانا تېپىرلاپ كەتتى . ئوغلىنىڭ ئۇيقۇسىغا تەسىر يەتكۈزمەسلىك ئۇچۇن ئېرىنىڭ ئالدىنى توسۇپ ئىشىكنى ياپتى .

— نـېـمانچىلا ۋارقىرايسىز ؟ سىز شۇنداق ئىشنى قىلىپ باقمىغاندەك . «ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چالا قۇيرۇق» دېگەن مانا مۇشۇ .

ئـايـالـىـنـىـڭ جايىدا ئېيتقان بىر ئېغىز سۆزىدىن ئاغزى تـۇۋاقلانغان ۋاققاس پۇتۇن ئاچچىقىنى كۆزىگە مەركەزلەشتۈرۈپ ئايالىغا بىرپەس ئالايغاندىن كېيىن ، يامغۇرلۇق چاپىنىنى ئېلىپ سىرتقا ماڭدى . قاتتىق ياغقان يامغۇردىن كېيىن بۇلۇتلار تارقاپ ، كـۆپـكـۆك ئـاسـمـاننىڭ چېتى كېڭىيىۋاتاتتى . تىمتاس گۆگۈم ئىچىدىكى يېزا هاۋاسى شۇنچىلىك ئىللىق ئىدىكى ، هەرقانداق بىر ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا لىرىكىلىق تۇيغۇ پەيدا قىلاتتى .

ئـانـا بـىرنەرسە دېيىشكە تەمشەلدىيۇ ، شۇئان يەنە توختاپ قالدى . ئۇزۇن يىللىق مۇساپىنى بىللە باسقان بۇ قەدىناسلار گاهىدا بىر ـ بىرىنى چۈشەنگەندەك قىلىسىمۇ ، ئەمما بەزى چاغلاردا پەقەتلا چـۈشـەنـمـەي قـالاتـتـى . ۋاقـقـاسـنىڭ نورغۇن ۋاقتى سىرتتا ، كۆپچىلىكنىڭ ئارىسـىدا ئۆتتى . هـەتتا ئۇنـىڭ بەزىـدە ئۆيـگە ئايلاپ ـ ئايلاپ كەلمىگەن چاغلىرىمۇ بولغانىدى . ئۆيگە كەلگەن

چاغلىرىدىمۇ سورلۇك قىياپەتتە ئولتۇرۇپ ئاز گەپ قىلاتتى . ئانا باشتا ئىشەنمىگەن بىلەن كېيىنچە باشقىلارنىڭ «ۋاققاس كېلىۋاتىدۇ دېسە ، بۆشۈكتىكى يىغلاۋاتقان بالىمۇ يىغىدىن توختايدۇ» دېگەن سۆزىگە ئىشەندى . مانا ئەمدى يىللار ھەممىنى ئۆزگەرتىۋەتتى . ۋاققاسنىڭ پېنسىيىگە چىققىنىغىمۇ بىرنەچچە يىل بولدى . شۇنىڭدىن بۇيان ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى «پەرق»مۇ يوقالغانىدى . مەھەللىدە پاتەمخان بولمىسا بولمايتتى . ھەر كۈنى ئۇنى ئىزدەپ كېلىدىغانلارنىڭ ، مەسلىھەت سورايدىغانلارنىڭ ، چاقىرىپ كېتىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى .

— پاتەم ، سېنىڭمۇ ماڭا ئوخشاش دەم ئېلىشقا چىقىپ ئۆيدە ئولتۇرىدىغان كۈنۈڭمۇ بولارمۇ ؟ — دېدى بىر كۈنى ۋاققاس ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ...

ئانا خورسىندى . ئوچاق بېشىغا كېلىپ ھورى چىقىۋاتقان قازاننىڭ تۈۋىقىنى ئوڭلىدى . پولۇنىڭ مەززىلىك ھىدى ئادەمنىڭ ئىشتىيىنى ئېچىپ ، ئاغزىغا سېرىق سۇ كەلتۈرەتتى... بولارنىڭ كۈنلىرى ھەرھالدا ياخشى ئۆتكەنىدى . پاتەمخان ئائىلە ئىگىلىكىنى ئۆز قولىغا ئېلىش بىلەن بىللە ، ۋاققاسقا ئالتە پەرزەنت تۇغۇپ بەردى . بىراق ، ئىككى ئوغلى بىلەن بىر قىزى كېسەل سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كەتتى . ھايات قالغان ئىككى قىزى بىلەن بىر ئوغلىنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتۇپ خىزمەتكە چىقاردى . بىر قىزى ئۈرۈمچىدە دوختۇر ئىدى . يەنە بىر قىزى قۇمۇلدا تۆمۈريول خىزمەتچىسى ئىدى . سالاۋات بولسا مۇشۇ يېزىدا ئوقۇتقۇچى ئىدى . ئىككى قىزىنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن خاتىرجەم ئىدى . سالاۋاتلا ئۆز تۇرمۇشىدىن ، ئاتا ـ ئانىسىدىن رازى ئەمەس ئىدى . ئانىمۇ پۇشايمان ئىلكىدە ئۆرتىنەتتى . «يېنىمىزدا تۇرسا ، بىزدىن كېيىن قالسا چىرىغىمىزنى ياقسا» دەپ يېنىغا ئەكېلىۋالغانلىقىغىمۇ پۇشايمان قىلدى . خاتا بېسىلغان بىر قەدەمنى تولۇقلاشقا ئەمدى ھېچكىمنىڭ چامىسى يەتمەيتتى...

سالاۋاتنىڭ ساراي ئۆيدىن چىقىشى بىلەن تەڭ ئانا ئۆزىگە

كەلدى . سالاۋات شۇ تۇرقى بىلەن ئانىغا كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەندەك كۆرۈنۈپ كەتتى .
— ماڭا پۇل لازىم ، پۇل ! خۇدا ئۇرغان بۇ سەھرادا بىر مىنۇتمۇ تۇرغۇم يوق . سەن خەق نېمىدەپ ئۆز ۋاقتىدا مېنى ئىختىيارىمغا قويۇشمىدىڭ ، مەن بۇ يەردىن كېتىمەن . ماڭا پۇل بەر ! — سالاۋاتنىڭ كەيپى تېخى تارقىمىغانىدى . ئۇنىڭ سۆزلىرى ئانىنىڭ غۇرۇرىغا تەگكەن بولسىمۇ ، ئانا دەردىنى ئىچىگە يۇتۇشقا مەجبۇر بولدى .
— نېمە ئىش بولسا ئولتۇرۇپ دېمەمسەن ؟ تاماقمۇ تەييار بولدى . داداڭ كەلسە بىرلىكتە ئولتۇرۇپ تاماق يېگەچ مەسلىھەتلىشىپ كۆرەيلى .
— مەن بۇ يەرگە ئاچ قىلىپ كەلگىنىم يوق . ئىچىم سىقىلىپ جېنىمنى قويىدىغان يەر تاپالماي يۈرىمەن . زامان مۇشۇنداق بولسا ھامان بىر كۈنى ئۆزۈم خالىمايدىغان ئىشنى قىلىپ قويۇشۇم مۇمكىن . سىلەر مېنى نابۇت قىلىۋاتىسىلەر ، — سالاۋات بىردىنلا قولىنى سىلكىپ ۋارقىراپ كەتتى . ئاندىن يوغان - يوغان چامدىغىنىچە بوسۇغىدىن ئاتلاپ ئىشىكنى «گۈپ !» قىلىپ ياپتى . ئانىنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ ، كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى . ئوغلىنىڭ پەرۋاسىزلا ئېيتقان ھەربىر سۆزىدىن چىققان ۋەھىمە بىلەن خەۋپ - خەتەر ئۇنىڭ پەرىزىدىنمۇ ھالقىپ ، كۆڭلىگە كۆتۈرگۈسىز قايغۇنى سالدى . ئۇنىڭ ھەر ۋاقىت مېھىر - مۇھەببەت يېلىنجاپ تۇرىدىغان قەلبىدە بىردىنلا شىۋىرغان كۆتۈرۈلۈپ ، قانلىرى سوۋۇپ كەتتى . كۆڭۈل بېغىدا دەھشەتلىك بوران ھۆركىرىدى . ئاشۇ بوراننىڭ كۈچىدىن كۆڭۈل بېغىدىكى ھەممە نەرسە بىر - بىرلەپ ۋەيران بولاتتى . ئەنە ئۇ باغرىغا باسقان ، پۈتۈن ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنى مۇجەسسەم قىلىپ باققان ئوغلى . سالاۋات توسۇۋالغىلى بولمايدىغان دەھشەتلىك شىۋىرغان ئىچىدە سەنتۈرۈلۈپ ماڭماقتا ئىدى . مۇزدەك قار ئۇچقۇنلىرى يۈز - كۆزىگە ئۇرۇلاتتى . شۇنداقتىمۇ پايانسىز دالىدىكى يېگانە

ئۆسكەن تال چىۋىقتەك ئېگىلىپ ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى . ئانا كۆڭلىدە : «ئۇ بىرەر يەردە يىقىلىپ قېلىپ سوغۇقتا توڭلاپ قالارمۇ» دېگەنلەرنى ئويلاپ بىردىنلا تەنلىرى شۈركۈنۈپ كەتتى . ئانا ئوغلىنى گويا دەھشەتلىك شىۋىرغان ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالماقچى بولغاندەك ئىككى قولىنى ئالدىغا يايدى . مەڭزىنى بويلاپ ئېقىۋاتقان ئىسسىق ياشقا ئىگە بولالماي ، بوغۇلۇپ - بوغۇلۇپ ئۆكسۈشكە باشلىدى .

ۋاققاس مال - ۋارانلارنى جايلاشتۇرۇپ قايتىپ كىرگەندە ، ئايالى بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە مىدىر - سىدىر قىلماي تۇراتتى . ئۇ بىرنەرسە دېمەكچى بولۇپ ئاغزىنى ئۈمەللىدىيۇ ، توختاپ قالدى . ئايالىنىڭ كۆزىدىكى ياش يۇقىنى كۆرۈپ تىلىنىڭ ئۇچىغا كەلگەن گېپىنى ئىچىگە يۇتۇۋەتتى . ئاندىن ئادىتى بويىچە كالتە يۆتىلىپ ، ئۆزىنىڭ كىرگەنلىكىدىن بېشارەت بەردى .

— ئۇنىڭغا نېمە بوپتۇ ؟ قارىسام جالدىقىنى چېلىپ چىقىپ كېتىۋاتىدۇ ، — ئۇ شۇنداق دېدى ۋە يېشىنى يوشۇرۇش كويىدا تەتۈر قارىۋالغان ئايالىغا يەر ئاستىدىن قاراپ قويدى ، — ھەممىنى بېقىپ قاتارغا قوشتۇق . ئارزۇسى بويىچە ئوقۇتۇپ كادىرمۇ قىلدۇق . ئەمدى «ئۇھ !» دەپ ئارام ئالىدىغان چاغدا ئۇنىڭ بىزنى بىسەرەمجان قىلىدىغانىغا نېمە ھەددى . مېنىڭ گېپىمگە كىرىپ ، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنچىۋالا قانات ئاستىڭغا ئېلىپ كەتمە . كەلسە مانا ئۆي ، يېسە ئەنە تاماق . مەيلى بولمىسا بىلگىنىنى قىلسۇن . بارسا ئۆزىگە تۇشلۇق ئىسسىق ماكانى بار . بىز ئۆتەشكە تېگىشلىك بارلىق قەرز - پەرزلىرىمىزنى ئۆتەپ بولدۇق…

ۋاققاس كۇچەپ سۆزلىگەچكە يۆتىلىپ كەتتى . ئۇنىڭ دېيىشكە تېگىشلىك نۇرغۇن گەپلىرىنى بىر يولىلا قىلىپ تۈگىتىشكە چامىسى يەتمەي قالدى . داستىخانغا كەلتۈرۈلگەن پولۇنىڭ مەززىلىك ھىدى دىمىغىغا ئۇرۇلۇشى بىلەن تەڭ گەپلىرىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ باداشقان قۇرۇپ ئولتۇردى . ئۇ كۆپنى كۆرگەن ، نۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇقنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلىكى

ئۇچۇنمۇ ، بىرنەرسىلەرگە ئالدىراپ ۋايساپ كەتمەيتتى . بۇگۇنمۇ شۇنداق بولدى . ئىچىدىن دەھشەتلىك بوراندەك ئۆرلەپ چىققان ئاچچىقىنى بىر ئاماللارنى قىلىپ ئىچىگە يۇتتى . ئوغلىنىڭ باشقا ئىشىمۇ بىر نۆرى ، كۆزگە ئىلمىغاندەك ئۆيگە كەيپ كىلىشى ئۇنىڭغا بەكرەك ئەلەم قىلاتتى . بىرقانچە يىلنىڭ ئالدىدىكى جاسارىتى بولغاندا ئىدى ، ئۇنى ئەدەپلەپ يىپتەك قىلىۋەتكەن بولاتتى .

شۇنچە غەيرەت قىلغان بولسىمۇ مەززىلىك پولۇ ئۇنىڭ گېلىدىن ئۆتمىدى . ئۇ ئاغزىغا سالغان بىر كاپام ئاشنى چايناپ يۇتقاندىن كېيىن ، بىر چەتتە ئۇن ـ تىنسىز ئولتۇرغان ئايالىغا قارىدى . پاتەمخان ئوتتۇرا بوي ، كۆزلىرىدىن ئىشەنچ بىلەن مېھرىبانلىق يېغىپ تۇرىدىغان ئايال ئىدى . ئېتىز ئىشلىرى ئۇنىڭ جەسۇر ۋە قەتئىي ئىرادىسىنى سۇندۇرغان بولسىمۇ ، يەنىلا تېتىك كۆرۈنەتتى . قورۇق باسقان چىرايىدىن هارغىنلىق چىقىپ تۇرسىمۇ يەنىلا تىنىم تاپماي ، ئائىلە ئىگىلىكىنىڭ ئۇلىنى مۇستەھكەملەش كويىدا يۈرەتتى . ئۇنىڭ جاراڭلىق ھەم يېقىملىق ئاۋازى كالا سېغىۋاتقاندا ، ماللارنى ھەيدەپ ئېتىزغا چىقارغاندا ئاڭلىنىپ تۇراتتى . پاتەمخان ئائىلىسىنىڭ ئىگىلىكىنى كىشىلەر هاڭ ـ تاڭ قالغۇدەك راۋاجلاندۇرالمىغان بولسىمۇ ، ئەمما ئائىلىنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇپ ، ئائىلە ئىگىلىكىنىڭ ئاجىزلاپ كەتمەسلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىۋاتاتتى . يېقىندىن بېرى ئۇنىڭ زىممىسىدىكى يۈك ھەر ھالدا يەڭگىللەپ قالغانىدى . چۈنكى ، بوۋيى ۋاققاس پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن ئۇنىڭغا يېقىندىن ياردەملىشىۋاتاتتى . شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇنىڭ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ ، ئارزۇ ـ ئارمانلىرى كۆپىيىپ قالدى . بىراق…

ۋاققاس ئورنىدىن تۇردى . ئۇ كۆڭۈل غەشلىكلىرىنى بىرئاز بولسىمۇ يەڭگىللىتىش ئۇچۇن سىرتقا چىقتى . ئاسماندىكى سان ـ ساناقسىز يۇلتۇز كۆزىنى قىسىشىپ چاقنايتتى . ئۇ يامغۇردىن كېيىنكى ئىللىق ھاۋادىن قانغۇچە نەپەسلەندى ، شۇ دەقىقىدە تولىمۇ

يـــراقتا ، قاراڭغۇلۇق باسقان چەكسىز دالا تەرەپتە گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەپ ئۆتتى . ۋاققاس چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ «يەنە يامغۇر ياغىدىغان چېغى» دېگەنلەرنى ئويلىدى .

## 2

توپتېرەك يېزىسى شەھەرگە يىراق تاغ ئېتىكىگە جايلاشقان يېــزا بــولــســـىمۇ ، نوپۇسى جىق ئىدى . بۇ بەلكىم بۇ يەرنىڭ هـــاۋاســـنـــىڭ ساپلىقى ، تەبىئەت مەنزىرىسىنىڭ گۈزەللىكى ، تـۇپــرىـقـنىڭ مۇنبەتلىكى ، يىلاندەك تولغىنىپ ئېقىۋاتقان ئىلى دەرياسىنىڭ غايەت زور تارتىش كۈچىدىن بولسا كېرەك . شۇڭا ، بــۇ يــەردىـكىلەردىن بىرەرسىمۇ بۇ خاسىيەتلىك ماكاندىن كۆچۈپ كېتىشنى ئويلاپمۇ باقمايتتى . ئەكسىچە بۇ يەرگە سىرتتىن كۆچۈپ كېلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى . شۇڭا ، چوڭلار پەخىرلەنگەن هـــالـدا «تــوپتېرەكنىڭ توپىسى ئېغىر ، كەلگەنلەر كېتەلمەيدۇ» دېــيـــىشەتتى . توپتېرەك دېگەن بۇ نامغا كەلسەك ، بىر چاغلاردا قەيەرگە قارىسا توپ - توپ قاپاق تېرەكلەر ئەتراپقا سايە تاشلاپ ، ئـــادەمــنـــىڭ زوقىنى كەلتۈرىدىغان بولغاچقا ، ئادەملەر بۇ يەرنى «تـوپـتـېـرەك» دەپ ئـاتـاشـقانىدى . يېزىنىڭ يۇقىرىقى تەرىپى تەڭرىتېغىنىڭ ئېچكىرىسىگە سوزۇلغان ، تاغ ئېتىكىنىڭ ئىككى قـاسنىقىدىكى بوزلۇقلاردا ئەمەن ، قوراي بىلەن سەبدە گۈللىرى ئـۆسـكـەن بولۇپ ، ئۇ يەردە توپ - توپ بولۇپ پادىلار ئوتلاپ يۈرەتتى . تاغ تەرەپتىن ئۇرۇلغان مەيىن شامال دالىدىكى خۇش پۇراقلارنى يىراق - يېقىنلارغا ئېلىپ كېتەتتى .

ســالاۋاتــنـــىڭ ئـۆيى يېزىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە ، مەكتەپنىڭ كــەيــنىدە ئىدى . بۇ يەردىن شەھەرگە بارىدىغان دۆلەت تاشيولى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى . بىر كۈن كەچ كىرگۈچە تەلەي خۇدىنى يـوقــتىپ قويغان ئادەمدەك نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەي يۈردى . گاهىدا بىر جايدا پىرقىراپ قىلىدىغان ئىشىنى تاپالمىسا ،

گاھىدا قولىغا ئالغان نەرسىسىنى سائەتلەپ كۆتۈرۈپ يۈرەتتى . يەنە بەزىدە قويغان نەرسىسىنى تاپالماي تىت - تىت بولۇپ ، ئۆز - ئۆزىگە كايىيتتى . بۇ ھال كەچ كىرىشى بىلەن تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى .

يامغۇر ئاللىقاچان توختىغان بولسىمۇ ، دالىدا ھاۋا يەنىلا گۈلدۈرلەۋاتاتتى . تەلەي تاكى قاراڭغۇ چۈشۈپ ، كۆز باغلانغۇچە كوچىغا نەچچە قېتىم چىقتى . تۇجۇپىلەپ ئەتكەن تاماق ئاللىقاچان سوۋۇپ قالغانىدى . سالاۋاتنىڭ قارىسى تېخىچە كۆرۈنمەيتتى . يېقىندىن بېرى كوچا - كويلاردا «مىش - مىش گەپلەر» كۆپىيىپ قالغانىدى . تەلەي بۇلارنى ئاڭلىماسلىققا تىرىشقان بولسىمۇ ، ئەمما كۆڭۈلىنى غەش قىلىدىغان گەپ - سۆزلەر ئۇنىڭ قۇلىقىغا توختىماستىن كىرىپ تۇردى . شۇنداقتىمۇ ئۇ بۇ ئەپقاچتى گەپلەرگە ئىشەنمىدى . سالاۋاتنىڭ ئۆز سالاپىتىگە ماس كەلمەيدىغان ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشىغا ئىشەنمەيتتى . سالاۋاتنىڭ يېزىدىن ، مەكتەپتىن زېرىككىنى راست . ئۇ شەھەرگە يۆتكىلىپ كېتىش ئۈچۈن تەرەپ - تەرەپكە چېپىپ يۈرۈۋاتاتتى . ئۇنىڭغىمۇ ئاسان ئەمەس . شۇنىڭ ئۈچۈن مىجەزى چۈشىلىشىپ ، دائىم دېگۈدەك كەيپ يۈرەتتى . تەلەي ئۇنىڭ ئايالى بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇلارنى چۈشەنمىسە ، ئېرىنىڭ ھالىغا يەتمىسە ، غېمىنى يېمىسە قانداق بولىدۇ ؟ خەق دېگەن نېمىنى دېمەيدۇ ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىرقى ئادەملەر ئايىغى بىلەن ئەمەس ، بېشى بىلەن ماڭىدىغان بولۇپ كەتتى . شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ كوچىدىكى گەپ - سۆزلەرگە ئىشىنىپ كەتمىگۈلۈك .

تەلەي بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قارىدى . بىر چېتى سۈزۈلگەن ئاسماندا يۇلتۇزلار چاقنايتتى . سەھرانىڭ ئاسمىنى ئاجايىپ ، بەزىدە ھاۋا ئوچۇق تۇرۇپمۇ يامغۇر ياغىدۇ ، بىر چېتىدە ھاۋا گۈلدۈرلىسە ، يەنە بىر چېتىدە يۇلتۇزلار چاقناپ تۇرىدۇ .

تەلەي خورسىندى . قاراڭغۇلۇق باسقان كوچا تىمتاسلىققا چۆمگەنىدى . ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ ئۆيگە كىرىپ كېتىشكە

تەمشىلىشىگە يۇقىرى تەرەپتىن بىرىنىڭ يىغلىپ قالغان سۇنى شالاپلىتىپ كەچكەن ئاۋازى ئاڭلاندى. سالاۋات ئىككى ياققا سەنتۇرۇلگىنىچە ئېگىز - پەس دەسسەپ كېلىۋاتاتتى. تەلەي يۇگۈرۈپ بېرىپ ئۇنى يۆلىدى. سالاۋات ھەيران قېلىۋاتقاندەك ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قارىدى ۋە بىرلا سىلكىنىپ قولىدىن چىقىپ كەتتى.

— نېرى تۇر، ماڭا يېقىن كەلگۈچى بولما! مەن ئالۋاستىغا، جىن - شاياتۇنغا ئۆچ، — دېدى يىقىلغان جايىدىن تەستە تۇرۇپ.

— نېمانداق قىلىسىز؟ مەن ئالۋاستى، جىن - شاياتۇن ئەمەس، سىزنىڭ ئايالىڭىز تەلەي، — تەلەي شۇنداق دېگىنىچە ئۆزىنى كونترول قىلالماي دەلدەڭلەپ كېتىۋاتقان سالاۋاتنى يۆلىدى.

— ماڭا نېمانچىلا چاپلىشىۋالىسەن؟ نېمىدەپ ئارامچىلىق بەرمەيسەن؟ ئەجەب تويدۇم سېنىڭدىن، ئەجەب تويدۇم بۇ جاندىن. ئايالىممىش تېخى، ئايالىم بولساڭ نېمە بوپتۇ. سېنىڭ ئاۋازىڭنى ئاڭلىساملا كۆڭلۈم ئېلىشىپ «ھۆ!» بولغۇم كېلىۋاتىدۇ. مەن قانداقلارچە سېنىڭ بىلەن بىللە بولۇپ قالغان بولغىيتتىم. ئاھ خۇدا!...

تەلەينىڭ قولىدىن يەنە بىر قېتىم يۇلقۇنۇپ چىققان سالاۋات شۇنداق دېگىنىچە تېيىلىپ، يىغىلىپ قالغان توختام سۇغا «گۈپپىدە» يىقىلدى. تەلەينىڭ ۋۇجۇدى نالدەك تىترەپ، يۈرىكى لازا قۇيغاندەك ئېچىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ غۇرۇرى، ياخشى نىيىتى، ساپ مۇھەببىتى كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان بىرنەرسە تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىنىۋاتاتتى. ئۇ سوغۇق نەزىرى بىلەن سۇ ئىچىدىن تۇرۇشقا تىرىشىۋاتقان سالاۋاتقا قاراپ قويدى. تەلەينىڭ نەزىرىدە سالاۋات مەيلى نېمە ئىش قىلسۇن يەنىلا سۆيۈملۈك ئىدى. دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى چىن قەلبىدىن ياخشى كۆرگەن ھەم ئۇنىڭغا كۆڭلىنى بەرگەنىدى. ئۇنىڭ مۇنداق قىلىشىدا ھېچقانداق شەخسىي غەرەز ياكى باشقا مەقسەت يوق ئىدى. ئۇنىڭغا پەقەت

چاڭقاپ كەتكەن قەلبىگە ئارام بېرىدىغان سۆيگۈ بولسىلا شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە ئىدى . ئاشۇ سۆيگۈگە يېتىش ئۈچۈن پۈتۈن جىسمى كۆيۈپ كۇل بولۇپ كەتسىمۇ ، ھەممە نېمىسىدىن ئايرىلىپ قاق سەنەم بولۇپ كەتسىمۇ رازى ئىدى . بۇنداق سۆيگۈ پەقەت سالاۋاتتىلا بار ئىدى . ئۇنىڭ سۆيگۈسى بۇ دۇنيادىمۇ ، ئۇ دۇنيادىمۇ تەلەينىڭ چاڭقىغان قەلبىگە ھۇزۇر بەخش ئېتەتتى .

تەلەي ئۆزىگە ئۆزى تەسەللى بەردى . ھەممىنى ئۇنتۇغان ھالدا سالاۋاتنى يۆلىدى . سالاۋات خۇدىنى بىلمىگۇدەك دەرىجىدە مەست بولغاچقا ، تەلەي ئۇنى يۆلەشتۈرۈشكە ئاجىزلىق قىلىۋاتاتتى . سالاۋات ئادەتتىكىمۇ ئىچەتتى . بۇنچىۋالا خۇدىنى بىلمىگۇدەك دەرىجىدە ئىچمەيتتى ، تەلەي بۇنىڭدىن بۇرۇن ئۇنىڭ بۇنداق غەرق مەست ھالەتتە كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ باقمىغانىدى .

— مەن كېتىمەن . سەن قاراپ تۇر ، شەھەرگە چوقۇم كېتىمەن . ئۆزى ياخشى كۆرمىگەن ئادەم بىلەن بىللە ئۆتۈشنىڭ قانچىلىك قورقۇنچلۇق بولىدىغانلىقىنى سەن بىلمەيسەن . ئەمما ، ھېچكىم مېنى بۇ يولدىن توسۇپ قالالمايدۇ . مەن ئۆزۈم ياخشى كۆرىدىغان تۇرمۇشقا چوقۇم ئېرىشىمەن ... — سالاۋات شۇنداق دېگىنىچە غودۇڭشىيتتى .

— مەست بولۇپ قاپسىز . ئازراق تىنچلىنىۋېلىڭ . ئارام ئالسىڭىزلا ياخشى بولۇپ قالىسىز ، — سالاۋاتنى مىڭ بىر تەستە ئۆيگە ئېلىپ كىرگەن تەلەي ئۇنى كارىۋاتقا ياتقۇزۇۋېتىپ شۇنداق دېدى . ھېلىمۇ ياخشى ئۆلارنىڭ قىلىشقان گەپ - سۆزلىرىنى ، كوچىدىكى قىلىقلىرىنى ھېچكىم كۆرمىدى ھەم ئاڭلىمىدى . تەلەي مۇشۇنىڭدىن رازى بولۇپ ، ئاۋۋال سالاۋاتنىڭ ئايىغىنى ، ئاندىن ئۇستىدىكى كىيىمنى سالدۇردى . لاي - پاتقاقنىڭ دەستىدىن كىيىم - كېچەكلى بۇلغىنىپ ، باشقا بىرنەرسىگە ئايلىنىپ قالغانىدى . كارىۋاتقا سالغان ئەدىيال ئۈستىدىمۇ يوغان بىر پارچە داغ قالدى . سالاۋات غودۇڭشىغىنىچە ئۇخلاپ قالدى . ئۇ ئۇخلاۋېتىپمۇ نېمىگىدۇر بىرنەرسىگە غەزەپلىنىپ ، چىشلىرىنى

غۇچۇرلىتاتتى. تەلەي ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەديال يېپىپ قويۇپ، سالاۋاتنىڭ بۇلغانغان كىيىملىرىنى يىغىشتۇرۇپ سىرتقى ئۆيگە ئاچىقتى. «قانداق قىلسام بولار؟» دېگەندەك، قولىدىكى كىيىملەرگە قاراپ بىرپەس تۇردى. كىيىمگە قارىغانسېرى ئىچى سىقىلىپ، ھەسرەتلىرى ئۇلغىيىپ كەتتى. سالاۋاتنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنىڭ تېگىگە يېتەلمەي ئازابلاندى. ئۇ بۇنداق ئەمەس ئىدى. شەھەرگە يۆتكىلىش كېسىلى چاپلاشقاندىن بېرى ئۆزگىرىپ، باشقىلا بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغانىدى. ھە دېسىلا چېچىلاتتى. ئەڭ ئاچچىق تىللار بىلەن ئۇنىڭ دىلىغا ئازار بېرەتتى. بەزىدە نەچچە كۈنلەرگىچە قارىسىنىمۇ كۆرسەتمەيتتى، ھەتتا ھاراقنى بولۇشىغا ئىچىپ، ئېگىز - پەس دەسسەپ يۇرۇشتىن نومۇس قىلمايدىغان بولۇۋالغانىدى. شۇڭا، كوچا - كويدا «سالاۋات پات ئارىدا شەھەرگە يۆتكىلىپ كېتكۈدەك. ئۇ يەردە بىرى بىلەن چىقىشىپ قاپتۇدەك. يۇزىنى داپتەك قىلىپ تېخى ئۆيمۇ تۇتۇۋاپتىمىش. يۆتكىلىش ئىشىنى شەھەردىكى ئاشۇ سەتەڭ مېڭىۋېتىپتىمىش. ھازىرقى ئادەملەر نېمە بولۇپ كەتتى - ھە؟ بىچارە تەلەيگە ئۇۋال بولىدىغان بولدى» دېگەندەك گەپ - سۆزلەر ئېقىپ يۇرەتتى.

تەلەينىڭ يۇرەكلىرى ئېغىپ كەتتى. كۆزىدىن سىرغىپ چىققان ياش مەڭزىنى بويلاپ ئېقىشقا باشلىدى. ئۇ قولىدىكى كىيىم - كېچەكنى بىر بۇلۇڭغا تاشلىغاندىن كېيىن، زوڭزايغىنىچە ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى. ئۇ كۈلۈپ يۇرگىنى بىلەن دەردىنى ئۆزى بىلەتتى. «بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ. ياخشى كۈنلەر تېخى ئالدىمىزدا» دەپ، ئازار يېگەن قەلبىگە تەسەللى بېرەتتى. ئۇ شۇنداق قىلغانسېرى ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە شۇنچىلىك تېز دەز كەتتىكى، تەلەي بۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ئۇقالمايلا قالدى. شەھەرگە كىرىپ بىر مەزگىل تۇرۇپ چىققان سالاۋات ئۆزگىرىپ، تامامەن باشقىلا بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى قىزغىنلىق يوقاپ، قول

تەگكۈزسلا پارچىلىنىپ كېتىدىغان دەريا بويىدىكى نېپىز مۇزغا ئوخشاش ھالەتكە كېلىپ قالغانىدى . گەپ ـ سۆزلىرىمۇ ئازىيىپ ، كۆن بويى قاپىقىدىن قار ياغدۇرۇپ يۈرەتتى . تەلەي كۆڭۈل ئاغرىقى تېپىۋالماسلىق ئۈچۈن ئۆزىنى قاچۇرغانسېرى ، قېرىشقاندەك كۆڭۈلسىز ئىشلار ئۇنى چۆرگىلەپلا يۈرەتتى .

تەلەي ئورنىدىن تۇردى . بىرپەس يىغلىۋالغاندىن كېيىن يەڭگىللەپ قالغاندەك بولدى . ھازىر سائەت ئوندىن ئېشىپ قالغان بولۇپ ، پۈتكۈل يېزا تىمتاسلىققا چۆمگەنىدى . تەلەي چىراغنى ئۆچۈرۈپ ئەمدىلا يېتىشىغا ، دەرۋازىنىڭ ھالقىسى قاتتىق قېقىلدى . بۇنداق چاغدا كەلگەن زادى كىمدۇ ؟

تەلەي دەرۋازىنى ئېچىپلا ھەيران قالدى . ئىشىك ئالدىدا قولىدا پەنەر تۇتقان قېينانىسى تۇراتتى . ئانا بەكمۇ جىددىي تەلەپپۇزدا :

— سالاۋات ئۆيگە قايتىپ كەلدىمۇ ؟ — دەپ سورىدى .

— قايتىپ كەلدى . ئۇ ھازىر ئۆيدە ئۇخلاۋاتىدۇ ، — دېدى تەلەي تەئەججۇپ ئىچىدە .

— دادىڭىز ئۇخلاپ قالغان ھامان بۇياققا كېلىشىم ، — دېدى ئانا ئۆيگە كىرىپ كۆرپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن ، — بولمىسا ، ئۇ مېنى بۇياققا ئەۋەتمەيدۇ دەمسىز ، بالام . بۇ بالىغا نېمە بولدىكىنتاڭ . يېقىندىن بېرى روھىي كەيپىياتى تازا ياخشى ئەمەس…

تەلەي ئانىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالغاچ قاردەك ئاقارغان چاچلىرىغا ئېچىنىش ئىچىدە نەزەر سالدى . ئانا قېرىپ كېتىۋاتاتتى . شۇنداق بىر ئېسىل ئايالنىڭ يىلدىن ـ يىلغا مۈكچىيىپ ، يۈزىدىكى قورۇقلارنىڭ كۆپىيىشى تەلەيگە ئەلەم قىلاتتى . ھەر قېتىم ئانىنىڭ نۇرى ئاجىزلاپ كېتىۋاتقان يۈزىگە قارىغىنىدا يىغانى ئۆرلەپ ، يۈرىكى پىچاقتا تىلغاندەك ئېچىشىپ كېتەتتى . ئۇ قېينانىسىنى چىن دىلىدىن ياخشى كۆرەتتى . ئۇنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكىنى ، سىلىقلىقىنى ، كەسكىنلىكىنى ، چىداملىقىنى ھېچنېمىگە تەڭ قىلمايتتى . ئۇنىڭغا مۇشۇ ئائىلىدىكى نۇرغۇن كەمتۈكلۈكنى مۇشۇ

قەيسەر ئايال يېپىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى . ئالدىدىكى بۇ ئايالنى ئۆز ئانىسىدىنمۇ بەكرەك ياخشى كۆرەتتى ، ھۆرمەتلەيتتى .

— ئۇنىڭغا نېمىنىڭ تەسىر قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمىدىم . نەچچە سائەتنىڭ ئالدىدا بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپتۇ . كەيپىياتى تازا ياخشى ئەمەس . پۇلنىڭ گېپىنى قىلىپ ، ئاچچىقلىغىنىچە چىقىپ كەتتى . بىلمىدىم ، شۇنچە نۇرغۇن پۇلنى نېمىگە ئىشلەتكەندۇ ؟ — ئانا ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى . تەلەي كۆزىنىڭ قۇيرۇقى بىلەن سالاۋات ياتقان ئۆينىڭ ئىشىكىگە قاراپ قويغاندىن كېيىن ، پەس ئاۋاز بىلەن جاۋاب بەردى :

— ئەنسىرەپ كەتكۇدەك ئىش يوق ، ئاپا . ھازىر بىر ئىش قىلماق تەسلىشىپ كەتتى . شەھەرگە يۆتكىلىمەن دەپ يۆتكىلەلمىگەندىن كېيىن ئېغىر كەلگەن بولسا كېرەك . ئۆيدىمۇ ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي يۈرىدۇ . ئالدىنقى نۆۋەت يىغقان پۇللىرىنى «خىزمەت ئىشىغا ئىشلەتتىم» دېگەندەك قىلىۋاتاتتى . بەلكىم يەنە ئازراق كەملەپ قالغاندۇ ھەرقاچان . ھەرقانداق ئىشنىڭ ۋاقىت - سائىتى بولىدۇ . ۋاقىت - سائىتى كەلمەي ئالدىرىغان بىلەن نېمە ئامال ، — ئۇ يەنە نۇرغۇن سۆزلەرنى قىلىپ قېيىنانىسىغا تەسەللى بەرمەكچى بولغان بولسىمۇ ، دەماللىققا نېمە دېيىشنى بىلەلمەي توختاپ قالدى . ئۇنىڭ قېيىنانىسىغا دەيدىغان نۇرغۇن يۈرەك سۆزلىرى بار ئىدى . شۇنداق بولسىمۇ تىلىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان سۆزلىرىنى ئىچىگە يۇتتى . ئۇنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ئېغىرچىلىقلىرىنى كۆتۈرۈپ ، قەيسەرلىك بىلەن ياشاپ كېلىۋاتقان بۇ قېيىنانىسىنىڭ خاتىرجەملىكىنى بۇزغۇسى كەلمىدى . ئۇنىڭسىزمۇ ئۇنىڭ دەرد - ئەلەملىرى ئۆزىگە يېتىپ ئاشاتتى .

— شۇنداق ، قىزىم ، شۇنداق . بەندىچىلىكتە ئالدىرايدىكەنمىز . بىر ئالا قاغا «سالاۋات قاۋاقنا ئولتۇرىدۇ» دەپ خەۋەر يەتكۈزۈۋىدى ، تاپىنىمدىن كىرگەن بىر تىترەك مېڭەمگە كېلىپ توختىدى . دادىڭىز نەگە بارسەن دەپ ھومايمىغان بولسا قاۋاقىقا بېرىپ نېمە ئىشلارنى قىلار بولغىيدىم . ئانا دېگەن شۇ

ئېكەن . بىر ئۆمۈر بالىنىڭ غېمىنى يەيدىكەن . ئۇنىڭ ئۆيدە ياتقانلىقىنى كۆرۈپ خاتىرجەم بولدۇم . ئەمدى كېتىۋالاي . دادىڭىز ئويغىنىپ دېرىكىمنى قىلىپ كەتمىسۇن يەنە ، — ئانا ئورنىدىن تۇردى . تەلەي شۇنچە تۇتقان بولسىمۇ رەھمىتىنى ئېيتىپ قوزغالدى . تەلەي بۇنداق كېچىدە قېيىنانىسىنى يالغۇز يولغا سېلىپ قويۇشتىن ئەنسىرىدى .

— ئەمسە مەن سىلىنى ئاپىرىپ قوياي ، — دېدى چاپىنىنى كىيىپ . ئانا ئۇنچىقمىدى . ئۇلار ئەمدىلا دەرۋازىدىن چىقىشىغا ۋاققاس بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى .

— بۇ قانداق گەپ ؟ — دېدى ۋاققاس زەردە بىلەن . ئۇنىڭ ئاۋازى كېچە ئاسمىنىدا جاراڭلاپ كەتتى . تەلەيگە قېيىناتىسى دېمەكچى بولغان نۇرغۇن گەپلىرىنى ئىچىگە يۇتۇۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى .

— مانا دېمىدىممۇ ، دادىڭىز شۇنداق قىلاتتى . ئۆيدىمۇ شۇ . كۆزدىن سەللا نېرى بولسام ئىزدەپ يۈرگىنى يۈرگەن . خوش ئەمسە بالام ، بىز كەتتۇق ، — ئانا شۇنداق دېدى . ئۆزىنىمۇ ، كېلىنىنىمۇ ، بوۋىنىمۇ ئاياپ گەپنى توغرىلىدى . تەلەي بىرنەرسە دېگۈچە ئۇلار ئالدىراپ ـ سالدىراپ كېتىپ قالدى . پەنەرنىڭ سۇس يورۇقى كېچە قاراڭغۇلۇقىنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس يورۇتۇپ كېتىۋاتاتتى . تەلەي بېشىنى كۆتۈرۈپ تاغ تەرەپكە قارىدى . تاغ چوققىسىدىكى سۇس يورۇق پات ئارىدا ئاينىڭ كۆتۈرۈلىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى . تەلەي ئۆيگە قايتىپ كىردى ، شۇ تاپتا ئۇنىڭ يۈرىكىنى قۇرت غاجىلاۋاتقاندەك بىئارام بولۇپ كەتتى . توي قىلغان بىر يېرىم يىلدىن بېرى قېيىنانىسى بىلەن قېيىناتىسى ئۆزىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىدىنمۇ بەكرەك كۆيۈنۈپ كەلدى . ئۇنىمغىنىغا ئۇنىماي ئايرىم ئۆيگە چىقىرىپ قويدى . «ئۆزۈڭلارنىڭ ئىشىنى قانچە بالدۇر قولغا ئالساڭلار شۇنچە ياخشى . ئەمدى سىلەرمۇ چوڭ بولدۇڭلار . ئۆز كۈچۈڭلەرگە تايىنىپ ياشاشنى ئۆگىنىڭلار . شۇنداق بولغاندا تۇرمۇشنىڭ قايناملىرىدا پىشىپ چىقىسىلەر » دېدى . شۇ چاغدا يېزىدىكىلەر بۇنىڭدىن ھەيران

قالدى . ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئادەتنىڭ ۋاقــىــاس ئــائىلىسى تەرىپىدىن بۇزۇۋېتىلگەنلىكىنى كاللىسىدىن ئــۆتــكۈزەلمەي ، بىر زامانلارغىچە غودۇڭشىپ يۈردى . تەلەيىنىڭ راستىنلا تەلىيى ئوڭدىن كەلدى . ئۆز ئالدىغا ئۆي تۇتۇش خىيالى ئويلىمىغان يەردىن رېئاللىققا ئايلاندى . ئائىلىدە ئاندا ـ مۇندا يۈز بېرىپ قالىدىغان دەتالاشلاردا قېيىناتىسى بىلەن قېيىنانىسى كېلىنى تەرەپتە تۇردى . كېلىنىنىڭ پاك ـ ديانەتلىكلىكىدىن سۆيۈنۈپ ، كۆرگەنلا يەردە ماختاپ يۈردى...

كېچە ناھايىتىمۇ ئىللىق ئىدى . تاغ كەينىدىن كۆتۈرۈلۈپ چــىققان تولۇن ئاي يۇتۇن ئەتراپنى گۈزەللىككە چۆمۈلدۈرۈپ ، سۈتتەك يورۇتۇپ تۇراتتى . خېلىدىن بېرى خىيالىي مەنزىرىگە كۆز تــىكىپ ، بەخت دېڭىزىغا چۆمۈلگىنىچە دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ ئــولــتــۇرغان تەلەي ھارغىنلىق ئىچىدە كۆزىنى يۇمدى . ئۇزۇن ئــولتۇرۇپ ئۇگە ـ ئۇگىلىرىنىڭ ئۇيۇشۇپ كەتكەنلىكىنى ھېس قــىــلــغىنىدا پەقەت كۆزىنى ئېچىپ مىدىرلاپ قوياتتى . ئاسماندا توختىماي جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلار ، يىراقتا قارىيىپ كۆرۈنۈپ تۇرغان ئورمانلىق كۆزگە تاشلىنىشى بىلەن خىياللىرى قاناتلىنىپ ، ئــۆزىــنــى ناھايىتىمۇ ئۇزاقتا قالغان بەختلىك چاغلىرىغا قايتىپ بارغاندەك ھېس قىلاتتى . كېچە بولۇشىغا قارىماي كىمدۇر بىرى يــېــقىنلا يەردىن ناخشا توۋلاپ ئۆتتى . ئۇنىڭ ئالىتاغىل توۋلاپ ئېيتقان ناخشىسى تەلەيىنىڭ خىيالىنى بۆلدى . ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ قەددىنى سەل ـ پەل رۇسلىۋالغاندىن كېيىن ، يەنە خىيال دېڭىزىغا چۆكمەكچى بولغان بولسىمۇ چۆكەلمىدى . بەكمۇ ئۇزۇن ئولتۇرۇپ كەتكەچكە ئۇگە ـ ئۇگىلىرى سىرقىراپ ئاغرىپ كېتىۋاتاتتى .

## 3

تــەلــەي خېلىغىچە ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرنى ئويلاپ ياتاتتى . ئۇزاققا سوزۇلغان كېچە خىيال بىلەن ئۆتۈپ كەتتى . تاڭ تېخى

پۈتۈنلەي يورۇمىغان ، جاھان يەنىلا تاتلىق ئۇيقۇدا ياتقان بولسىمۇ تەلەي ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى . سىرتقا چىقىپ ھويلا ئىچىنى ئالا قـويماي سۈپۈرۈپ چىقتى . ئۇنىڭ ھەممىدىن بىغەم ئۇخلايدىغان كۆنلىرى كەلمەسكە كەتكەنىدى . كىچە ياغقان يامغۇر تۈپەيلىدىن ھويلا ئىچى تۇلۇق بىلەن چىڭدالغان خامانغا ئوخشاش سىلىقلىنىپ قـالـغـانىدى . ئۇ بېلىنى رۇسلاپ ، ئالدىغا چۈشكەن بىر ئۆرۈم چېچىنى كەينىگە تاشلىدى . ئاغزىنى يوغان ئېچىپ چوڭقۇر نەپەس ئـالغاندىن كېيىن يىراقلارغا كۆز تىكتى . تاغ كەينىدىن قۇياش كۆتۈرۈلۈپ كېلىۋاتاتتى . ئۇپۇق سىزىقى ئادەمنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرگۈدەك دەرىجىدە جۇلالىنىپ تۇراتتى .

تـەلـەي خورسـىـنـدى . «نېمە قىلسام بولىدۇ ؟ » دېگەندەك بېشىنى بىر چەتكە قىيسايتتى . بۇ ئائىلە كىچىك بولغىنى بىلەن ئۇنى نۇرغۇن ئىشلار كۈتۈپ تۇراتتى . تۇرمۇش ئۇنى توختىماستىن ئىشلەشكە ئۈندەيتتى . بۇ خىل قانۇنىيەت تەلەي كىچىك چېغىدىن تارتىپ بىلىدىغان قانۇنىيەت . بىر دېھقان قىزى چوقۇم بىلىشكە تېگىشلىك ئەقەللىي بىلىم . پەقەت خاتىرجەملىك بولسىلا ، كۆڭلى دائىم ئىللىپ تۇرسىلا ئۇ مىدىرلاشتىن ، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىشلەشتىن قورقمايدۇ...

تەلەي بىر خىل مۇرەككەپ ھېسسىيات ئىچىدە ئاسمانغا كۆز تىكتى . توپ - توپ قارلىغاچلار ئاسماننى يېرىپ ئۇچۇپ يۈرەتتى . تاغ كەينىدىن چىققان قۇياش نۇرىنى سېخىيلىق بىلەن چېچىپ ، زېمىنغا كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلاتتى . تەلەي بىردىنلا قەلبىنىڭ قۇياشقا ئوخشاش يورۇپ ، ھەسرەتلىرىنىڭ شامالدا قالغان بۇلۇتقا ئوخشاش تارقاپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدى . ئۇ بىر خىل چاققانلىق بـىـلـەن كاتەكتىن توخۇلارنى چىقىرىپ دان بەردى . ئېغىلدىكى كـالـىـنـى يـۆتـكـەپ ئـايىغىنى تازىلىغاندىن كېيىن ، چېلەكنى داراڭلىتىپ كالا سېغىشقا تۇتۇندى . سۈتنىڭ چېلەككە شىرىلداپ چۈشـۈشـى بـىـلـەن ئۇنىڭ خىيال كەپتەرلىرى ئۇچۇپ ، يىراق ئۆتمۈشتە پەرۋاز قىلىشقا باشلىدى...

تەلەينىڭ باشقا بىر يېزىغا توي قىلىپ كېتىشى يېزىدىكىلەرنى قاتتىق ھەسرەتتە قويدى . «كېلىن» قىلىۋېلىشنى دوختۇر پوككەنلەر خېلى زامانلارغىچە ئۆزلىرىنىڭ يارامسىزلىقىدىن ئاغرىنىپ يۈردى . ھەممىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئىستىكىدە يۈرگەن يىگىتلەر ھاڭۋاقتىلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغاندەك ھاڭۋېقىپ قالدى . كوچىلاردا ، ئېتىزلىقلاردا ، توي - تۆكۈنلەردە ئۇنىڭ جاراڭلىق كۈلكىسى ، يېقىملىق ئاۋازى ، يۇمۇرلۇق سۆزلىرى قايتا ئاڭلانماي قالغان چاغلاردا ، بۇ ئىشلارنىڭ راستتىنلا رېئاللىق ئىكەنلىكىگە ئىشەندى .

— ئەتە ئۆيگە مېھمان كېلىدۇ ، قىزىم ، — دېدى ئانا بىر كۈنى تەلەيگە بەكمۇ مۇھىم بىر خۇش خەۋەرنى يەتكۈزۈۋاتقاندەك تەنتەنە ئىچىدە ، — ئۆي ئىچىنى ، ھويلا - ئارامنى ياخشى بېسىقتۇرغىن ، — تەلەي ئانىسىنىڭ سۆزىدىن كېلىدىغان مېھمانلارنىڭ ئۇنداق - مۇنداق مېھمان ئەمەسلىكىنى قىياس قىلدى . چۈنكى ، ئادەتتە مېھمان كەلسە ئانا بۇنچىلىك كايىپ كەتمەيتتى .

— ئانا ، بىر كۈن بۇرۇن تەييارلىق قىلىدىغان قانداق مېھمانلار ئۇ ؟ — تەلەي ئانىنىڭ كۆزىگە قىزىقسىنغان ھالدا ئۇزاق قاراپ تۇردى .

— مۇشۇ شەيتانلىقىڭنى قاچان قويىدىغانسەن ؟ قانداق مېھمان بولاتتى ؟ تۈپتېرەك يېزىسىدىكى داداڭنىڭ ھېلىقى ئاغىنىسى ۋاققاسنىڭ ئائىلىسى بولمامدۇ . داداڭ تۈنۈگۈن بىر ئىش بىلەن شۇ تەرەپكە ئۆتكەچ ، ئۇلارنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ قويۇپتۇ . ئۇلار ئەر - ئايال تەتىلگە كەلگەن ئوغلى بىلەن بىللە كەلگۈدەك . شۇڭا ، تەييارلىقنى ياخشى قىلىپ ، ئوبدان كۈتۈۋالمىساق بولمايدۇ ، — ئانا يەنە «داداڭغا ئاغىنىسىنىڭ ئوغلى ياراپ قاپتۇ . ۋاققاسمۇ سېنىڭ تەرىپىڭنى قىلىپ بىرھازاغىچە ماختاپتۇ . سەن بىلەن قۇدا بولغۇم بار ، دەپ داداڭغا قول بېرىپتۇ . قارىسام داداڭ سېنىڭدىن سۆيۈنۈپ كېرىلىپ كەتكەن ئوخشايدۇ» دېمەكچى بولغان بولسىمۇ ،

نېمە ئۇچۇندۇر دېمىدى. ئانىنىڭ سۆزى بىلەن تەلەينىڭ ۋۇجۇدىغا ئىللىق بىر سېزىم تاراپ كەتتى. ئۇ دادىسىنىڭ شۇنداق بىر دوستىنىڭ بارلىقىنى بىلەتتى. ۋاققاس ئىسىملىك بۇ ئادەم ئۇ كىچىك چاغلاردا ئارىلاپ - ئارىلاپ كېلەتتى. «گۇلدۇر، گۇلدۇر» سۆزلەپ ئۆينى، هويلىنى بېشىغا كىيەتتى. دادىسى بىلەن تۈن نىسپىگىچە هاراق ئىچىپ كىملەردىندۇر غەزەپلىنىپ، كىملەرنىدۇر ماختايتتى. بۇنداق چاغلاردا تەلەي ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن مارىلاپ ئۇلارنىڭ هەرىكىتىنى دورايتتى. ئۇنىڭ هەم چاقچاقان، هەم قىزىقارلىق هەرىكىتىدىن ئۆيدىكىلەر سۆيۈنۈپ تېلىقىپ كۈلەتتى. كېيىنچە ئىككى ئائىلىدىكى بېرىپ - كېلىش ئاستا - ئاستا ئازىيىپ، بىراقلا ئۈزۈلۈپ قالدى. ئانا تەلەينىڭ سورىغان سوئالىغا ئوڭايسىزلانغان هالدا «ۋاققاس تاغاڭ چوڭ ياشلىق بولۇپ كەتتى. ئۇ ئالدىراش. ئۇنىڭ ئەمدى بۇياقلارغا ئۆتۈپ داداڭ بىلەن مۇڭدىشىشقا چولىسى تەگمەيدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. تەلەي چۈشەندى. شۇنداق بولسىمۇ خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە ئۇلارنى، بولۇپمۇ پەرىشتىدەك ئاق كۆڭۈل پاتەم ئانىسىنى ئەسلەپ يۈردى. ئارىدىن شۇنچە ئۇزۇن يىللار ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە ئۇلارنىڭ تويۇقسىز مېهمان بولۇپ كېلىشى نېمىشقىمۇ تەلەينى هاياجانغا سالمىسۇن؟

تەلەي ئۆزىنى شۇلارغا ئىشەندۈرمەكچى بولغان بولسىمۇ، ئەمما قەلبىنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىدە يەنە بىر مەخپىيەتلىكنىڭ تېپىرلاۋاتقانلىقىنى سېزىپ ئىختىيارسىز قىزىرىپ كەتتى. ئانا بۇنى كۆرمىدىمۇ ياكى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سالدىمۇ، بىرمۇنچە ئىشلارنى تاپىلاپ دەرۋازىدىن چىقتى. نۇرغۇن مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر كۈن ناهايىتى تېزلا ئۆتۈپ كەتتى. كۈن ئارقان بويى ئۆرلىگەن چاغدا ياسىداق خادىكىنىڭ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ توختىشى بىلەن بىر ئائىلىلىك ئادەملەر هاياجانغا چۆمدى. تەلەي ئىتتىك بېرىپ دەرۋازىنى ئاچتى. مېهمانلار خادىكتىن چۈشۈۋاتاتتى. سېپى ئۆزىدىن شەهەرلىكلەردەك كىيىنگەن بىر يىگىت خادىكتىن

ئانىسىنى يۆلەپ چۈشۈردى . تەلەينىڭ يۈرىكى نېمىشقىدۇر ئەنسىز سېلىپ كەتتى . ئۆزىنىڭ بىر يەرگە دالدىلانماي دەرۋازا ئاچقانلىقىغا خىجىل بولدى . ئۇ لېۋىنى چىشلىگىنىچە هويلا تەرەپكە قارىۋالدى . هويلىدا ئانا نېمە قىلارىنى بىلەلمەي پىرقىراپ يۈرەتتى . بىردەم ئىـــشــــكنى ئاچسا ، بىردەم پېشايۋانغا تىزىپ قويغان گۈللەرنى جۆنـدەشـتـۈرۈپ قويۇاتتى . دادىسى چوڭ - چوڭ قەدەم تاشلاپ خادىكنىڭ يېنىغا بارغاندىن كېيىن ، مېهمانلار بىلەن قول ئېلىشىپ كـــۆرۈشتـى . تـەلەي دادىسىنىڭ بۆلەكچە هاياجانلىنىۋاتقانلىقىنى ئېنىق كۆردى .

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ! هارمىغايسىلەر .

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام . دۇنيادا ئادەم ساقلىماقتىن تەس ئــىش يــوق . ســاقلاپ - ساقلاپ بىرنېمىلەرنى دەپ كەتكەنسەن هــەرقــاچــان . بــۇ كــىم ؟ مەن نامىنى ئاڭلىغان هېلىقى قىزىڭ ئوخشىمامدۇ ؟ پاھ ! پەرىزاتنىڭ ئۆزىلىغۇ . شۇنداق بىر قىزىڭنىڭ بـارلـــقــىنى دېمىگىنىڭنى قارا ، — تەلەي بىردىنلا شەلپەردەك قــىــزىــرىپ كەتتى . ۋاققاسنىڭ تەلەپپۇزىدىن ئەمەلدارلارغا خاس پـۈراق چــىــقــىــپ تۇراتتى . تەلەي بېشىنى كۆتۈرۈشكە جۈرئەت قــىلالمىدى . ئۆزىگە هەيرانلىق هەم ئىلتىجاغا تولغان بىر جۈپ كۆزنىڭ مىختەك قادىلىپ تۇرغانلىقىنى سەزدى . بۇ ئۇنىڭ ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم ئۆزىنى ئوڭايسىز سېزىشى ئىدى .

— بـۇنـى مـېنىڭدىن كۆرسەڭ بولمايدۇ ، دوستۇم . ئەگەر دوستلۇقىمىز ئۇزۇلۇپ قالمىغاندا ئىدى … — تەلەينىڭ دادىسى گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى . بۇنىڭ بىلەن تەلەيمۇ يەڭگىل نەپەس ئالدى .

— كۆڭلۈڭلەرگە ئالماڭلار . بىزنىڭ بۇ ئادەم مۇشۇ كۈنلەردە پۈتـتـــن ئـەمـەس ، ئـېـغىزدىن قېرىپ قېلىۋاتىدۇ ، — دېدى مېهمانلارنى ئۆيگە باشلىغان ئانا گەپنى چاقچاققا ئايلاندۇرۇپ .

— هېچقىسى يوق ، ئەكبەر توغرا ئېيتىدۇ . نۇرغۇن ئىشلاردا ، نېمە دېسەم بولار ؟ گەپنىڭ راستىنى ئېيتسام پۇشايماننى ئالدىغانغا

قاچا يوق. ۋاقىت راستىنلا ھېچنېمىگە باقمايدىكەن...
مېھمانلار بوسۇغا ئاتلاپ ئۆيگە كىرىشتى. ئۇلارنىڭ كېيىنكى گەپلىرىنى تەلەي ئاڭلىمىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى قورۇنۇشلار بىردىنلا تارقاپ، ئۇنىڭ ئورنىنى يۈرەكنى مۇجۇيدىغان بىر خىل ھېسسىيات ئىگىلىدى. ئۇ ئۆزى ئىخلاس قىلىدىغان، چىن قەلبىدىن ياخشى كۆرۈپ كەلگەن پاتەم ئانىسىنىڭ چاچلىرى ئاقارغان، كۆز نۇرى خىرەلەشكەن، بىر چاغلاردىكى جاراڭلىق ئاۋازىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانلىقىنى، «گۇلدۇر، گۇلدۇر» سۆزلەيدىغان، بىر يېزىنى ئالقىنىغا ئېلىپ پىرقىراتقان ۋاققاسىنىڭمۇ مۇكچەيگەنلىكىنى، گەرچە ھازىرمۇ بىر چاغلاردىكى سالاپىتىنى ساقلاپ قېلىشقا جېنىنىڭ بارىچە تىرىشۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى تەلەي بىلىدىغان جۇشقۇنلۇق، گۇلخاندەك يېنىپ تۇرىدىغان قىزغىنلىقىنىڭ سۇسلاشقانلىقىنى كۆرۈپ كۆڭلى بىر قىسما بولدى.
تەلەي بېشىنى كۆتۈرۈپ مېھمانلار كىرىپ كەتكەن ئىشىككە قارىدى. ئۆي ئىچىدىن قىزغىن پاراڭ، كەينىدىن ئادەمنىڭ روھىنى كۆتۈرۈپ، قايغۇسىنى ئۇنتۇلدۇرىدىغان كۈلكە ئاڭلاندى. تەلەي ئۇلارنىڭ چوقۇم ئۆزى توغرىسىدا پاراڭلاشقانلىقىنى جەزم قىلىپ مىيىقىدا كۈلدى.
— نېمىگە ھاڭۋېقىپ قالدىڭ؟ ئۆيگە مېھماننى باشلاپ قويۇپ تۇرۇپ كەتكىنىڭنى قارا، — ئانا شۇنداق دېگەندىن كېيىن تەلەي ئۆزىگە خاس بولمىغان بىر خىل چاققانلىق بىلەن ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ كەتتى. تەلەي ئانىسىنىڭ بۇنداق خۇشال بولغانلىقىنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. تەلەي ئانىسىغا ياردەملىشىپ مېھمانلارنى كۈتتى. مېھمانلار كەتكەندىن كېيىنمۇ دادىسى بىلەن ئانىسى خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە خۇشاللىقىنى باسالماي يۈردى.
— خۇدا بۇيرۇغان بولسا مەن ئارزۇيۇمغا يېتىدىغان بولدۇم. قەدىناس دوستۇم بىلەن قۇدا بولۇپ كېيىنكى ئۆمرۈمنى شاد - خۇراملىق ئىچىدە ئۆتكۈزىدىغان بولدۇم، — دەيتتى دادىسى

قوللىرىنى ئۇۋۇلاپ .

— ئىلاھىم شۇنداق بولسىدى . يالغۇز قىزىمنىڭ بېشىغا بەخت قۇشى قونسىدى ، — دەيتتى ئانىسىمۇ دادىسىنىڭ سۆزىگە سۆز قوشۇپ . شۇ كۈندىكى ئىككى ئائىلىنىڭ ئۇچرىشىشى تەلەيىنىڭ ھاياتىدىكى يېڭى بۇرۇلۇش بولۇپ قالدى . مەھەللىدىكى قۇدا بولۇشنى ئويلاپ يۈرگەنلەر ، تەلەيىنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولغان يىگىتلەر ھەسرەتتە قالدى . شۇ ئىش بولۇپ يېرىم يىلدىن كېيىن سالاۋات بىلەن تەلەي بەختلىك ھالدا بىر ياستۇققا باش قويدى . قەدىناس دوستلار قۇدىلىشىپ ، ئۇرۇق - تۇغقانلاردىن بولۇپ قالدى . بۇ ئىشتىن دىلى سۆيۈنگەن پاتەم ئانا نېمە قىلارىنى بىلەلمەي شادلىق ياشلىرىنى تۆكتى .

كېلىن كۆچۈرۈشكە كەلگەن ياشلار سەھرادىكى ئەنئەنە بويىچە «ھاي - ھاي ئۆلەن» ئېيتىپ كىشىلەر قەلبىنى لەرزىگە سالدى . تەلەي ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمايۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەپ ئۈن سېلىپ يىغلىدى . نەغمە - ناۋا ، ئىسقىرتقان ، ۋارقىرىغان ئاۋازلار ھەممىنى بېسىپ كەتتى . ھاياجان بىلەن جىددىيلىك ھۇجرا ئۆيگە كىرگەندە تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى . قىزنىڭ يەڭگىسى ئۇنىڭ قۇلىقىغا يوتقان ئىچىدىكى ئىشلارنى پىچىرلاپ دېگەندە تەلەي خىجىللىقتىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدى . شۇ كۈنى تەلەي ھەم جىددىيلىك ، ھەم بەخت ئىچىدە قىزلىق دۇنياسى بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلاشتى…

كالا ئەمچىكىدىن چېلەككە چۈشكەن سۈت كۆۋەجەيتتى . تەلەي سۈتنى سېغىپ بولغاندىن كېيىن ، چېلەكنى كۆتۈرۈپ ئورنىدىن تۇردى . ھەم شادلىق ، ھەم ھەسرەت بىلەن تولغان ئەسلىمىلەر قاينىمىدىن چىقىپ ، ئاستا قەدەم تاشلاپ ئۆيگە قاراپ ماڭدى . بىر كۈنلۈك ھارغىنلىق ئۇنى خېلىلا ھالىدىن كەتكۈزگەندى . دانلىرىنى يەپ بولغان توخۇلار كەڭرى ھويلا ئىچىدە ئېرەنسىزلىك بىلەن لاغايلاپ يۈرەتتى . رەڭدار پەيلىرى قۇياش نۇرىدا چاقنىغان خوراز بىر مېكىياننى قوغلىغىنىچە تەلەيىنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ

باستى . تەلەيىنىڭ چىرايىدا بىردىنلا ئىللىق تەبەسسۇم پەيدا بولدى . بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرى ئاجايىپ ، بەزىدە ئىچىڭ سىقىلىپ جىنىڭنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالغان چاغلىرىڭدا تۇرمۇشۇڭغا توساتتىن خۇشاللىق بۆسۈپ كىرىپ ، تارتقان ئازاب - ئوقۇبەتلىرىڭنى ، جەبىر - جاپالىرىڭنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ . بۇنداق چاغلاردا سەن نېمە ئۈچۈن ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ قىيىنىغانلىقىڭنى بىلەلمەي ئەخمەقلىقىڭغا لەنەت ئوقۇيسەن .

خورازنىڭ تەنتەكلەرچە ھەرىكىتىدىن تەلەيىنىڭ روھى كۆتۈرۈلۈپ كەتتى . ئوچاققا ئوت يېقىپ ، چېلەكتىكى سۈتنى سۈزدى . دىمىغىدا غىڭشىغىنىچە يەڭگىل مېڭىپ ، ھويلا - ئارامنى بېسىقتۇردى . خورازنىڭ بايىقى ھەرىكىتى كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ ئۆزىچىلا كۈلۈپ كەتتى . ئۇ شۇنچە كۆپ ئىشلارنى قىلىپ پۈتتۈرگەن چاغدىمۇ كۈن يەنىلا ئەتىگەن ئىدى . سالاۋاتنى ئويغىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ، دالان ئۆيىنى يىغىشتۇردى . قۇياش كۆتۈرۈلۈپ ، قايىنام - تاشقىنلىق ھايات باشلىنىش ئالدىدا تۇراتتى . كوچىدا كاللارنىڭ مۆرىگەن ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى . پادا چىقىش ئالدىدا تۇراتتى . تەلەي ئۆيدىن چىقىپ لاپاس ئاستىدىكى كاللارغا قاراپ ماڭدى . كېتىۋېتىپ دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ توختىغان موتسىكلىت ئاۋازىغا ھەيرانلىق بىلەن قۇلاق سالدى . دەرۋازا ئېچىلىپ ھويلىغا ئالدى بىلەن سالاۋات ، كەينىدىن يۇقىرى مەھەللىدىكى مال سودىگىرى ھىممەت كىرىپ كەلدى . تەلەينىڭ يۈرىكى توساتتىن مۇجۇلۇپ كەتتى . ئۇ ھىممەتنى تونۇيتتى . بىرقانچە ھەپتىنىڭ ئالدىدا سالاۋات ئۇنى ئۆيگە باشلاپ كەلگەن . باھادا چىقىشالمىغانلىقى ئۈچۈن كالا سېتىلماي قالغان . تويدىن قايتىپ كەلگەن تەلەي شۇ كۈنى دەرۋازا ئالدىدا ھىممەت بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى . ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ سورىغان سوئالىغا سالاۋات :

— كالىنى ساتاي دېگەنىدىم . ئەمما ، باھادا چىقىشالمىدۇق . ئۇ يەتتە مىڭغا سورىدى . مەن سەككىز مىڭدىن بىر تىيىن كەم

بولسا ساتمايمەن دېدىم . ھازىر مۇنداق نەسلى ئېسىل ماللار بازاردا تۆۋەن بولغان تەقدىردىمۇ سەككىز مىڭنىڭ ئۈستىدە سېتىلىۋاتىدۇ ، — دەپ جاۋاب بەردى . شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قاتتىق تەگىشىپ قالدى .

— ئەگەر باھاسىغا كەلگەن بولسا سېتىۋېتەمتىڭىز ؟ بۇ ئۆيدە مەن نېمە قىلىدىغان ئادەم ؟ شۇنداق چوڭ ئىشنى مەندىن يوشۇرغىنىڭىز ، مېنى كۆزگە ئىلمىغانلىقىڭىز بولماي نېمە ؟ ...— غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولغان تەلەي شۇنداق دېدى . بۇ سۆز سالاۋاتنىڭ يېغىرىغا تەگدى . ئايالىنىڭ سۆزى توگىمەيلا زەردە بىلەن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى . ئىچ - ئىچىدىن چىقىۋاتقان ئاچچىقىغا ھاي بېرەلمەي قەددىنى رۇسلاپ ، دىمىغىنى قاقتى . بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ چىرايى تېخىمۇ دەھشەتلىك تۇسكە كىردى .

— سەن نېمە دېمەكچى ؟ مۇشۇ قوتۇر كالاڭنى ماڭا پەش قىلماقچىمۇ ؟ مەن بىلەتتىم ، ئەمما پەسكەشلىكتە بۇنداق ھالغا چۈشۈپ قالغىنىڭنى ئويلاپ باقمىغانىكەنمەن ... — ئۇ ھاسىرايتتى . جاھاندىكى ئەڭ ئاچچىق گەپلەرنى تاپالمايۋاتقاندەك چىڭقىلاتتى . تەلەي ئۆزىنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى سەزدى . ئۇ ئەسلىدە ئاشۇنداق سۆزلەرنى قىلمىغان بولسا ياخشى بولاتتى . قېرىشقاندەك ئۆزىمۇ خالىمايدىغان سۆزلەر ئاغزىدىن چىقىپ كەتتى . ئۇ يەنە نۇرغۇن سۆزلەرنى ، قەلبىنى مۇجۇپ ، ئىچىنى غاجاپ كېلىۋاتقان نۇرغۇن سۆزلەرنى دېيىشكە ئامالسىز قالدى ، — سەن يالماۋۇز خوتۇنغا دۇنيا بولسىلا بولدى . مەن نېمە ئۈچۈن ئۆلۈپ - تىرىلىشىمگە قارىماي جان تالىشىمەن ؟ بۇ ئىشلار سېنىڭ خىيالىڭغا كىرىپ چىقامدۇ زادى ؟ سەن كىم ، مەن كىم ؟ ھېلىمۇ ياخشى دېھقان بولۇپ قالغىنىڭ . باشقا خوتۇنلارغا ئوخشاش كادىر ، مائاشلىق بولۇپ قالغان بولساڭ ، مېنى خەلقئالەم ئالدىدا باش كۆتۈرگىلى قويمايدىغان ئوخشايسەن . ساڭا دەپ قوياي ، بۈگۈندىن باشلاپ ئاشۇ خاسىيەتلىك كالاڭنى ئېلىپ كۆزۈمدىن يوقال !

تەلەينىڭ يۈرەك - باغرى ئېغىپ كەتتى . ئۇ چىن قەلبىدىن

ياخشى كۆرىدىغان سالاۋات ئۆزگىرىپ، باشقىلا بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قېلىۋاتاتتى. كوچا - كويدا ئېقىپ يۈرگەن ئاجايىپ - غارايىپ سۆزلەر گويا مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ئەمەلىيەتكە ئوخشاش ئۇنىڭ كاللىسىدا تېخىمۇ روشەن ئەكس ئېتەتتى. ئۇنىڭ دېھقان ئىكەنلىكى راست. ئىدارە - ئورگانلاردا ئىشلەپ مائاش ئالمايدىغانلىقىمۇ راست. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى سالاۋات ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشتىن بۇرۇن ئېنىق بىلەتتى. ئۇنىڭ ئائىلىسى يەنە سالاۋاتنىڭ ئائىلىسىدەك مەرتىۋىلىك ئەمەس. بەلكىم ئۇلارنىڭ تەقدىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا ئىككى ئائىلىنىڭ تۈزىتىپ بولمايدىغان خاتالىقى باردۇ. شۇنداقتىمۇ ھېچكىم ئۆز تەقدىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئالدىن بىلگەن ئەمەس.

تەلەي ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى توسقىنىچە ئۆيگە كىرىپ ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى. ئۇ ھاياتتىن، ئادەملەردىن نېمىلەرنى كۈتتى؟ شۇنچە زور بەدەللەرنى تۆلەپ نېمىلەرگە ئېرىشتى؟ قەدىناس ئاغىنەم بىلەن قۇدىلاشتىم دەپ بېشى ئاسمانغا تاقاشقان دادىسى بىلەن ئانىسى، يۇقىرىقى مەھەللىگە تويغا بېرىپ كېلىۋېتىپ ھادىسىدە قازا قىلدى. چاتمىدىن ئاجراپ كەتكەن تراكتورنىڭ كوزۇپى ھاڭدىن غۇلاپ، نەچچە ئائىلىلىك ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولدى. شۇلارنىڭ ئىچىدە تەلەينىڭ دادىسى بىلەن ئانىسىمۇ بار ئىدى...

تەلەي نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى. سالاۋاتنىڭ چالا كەيپلىكى چىرايىدىن مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۆيدىن قايسى ۋاقىتلاردا چىقىپ، مال سودىگىرى بىلەن نېمىلەرنى دېيىشكىنىنى تەلەي بىلمەيتتى. ئالدىنقى قېتىملىق كۆڭۈل ئاغرىقى بېسىلماي تۇرۇپ، يەنە بىر قېتىملىق كۆڭۈل ئاغرىقى يامغۇرلۇق بۇلۇتتەك بېسىپ كېلىۋاتاتتى.

ھىمىت ھېچبىر تەكەللۇپسىزلا كالىنى باغلاقتىن يەشتى. بۇ چاغدا تەلەي ئاللىقاچان كۆزدىن غايىب بولغانىدى. سالاۋات بۇنىڭغا ئانچە ئېتىبار قىلىپ كەتمىدى. سالاۋات كەچكە يېقىن ئۆيگە قايتىپ

كېلىپ، كالىنىڭ ئۆز ئورنىدا باغلاقلىق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى ۋە ئىشنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بولدى.

— بۇ نېمە قىلغىنىڭ، بالام؟ ھەرقانداق ئىش بولسا بامەسلىھەت قىلساڭ بولمامدۇ. ئۇ كالا ئايالىڭغا ئاتا - ئانىسىدىن قالغان تەۋەررۈك تۇرسا. بېشىڭغا ھەرقانداق كۈن چۈشكەن تەقدىردىمۇ ئۇنداق قىلماسلىقىڭ كېرەكتە. داداڭ بىلەن ئىككىمىز ھىممىتىنىڭ پۇلىنى قايتۇرۇپ، كالىنى ياندۇرۇپ كەلدۇق. سەن ھازىر كىچىك بالا ئەمەس، بىر ئۆينىڭ خوجايىنى بولۇپ قالدىڭ، — ئانا ئۆيگە بوراندەك ئېتىلىپ كىرگەن ئوغلىغا شۇنداق دېدى. سالاۋات دادىسى بىلەن ئانىسىنى كۆرۈپ ئۆز ئورنىدا تۇرۇپلا قالدى.

كەچلىك تاماق ۋاقتىدا سالاۋات مۇلايىملىشىپ كەتتى. بۇنى كۆرگەن ۋاققاس بىلەن پاتەم «ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات» دېگەن ئەقىدىسى بىلەن ئوتتۇرىلىقتا بولغان كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئۇنتۇدى. ئۇلار ئوغلىنىڭ بىردىنلا رايىشلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، «قىلغان ئىشىغا چوقۇم پۇشايمان قىلغان گەپ. مانا ئەمدى ھەممە ئىش ئىزىغا چۈشۈپ كۆڭۈلدىكىدەك بولۇپ كېتىدۇ» دەپ ئويلاشتى. تاماقتىن كېيىن بىرمۇنچە ۋەز - نەسىھەت قىلغاندىن كېيىن، ۋاققاس بىلەن پاتەم بالىلىرى بىلەن خوشلىشىپ ئۆيىگە قايتتى.

— يوقال كۆزۈمدىن ئىپلاس! — دەپ ھۆركىرىدى سالاۋات، — سېنىڭدەك ۋابا ئىلاھىنى كۆرەرگە كۆزۈم يوق. كالاڭنى، بۇ ئۆيدىكى ئۆزۈڭگە كېرەكلىك تەئەللۇقاتىڭنى ئېلىپ دەرھال يوقال!… — سالاۋاتنىڭ زەھەرلىك سۆزلىرى ئۇنىڭ قەلبىنى ئازابلاۋاتقان بولسىمۇ، ئۇ تۇرغان ئورنىدا ھېچ ئىش بولمىغاندەك تۇرىۋەردى. ئۇ ئاشۇ تۇرۇشىدا جىسمىغا، روھىغا توختىماستىن ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقان ئازابلارغا يەنە قانچىلىك بەرداشلىق بېرەلىگەنلىكىنى بىلمەيتتى. ھاياتىنىڭ، ئۆمرىنىڭ چىداپ بولغىلى بولمايدىغان ھەسرەتلىك تۇرمۇش قاينىمى ئىچىدە

يـﻪنه قـانچىلىك ۋاقىت قايناپدىغانلىقىنى تېخىمۇ بىلمەيتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ روھىي ھالىتىدىكى بۇنداق ئۆزگىرىشتىن ھەيران قالدى. سالاۋاتنىڭ قەلبىدە تامامەن يات بىر ئادەمگە ئايلىنىپ، ھېسسىيات ۋە روھىي جەھەتتىن ئاتلاپ ئۆتكىلى بولمايدىغان ھاڭ پەيدا بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ بولارنى سۈرۈشتۈرگۈسى ئەمەس، ئىقرار قىلغۇسى كەلمەيتتى. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ئۆزى ئارزۇ قىلىپ قۇرغان ئائىلىدە خاتىرجەم ياشاشنىڭ غېمىدە قالغانلىقىغا ھەيران قالدى. ئۇنىڭ بۇ ئىشلارنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدىغانلىقىغا پەقەتلا ئەقلى يەتمەيتتى…

سالاۋات غەزەپ ئىچىدە قولىنى شىلتىپ ئۇزاق سۆزلىدى. ئۇ دېگەنلىرىنىڭ بىرىنىڭمۇ تەلەينىڭ قۇلىقىغا كىرىپ ـ چىقمايۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى. تەلەي گويا ئەقلىدىن ئازغان ئادەمگە ئوخشاش ئورنىدا مىدىر ـ سىدىر قىلماي تۇراتتى. قارىچۇقى قېتىپ قالغان بىر جۈپ كۆزى سالاۋاتقا قادىلىپ قالغانىدى. ئۇ سالاۋات تەرىپىدىن ئىتتىرىلىپ، ھويلىغا چىقىرىلغاندىن كېيىنمۇ شۇ پېتىچە تۇرىۋەردى. ھايات خاتىرىلىرى ئىچىدە ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكلىرى بىلەن خاتالىقلىرىنى ئىزدىدى.

مېڭىسى چىڭقىلىپ، پۈتۈن بەدىنى ھازىرلا پارتلاپ كېتىدىغاندەك ھالەتكە كەلگەن سالاۋات ئۆيدە توختىماستىن ماڭاتتى. ھەر قېتىم دېرىزىدىن تەلەينىڭ ئۆز ئورنىدا قېقىپ قويغان قوزۇقتەك مىدىرلىماي تۇرغىنىنى كۆرگەندە، نېرۋىلىرى تارتىشىپ، ئۆزىنى قويىدىغانغا يەر تاپالماي قالاتتى. ئىچ ـ ئىچىدىن چىقىۋاتقان بىر شەيتان توختىماستىن «ھاماقەت، پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويما. دىلارە سېنى كۈتۈۋاتىدۇ. ئۇ سېنىڭ بەختىڭ، ئۇ سېنىڭ بارلىقىڭ. ئۆزۈڭگە ئىچىڭ ئاغرىسۇن. ئۆتكەن ئۆمۈر قايتىپ كەلمەيدۇ. بەخت ـ سائادەتلىك كۈنلەر سېنى كۈتۈپ تۇرماقتا. ئۆزۈڭنى ئازابلايدىغان يىرگىنىشلىك تۇرمۇشتىن قول ئۈز. قاينام ـ تاشقىنلىق ھايات قوينىغا قايتىپ كەل» دەۋاتاتتى.

ساالۋاتىنىڭ كۆزىگە قان قۇيۇلغاندەك بولدى . شۇنداقتىمۇ مېڭىسىگە كىرىۋالغان قورقۇنچلۇق خىياللارنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ ئۆيدىن چىقتى . دىلارە ئۇچۇن ، ئۆزى ئىنتىلىۋاتقان قايىنام ـ تاشقىنلىق هايات ئۇچۇن بولسىمۇ ، قۇربان بەرمىسە بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ دەردىنى ئىچىگە يۇتتى . ئۇ هويلىدا تېخىچە مىدىرلىماي تۇرغان تەلەيىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئۇنىڭ يۈزىگە «شاالقىدە» تۈكۈردى . كەينىدىنلا كېچە ئاسمىنىدا — «مېنى دېسەڭ ئۆلۈۋال !» دېگەن قورقۇنچلۇق ئاۋاز ياڭراپ كەتتى…

## 4

بىر ئىزىدا كېتىۋاتقان تۇرمۇش تۇيۇقسىزلا قالايمىقانلىشىپ كەتتى . تۆت كوچا ئاغزىغا كېلىپ قالغان سالاۋاتنىڭ ئەمدى ئۆپكىسىنى بېسىپ ، ئەتراپلىق ئويلانغۇدەك چامىسى قالمىغانىدى . تەلەي ، دىلارە ، شەھەر تۇرمۇشى ، خىزمىتىنى يۆتكەشتىن ئىبارەت تېگى يوق قايىنام نېرۋىلىرىنى جىددىيلەشتۈرۈپ ، سەپراسىنىڭ توختىماستىن ئۆرلىشىگە سەۋەب بولاتتى . ئالىي مەكتەپ هاياتى ، قايىنام ـ تاشقىنلىق مەكتەپ تۇرمۇشى ئەينى چاغدا ئۇنىڭ قەلبىدە ئاجايىپ گۈزەل ئارزۇ ـ ئارمانلارنىڭ ئويغىنىشىغا سەۋەب بولغان بولسا ، مانا ئەمدى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ بوران ـ چاپقۇنلىرى ئاشۇ گۈزەل ئارمانلارنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇخلىسا چۈشىگە كىرمەيدىغان باشقا بىر نەرسىگە سەپلەۋاتاتتى .

— ماڭا قاراڭ ، — دېدى بىرپەس جىمجىتلىقتىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرگەن سالاۋات دىلارەنىڭ ئويچان كۆزلىرىگە تىكىلىپ ، — مەن هازىر گويا پىرقىرىتىپ قويۇۋەتكەن ئادەمگە ئوخشاپ قالدىم . مەشرىق قاياقتا ، مەغرىب قاياقتا ، مەن قاياقتا هەممىسى غۇۋا ، گويا تۇمان باسقاندەك تۇتۇق . قانداق قىلسام ياخشى بولىدىغانلىقىنى زادىلا بىلەلمىدىم ، — داستىخان راسلاپ ،

چاي قويۇشقا تەمشىلىۋاتقان دىلارە تەقدىرى توساتتىن ئۆزگىرىپ كەتكەن ئادەمگە ئوخشاش تەئەججۈپ ئىچىدە سالاۋاتقا تىكىلدى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ جاننى ئالىدىغان ئىش بولسىمۇ گەپنى چۈشىنىشلىكرەك قىلمامسىز. قاچانلا بولسا لۆمشىپ، تىلىنى چايىنىغان، — ئۇنىڭ زەردە بىلەن قىلغان سۆزىدىن سالاۋاتنىڭ تېنى شۈركەنگەندەك قىلدى. ئۇ بار كۈچى بىلەن خىيالىنى يىغىپ، دېمىنى ئىچىگە يۇتتى. تۇنۇگۈنكى ئىشلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەچ، لېۋىنى ئۆمەللەپ قويدى. ئۇ خىرەلەشكەن خىيال ئېكرانىدىن پەقەت دىلارەنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئۆز-ئۆزىدىن بوينىنى قىسىپ تۇرغانلىقىنى، ئۆي ئىچىدىن چىققان «ئەجەب تويدۇم بۇ بىر نېمىدىن. يا كۆندۈزى دېمىگەن، يا كېچىسى دېمىگەن. لالما ئىتمۇ بۇنىڭدىن ياخشىراق» دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلىغانلىقىنى ئۆتكۈزدى. ئۇ بوسۇغا ئاتلاپ ئۆي ئىچىگە كىرگەندە دېمىسىمۇ سائەت بىردىن ئېشىپ كەتكەنىدى. دىلارەنىڭ پوزىتسىيىسىدىكى قوپاللىق، سوغۇق قانلىق ئۇنىڭ يۈرىكىگە نەشتەرگە ئوخشاش سانجىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىززىتىنى ئۆزى سېتىپ يەۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، كاللىسىغا «تاقابىل تۇرۇش» دېگەن ئوي - پىكىر پەقەتلا كىرىپ چىقمايتتى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى تۇرقى، گويا پايانسىز سازلىققا كىرىپ قېلىپ، ئۇنىڭدىن قايتىپ چىقالماي بارغانسېرى پېتىپ كېتىۋاتقان ئادەمنىڭ تۇرقىغا ئوخشاپ قالغانىدى.

— مە…، مەن سىزنى ئۆلگۈدەك ياخشى كۆرىمەن، دىلارە، — بوسۇغىدىن ئاتلىغان سالاۋات يىقىلىپ چۈشمەسلىك ئۈچۈن قولى بىلەن تامنى تۇتۇپ دۇدۇقلاپ كەتتى.

— تامنى بۇلغىدىڭىز، قولىڭىزنى چۈشۈرۈڭ، — دېدى دىلارە هازىرلا جېنى چىقىپ كېتىدىغاندەك هۈرپىيىپ، — بۇ دېگەن ئۆي. نېمە قىلسا بولىۋېرىدىغان ئېشەك ئېغىلى ئەمەس.

سالاۋات هىجايدى. ئۇستۈېشىغا بىرقۇر سەپسالغاندىن كېيىن، ئىككى مۈرىسىنى قىسىپ قويۇپ تازىلىق ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. ئۇ



تازىلىق ئۆيىدىن چىققاندا ئىشىكلەر تاقىلىپ، ئۇستەل چىرىغىدىن باشقا چىراغلار ئۆچۈرۈلگەنىدى. مانا بۇ داستىخان سېلىنىشتىن بۇرۇنقى كۆرۈنۈش.

— مەن سىزگە يۈز كېلەلمەيمەن. ماڭا يەنە ئازراق ۋاقىت بەرگەن بولسىڭىز، — سالاۋات يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان خىياللارنى مىڭ بىر تەستە ئۆزىدىن نېرى قىلىپ شۇنداق دېدى. ئۇنىڭ ئاۋازى شۇنچىلىك زەئىپ چىقتىكى، ئاڭلىغان ئادەمگە ئىڭراۋاتقان كېسەلنىڭ ئاۋازىدەك تۇيۇلاتتى. ئۆيئىچى بىردىنلا سوكۇتقا پاتتى.

— دېمەك، سىز يەنە قۇرۇق قول كەلدىڭىز شۇنداقمۇ؟ — دېدى دىلارە بىرپەس جىمجىتلىقتىن كېيىن ئۇنىڭغا مىختەك قادىلىپ، — سىزنىڭ بۇنچىلىك يارىماس ئەر ئىكەنلىكىڭىزنى نېمىشقىمۇ بۇرۇنراق ئويلىمىغان بولغىيدىم.

ئۇ غەزەپتىن تىترەپ كەتتى. نەپسى يېتىشمەيۋاتقان ئادەمدەك چوڭقۇر تىنغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — مەن سىزگە يەنە بىر قېتىم دەپ قوياي، بۇ ھەرگىزمۇ چاقچاق قىلىدىغان ئىش ئەمەس. ئاخىرقى شەرت شۇ، بىرىنچىدىن، ئايالىڭىز بىلەن چوقۇم ئاجرىشىسىز. ئىككىنچىدىن، شەھەرگە چوقۇم يۆتكىلىپ كېلىسىز، ئۈچىنچىدىن، تويغا يېتەرلىك پۇل تەييارلايسىز. ئەگەر يەنە ئۇستاتلىق قىلىپ كەينىگە سۆرەيمەن دەيدىكەنسىز، مېنىڭ سىزدەك ئادەمنى كۆرەرگە كۆزۈم يوق.

سالاۋات نېمىدۇر بىرنەرسە دېمەكچى بولغان ئادەمدەك لەۋلىرىنى ئۆمەللىدى. ئاندىن تولىمۇ بىچارە بىر خىل قىياپەتتە ئورنىدىن تۇردى. ئىپادىسىز كۆزلىرىنى داستىخان ئۇستىدىكى نەرسىلەرگە بىرقۇر يوگۇرتۇپ چىققاندىن كېيىن، كەينىگە بۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۆيئىچى بىردىنلا تىنچلىنىپ قالدى. دىلارە سىرتقا قاراپ ماڭغان سالاۋاتنىڭ كەينىدىن قاراپ «موزاينىڭ يوگۇرۇشى سامانلىققىچە، قېنى قانچىلىك بىكىسى باركىن كۆرۈپ باقاي. ئۆزىنى بايقىماي شىلتىڭ ئېتىشلىرىنى بۇ نېمىنىڭ قوۋۇرغامنى ئېگىپ. قېنى نەگە بارىسەنكىن؟ قايتىپ كىرگەندىن

كېيىن دېيىشكە تېگىشلىك گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى دەپ ، ۋەدەڭنى ئالمايدىغان بولسام» دېگەنلەرنى ئويلىدى . دېمىسىمۇ شۇنداق بولدى . سۆز تازا مۇھىم يېرىگە كەلگەندە ئۈزۈلۈپ قالدى . ئۇ سۆزلەۋاتقاندا سالاۋات گويا ھەممىگە تەييارلىنىپ بولغاندەك ناھايىتى تەمكىن ئولتۇردى . ئۇنىڭ يەر تېگىدىن كۆزىنىڭ قۇيرۇقى بىلەن قاراشلىرى «قارىغاندا سەنمۇ ئالدىراپ قالغان ئوخشايسەن . ئاغزىڭدا ئۇنى ـ بۇنى دېگىنىڭ بىلەن ، بەرىبىر سەن ئۇچۇن مەن بولمىسام بولمايدۇ» دېگەندەك مەنە چىقىپ تۇراتتى . گەرچە سالاۋات چىقىپ كەتكەندىن كېيىن دىلارەگە ئويلىنىش پۇرسىتى چىققان بولسىمۇ ، ئەمما بۇنىڭلىق بىلەن ئىش تۈگىمەيتتى . «قارا بۇنىڭ ھىيلىسىنى . ئۇ مۇشۇنداق قىلسام دىلارە كەينىمدىن چىقىدۇ ، ماڭا ئېسىلىپ يالۋۇرىدۇ ، دەپ چۆچۈرىنى خام ساناۋاتىدۇ . مەن ھەرگىزمۇ ئۇنداق ئەخمەقلەردىن ئەمەس . مېنى ئۇسسۇلغا سالىمەن دەپ ئويلىغان بولسا خاتالىشىپتۇ . مېنىڭ كىملىكىمنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈپ قويسۇن . ‹ئۇنداق قازانغا ، مۇنداق چۆمۈچ › دېگەن مانا مۇشۇ . مەن ئاغزىمنى مەھكەم ئېتىپ زۇۋان سۈرمىسەملا ، ئۇنىڭ كارامىتى ئاشكارىلانماي قالمايدۇ . شۇ چاغدا كىم ـ كىمگە يېلىنىپ يالۋۇرىدۇ ، كۆرۈپ باقىمىز» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى .

سالاۋات يىغلىغۇدەك ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ماشىنىغا چىقتى . ئىشلارنىڭ ئۆزى ئويلىغاندىنمۇ بەتتەر مۇرەككەپلىشىپ كېتىشى ئۇنىڭغا ئەلەم قىلىپ ، كۆڭۈل ئاسمىنىدا قورقۇنچلۇق تۇمانلارنى پەيدا قىلاتتى . ئۇ كېتىۋېتىپ دىلارەنىڭ دېگەنلىرىنى ، پوزىتسىيىسىنى ، رەھىمسىزلىكىنى ئويلىدى . ئۇ دىلارەنى راستىنلا چىن يۈرىكىدىن تەلۋىلەرچە ياخشى كۆرەتتى . ئۇ ھازىر ئۆز سۆيگۈسىنى سەگىتىپ ، ئۆزىگە بولغان مايىللىقنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن ئەمەس ، بەلكى ئۇنىڭ كەسكىنلىك بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان شەرتلىرىنى ئورۇنداش ئۈچۈن كېتىۋاتاتتى . ئۇ كېتىۋېتىپ يەنە دىلارە بىلەن تونۇشقان ئاشۇ

ئۆنتۆلماس مىنۇتلارنى ئەسلىدى...

— ئەخمەقلىق قىلما ، قېنى ئەمسە بىز كەتتۇق . ئۇ يەرگە بارغانـدىـن كـېـيــن ھەقىقىي تۇرمۇشنىڭ نېمىلىكىنى بىلىپ قالـىـسـەن . بـەلـكىم شۇ چاغدا تۇرمۇشقا بولغان كۆزقارىشىڭ ئۆزگىرىپ قالسا ئەجەب ئەمەس ، — دېدى ئۇنىڭ بىلىكىدىن تۇتقان مـۆيـدۇن مـەنـىـلىك كۈلۈپ . بۇ سالاۋاتنىڭ شەھەردىكى بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسىنى ئاياغلاشتۇرغان كۈنى كەچتىكى ئىش ئىدى . سالاۋات ئالىي مەكتەپتىكى ساۋاقداشلىرىنىڭ كۆڭلىنى قايتۇرالماي رېسـتـورانغا باردى . كۆپ ئۆتمەيلا قىز - ئوغۇللار يىغىلىپ ، سورۇن كەيپىياتى جانلىنىپ كەتتى .

— توختاڭـلار ، — دېـدى قـىـزلارنـىڭ بـىـرى كەسكىنـلىك بىلەن ، — كېلىشكە تېگىشلىك مېھمانلار تېخى كېلىپ بولمىدى . ئازراق تەخىر قىلايلى ، — زىياپەتنى باشلاشقا تەييارلىق قىلىۋاتقان مۆيدۇن بۇ گەپ بىلەن پەسكويغا چۈشۈپ ، ئەتراپتىكىلەرگە «مەندە نـېـمە ئامال بار ؟» دېگەندەك قاراپ قويدى ، — قىزلار چوقۇم كېلىدۇ ، — دېدى ھەببە گېپىنىڭ ئاخىرىنى تولۇقلاپ . راست دېگەندەك كۆپ ئۆتمەستىنلا ھەببەنىڭ سۆزىنى ئىسپاتلاپ ئىشىك ئـېـچىلدى . بۇنىڭ بىلەن سالاۋات قىمىرلاپ قويدى . ھەممىدىن كېيىن كەلگەن زىلۋا بويلۇق قىز قاشلىرىنى يىمىرىپ ، ئۆي ئىچىگە تـېـزلـىـكـتە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى . سالاۋاتنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇرغان جۇمە پېشانىسىگە چۈشكەن چاچلىرىنى تۈزەپ قويغاندىن كېيىن ، مىيىقىدا كۈلۈمسىرىدى . ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان زۇليار بولسا بېشىنى كەينىگە تاشلاپ ، «سەن كۆزۈڭنى ئوينىتىپ كەتمە . سەن دېگەن قانچىلىك بىرنېمە ئىدىڭ» دېگەندەك كۆزىنى يۇمدى . جـۇمـە يـېـقىملىق كۈلگەن بولسىمۇ ، كۈلكە ئۇنىڭ چىرايىدىن نـاھـايـىتى تېزلا غايىب بولدى . ئۇنىڭ قويۇق قاشلىرى بىردەم مـىـدىـرلـىـسا ، بىردەم توختاپ ، قاتتىق ھاياجانلىنىۋاتقانلىقىنى بـىلدۈرۈۋاتاتتى . قىز بالىنىڭ لېۋىدەك نېپىز لېۋىمۇ توختىماي مـىـدىـرلاپ تـۇرغـاچـقـا ، يـىـراقـتـىـن قارىغان ئادەمگە نۇتۇق

سۆزلەۋاتقاندەك تۇيغۇ بىرەتتى . پەقەت مۆيدۇنلا ئۇنىڭغا چىقىر كۆزلىرىنى مىختەك قاداپ ، بىر قولى بىلەن ئىڭىكىنى تىرىگىنىچە سوغۇق كۇلۇپ قويدى . ئۇنىڭ ئاشۇ تۇرقىدىن بىرنېمە دېگۈسى بولىسىمۇ دېيەلمەيۋاتقاندەك ، ئەمما كۆڭلىدە دەيدىغان نۇرغۇن گەپلىرى باردەك قىياپەت چىقىپ تۇراتتى . ھەبىبە قىزغىنلىق ئىچىدە ئورنىدىن تۇرۇپ دوستىنىڭ ئالدىغا كەلدى . ئۇ ئىككىسىنىڭ كۆزىدە ئاسانلىقچە بايقىغىلى بولمايدىغان بىر خىل كەيپىيات يېلىنجاپ تۇراتتى . قىزنىڭ بۇلاقتەك كۆزلىرى ئويناپ كەتتى . ئۇ تەبەسسۇم ئىچىدە بۇرۇلۇپ سالاۋاتقا قارىغىدى ، سالاۋاتنىڭ يۈرىكى «قارت !» قىلىپ ، تىنىقى توختاپ قالغاندەك بولدى . يەنە تېخى پۈتۈن ۋۇجۇدىدا بۇ گۈزەل نازىنىن پەقەت ئۆزىگىلا تەبەسسۇم قىلىۋاتقاندەك تۇيغۇ پەيدا بولۇپ ، شېرىن بىر ئېقىم بەدەن ـ بەدىنىگە تاراپ كەتتى . ھەبىبەنىڭ باشلىشى بىلەن قىز سالاۋاتنىڭ يېنىدىكى بوش ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە ئىككى قولىنى چىقىرىپ ، ئۆزۈن چاچلىرىنى ئوڭلاپ قويدى . سالاۋات بىرقانچە قېتىم ئىچىدە «دىلارە» دەپ تەكرارلىدى .

سالاۋات نېمە ئۈچۈندۇر جىددىيلىشىپ كېتىۋاتاتتى . ئۇ تەقدىرىنىڭ توساتتىنلا رومانتىك تۇيغۇلار بىلەن بىرلىشىپ قالغانلىقىنى ، بۇ رومانتىك تۇيغۇنىڭ گاھىدا ۋۇجۇدىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىپ ، ئۆزىنى جەننەتكە ئوخشايدىغان گۈزەل ھايات قوينىغا باشلاۋاتقانلىقىنى ، گاھىدا يەنە ۋۇجۇدىدا ھېچ نەرسىگە تەڭ قىلىپ بولمايدىغان شېرىن تۇيغۇلارنى پەيدا قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى .

— قانداق؟ ئەمدىغۇ رازى بولغانسەن؟ ھايات دېگەن مانا مۇشۇنداق . ئۇ ئاياللار دۇنياسى بىلەن گۈزەل . قارىسام دىلارە مۇشۇ ئولتۇرغانلارنىڭ ئىچىدە پەقەت ساڭىلا مەپتۇن بولۇپ قالغاندەك تۇرىدۇ . سەن ئۇنى ئامال بار مەھكەم تۇت . ئۇنى ئۆزۈڭگە قارىتالىساڭلا ، تۇرمۇشۇڭدىكى كەمتۈكلۈك غايىب بولىدۇ . دەپ باققىنا ، ئۇ ساڭا يارىدىمۇ؟ — دېدى مۆيدۈن

ئىككىسىنىڭ ئارىلىقتىكى يالغۇز قالغان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ . سالاۋاتنىڭ يۈرىكى ئەنسىز سىلىپ كەتتى . ئۇ قانداق قىلسا ياخشى بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئولتۇرماستىنلا بېشىنى لىڭشىتتى .

— بۇنىڭغىمۇ گەپ كېتەمدۇ ئاداش . بىراق ، بۇ بىر خام خىيال . چۈنكى ، سەنمۇ بىلىسەن ، مەن دېگەن ئالللىقاچان ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولغان ئادەم . شۇڭا ، مەندە ئۇ قىزغا ئېغىز ئېچىپ بىرنەرسە دېگۈدەك جاسارەت يوق .

— ئەخمەقتە سەن ، سېنىڭ ئۆيلەنگىنىڭنى بىز دېمىسەك كىم بىلەتتى . مەن ساڭا مۇشۇنچىلىكلا دەپ تۇراي . سەھرانىڭ زېرىكىشلىك تۇرمۇشىنى ياخشى بىلگەنلىكىم ئۈچۈنلا سېنى تۇرمۇشنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ ، قايناق ھايات قوينىدا مەيدىسىنى كېرىپ يۈرسىكەن دەيمەن . قالغان ئىشنى ئۆزۈڭ بىل . ئۇ دېگەن ھەببەنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى . ھەببەمۇ مېنىڭ توي قىلغانلىقىمنى ئوبدان بىلىدۇ . شۇنداق تۇرۇقلۇق مېنىڭ بىلەن ئارىلىشىپ يۈرۈۋاتىدۇغۇ . ئەخمەق ، ھازىرقى قىزلار پىشقان ئەرلەرنى ياخشى كۆرىدۇ ، — مۆيدۈن ئۇنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ قويدى . سالاۋات مۆيدۈنىنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ ، ئۇنىڭغا يېلىنىش نەزىرى بىلەن قارىدى .

— ئۇنداقتا مەن قانداق قىلسام ياخشى بولىدۇ ؟

مۆيدۈن كۈلۈۋەتتى . ئۇنىڭ كۈلكىسىدىن بىر خىل ئىشەنچ ھەم جاسارەت تۆكۈلۈپ تۇراتتى .

— سەنزە ، راستىنلا سەھرالىقتە ! مۇشۇنىمۇ سوراش كېتەمدۇ ؟ باياتىندىن بېرى ھاراقنى نېمىگە ئىچتىڭ ؟ مەست بولساڭ مەستلەرچە ، مەست بولمىساڭ مەستلىككە يۆلەپ بىر ئىش قىلمامسەن . ساڭا دېسەم ، مەن ھەببەنى ئەنە شۇنداق قولغا چۈشۈرگەن . سورۇن تارقىغاندا دىلارەنى ياتقىغا ئاپىرىپ قويىسەن . ئوغۇل بالا دېگەندە يالغۇز جاسارەتلا بولسا بولمايدۇ . يەنە پەم كېرەك . ئويلاپ باققىنا ، ئەگەر بىر قىز بالىنىڭ ئازراق قىچىقى بولمىسا ، مۇشۇنداق سورۇنغا كېلەمدۇ ؟ ساڭا دېسەم ، پۇرسەتنى

قولدىن بېرىپ قويساڭ، مەڭگۈ ئورنىغا كەلتۈرەلمەي ھەسرەتتە ئۆتىسەن.

مۆيدۈننىڭ يۈرىكىدىن چىقىرىپ ئېيتقان سۆزلىرى بىلەن سالاۋاتنىڭ قەلبى يورۇپ كەتكەندەك بولدى. ئۇ يەڭگىل نەپەس ئالغاندىن كېيىن، قانداق قىلىش توغرىسىدا ئويلىنىشقا باشلىدى.

زالدا چېلىنىۋاتقان مۇزىكا، ئوينىلىۋاتقان تانسا سورۇننىڭ كەيپىياتىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈۋاتاتتى. سالاۋات ئەندىشە ئىچىدە دىلارە بىلەن بىرقانچە قول تانسا ئوينىدى. قىز ئۇنىڭ ئىچىدە قوتراۋاتقان ئەسەبىي ھېسسىياتىنى سەزمەيۋاتقاندەك ئاياغلىرىنى شۇنچىلىك يەڭگىل، شۇنچىلىك رىتىملىق يۆتكەيتتىكى، كىشىدە تولىمۇ تاتلىق بىر خىل تۇيغۇ پەيدا قىلاتتى.

— مىجەزىڭىز يوقمۇ نېمە؟ — دېدى دىلارە ئاخىرقى تانسىنى تۈگىتىپ جوزىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن. ئۇنىڭ ئاۋازىدىن بىر خىل كىنايە چىقىپ تۇراتتى. سالاۋات قىزىرىپ كەتتى. قىزنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىش ئورنىغا ئالدىدىكى رومكىنى ئېلىپ لېۋىگە تەگكۈزدى، — توختاپ تۇرۇڭ، — دېدى دىلارە بىر خىل بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا، — ئىچىشكە توغرا كەلسە بىللە ئىچەيلى. ئەمما، سىز ماڭا تېخى جاۋاب بەرمىدىڭىز.

سالاۋات كۆزىنىڭ قۇيرۇقى بىلەن ئەتراپىغا قاراپ قويدى. سورۇندىكىلەر گويا يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان مۆجىزىنى كۆرۈشتىن مەھرۇم قالىدىغاندەك ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى.

— قانداق لاۋزا نېمىسەن؟ ئەركەك بولغاندىكىن دىلارە خانقىزنىڭ سورىغان سوئالىغا گاچچىدە جاۋاب قايتۇرمامسەن، ئادەمنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرماي، — دېدى زۇليار بىر خىل جىددىيلىك ئىچىدە ئورنىدىن سەل ـ پەل كۆتۈرۈلۈپ. سالاۋات دېمىنى ئىچىگە يۇتتى:

— مۇشۇ ئاياللارنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمەك نېمانچىلا تەستۇ؟ — ئۇ گەدىنىنى قاشلىدى. ئاندىن كولۇپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — قارىغاندا ھەممىڭلارنىڭ كۆزىگە مىجەزى

يوقتەك كۆرۈنگەن ئوخشىمامدىمەن؟ گەپنىڭ راستىنى دېسەم، مەن بىر كېسەل. يەنە كېلىپ دىلارە خانقىزنىڭ داۋالىشىغا موھتاج ئېغىر كېسەلمەن...

ئۇنىڭ سۆزى بىلەن كۆتۈرۈلگەن كۈلكىدىن ئۆينىڭ ئىچى لەرزىگە كەلدى. سالاۋات ھەيران قالدى. مىڭ بىر تەستە باشلىغان سۆزىنىڭ مۇنداق راۋان ئاياغلىشىدىغانلىقىنى پەقەتلا ئويلاپ باقمىغاچقا، پۈتۈن ۋۇجۇدى كۈچ - قۇۋۋەتكە تولغاندەك بولدى.

— دىلارەنىڭ بىمارى ئۇچۇن كۆتۈرەيلى، — دېدى ھەبىبە شوخلۇق بىلەن. رومكىلار بىر - بىرىگە ئۇرۇلدى. ياشلىق ھېس - تۇيغۇلىرى ئىچىدە يولۇۋاسقا ئوخشاش يۇلقۇنۇۋاتقان يۈرەكلەر گاھ بىھوش بولسا، گاھ تۇيۇقسىز كۆتۈرۈلگەن قىيۇنغا ئوخشاش ھەممە نەرسىنى ئۇرتوقاي - سۈرتوقاي قىلىۋاتاتتى.

سالاۋات تۇيۇقسىزلا ئۆز بەختىنى تېپىۋالغاندەك، تولىمۇ گۈزەل بىر ھاياتنىڭ قۇچاق ئاچقان ھالدا ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتقاندەك تۇيغۇغا چۆمۈلدى. ئۇ ئۆزىنى دۇنيادىكى بىردىنبىر گىگانت ئادەمدەك، ھاياتلىق ئالىمىدە دىلارە بىلەن ئىككىسىدىن باشقا ھېچقانداق مەۋجۇدات يوقتەك سەزدى. ئەمدى ئۇنىڭدا تارتىنىش دېگەنلەردىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. ئۇ سورۇندىن تارقاپ، كەيپى كۆتۈرۈلگەن دىلارەنى يۆلەپ ياتاققا كىرگەندىمۇ، چىراغنى يېقىپ دىلارەنى كارىۋىتىغا ئولتۇرغۇزغاندىمۇ ھېچ نەرسىگە پىسەنت قىلمىدى.

— سىز بۇ ئۆيگە مېھمان. مەن سىزنى بۇ يەردىن ھەرگىز قوغلاپ چىقىرىۋەتمەيمەن. باشقا ئىش قولۇمدىن كەلمىسىمۇ، بىرەر رومكا ئىچىملىك قۇيۇپ بېرىش قولۇمدىن كېلىدۇ. سىز ھەرگىز باشقىچە ئويلاپ قالماڭ. ئۆيگە ئەكېلىپ قويغىنىڭىزنىڭ يۈز - خاتىرى، — دىلارە شۇنداق دېگىنىچە ھاۋادا ئۇچۇۋاتقاندەك يەڭگىل قەدەم تاشلاپ، رومكىغا ھاراق قۇيدى. ئاندىن ئۈستەلدىكى چاقماقنى ئېلىپ ھاراققا ئوت قويدى. ھاراق كۆكۈچ يالقۇن چىقىرىپ يېنىشقا باشلىدى. سالاۋات بىردىنلا دىلارە بىلەن

ئىككىسىنىڭ يۈرىكىدە كۆتۈرۈلۈۋاتقان مۇھەببەتنىڭ ، رومكىدىكى هاراقتا ئوخشاش يالقۇنلاپ يېنىشىنى ، مەڭگۈ تۈگىمەس ئىسسىقلىق چىقىرىشىنى ئۈمىد قىلدى .

— قېنى ، ئەركەك بولسىڭىز بۇنىڭ نىمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى تېپىپ بېقىڭ ، — دېدى دىلارە كۆيۈۋاتقان رومكىدىكى هاراقتا تىكىلگىنىچە داڭقېتىپ تۇرغان سالاۋاتقا قولىنى شىلتىپ . ئۇ سالاۋاتنىڭ جاۋاب بېرىشىنى كۈتمەيلا ، ئۆزىنىڭ سوئالىغا ئۆزى جاۋاب بەردى ، — بۇ مېنىڭ قەلبىمنىڭ پاكلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ . مەن سىزگە ئوخشاش ئەزىز مېهمانغا بىر رومكا بولسىمۇ قىزىق هاراق بەرسەم دەيمەن .

ئۇ شۇنداق دەپ يەنە بىر رومكىنى كۆيۈۋاتقان هاراقنىڭ ئۈستىگە دۈم كۆمتۈردى . سالاۋات هەيران قالدى . دىلارەنىڭ دېگەنلىرىنى قانداق چۈشەنسە بولىدىغانلىقىنى بىلەلمەي تولغىنىپ كەتتى . دىلارە ئۇنىڭ قەلبىگە بۆسۈپ كىرىپلا قالماي يەنە مەنىسى ئىنتايىن چوڭقۇر بولغان سۆزلەر ئارقىلىق ئۇنى ئۆزىگە تېخىمۇ بەكرەك رام قىلىۋاتاتتى .

سالاۋات ئىچتى . ئۆمرىدە پەقەت بىرلا قېتىم كەلگەن پۇرسەتنى قولدىن چىقىرىپ قويماسلىق ئۈچۈن بولۇشىغا ئىچتى . ئۇ بۈگۈنكى كېچىنىڭ مەڭگۈ داۋاملىشىشىنى ، ئۆزىنىڭ بۇ يەردە قېلىشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى .

— بو… بو… بولدى قىلايلى ، كۆ… كۆ… كۆنمۇ كەچ بولۇپ كەتتى . سى… سى… سىزمۇ ۋاقتىدا كى… كى… كېتىۋېلىڭ ، بى… بى… بىر قىز بالىنىڭ ياتقىدا ، بى… بىر ئەركەك يې… يېرىم كې… كېچىگىچە ئو… ئولتۇرسا ياخشى بو… بولمايدۇ ، — دىلارە كېكەچلەپ سالاۋاتنى ئورنىدىن تۇرۇشقا دەۋەت قىلدى . سالاۋات هاراقنىڭ كەيپىدىن يۇمۇلۇپ كېتىۋاتقان كۆزلىرىنى تەستە ئېچىپ ، دىلارەنىڭ قولىدىن تۇتتى .

— ئۇنداق بولسا ئىككى رومكا تولدۇرۇپ هاراق قويۇڭ . خوشلاشقىنىمىزنىڭ نىشانى بولۇپ قالسۇن . سوقۇشتۇرۇپ

ئـﯩـچىۋېتەيلى ، — دىلارە بىر رومكىغا قىزىل هاراق ، يەنە بىر رومكىغا ئاق هاراق قۇيدى . سالاۋات هاراقنىڭ كۆچىدىن ئۆزىنى يـوقــىتــىپ قويۇۋاتقان بولسىمۇ ، يەنىلا ئۆزىنى مەھكەم تۇتۇپ ، دىـلارەنـىـڭ مـەسـت بـولۇپ خۇدىنى يوقىتىشىنى كۈتۈۋاتاتتى . رومـكـىـلار سـوقـۇشتۇرۇلدى . بوشىتىلغان رومكىلار ئۈستەلگە قويۇلۇشى بىلەن سالاۋات بوتۇلكىنى قولىغا ئالدى .

— كېتىدىغان چاغدا مەن سىزگە بىر رومكا تۇتاي . ياخشى كــۆڭلىڭىز مەڭگۈ يامانلىق كۆرمىسۇن . تىلىگەن تىلەكلىرىڭىز ئىجابەت بولسۇن ، — دىلارە قولىنى سىلكىدى . ئورنىدىن تۇرماقچى بولۇپ تۇرالمىدى . ئۇ راستتىنلا مەست بولۇپ قالغانىدى . سالاۋات ئـۇنـى يـۆلـىدى . قولىنى ئۇنىڭ قولتۇقى ئاستىدىن ئۆتكۈزۈپ كۆتۈرگىنىچە كارىۋاتقا ياتقۇزدى...

ئاشۇ كېچە ، ئەستىن چىقمايدىغان خاتىرىلەرگە تولغان ئاشۇ كـېـچـە ئۇنىڭ هايات يولىنى ئۆزگەرتىۋەتتى . گەرچە دىلارەنىڭ قويغان تەلىپى ئېغىر بولسىمۇ ، ئۇنى هەرگىز ئورۇنسىز دېگىلى بولمايتتى . ئۇ شۇ كۈندىن باشلاپ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش يولىغا قـەدەم تـاشلىدى . زۇلىيارنىڭ كۆڭۈل بۆلۇشى بىلەن شەھەرنىڭ مــائـارىپقا مەسئۇل مۇئاۋىن باشلىقى بىلەن تونۇشتى . شەھەرگە يۆتكىلىش ئىشى پەقەت ۋاقىت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالدى . نىكاھتىن ئاجرىشىش بولسا مانا ئەمدى ئۇنىڭ غەيرىتىگىلا باغلىق . بۇ يەردىكى مۇهىم مەسىلە دىلارە بىلەن توي قىلىشقا كېتىدىغان پۇل . مەيلى قانداق بولسۇن ، ئۇ ئالدى بىلەن قولىدىن كېلىدىغان ئىشنى پۈتتۈرۈشى كېرەك . كونىلار «بەش قولنى ئاغزىغا بىراق تىققىلى بولماس» دەپ بىكار ئېيتمىغان ، تەلەيىنىڭ خېتىنى بەرسە قالغان ئىشلارنىڭ كارايىتى چاغلىق .

سالاۋات ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە يەڭگىل نەپەس ئالدى . قــۇلاق تۈۋىدە بىردىنلا «سالاۋات ، هاياتنىڭ بوشاڭ هەم ئىككى يـۈزلىمىچى ئادەملەرنى ياقتۇرمايدىغانلىقىنى ئېسىڭدىن چىقارما . هەرقانداق ئىشتا هېچكىمدىن قېلىشما . بىلىڭ ئۇشتۇلۇپ ، ئىتقا

ئـوخـشاش سۆرىلىپ قالغان تەقدىردىمۇ ئۆز مەقسىتىگە يەتمەي قـويـمـا !» دېـگـەن ئـاۋاز ياڭرىغاندەك بولدى . بۇ ئاۋاز يارۇي هـامـمـىـسـىـنىڭ ئاۋازى ئىدى . ئۇنىڭ شۇنداق دەپ ئۆگەتكەن سۆزلىرى سالاۋاتنىڭ ئېسىدە مەهكەم ساقلىنىپ قالغانىدى .

يـارۇي هـامـمـا ئـېگىز بوي ، ئاۋازى ئەركەكلەرنىڭكىدەك چىقىدىغان ، دائىم دېگۈدەك قاپىقىدىن مۇز ياغدۇرۇپ يۈرىدىغان ئاچچىقى يامان ئايال ئىدى . سىرتقا ناهايىتى ئاز چىقىدىغانلىقى ئـۈچـۈن ئـۇنـى بـىـلـىـدىغانلارمۇ كۆپ ئەمەس ئىدى . سالاۋات كېتىۋېتىپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى . هالقىلىق پەيتتە هاممىسىدىن ياردەم سوراشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ يەڭگىل نەپەس ئالدى .

## 5

تـەلـەي هاڭۋاقتىلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغاندەك بولۇپ قالدى . بەزى چاغلاردا ئاجايىپ - غارايىپ خىياللارنى سۈرەتتى . قىلىۋاتقان ئىشىنى ئۇنتۇپ ، ئىككى كۆزىنى بىر نۇقتىغا تىككىنىچە بالىلىق ۋە قىزلىق دەۋرىدىكى ئىشلارنى ئەسكە ئېلىشقا تىرىشاتتى هەم يۈرىكىنى شادلاندۇرىدىغان رومانتىك تۇيغۇغا غەرق بولاتتى . لېكىن ، بۇ خىياللار ئانچە ئۇزۇنغا بارماي ، ئۇنىڭ ئورنىغا كۆز ئـالدىدىكى ۋەھىمىلىك كۆرۈنۈش ئالماشقاندا ئازاب چەككىنىدىن كۆز چانىقىدىن مونچاق - مونچاق ياشـلار ئېتىـلىپ چىـقاتتى . ئـىچ - ئىچىـدىن پەرياد چېكـىپ ، ئالـلادىن قـايغۇ - ئەلەمنى كـۆتـۈرۈۋېـتـىپ ، ئۇنىڭ ئورنىغا شاد - خۇراملىق ئاتا قىلىپ بېرىشىنى ئۆتۈنەتتى . ئۇنىڭ قەلبىدىكى بۇك - باراقسان باغچە مانا ئەمدى خازان بولغان باغقىلا ئوخشاپ قالغانىدى .

تەلەي كوچىغا چىقىپ بىرهازاغىچە مىدىر - سىدىر قىلماي تۇردى . قەلبىدە كۆتۈرۈلۈۋاتقان بىر خىل كۈچ ئۇنى شەهەرگە كىرىشكە ، دىلارەنى ئىزدەپ تېپىشقا ئۈندەيتتى . گەرچە ئۇ دىلارەنى تونۇمىسىمۇ ، ئۇنىڭ ئولتۇراق ئۆيىنىڭ نەدىلىكىنى بىلمىسىمۇ ،

ئۇنى تاپسىلا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ يالۋۇرسىلا ئۆز بەختىنى يېڭىۋاشتىن قولىغا ئالىدىغاندەكلا قىلاتتى . چۈنكى ، ئايال كىشى غايەت زور ئازدۇرۇش كۈچىگە ئىگە . ئۇ بۇنى ئايال بولۇش سۈپىتى بىلەن ياخشى بىلىدۇ . هازىرقى هالقا دىلارە . ئۇ قىلغان ئىشىغا پۇشايمان قىلىپ ، سالاۋاتتىن ئۆزىنى تارتسىلا ، تەلەي شاد ـ خۇراملىققا تولغان هاياتىنى يېڭىۋاشتىن باشلىيالايدۇ . بۇنىڭ بىلەن هەممە ئىش ئۆتمۈشكە ئايلىنىپ ، پارلاق كېلەچەككە تۇتىشىدىغان داغدام يول تېخىمۇ كېڭىيىدۇ .

تەلەي قەتئىي نىيەتكە كەلدى . ئۇ سۆرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ دىلارەنىڭ ئۆيىنى تاپقاندا ، قېرىشقاندەك ئۇ ئۆيدە يوق بولۇپ چىقتى . ئەمدى تەلەيگە ئۇنى ساقلىماقتىن باشقا ئامال قالمىغانىدى . كوچىدا ئادەملەر ئۆتۈشۈپ تۇراتتى . تەلەيگە ئۇلارنىڭ هەممىسى ئۆزىگە قاراۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى . ئۇلارنىڭ قاراشلىرىدىن «سەن ئوغرىمۇ ؟ ئادەم يوق ئۆينىڭ ئالدىدا نېمە ئىش قىلىسەن ؟ » دەۋاتقاندەك مەنە چىقىپ تۇراتتى . تەلەينىڭ ۋۇجۇدى بىردىنلا تىكەنلىشىپ كەتتى . ئۇ بۇ يەردە داۋاملىق تۇرىۋەرسە بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا ، كەينىدىن ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى . تەلەي كەينىگە بۇرۇلۇپ قېتىپ قالدى . ئۇنىڭ ئالدىدا تەقى ـ تۇرقى كېلىشكەن ، پەرى سۈپەت بىر ئايال تۇراتتى . «دىلارە !» ئۇ پىچىرلىدى . ئۇنىڭ يۈرىكى رەقىبىنى تونۇغانىدى .

— بىرىنى ئىزدەمسىز ؟ — دىلارەنىڭ يېقىملىق ئاۋازىدىن تەلەينىڭ يۈرىكى توختاپ قېلىشقا تاس قالدى .

— دىلارەنى ئىزدەيتتىم . مەن سالاۋاتنىڭ ئايالى بولىمەن .

بۇ گەپ بىلەن دىلارەنىڭ تەبەسسۇم ئىلكىدىكى چىرايى تۈرۈلدى . قانداق قىلسام ياخشى بولىدۇ ، دېگەندەك بىرپەس تۇرغاندىن كېيىن ، چاڭقاپ كېتىۋاتقان ئادەمدەك لېۋىنى يالاپ قويدى .

— مەن دىلارە ، مەندە بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى ؟

تەلەي ئۇنىڭغا يەر تېگىدىن قاراپ قويدى ۋە :

— سىز بىلەن سۆزلىشەي دېگەنىدىم ، — دېدى . ئۇنىڭ ئاۋازىدىن بىر خىل يېلىنىش چىقىپ تۇراتتى . ئۇلار ئۆيگە كىردى . دىلارەنىڭ ۋۇجۇدىدا قوزغالغان ئاچچىق ھېسسىيات ئۇنى باشقىلا بىر ئادەم قىلىپ قويغانىدى ، — خۇدا ھەققى ئۆتۈنۈپ قالاي ، ماڭا سالاۋات بولمىسا بولمايدۇ . مېنىڭ تەقدىرىم ھازىر سىزگە باغلىق بولۇپ قالدى . ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن . سىزلا ماقۇل بولسىڭىز بىزنىڭ بەختلىك ئائىلىمىز ۋەيران بولۇپ كەتمەيدۇ . بۇنىڭغا سىز چوقۇم ئامال تاپالايسىز . ئۇنىڭ لەۋلىرى ئادەمنىڭ ئىچى ئاغرىغۇدەك تىترەپ كەتتى . بولاقتەك بىر جۈپ كۆزىدە لىققىدە ياش لىغىرلاپ تۇراتتى . يۈزى تاتىرىپ ، قوشۇمىسى بىلىنەر ـ بىلىنمەس تۈرۈلگەنىدى . پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن ئادەم بالىسى چىداپ بولماس قايغۇ ـ ھەسرەت تۆكۈلۈپ تۇراتتى . بۇ ئالامەتلەردىن ئۇنىڭ قەلبىنىڭ قوقاستا قالغاندەك پۇچىلىنىپ ، ئاقۋالداقتەك ئېتىلىپ كېتىشۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى .

دىلارەنىڭ باغرى ئېزىلگەندەك بولدى . بىراق ، كۆپ ئۆتمەيلا ئۇنىڭ ئورنىنى ئىنسان بالىسىدا ئاز كۆرۈلىدىغان رەھىمسىزلىك ئىگىلەپ ، يۈرىكى تاشقا ئوخشاش قاتتى .

— كالىلىڭىز جايىدىمۇ سىزنىڭ ؟ بىرىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ نېمىلەرنى دەپ بىلجىرلاۋاتقانلىقىڭىزنى بىلەمسىز ؟ بوپتۇ ، بۇنى ھازىرچە ماڭا قىلىنغان ھاقارەت ، تۆھمەتمۇ دېمەيلى . سىز بۇ ئۆيگە مەندىن ئالما سوراپ كەلمىگەنسىز ؟ دۇنيادا مۇھەببەتكە ، بەختكە سوراپ ئېرىشكىلى بولىدۇ دەپ ئاڭلىغانمۇ ؟ — دىلارە بوغۇلاتتى . ھەربىر ئېغىز سۆزىنى دەل جايىغا تەگكۈزۈپ دېيىش ئۈچۈن پۈتۈن ماھارىتىنى ئىشقا سالاتتى . ئۇ دېمىنى كىچىككىنە ئېلىۋالغاندىن كېيىن ، ئالدىدا ئۆزىدىن رەھىم ـ شەپقەت تىلەپ تۇرغان بىچارە ئايالغا قاراپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، — بۇگۈن ئۆيۈمگە تۈنجى قېتىم كەلگىنىڭىزنىڭ يۈزىنى قىلىپ بولسىمۇ ئارتۇقچە گەپ قىلماي . ئەگەر ئەر لازىم دېسىڭىز ئۇنى بۇ يەردىن ئەمەس ، بەلكى تالادىن ئىزدەڭ . بۇ دۇنيادا ھەرقانداق بىر ئادەم تاللاشقا

ھوقۇقلۇق .
تەلەي بەزگەك كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئادەمدەك تىترەپ كەتتى . ئۇ ئۇشتۇمتۇتلا تىزلىنىپ ، دىلارەنىڭ ئايىغىنى قۇچاقلىدى :
— ئۆتۈنۈپ قالاي . قورسىقىمدىكى بالىنىڭ يۈز - خاتىرىنى قىلىپ بولسىمۇ ، ئۇنى ماڭا قايتۇرۇپ بېرىڭ . بالام يېتىم بولۇپ قالمىسۇن . ئۇ كەلگۈسىدە سىزنىڭ قىلغان ياخشىلىقىڭىزنى چوقۇم ئېسىدە ساقلايدۇ...
تېخى يېڭىراقتا يېرىلغۇدەك بولۇپ ، جاھاندىكى ئەڭ ئاچچىق سۆزلەر بىلەن كۆڭلىنى ئىزھار قىلغان دىلارە ئەمدى گەپ قىلىشقا پېتىنالماي قالدى . تەلەينىڭ ئۆز چاڭگىسىنى قوغداپ قېلىش يولىدا زار - زار يىغلاپ تۇرۇپ ئېيتقان سۆزلىرى تەسىر قىلدىمۇ ياكى ئۇنىڭغا گەپ ئۆتكۈزۈشكە كۆزى يەتمەي قالدىمۇ ، ئىككى كۆزىنى بىر نۇقتىغا تىككىنىچە تۇرۇپ قالدى . كۆڭلىدە كۆتۈرۈلگەن ئالتۇپىلاڭنى تەستە بېسىپ ، تەلەينى يۆلەپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى .
— قاراڭ سىزنى ، ۋاپاسىز بىر ئەر ئۈچۈن شۇنچىلىك قىلىش ئەرزىمدۇ ؟ مەن سىزنىڭ مۇنداق قەيسەر روھىڭىزغا قول قويدۇم . ماڭا قاراڭ ، ئادەم بالىسىدا يالغۇز قەيسەر روھ بولسىلا كۇپايە قىلمايدۇ . ماقۇل ، مەن سىزنىڭ تەلىپىڭىزنى ئورۇنداشقا ۋەدە بەرگەنمۇ بولاي . بۇنىڭ سىزگە قانچىلىك پايدىسى تېگىدۇ ؟ كۆڭۈل دېگەن سۇ ئەمەس ئېرىققا سېلىپ قويسا ئېقىۋېرىدىغان . كىم بىلىدۇ ، مەن ئىشىكىمنى مەھكەم تاقىۋالغىنىم بىلەن ئۇنىڭ ئۈچۈن يەنە كىملەرنىڭ ئىشىكى ئوچۇق . قارىسام تولىمۇ ساددا ئايالدەك قىلىسىز . بىز ئاياللار قۇربان بېرىدىغان يەرگە قۇربان بېرىشىمىز كېرەك . قۇربان بەرگەننى بىلمەيدىغان ، قەدىرلىمەيدىغان ئەرلەرگە قۇربان بېرىۋەرسەك ، ئاخىرىدا ھېچقانداق قىممىتى يوق ، ئەرزىمەس بىرنەرسىگە ئايلىنىپ قالىمىز . مەن سالاۋاتنى چوقۇم سىزگە قايتۇرۇپ بېرىۋېتىمەن دېيەلمەيمەن . چۈنكى ، ئۇ جېنى بار ئادەم . ئەمما ، سىزگە ۋەدە بېرەي ، ھازىردىن باشلاپ ئۇنى كۆرەرگە

كۆزۈم يوق . سىزگە بېرىدىغان مەسلىھىتىم : «بوينىنى باغلىغان ئىت ئوۋغا يارىمايدۇ» دېگەن گەپ بار . ئەڭ ياخشىسى ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كېتىڭ . ئۇ سىزگە ھەرگىز ۋاپا قىلمايدۇ...

تـەلـەيگە ئەمدى سۆزلىگۈدەك ھېچ نەرسە قالمىغانىدى . ئۇ دىلارەنىڭ ئۆيىدىن ئەس ـ ھوشىنى يوقاتقان ھالدا يېنىپ چىقتى . ئـاسـمـاندا پـارلاپ تـۇرغان قۇياش يەر يۈزىنى رەھىمسىزلەرچە قىزدۇراتتى . ھەممە يەردە تونۇردىن چىققاندەك ئالۇۋۇن يالقۇنلاپ ، دەرەخلەرنىڭ سايىسىمۇ ، ئېرىقتىكى شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان سۈزۈك سۇلارمۇ ئىسسىپ كەتكەنىدى . شەھەردىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى كـۆزلىرىنى ئاقۇاش تاغلارغا تىكىپ ، شۇ يەرلەردە بىر مەزگىل تۇرۇپ كېلىشنى ئارزۇ قىلاتتى . شەھەر بىلەن دەريانىڭ ئارىلىقى ئانچە يىراق بولمىسىمۇ ، دەريا تەرەپتىن ئۇرۇپ تۇرىدىغان مەيىن شـامـالـنـىڭ توختاپ كەتكىنىگە خېلى ئۇزاق بولغانىدى . تەلەي بۇلارنى سەزمەيتتى . ئۆلگۈچە ئىچىپ ، خۇدىنى بىلمىگۈدەك مەست بولغان ئادەمگە ئوخشاش كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېتىۋاتاتتى . تۆت كوچا ئاغزىغا كەلگەندە يېشىل چىراغ ئۆچۈپ ، قىزىل چىراغ ياندى . ئوڭ تەرەپتىن كەلگەن ماشىنىنىڭ تورمۇزىدىن چىققان چىرقىراق ئاۋاز ئادەملەرنىڭ دىققىتىنى ئىختىيارسىز ئۆزىگە تارتتى .

سـالاۋات دوخـتۇرخانىنىڭ زالىغا كىرگەندە تۇنجى كۆرگەن ئـادىمـى يـارۇي ھـامـا بولدى . ئۇ ھامىسىنىڭ لەۋلىرىنىڭ تـىترەۋاتقانلىقىنى سەزدى . ئۇنىڭ كۆزىدە ھېچقاچاندا كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر خىل ئېچىنىش بىلەن مەيۈسلۈك ھۆكۈم سۈرەتتى . يـارۇي ھاما ئىككى قولىنى كەڭ يېيىپ ئۇنى باغرىغا مەھكەم باستى . ھەر دائىم ئىپادىسىز تۇرىدىغان تۇمشۇقى كىچىك بالىنىڭ تۇمشۇقىدەك ئۈچلىنىپ ، كەينىدىنلا ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى . ئۇنىڭ يىغىسىدىن سالاۋاتنىڭ يۈرىكى ئېزىلىپ ، قەلبىنى يېگىپ بولماس ئېچىنىش تۇيغۇسى ئىگىلىدى .

— بـۇ قانداق بولغىنى ، ئۇ بىر پەرىشتە ئىدىغۇ ؟ ئۇنىڭغا كەلگەن پېشكەللىك مېنىڭ بېشىمغا كەلسە بولمامدۇ ؟ ئۇ تېخى ياش

ئىدىغۇ. كۆرىدىغان كۈنلىرى ئالدىدا ئىدىغۇ؟
— كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ، — دېدى قوشنا ئايال ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ، — خۇدايىم بۇيرۇسا ياخشى بولۇپ كېتىدۇ، چوڭ ئىش يوق. پەقەت شۇ ئازراق يېرى سۇرۇلگەن ئوخشايدۇ، ئەنسىرىگۈدەك ئىش يوق.

يارۇي هاما ئۆكسۈشتىن توختىغان بولسىمۇ، ئەمما كۆز چانىقىدىن سىرغىپ چىقىۋاتقان ياش مەڭزىنى بويلاپ، يېپى ئۈزۈلگەن مارجانغا ئوخشاش تۆكۈلۈپ تۇراتتى. سالاۋاتنىڭ هامىمىسىغا بىردىنلا ئىچى ئاغرىپ قالدى. ئۇ قېرىپ مۈكچىيىپ قالغانىدى، چىرايى يەنىلا سۇرلۇك بولسىمۇ، ئەمما مۇئامىلىسى سىلىق ئىدى. ئۇ كىچىك ۋاقتىدىلا كۆرۈمسىز، ئوغۇللارغا ئوخشاش قوپال بولغاچقا ئائىلىدىمۇ ئانچە بەك ئېتىبارغا ئېلىنىپ كەتمىگەن، چوڭ بولغاندىن كېيىنمۇ هېچكىم ئۇنىڭ ئىشق ـ پىراقىدا كۆيۈپ، مۇهەببەت ئىزهار قىلمىغان. شۇنداق بولغاچقا ئۇ ئادەملەرگە ئۆچ بولۇپ كەتكەن. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مىجەزىمۇ غەلىتىلىشىپ، هەممە ئادەم ئېھتىيات قىلىدىغان سۇرلۇك ئايالغا ئايلانغان. سالاۋات هامىمىسى توغرۇلۇق شۇنچىلىكلا بىلەتتى. ئاپىسى بۇ توغرۇلۇق پەقەت شۇنچىلىكلا سۆزلەپ بەرگەنىدى. سالاۋات هامىمىسى توغرىسىدا ئويلاپ CT بۆلۈمىدىن ئاچىقىلغان تەلەيگە ئۇنچە بەكمۇ ئېتىبار قىلىپ كەتمىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى مۇزلاپ كېتىۋاتاتتى. خەقنىڭ ئۆلۈمىنى تىلەشنى ئەزەلدىن پەسكەشلىك دەپ بىلىدىغان سالاۋات بۇگۈنگە كەلگەندە ئۆزىنىڭمۇ تەلەيىنىڭ ئۆلۈمىنى تىلەيدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى. ئەمما، تەلەي ئۆلمىدى. «ئىتنىڭ قارغىشىغا پىت ئۆلمەپتۇ» دېگەندەك ماشىنىغا سوقۇلۇپمۇ مۆجىزە يۈز بەرگەندەك هايات قالدى. دوختۇرلارنىڭ تەكشۈرۈش خۇلاسىسىدىن هەممە ئادەم خۇشال بولدى.

تەلەي كارىۋاتتا كۆزلىرىنى چىڭ يۇمغىنىچە ئۈن ـ تىنسىز ياتاتتى. يارۇي هاما سالاۋاتنىڭ قولىدىن تۇتۇپ كارىۋاتنىڭ يېنىغا

كـــەلدى ۋە ئۇنىڭ قولىنى تەلەيىنىڭ پېشانىسىگە قويدى . ئۇنىڭ ئـــاددىي ھەم قوپال ئۇسۇلى ئەتراپتىكىلەرنىڭ يۈرىكىنى لەرزىگە سېلىپ ئۆتتى . بۇنىڭ بىلەن ئاسماندىن پەرىشتە چۈشۈپ ، ئۆزىنىڭ خاسىيەتلىك مېھىر ـ شەپقىتى بىلەن كېسەللىكنى ھەيدەپ ، بىمارغا ئاسايىشلىق ئاتا قىلغانغا ئوخشاش تەلەي كۆزىنى ئېچىپ سالاۋاتقا كۈلۈمسىرىدى . ئۇنىڭ چېھرىدىن يوقاپ كەتكىنىگە ئۇزۇن بولغان شادلىق يېڭىۋاشتىن جىلۋىلەندى . سالاۋات كۆزىنى يۇمدى ، قەلبىدە ئۇشتۇمتۇت ئۆزگىرىشنىڭ يۇز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن كۈچەپ نەپەس ئالدى .

— بۇ نېمە قىلغىنىڭ ؟ مەن ھېچنېمىنى چۈشىنەلمىدىم ، ئۇ ھازىر ساڭا موھتاج ، — دېدى سىرتقا چىققان ھاممىسى ئۇنىڭغا تەنبىھ بېرىپ ، — ھەممە ئىش ئۆزۈڭگە قالدى ، داداڭ ـ ئاپاڭلار بۇ ئىشتىن خەۋەرسىز . مەن ئىشنىڭ ئالدىنى كېلىشىمگە بۇ خەۋەر يەتتى . ئاكام بىلەن يەڭگەملەرنى بىسەرەمجان قىلماي دەپ بۇياققا چاپتىم ، ھېلىمۇ تەلىيىمىز بار ئىكەن ، كېلىن ئامان قالدى .

ســالاۋات ھــاممىسىنى تۈنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك ئۇنىڭغا تىــكــىــلــىــپ قــارىــدى . ئــۇ تــۇرمــۇشــىدا يۈز بېرىۋاتقان زور ئۆزگىرىشلەرنى ھاممىسىغا قانداق بايان قىلىشنى بىلمەيتتى .

— نېمە ؟ مېنى تونۇمايدىغاندەك قاراپ كەتتىڭغۇ ؟ دەيدىغان بىرەر سۆزۈڭ بارمۇ نېمە ؟

ســالاۋات ئــەندىكىپ كەتتى . ئويلاۋاتقانلىرىنى ھاممىسىنىڭ بىلىپ قالغانلىقىنى چۈشىنىپ ئالمان ـ تالمان جاۋاب بەردى :

— ياقەي ، سىنى كۆرمىگىلى ئۇزۇن ۋاقىت بوپتۇ . مەھەللىگە كــۆچۈپ كېلىۋالساڭ بولاتتى ، بىزمۇ سېنى پات ـ پات يوقلاپ تۇراتتۇق ، — دېدى گەپنى باشقا ياققا بۇراپ .

دېــمىسىمۇ يارۇي ھاما كەنتنىڭ باش تەرىپىدىكى سايىنىڭ ئاغزىغا سېلىنغان قەدىم جايدا ئولتۇرىۋەردى . تەتۈر ئۇستىخان بۇ مــوماي مۇشۇ كەنتنىڭ ئەرلىرىگە ئوخشاش قورقۇمسىز ئىدى . خــۇددى ئــەرلــەرگــە ئوخشاش يوغان چامداپ ، بوم ئاۋازدا گەپ

قىلاتتى . كىمنى كۆرسە هازىرلا دېيىشىپ ، ئائىلەمنى مالەم قىلىدىغاندەك هومىيىپ قارايتتى . كەنتتىكى باشقا ئادەملەرمۇ ئۇنىڭ بىلەن چىقىشىپ ، ئويۇن - تاماشا قىلىشتىن ئۆزىنى قاچۇراتتى . شۇنداق بولسىمۇ كەنتتىكى چوڭ - كىچىك ھەممەيلەن ئۇنى هۆرمەتلەيتتى . ئۇنىڭ نەرىدۇر ئىشقىلىپ بىر يېرىدە كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان غايەت زور ماگنىت باردەك ھېس قىلىشاتتى . ئۇنىڭدىكى بۇنداق خۇسۇسىيەت ھامان بىر كۈنى ئاشكارىلىنىپ ، ھەممە ئادەمنى هاڭ - تاڭ قالدۇرىدىغاندەكلا بىلىنەتتى . ئۇ قوپال بولغىنى بىلەن زىيادە ئاق كۆڭۈل ئىدى . سالاۋاتنىڭ دادىسى كېيىنكى كۈنلەردە دۇنيالىقتىكى بىر تاللا سىڭلىسىنى مەھەللە ئىچىگە كۆچۈرۈپ كېلىش ئۈچۈن كۈچەپمۇ باقتى . بىراق ، تەرسا موماي ئۇنىڭ ياخشى كۆڭلىنى رەت قىلىپ ، كىشىلەر ئاسانلىقچە قەدەم باسمايدىغان ماكاندا ئاۋۇالقىدەكلا ياشاۋەردى . ئۇ پەقەت ئۆيىدە ئۈن - ماي ، تۇز - چاي تۈگىگەندىلا مەھەللىگە كېلىپ كېرەكلىك نەرسىلەرنى سېتىۋالاتتى . باھادا ئۇتۇقمىغىنى بىلەن بىر جۇپ ۋەھىملىك كۆزىنى تارازىغا مىختەك قاداپ تۇراتتى . ئۇنىڭ گۈركىرىگەن قوپال ئاۋازى ئاڭلىنىشى بىلەن ئەتراپتىكىلەر چوقۇم تارازىدىن چاتاق چىقىپتۇ ، دەپ بىلىشەتتى . شۇ سەۋەبتىن بولسىمۇ مەھەللىدىكىلەر ئۇنىڭ مەھەللىدە پات - پات پەيدا بولۇشىنى ، دۇكانچىنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ ، تارازىنىڭ ئادىللىقىنى قوغداپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى . شۇنداق بولغاچقىمىكىن مەھەللىدە ئۇنىڭ قارىسى كۆرۈنۈشى بىلەن ھەممەيلەن ئىچ - ئىچىدىن سۆيۈنۈپ كېتەتتى .

— گەپنى ئەپقاچما ، — دېدى يارۇي ھامما ئۇدۇللا ، — قارىسام خىيالىڭ باشقىچە تۇرىدۇ . تەلەي ياخشى قىز ، ياخشىلارغا ئۇۋۇال قىلغانلارنىڭ بىرەرىمۇ ياخشى كۈن كۆرگەن ئەمەس ، بېشىڭغا كەلگەندە ھامماڭنىڭ توغرا دېگەنلىكىنى بىلىپ قالىسەن ، ھاماقەتلىك قىلىپ تۈيۈق يولغا كىرىپ قالما . يەنە بىر قېتىم سەمىڭگە سېلىپ قوياي ، تەلەي ياخشى قىز . ئۇ سېنى پۈتۈن

ۋۇجۇدى بىلەن ياخشى كۆرىدۇ ، ئۇ سىنىڭ ئۆمۈرلۈك ھەمراھىڭ .

يارۇي ھاما كەتتى . ئۇنىڭ كېتىش ئالدىدا دېگەن سۆزلىرى سالاۋاتنىڭ يۈرىكىگە پىچاق سانجىلغاندەك تەسىر قىلدى . چوڭلارنىڭ ھەممىسى مۇنداق ھالقىلىق پەيتكە كەلگەندە ۋەزخانلىق قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ . ھەرگىزمۇ كۆزىنى يوغان ئېچىپ ، يېڭى زامانغا يېڭىچە قاراپ باقمايدۇ . بىر ئۆمۈر قونچىغىچە توپا كېچىپ يۈرۈشكە رازىكى ، تۇرمۇشنى ئۆزگەرتىشنى ، چوڭ شەھەرلەردە شەھەرلىكلەردەك تۇرمۇش كەچۈرۈشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمايدۇ .

سالاۋات مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى . ئۇنىڭ كاللىسىغا ھازىر ئاجرىشىش ، شەھەرگە يۆتكىلىش ۋە دىلارەدىن باشقا ھېچنېمە كىرىپ چىقمايتتى .

— ئاجرىشىپ كېتەيلى ، تەلەي ، بۇ نىكاھ ھەر ئىككىمىزگە ئازابتىن باشقا نەرسە ئېلىپ كەلمەيدۇ ، بۇ مېنىڭ سەندىن ئۆتۈنىدىغان ئاخىرقى ئىلتىماسىم . مەن بىر قارارغا كېلىپ بولدۇم ، — دېدى سالاۋات تەلەينى بالىنىتىسىدىن ئاچىققان كۈنى . تەلەي قاشلىرىنى ئۈچۈرۈپ ئۇنىڭغا تەئەججۇپ ئىچىدە قارىدى . ئۇنىڭ بۇ قارىشىدىن «مەندىن شۇنداق بىزار بولۇپ كەتتىڭىزمۇ؟ بىر ـ ئىككى كۈن تەخىر قىلىشقا تاقەت قىلالمىدىڭىزمۇ؟ ئىسىت ، سىزگە بەرگەن كۆڭلۈم ، ئىسىت ، ئەقىدەم» دېگەن مەنە چىقىۋاتقاندەك قىلاتتى .

ئىككىسى يانمۇيان كېتىۋاتقان بولسىمۇ بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلىشمىدى . مەيلى سالاۋاتنىڭ كۆڭلىدە بولسۇن ، مەيلى تەلەينىڭ كۆڭلىدە بولسۇن ، دېيىشكە تېگىشلىك نۇرغۇن سۆز بولسىمۇ ، ھېچقايسىسى ئېغىزدىن چىقىرىشنى خالىمايتتى . ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بۇگۈنگە كېلىپ بۇ دەرىجىگە يەتكەن چاغدا باشقا ئىشلاردىن سۆز ئېچىشنىڭ يەنىلا ئۆز كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىش بىلەن ئاياغلىشىدىغانلىقىنى بىلگەچكە ، ئۇن چىقارماسلىقنى ئەلا بىلىشكەندەك قىلىشاتتى .

— ياخشىغۇ ، ئۇنداقتا ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا سوتقا بارايلى ، — دېدى تەلەي دوختۇرخانىنىڭ دەرۋازىسىدىن چىققاندا . سالاۋات تېڭىرقاپ قالدى . گەرچە ئۇ ئىنچىكىلا ھالدا نىكاھتىن ئاجرىشىش تەلىپىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ ، تەلەينىڭ بۈگۈننىڭ ئۆزىدىلا سوتقا بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويۇشى تولىمۇ تاسادىپىي تۇيۇلدى .

— جاسارىتىڭگە كۆپ رەھمەت ، — دېدى ئۇ بىرپەس جىمجىتلىقتىن كېيىن ھېجىيىپ تۇرۇپ ، — ئەمما بۈگۈن ئەمەس . ئۆيدە بىرنەچچە كۈن ئارام ئالغىن . سالامەتلىكىڭ تولۇق ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن بارساقمۇ سوت ھېچ يەرگە كەتمەيدۇ .

— مېنىڭ ئۇنداق قىلغۇم يوق . ئارام ئالسا سالامەتلىك ئەسلىگە كېلىدۇ ، دەپ ئويلىغان بولسىڭىز خاتالىشىپسىز . پۇرسەت كەلگەندە ھەرگىز ئىككىلەنمەڭ . سالامەتلىكىمنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنى كۈتسىڭىز بىر ئۆمۈر پۇشايماندا قالىسىز . تەلەينىڭ كۆزىدە يېنىۋاتقان قەتئىيلىك سالاۋاتنىڭ قەلبىنى تېشىپ ئۆتتى . دېمىسىمۇ تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقمىسا كۈتۈلمىگەن ئىشلارنىڭ يۈز بەرمەسلىكىگە ھېچكىم كاپالەتلىك قىلالمايتتى . سالاۋات قەتئىي نىيەتكە كەلدى . گويا پەرىشتىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولغان ئادەمدەك يۈگۈرۈپ - يۈگۈرۈپ سوتنىڭ تەلەپ قىلغان رەسمىيەتلىرىنى تولۇقلىدى . ئۇنىڭ قەلبى توساتتىن قۇياش چىقىپ پۈتكۈل كائىنات يورۇپ كەتكەندەك بىر خىل تۇيغۇدا تېپىچەكلەۋاتاتتى . ئۇ ئاخىر زىممىسىدىكى بىر تاغنى ئاغدۇرۇشقا مۇيەسسەر بولدى . «دىلارە ھازىر نېمە ئىش قىلىۋاتقاندۇ ؟ خۇش خەۋەرنى ئاڭلىسا خۇشال بولغىنىدىن سەكرەپ كېتەر ھەرقاچان ؟ »

توختامغا بارماقلار بېسىلغاندا سالاۋاتنىڭ يۈرىكى نېمە ئۈچۈندۇر ئەنسىز سىلىپ كەتتى .

— ئاجراشقىنىمىزنى ھازىرچە چوڭلار بىلمەي تۇرسۇن . سەن ئاۋۋالقىدەكلا ئۆيدە يېتىپ - قوپۇپ تۇر . مەن بىرنەچچە كۈنگىچە

مەكتەپتە يېتىپ تۇراي . ئۆيدىكىلەرگە «خىزمىتى ئالدىراش ئىكەن» دەپ قويساڭ بولدى ، — دېدى سالاۋات مەيۈسلۈك ئىچىدە .
— مەن ئۇنداق قىلالمايمەن ، — دېدى تەلەي بېشىنى كۆتۈرمەستىن كەسكىن قىلىپ ، — ئۇلاردا نېمە گۇناھ ، ئەمدى ئۇلارنى ئالداش قولۇمدىن كەلمەيدۇ .
سالاۋات ئۈنچىقمىدى . ئۇلار بىنادىن چىققاندا پۈتۈن جاھان قويۇق نۇردا چاقناپ تۇراتتى . تەلەينىڭ كۆزىگە ھەممە نەرسە سۇكۇتكە چۆككەندەك ، خۇشاللىقتىن مەھرۇم قالغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى . ئۇ يىغلىۋەتمەسلىك ئۈچۈن ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن بۇرنىنى توسۇپ ، پەلەمپەيدىن يۈگۈرۈپ دېگۈدەك چۈشۈپ كەتتى . ھەممە نەرسە بۇلۇت قاتلىمىدا يانغان چاقماققا ئوخشاش «يالت» قىلىپ ئۆتتى . پەقەت تەلەينىڭ قەلبىدە ئېچىنىشقا تولغان ھەسرەتلا قالدى . ئۇ بېشىغا شۇنچە كۆپ دەرد ـ ئەلەم كەلگەن بولسىمۇ ، يەنىلا سالاۋاتنى چىن قەلبىدىن ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى سېزىۋاتاتتى .

## 6

پۈتۈن جاھان ئۇيقۇدا ئىدى . پەقەت سالاۋاتلا كۆزىنى يوغان ئاچقىنىچە ئويغاق ياتاتتى . ئۇنىڭ كۆزىدە ئەگىپ يۈرگەن مەيۈسلۈك بىلەن بىئاراملىق ۋۇجۇدىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ ، توختىماستىن قىينايتتى . «ئەخمەق ، سەن دېگەن ئۈچىغا چىققان ئەخمەق !» دېگەن بىر سادا يۈرىكىنى غاجايتتى . پۇشايمان ۋە ئۆكۈنۈش دەستىدىن ئۈچەي ـ باغرى سۇغۇرۇلغاندەك بولاتتى . ئۇ چىراغنى ئۆچۈرۈپ كارىۋاتقا چىقىپ ياتقان بولسىمۇ ، يەنىلا ئۇخلىيالمىدى . كاللىسىدا خىلمۇخىل خىياللار ئەگىپ ، مېڭىسى زىڭىلداپ كەتتى . ئاخىر بولماي ئورنىدىن تۇرۇپ ، ۋۇجۇدىدىكى يېقىمسىز كەيپىيات يوقالغۇچە ئولتۇردى . كاللىسىدا پەيدا بولغان شۇنچە كۆپ خىياللارنىڭ ئازراقمۇ تامتىقى يوق ئىدى . ئۇيەر ـ بۇيەردىن

يۇلۇۋالغان يوتقاننىڭ ئەسكى پاختىسىدەك باش ـ ئاخىرى يوق خىياللار ئۇنىڭ ئۇيقۇسىنى هارام قىلىۋاتاتتى . ئۇ كىچىككىنە ئوڭلانغاندىن كېيىن يىغىۋاشتىن كۆزىنى يۇمدى . يۈرىكىنىڭ قاتتىق سانجىقىغا بەرداشلىق بېرەلمەي تۈرۈپ كەتتى . ئۇنىڭ كاللىسىغا هازىر مۇئاۋىن شەهەر باشلىقىغا نىسبەتەن بۇنچىلىك پۇل ئەرزىمەس نەرسە بولسىمۇ ، ئۇنىڭغا ئوخشاش جەمئىيەتكە ئەمدىلا قەدەم قويغان بىر ياش ئۇچۇن ئەلۋەتتە ئاز پۇل ئەمەس ئىدى . سالاۋات يۈرىكىگە خەنجەر سانجىلغاندەك تۈگۈلۈپ ئىگرىدى . ئۇ ئەسلىدىمۇ خۇشال بولسا بولاتتى . ئويلىمىغان يەردىن تەلەيىنىڭ غۇرۇرى غالىب كېلىپ يولدىكى بىرىنچى توسۇق ئېلىپ تاشلاندى . ئەمما ، ئۇنىڭ ئىچى نېمىشقىدۇر سىقىلاتتى . قەلبىنى تۇرلۇك غەشلىك قاماللاپ تۇراتتى . بەلكىم بۇنىڭ ھەممىسىنى ھېلىقى مۇئاۋىن شەهەر باشلىقىنىڭ ئىككى يىللىق بىلىم ئاشۇرۇشقا بارىدىغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن پەيدا بولغان خىياللاردۇر .

ئەسلىدە سالاۋات دىلارەگە خۇش خەۋەر يەتكۈزۈپ ، هاياتىدىكى بۇ شادلىقلاردىن ئۇنىڭ بىلەن ئورتاقلاشماقچى بولغانىدى . بىراق ، ئۇ توساتتىنلا بۇ خىيالىدىن يالتىيىپ قالدى . چۈنكى ، بىر خۇش خەۋەرنى يەتكۈزگەندىن ، ئىككى خەۋەرنى يەتكۈزگەننىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى قالتىس بولىدۇ ، ئەلۋەتتە . بەلكىم يۆتكىلىش ئىشى بۇ كەمگىچە هەل بولۇپ قالغاندۇ ، شۇڭا ئالدى بىلەن شەهەر باشلىقىغا يولۇقۇپ ئىشنىڭ نەتىجىسىنى بىلىش كېرەك . مۇمكىن بولسا يۆتكىلىش بۇيرۇقىنى ئېلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس . سالاۋات شېرىن خىياللار ئىلكىدە شەهەرلىك هۆكۈمەتكە كېلىپ قالغانلىقىنى تۇيماي قالدى . دەرۋازىدىن كىرىپ ـ چىقىۋاتقانلار ئاز بولمىسىمۇ ، سۇرلۇك قىياپەتتە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئېگىز بىنادىكى كارىدور يەنىلا تىمتاس ئىدى .

سالاۋات شەهەر باشلىقىنىڭ ئىشخانىسى ئالدىغا كېلىپ بىرپەس تۇردى . دېمىنى ئىچىگە يۇتقاندىن كېيىن ، قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئىشىكنى ئەدەپ بىلەن چەكتى . ئىشىك بىرنەچچە قېتىم

چېكىلگەن بولسىمۇ ئىچىدىن ئۇ كۆتكەن سادا چىقمىدى .
— مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى يوق ، ئۇ يىغىنغا كەتكەن ، — دېدى ماتېرىيال كۆتۈرۈۋالغان ياش خادىم ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ . بۇ سۆز بىلەن ئۇ يېپلى چىقىپ كەتكەن توپقا ئوخشاش لاسىدە بوشاپ كەتتى .
— شەھەر باشلىقىنى ئىزدەمسىز ؟ — دېدى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ئۇنىڭ قېشىدا پەيدا بولغان كاتىپ ، — ئۇ ۋىلايەتتە ئېچىلىۋاتقان يىغىندا . بەلكىم كەچ قايتىپ كېلىشى مۇمكىن . چۈنكى ، ئەتە مەركەزدە ئېچىلىدىغان ئىككى يىللىق بىلىم ئاشۇرۇشقا ماڭىدۇ . بۇ يەردە ساقلىغىنىڭىزنىڭ پايدىسى يوق .
سالاۋات بېشىغا بىر چېلەك سوغۇق سۇ قۇيۇلغاندەك ئەندىكىپ كەتتى . جاھاننىڭ ئىشلىرى ئۇنىڭغا ئوڭتەي ـ توڭتەي بولۇپ ، ھەممە نەرسە ئەرەختەن ـ پەرەختەن بولۇۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى . «ئىككى يىللىق بىلىم ئاشۇرۇش» دېگەن سادا مېڭىسىدە توختىماي جاراڭلاپ ، يۈرىكىنى مۇشۇك تاتىلىغاندەك ئازابلىنىپ كەتتى . ئۇ شەھەرنىڭ ئاۋات كوچىلىرىدا خېلى بىر ۋاقىتچە مەقسەتسىزلا مېڭىپ يۈردى . ئاخىرىدا شەھەردە قونۇش ، سەھەردە مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى يولغا چىقىشنىڭ ئالدىدا ئۇنى ئىزدەپ بېرىش قارارىغا كەلدى .
سالاۋات ئۆرۈلدى ، «ھەممە ئىش ئوڭلىنىپ كېتىدۇ» دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلىدى . يۈرىكىنى غاجاپ كېتىۋاتقان كۆڭۈلسىزلىكلەردىن بىردەم بولسىمۇ نېرى بولۇش مەقسىتىدە ھاياتىدا بولۇپ ئۆتكەن ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشكە تىرىشتى .
كۆز ئالدىدا ئانىسىنىڭ جەسۇر ، ئەمما مېھرىبان چىرايى پەيدا بولۇشى بىلەن قەلبىدىكى غەشلىكلەر تارقاپ ، تۇمان باسقان ئارزۇ ـ ئارمانلىرى يورۇپ كەتكەندەك بولدى . ئانىنىڭ ۋۇجۇدىدا قانداقتۇر بىر خىل سېھرىي كۈچ ، ئادەمنى قايىل قىلىدىغان جاسارەت يوشۇرۇنغاندەك بىلىنەتتى . ئۇ يېشىنىڭ خېلى بىر يەرگە

بىرىپ قالغىنىغا قارىماي ئېتىك يۈرەتتى . سەھەردىن تارتىپ قاش قارايغۇچە ئۆي ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولاتتى . چۈش ئورۇش ۋاقتى كەلگەندە ۋاققاس بىلەن ئېتىزغا چىقاتتى . باغ باغلاپ ، چۆپنى هارۋىغا باساتتى . بۇغداي پىشىپ ، ئورما باشلانغاندا بولسا تېخىمۇ ئالدىراش بولۇپ كېتەتتى . تاڭنىڭ ئېتىشىنى ، كۈننىڭ پېتىشىنى ۋە ئارام ئېلىش دېگەنلەرنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ قويمايتتى . يەنە تېخى مېهمان كۈتۈش ، باللارنىڭ غېمى ، ھەممىسىگە يېتىشىپ ئۈلگۈرەتتى . قاچانلا قارىسا تاماق تەييار ، كىيىملەر يۇيۇلۇپ دەزمال سېلىنغان . شۇڭا ، دادىسى بەزىدە خىجىل بولغىنىدىن «دۇنيادا سېنىڭدەك ئايالدىن قانچىسى باردۇ ؟ گاهىدا ئون قولى بارمىدۇ بۇنىڭ ، دەپ ئويلاپ قالىمەن . هېچ بىلەلمىدىم . شۇنچە كۆپ ئىشلارغا قانداق ئۈلگۈرىدىغانسەن ؟ ئۆزۈڭنى ئاسرا» دەيتتى . ئانا ئەنە شۇنداق ھەممىگە چىداملىق ، بەردەم ئايال ئىدى . ئۇ بولغاچقىلا ئۆيىنىڭ ئىچى ھەرقاچان چىنىدەك پاك - پاكىز ، تاملار گويا خەسىگە ئوخشاش ئاپئاق ، هويلا - كوچىدا خىلمۇخىل گۈللەر ھۇپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن ، قارىغان ئادەمگە جەننەت ھۇزۇرى ئاتا قىلىدۇ . ئۇ ئىشلىگەن كەشتىلەرچۇ تېخى…

سالاۋاتىنىڭ لەۋلىرى تىترەپ كەتتى . باللارنى بېقىپ قاتارغا قوشۇش ئۈچۈن ئانىسىنىڭ تارتقان جەبىر - جاپاسىنى ئويلاپ كۆزىنى يۇمدى . ئۇ ئانىسىغا يۈز كېلەلەمدۇ - يوق ، بۇنى بىلمەيتتى .

سەھەردىن باشلاپ يېغىۋاتقان يامغۇر دەستىدىن ھۆل بولۇپ كەتكەن ئاسفالت يول ئىككى قاسناقتىكى ئاسمانغا تاقاشقان بىنالار ئاستىدا سوزۇلۇپ ياتاتتى . يول بويىدىكى تېرەكلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى يامغۇر سۈيىدە يۇيۇلۇپ يېشىل تۇسكە كىرگەچكە ، قارىغان ئادەمگە بىر خىل يېڭىلىق تۇيغۇسى ئاتا قىلاتتى . توختىماي چۈشۈۋاتقان يامغۇر سۈيى تەگكەندە خۇددى ئۇسسۇلغا چۈشكەن قىزلارنىڭ پىنجىكىدىكى چاش تەڭگىدەك يەڭگىل تەۋرىنىپ ، ئۆز خۇشاللىقىنى ئىپادە قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى . يامغۇردا يۇيۇلغان

ئاسفالت يولمۇ يېڭى هاياتقا ئېرىشكەندەك پاكىزلىنىپ ، كىشىگە بىر خىل لىرىكىلىق تۇيغۇ ئاتا قىلاتتى . يولنىڭ چەتلىرىگە يىغىلىپ قالغان توختام سۇلار يامغۇر تامچىسىنىڭ چۈشۈشى بىلەن توختىماستىن جىمىرلايتتى .

خۇدنى يوقاتقان سالاۋات ئېسىنى بىر بىلىپ - بىر بىلمىگەن هالدا كوچىنى بويلاپ كېتىۋاتاتتى . مېڭىسى قۇپقۇرۇق بولسىمۇ ، ئىچ - ئىچىدىن ئۆرلەپ چىققان ئاچچىق هەسرەت ئۇنى توختىماستىن ئالغا مېڭىشقا قىستايتتى . ئۇ يامغۇرنىڭ توختىماي چۈشۈۋاتقانلىقىنىمۇ ، يىغىلىپ قالغان سۇغا كەچكەن ئايىغىنىڭ «شىپ - شىپ» قىلىپ ئاۋاز چىقارغىنىنىمۇ سەزمەيتتى . «ئېھ ، قادىر ئاللا ! ئۆزۈڭگە ئاسان ، بەندەڭگە قىيىن . ماڭا ئاسان يوللىرىڭنى بەرگەيسەن ، مۈشكۈلۈمنى ئاسان قىلىپ ، ئارزۇ - ئارمانلىرىمغا يەتكۈزگەيسەن ، ماڭا رەھىم قىلغىن . شەھەر باشلىقىغا ئىنساپ بېرىپ ، يۆتكىلىش قەغىزىمنىڭ هەل بولۇشىغا يول بەرگىن . مېنى خۇشال قىلغىن . شاپائەت قىلغىن . ئۆتۈنۈپ قالاي ، سەن شەپقەتلىكتۇرسەن ، مېھرىباندۇرسەن ، گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇرسەن» . ئۇ ئۆزىنىڭمۇ ئەقلى هەيران قالغۇدەك دەرىجىدە ئاللاغا سىغىنىپ ، ئۇنىڭدىن مۈشكۈلاتلىرىنى ئاسان قىلىشنى تىلەيتتى .

ئۇ شەھەر باشلىقىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ ئۇزاق ساقلىدى . دەم ئېلىش كۈنى بولغاچقا ، پۈتكۈل بىنا تىمتاسلىق ئىچىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى . ئۇ جىددىيلەشتى . قائىدە بويىچە سەپەرگە چىقىدىغان ئادەم مۇنداق كېچىكمىسە بولاتتى . ئەگەر ئۇ ئۆيگە قايتماي ئۇدۇللا يۈرۈپ كەتكەن بولسىچۇ ؟ بۇ مۇمكىن ئەمەس . ئەڭ بولمىغاندا ئۇ ئۆيگە كېلىپ نەرسە - كېرەكلىرىنى ئېلىۋېلىشى كېرەك . ئەگەر راستتىنلا ئۆيگە قايتماي ئۇدۇللا سەپەرگە چىقىپ كەتسە ، ئۇنىڭ تۈگەشكىنى شۇ .

سالاۋات ئۆزىنى تومۇز ئىسسىقتا ئۇسساپ - چاڭقاپ يۈرگەندەك ، ئىچكىلى بىرەر تېمىم سۇ تاپالمايۋاتقاندەك سەزدى .

ئۇ ئويلايتتى، ئويلىغانسېرى ئايىغى چىقمايدىغان ئوي - پىكىرلەر تېخىمۇ چىگىشلىشىپ كېتەتتى. نېمىنىڭ توغرا، نېمىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. توغرا نەرسىلەر ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ توغرا ئەمەستەك، توغرا بولمىغان نەرسىلەر بىر دوملاپلا توغرا بولۇپ قالغاندەك بىلىنەتتى. بىر چاغلاردا كىشىنىڭ مەيلىنى تارتىدىغان كىشىلىك تۇرمۇش مانا ئەمدى بارغانسېرى تۇۋى يوق ھاڭغا ئوخشاپ كېلىۋاتاتتى. ناھايىتى ئاددىي كۆرۈنگەن نەرسىلەر كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان مۇرەككەپ نەرسىگە ئايلىنىپ كېتىۋاتاتتى. زامانغا لايىق ياشاش ئارزۇسى، باشقىلارنى بېسىپ چۈشۈش ئىستىكى قانلىق چەمبەرگە ئايلىنىپ، گېلىنى بوغۇۋاتقاندەك، يۈرىكىنى مىجىقلاپ، پارە - پارە قىلىۋاتقاندەك بىلىنەتتى.

ئۈستۈنكى قەۋەتتىن چۈشكەن بىرى ئۇنچىغا بىر خىل نەپرەتلىك كۆزى بىلەن قاراپ قويدى. سىرتتا يامغۇرمۇ پەسلەپ، بىر كۈنلۈك ھايات باشلىنىش ئالدىدا تۇراتتى. سالاۋاتنىڭ ئىشىككە ئۇزىتىلغان قولى ھاۋادا پۇلاڭلاپ قالدى. ئۇنىڭ ئۆيدىن چىققان چاغدىكى غەيرىتىدىن ھازىر ھېچ ئەسەر قالمىغانىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا بىردىنلا دىلارە، ئۇنىڭ كەينىدىن تەلەي كەلدى. ئانىسى بىلەن دادىسىمۇ ئۇنچىغا غەمكىن بىر ھالەتتە قاراپ تۇراتتى. سالاۋاتنىڭ يۈرىكى مۇجۇلدى. ئۇ ئاخىر غەيرەتكە كېلىپ ئىشىكنى بوشقىنا كەينى - كەينىدىن چەكتى، ئېسىگە بىردىنلا ئېلېكتىر قوڭغۇرىقى كېلىپ، كۇنۇپكىنى باستى.

ئۇ ئۈمىدلىرىنىڭ بۇنچە تېز بەربات بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغانىدى. ئويلىمىغان ئىش ئاخىر يۈز بەردى. شەھەر باشلىقىنىڭ ئايالىنىڭ چىرايىدىكى سوغۇق قانلىق ئۇنىڭ يۈرىكىنى تىلىپ ئۆتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ بەرداشلىق بېرىپ ھىجايدى.

— بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى؟ — دېدى شەھەر باشلىقىنىڭ خانىمى بىر خىل بىزار بولغان قىياپەتتە.

— شۇنداق، شەھەر باشلىقى بىلەن يولۇقاي دېگەنىدىم، —

دېدى سالاۋات . ئۇنىڭ ئۇنى شۇنچىلىك پەس چىقتىكى ئۆزىمۇ ئاڭلىمىغىلى تاس قالدى .

— سىلەر قىزىقتە ، خۇددى ئۇ كېسەل كۆرىدىغان تېۋىپتەك ئۆيگە كەلگىنىڭلار كەلگەن ، ئۇ يوق . قاق سەھەردە كاماندىروپكىغا كەتتى ، ئۇنىڭدا ئىشىڭىز بولسا ئىككى يىل ساقلاڭ .

سالاۋاتنىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتتى . لەۋلىرىمۇ شامالدا قالغان يوپۇرماقتا ئوخشاش تىترەپ كەتتى .

— مە... مە... مەن يۆ... يۆتكىلىش ئىشىمنى بىلەي دېۋىدىم .

— قۇلىقىڭىز گاسمۇ سىزنىڭ ؟ مەن ئۇنى كاماندىروپكىغا كەتتى دېدىمغۇ ؟ نېمانداق بىغەرەز ئادەمسىز ؟ يا مەن شەھەر باشلىقى بولمىسام ؟

سالاۋات ۋارقىرىۋېتىشكە تاس قالدى . ئۇ بىلىدىغان شېرىن ـ شېكەر سۆز ، ئاجايىپ ياخشى مۇئامىلىسى بىلەن يۇرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ئورۇن ئالغان ھۆرمەتكە سازاۋەر بۇ خانىم شۇ تاپتا بىرلا ئۆرۈلۈپ سورلۇك ، تولىمۇ قورقۇنچلۇق بىر نەرسىگە ئايلانغانىدى . دەقىقە ئارىلىقتا سالاۋاتنىڭ كۆز ئالدىدىن ئادەمنى ھاياجانغا سالىدىغان كۆرۈنۈشلەر «لىپ» قىلىپ ئۆتتى ، ئۆز ۋاقتىدا بۇ خانىم «سىز خاتىرجەم بولۇڭ ، جەمئىيەت سىزگە ئوخشاش بىلىملىك ئىختىساس ئىگىلىرىگە موھتاج . گەرچە ئىشلار ئۇنچە ئوڭاي بولمىسىمۇ ، مەن ئۇنىڭغا ئىپتاي . باشقىسىنىڭكىنى بېجىرمىسىمۇ سىزنىڭ ئىشىڭىزنى بېجىرىپ بەرسۇن . ماڭىدىغان يولىنى مېڭىپ ، راۋانلاشمىغان ئىشلارنى راۋانلاشتۇرۇشقا كۈچ چىقارسۇن . قارىماسىز ھازىرقى ئادەملەرنى ، ياخشى ئورۇنلا بولسا ھەرىگە ئوخشاش ئولىشىۋالغان . مەنپەئەت ئۈچۈن قولىدىن كېلىدىغانلىكى ئىشنىڭ ھەممىسىنى قىلغان . ھازىر رىقابەت تولىمۇ كەسكىن . شۇنداقتىمۇ سىزنىڭ ئىشىڭىزنى چوقۇم ھەل قىلىدۇ . ئازراق تەخىر قىلىپ تۇرۇڭ ، ئۇنىڭغىمۇ ئاسان ئەمەس» دېگەن سۆزلەرنى قىلغان . قان ـ تەر بىلەن تاپقان پۇللارنى ئېلىپ ئۇستەلدىكى تارتمىغا سالغان .

— يەڭگە ، مەن سالاۋات ، مېنى تونۇمايۋاتامسىز ؟ — دېدى ئۇ ئۆزىنى تەستە كونترول قىلغاندىن كېيىن .

— بۇ قانداق گەپ ئەمدى ؟ مەن سىزگە ئېيتتىمغۇ ، ئېرىم كاماندىروپكىغا كەتتى دەپ ، ئۇنىڭ ئۇستىگە يۆتكىلىش ئىشىنى مەن بېجىرمەيمەن .

سالاۋاتقا شەھەر باشلىقى ئۆيىدە باردەكلا ، خانىمى ئاۋارىچىلىكتىن قېچىپ ئۇنى يوق دەپ قويۇۋاتقاندەكلا تۇيۇلدى . شۇڭا ، ئۇ ئالدىغا بىر قەدەم چامدىدى .

— ئۆتۈنۈپ قالاي ، مېنى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتۈرگەن بولسىڭىز ، بۇ مېنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىمغا مۇناسىۋەتلىك زور ئىش . بۇ سىزنىڭ قولىڭىزدىن كېلىدۇ . مەن سىزگە باش ئۇراي ، — سالاۋات ئاۋازىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى ، پۈتۈن ھەرىكىتىنىڭ خۇشامەت ئىلكىدە يۇمشاپ كەتكەنلىكىنى ، يۈرۈش - تۇرۇشىنىڭمۇ ئۆزى ئەزەلدىن نەپرەتلىنىدىغان ئادەملەرنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشىغا ئوخشاپ قېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ ، نومۇستىن قىزىرىپ كەتتى . ئۇنىڭ ئەقىل - ئىدراكى يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرىدە ساقلىنىپ قالغان ئاجىزلىقى تەرىپىدىن سۇندۇرۇلۇپ كەتكەچكە ، ئەمدى ئۇنىڭ بۇ يولدىن چەتنەپ ئەسلىي ھالىتىگە كېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى . شۇڭا ، بىر ئامالالارنى قىلىپ كۆز ئالدىدىكى ئۆتكەلدىن ئۆتۈشكە ئۇرۇندى . شەھەر باشلىقىنىڭ خانىمى بىر خىل نەپرەت ئىلكىدە ئۇنىڭغا بىر پەس تىكىلدى . ئۇنىڭ بۇ خىل تىكىلىشىدىن ئادەمنى سەسكەندۈرىدىغان يىرگىنىش چىقىپ تۇراتتى .

— قانداق قىلاي دەيسىز ؟ ئۆيدىن تېز چىقىڭ ، ئەمدى مېنىڭ سىز بىلەن ئۇنى - بۇنى دېيىشىدىغان ۋاقتىم يوق . ئادەم چاقىرامدىم - يا ؟

سالاۋاتنىڭ ۋۇجۇدى تىترەپ كەتتى . غايىبتىن پەيدا بولغان بىر خىل ئاچچىق ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى قورقۇنچلۇق ئەندىشىلەرنى يالماپ ، ئۇنى باشقىلا بىر ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويۇۋاتاتتى .

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز يەڭگە؟ ھەرقانچە كېرىلىپ ئاسمانغا تـاقـاشقان ھالەتتىمۇ سىز ماڭا ئۇنداق مۇئامىلە قىلماسلىقىڭىز كـېرەك . چۈنكى ، مەن سىزنىڭ ئالدىڭىزغا تىلەمچىلىك قىلىپ كـەلـمـىـدىـم ، — ئـۇنـىـڭ غەزەپتىن ئاۋازى بوغۇلۇپ كەتتى . شـۇنـداقـتـىـمۇ ئۇ كانىيىنى بىرى بوغۇۋالغان ئادەمگە ئوخشاش خىرقىرىغان ئـاۋازدا سـۆزىنى داۋاملاشـتۇردى ، — پۇلنى ئالغاندا بـۇلـبـۇلـدەك سـايـراپ ، پـۇلنى ئېلىپ بولغاندا ئىتقا ئوخشاش قاۋىسىڭىز قانداق بولىدۇ؟ مېنىڭمۇ بۇ يەردە بىر مىنۇت تۇرغۇم يـوق . ئـالـغـان پـۇلنى قايتۇرۇپ بەرسىڭىز بۇ يەردىن ھازىرلا كېتىمەن .

سالاۋات ئەقلىدىن ئازغاندەك شۇنداق دېدى . ئۇنىڭ خىيالىغا شـۇ تاپتا نە يۆتكىلىش ، نە دىلارە دېگەنلەر كىرىپ چىقمايتتى . ئـىـكـكـى يىل قىسقا ۋاقىت ئەمەس . ئىككى يىلغىچە يەنە نېمە ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىشىنى كىم بىلىدۇ . شۇڭا ، تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقۇپ ، يول مېڭىش ئۈچۈن بەرگەن پۇلىنى قايتۇرۇۋالغۇلۇق . شەھەر باشلىقىنىڭ ئايالى تۇتقاقلىق كېسىلى بار ئادەمدەك تىترەپ كەتتى . ئالۋاستىغا ئۇچرىغاندەك كۆزلىرىنىڭ قارىچۇقى يوغىناپ ، رەڭگى تامدەك تاتىرىپ كەتتى .

— سە••• سەن بۇ يەردە ماڭا تەھدىت سالماقچىمۇ؟ يوق يەردىن پۇتاق چىقىرىپ پۇل ئۇندۇرۇۋالماقچىمۇ؟•••

— مەندە ئەزەلدىن ئۇنداق نىيەت بولۇپ باققان ئەمەس ، ئۆز قولۇم بىلەن ئەكېلىپ بەرگەن پۇلنى تارتمىغا سېلىپ ماڭا بەرگەن ۋەدىلىرىڭىزنى ئۇنتۇپ قالمىغانسىز؟

سالاۋات ئەمدى پۈتۈنلەي تەشەببۇسكار ھالەتكە ئۆتكەنىدى . ئۇ مـەغرۇر قـىياپەتتە شەھەر باشلىقىنىڭ ئايالىغا قارىدى . ئۇنىڭ قـارـشىدىن ئادەمنى ساراسىمىگە سالىدىغان بىر تۈرلۈك كىنايە چىقىپ تۇراتتى .

— تۆھمەت! ئېرىمنىڭ ئۆيدە يوق ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ بۇ يەردە ماڭا تەھدىت سېلىۋاتىسەن . سېنىڭ پۇل ئېلىپ كەلگىنىڭنى

كىم كۆرۈپتۇ ؟ مۇنداق دېيىشكە نېمە ئىسپاتىڭ بار ؟ مەن ساقچى ئىدارىسىگە تېلېفون بېرىمەن ، قاقتى ـ سوقتى قىلىش جىنايىتى بىلەن هازىرلا خىزمىتىڭدىن ئايرىلمىغىنىڭنى ، تۈرمىگە چۈشۈپ قىلغانلىرىڭغا تۇشلۇق جازايىڭنى تارتمىغىنىڭنى بىر كۆرەي ، —

ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ تېلېفونغا بۇرۇلدى . سالاۋات داڭقاتقىنىچە تۇرۇپ قالدى . دېمىسىمۇ ئۇنىڭ پۇل ئېلىپ كېلىپ ئۇنىڭغا بەرگەنلىكىنى كىم كۆرگەن ؟ بۇنى ئىسپاتلىغۇدەك ئىسپات قەيەردە ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە «ئۆلگەننىڭ ئۈستىگە تەپكەن» دېگەندەك خىزمىتىدىن ئايرىلىپ قالسا ـ هە ؟ مۇشۇ ئەهۋالدا ئۇنىڭ سۆزىگە كىم ئىشىنەر ؟ ساقچىلار يېتىپ كەلگەندە ئۇنىڭ ئىككى پۇتىنىڭ بىر ئۆتۈككە تىقىلغىنى تىقىلغان... سالاۋاتنىڭ مېڭىسىگە قان قۇيۇلۇپ ، كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى . ئۇ ئېتىلىپ بارغىنىچە شەهەر باشلىقىنىڭ ئايالىنىڭ قولىدىكى تېلېفوننى تارتىۋالدى .

— قۇتقۇزۇڭلار !

سالاۋاتقا تەڭ كېلەلمىگەن شەهەر باشلىقىنىڭ ئايالى جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىرىدى . ئەمدى سالاۋات رېئاللىقتىن هالقىپ ، ئىدراكىنى پۈتۈنلەي يوقاتقانىدى . ئۇ قىلىۋاتقان ئىشلىرىنىڭ قانداق نەتىجە بىلەن ئاياغلىشىدىغانلىقى بىلەن هېسابلاشماي ، شەهەر باشلىقىنىڭ ئايالىنىڭ بويىنىنى قايرىپ ، ئاغزىنى ئەتتى . ئاندىن سۆرىگىنىچە كارىۋاتقا ئاپىرىپ ياستۇق بىلەن بېشىنى چۈمكىدى . تېخى هېلىلا تەڭدىشى يوق قۇدرەتكە ئىگە بۇ ئايالنىڭ ئىككى پۇتى ئادەمنىڭ ئىچىنى سىيرىلدۇرغۇدەك دەرىجىدە تېپىرلاپ كەتتى . سالاۋاتنىڭ قۇترىغان قانلىرى يۈرىكىدىن گويا يانار تاغدەك ئېتىلىپ ، مېڭىسىگە كىرىپ قۇيۇلاتتى . ئۇنىڭ ئەقلى كېسىلگەن ، كۆزلىرى دەهشەت بىلەن يېنىپ ، قارىچۇقىدا قېتىپ قالغانىدى .

«ئويلىماي ئىش قىلساڭ ، سانىماي تاياق يەيسەن» دېگەندەك ئىش يۈز بەردى . ئۇ ئېسىنى يىغقاندا شەهەر باشلىقىنىڭ ئايالى ئاللىبۇرۇن تېپىرلاشتىن توختاپ قالغانىدى . بىردەمدىلا پاجىئە يۈز بەردى . ئۇشتۇمتۇت هەممە نەرسە ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ

كەتتى . «ئىستىقبال» ، «كەلگۈسى» دېگەن نەرسىلەر تۇمان ئىچىگە كىرىپ كۆزدىن غايىب بولدى . بۇگۈننىڭ ، ئەتىنىڭ ئىشى تېخىمۇ قاراڭغۇ ، تېخىمۇ ۋەھىمىلىك تۇس ئالغاچقا ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە تەقدىرنىڭ ياخشىلىنىپ كېتىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى . سالاۋات قورقىنىدىن قېتىپ قالدى . ئۇ ئاۋازىنى بولۇشىغا قويۇۋېتىپ قانغۇچە يىغلىسا ، ئازابلىق كۆز ياشلىرى يامغۇر سۈيىدەك تۆكۈلگەن بولسا ، بەلكىم ئازراق يېنىكلەپ قالغان بولاتتى . ئەمما ، ھازىر ئۇنىڭ قەلبى تاشقا ئوخشاش مۇزدەك قېتىپ كەتكەنىدى . شۇ تاپتا ئۇ ۋۇجۇدىدىكى زىددىيەتلىك ئوي - پىكىرلەرنى بىر - بىرىگە تەگكۈزۈپ ئۈچقۇن پەيدا قىلىشنى ، جىسمىدىكى بوشلۇقلارنى ئاشۇ ئۈچقۇن بىلەن پاياتلاپ ، بىر پۈتۈن قىلىشنى ئارزۇ قىلاتتى . ئەپسۇس ، ھازىر ئۇنىڭدا ۋەھىمە ئىلكىدە جان تالىشىۋاتقان قەلبىنى ئەسلىگە كەلتۈرگۈدەك ئەقىل - ئىدراك ۋە كۈچ - قۇۋۋەتتىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى . ئۇنىڭ گۇناھى پەقەت ئامال قىلىپ ئۆزى يەتمەكچى بولغان «بەخت» نى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشقانلىقىدا . ئۇ «بەخت» نى كۆرۈپ قالدىمۇ ياكى «بەخت»ئۇنى خاتا يولغا باشلىدىمۇ ئۇ بۇنى بىلمەيدۇ . بىلىدىغىنى پەقەت ھازىر ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغان مۇدھىش تەقدىر . «چاپىقىنى ئالىمەن دەپ كۆزىنى قارىغۇ قىپتۇ» دېگەن بەلكىم مانا مۇشۇدۇر . پۇشايمان قىلغانىنىڭ ئەمدى ھېچقانداق پايدىسى يوق . ئۇ پەقەت ھەسرىتىنى ئۇلغايتىدۇ ، خالاس .

ۋاقىت مىنۇت - سېكۇنتلاپ ئۆتمەكتە ئىدى . ئاللىقاچان بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشقان تەن گويا شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەندەك ياتاتتى . ئۇنىڭغا بىرپەس قاراپ تۇرغان سالاۋات ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىكنى داغدام ئېچىپ قويدى . ئەكسىچە قايتۇرغىلى بولمايدىغان رېئاللىقتا ئەمدى ئۇنىڭ باش ئەگمەستىن ياشقا ئىلاجى قالمىغانىدى . ئۇ كەچۈرگۈسىز جىنايەت ئۆتكۈزدى . ئىككى قولىنى بىر ئايالنىڭ ، يەنە كېلىپ شەھەر باشلىقىنىڭ خانىمىنىڭ قېنى بىلەن بويىدى . قانداق قىسمەتنىڭ كۈتۈپ تۇرغانلىقى ئۇنىڭغا بەش

قولدەك ئايان ئىدى .

سالاۋات ئورۇندۇقتا كىلىپ ئولتۇردى . ئۇ ساقچىلارنىڭ كېلىپ ئۆزىنى تۇتۇپ كېتىشىنى كۈتۈۋاتاتتى . دەيدىغان سۆزلىرىنىڭ ھەممىسىنى دەپ ئۆلۈپ كەتسەم مەيلى ئەمەسمۇ ، دېگەن ئوي بىلەن كۆزىنى مەھكەم يۇمدى . قىرىشقاندەك ئاياغ تىۋىشىدىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى . ئادەم دېگەن ئاجايىپ نەرسە ئىكەن . قىنى قىزىپ ، غەزەپ - نەپرىتى پەلەككە يەتكەندە كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەي قالىدىكەن ، ھېچنېمىدىن قورقمايدىكەن .

سالاۋات بېشىنى كۆتۈردى . قۇياش تىكلىنىپ ، ھەممە نەرسە قۇياش نۇرىدا تاۋلىنىپ تۇراتتى . بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ مۇزلاپ تاشتەك قېتىپ كەتكەن قەلبىدە ھايات ئۇچقۇنلىرى يېڭىۋاشتىن يېنىپ كەتتى . توساتتىن پەيدا بولغان غايىبانە بىرنەرسە ئۇنىڭ يۈرىكىنى تاتىلاپ ، تومۇرىدا ئېقىۋاتقان قانلىرىنى ئۆركەشلىتىۋەتتى . قۇلاق تۈۋىدە «قاچ ئەخمەق ، مۇشۇنچىلىك ۋاقىتتا جېنىڭنى ئېلىپ قاچ . ئۇنى كىمنىڭ ئۆلتۈرگىنىنى ھازىر بىر سەن ، بىر ئاللادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ . ساڭا ھازىر مەردلىك ئەسقاتمايدۇ . تېز بول ، جاھاننىڭ تىنچ ۋاقتىدا ئۆزۈڭنى دالدىغا ئال !» دېگەن ئاۋاز ياڭراپ كەتتى . سالاۋات ئەندىككىنىچە چۆچۈپ كەتتى . ئورنىدىن چاچراپ تۇرغاندىن كېيىن ئۆزىنى بىسىۋېلىپ ئۆيىدىن چىقتى . جاھاندا شۇنداق توغرا كېلىشلەر بولۇپ تۇرىدۇ . بەلكىم كونىلار «ئېشىكى ئۆلسە قوڭى غېجەك تارتىپتۇ» دېگەن ماقال شۇنىڭدىن قالغان بولسا كېرەك .

ئۆيگە شامالدەك ئېتىلىپ كىرگەن دىلارە ئىشىكنى يېپىپ ، كۆزىنى يۇمدى . ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئاجايىپ بىر شېرىن تۇيغۇ توختىماستىن مىدىرلايتتى . كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان بەخت ناھايىتى يىراقلاردىن غۇلىچىنى كەڭ يېيىپ ئۇچۇپ كېلىۋاتقاندەك قىلاتتى . ئۇ بىر ئىستاكان ئۇسسۇزلۇق ئىچكەندىن كېيىن ، دىمىغىدا غىڭشىغىنىچە ئۆي ئىچىدە پىرقىراپ كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلىدى .

— ئۇ ئاخىر ئاجرىشىپتۇ ، مەن نېمىدېگەن تەلەيلىك - ھە ؟

قارا ئۇنىڭ شۇنچە چوڭ ئىشنى ماڭا دېمەي لاملىق قىلىپ يۈرگىنىنى...

ئۇ ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە ئالدىراپ كىرىۋاتقان سالاۋاتنى دېرىزىدىن كۆرۈپ قالدى. سالاۋات ھاسىرىغىنىچە ئۆيگە كىرىپ ئىشىكنى ياپتى. سالاۋاتنىڭ ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن دىلارە ئۇنى تېخىمۇ يېلىندۇرۇش ئۈچۈن تەتۈر قارىغىنىچە ئەدىيالنى ئۈستىگە ياپتى.

— ماڭا ئازراق پۇل بېرىپ تۇرۇڭ، ۋاقتى كەلگەندە ھەسسىلەپ قايتۇرىمەن، — دېدى سالاۋات ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ. ئۇنىڭ ئاۋازىدىكى يېلىنىش دىلارەنىڭ قۇلىقىغا يىغلاۋاتقاندەك ئاڭلىنىپ كەتتى. دىلارە لېۋىنى مەھكەم چىشلەپ، كۆزىنى تېخىمۇ چىڭ يۇمدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە سالاۋات تېخىچە بېشىدا تىكىلىپ تۇراتتى. بىرھازادىن كېيىن ئىشىك ئېچىلىپ يېپىلدى. دىلارە نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي دېرىزىدىن قاراپ سالاۋاتنىڭ سېيماسىنى چالا - بۇلا كۆرۈپ قالدى.

## 7

سالاۋات جىنىنىڭ بارىچە دەريا تەرەپكە يۈگۈردى. ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان ئويناق دەريا شىددەت بىلەن ئېقىۋاتاتتى. ئۇنىڭ تاشتىن - تاشقا ئۇرۇلغان شاۋقۇنلۇق ئاۋازى تېخىمۇ ئېنىق ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ئاسمان قەرىدە بىر توپ بۇلۇتلار ئۇياقتىن - بۇياققا سۈرۈلمەكتە ئىدى. تاغ تەرەپتىن چىقىۋاتقان شامال غەزەپ بىلەن گۈركىرەيتتى. چەكسىز كەتكەن بىپايان دالا تەرەپتىن كۆتۈرۈلگەن قارا قۇيۇن بۇ تەرەپكە قاراپ تېزلىك بىلەن سىلجىپ كېلەتتى. سالاۋات قۇيۇننىڭ تېزرەك يېتىپ كېلىشىنى، ئۆزىنى قوينىغا ئېلىپ ئاسماننىڭ قەرىگە چىقىپ كېتىشىنى بەكمۇ ئۈمىد قىلاتتى.

ئۆزگە تېگىشلىك بەختىنىڭ قولىدىن چىقىپ كېتىپ،

باشقىلارغا تەئەللۇق بولۇشى بىر ئازابلىق ئىش . بەخت دېگەن ئوتتۇرىدىن بۆلۈپ تەقسىم قىلغىلى بولىدىغان نەرسە ئەمەس . ئۇنىڭغا ھەممە كىشىنىڭ ئېرىشىپ كېتىشى ناتايىن . بەزىلەر تۇغۇلۇشىدىن تۇڭگۇز تەلەي بولىدۇ . ئەمما ، تەلەينىڭ ئۆزى بەخت ھېسابلانمايدۇ . تەلەي دېگەن كېلىپ ـ كېتىپ تۇرىدۇ ، ئەمما بەخت ئۇنداق ئەمەس . ئادەملەر دۇنياغا تۆرەلگىنى بىلەن كېيىنكى كۈنلىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ . پەقەت ئەر يېتىپ ، ئەقىل توختاتقاندىن كېيىنلا بەختكە ئىنتىلىپ ، بەختكە ئېرىششىنىڭ كويىدا بولىدۇ . سالاۋاتمۇ شۇنداق ، بالىلىق چاغلىرىدا نېمىلەرنى ئارزۇ قىلغانلىقى ئېسىدە يوق . ئەمما ، يىگىتلىككە قەدەم قويغاندىن كېيىنلا ئارزۇ ـ ئارمانلىرى كۆپەيگەن ، ئاجايىپ گۈزەل ئارزۇ ـ ئارمانلاردا بولغان ، مۇشۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن تىرىشىپ ـ تىرماشقان . تەلىيى كېلىپ ئالىي مەكتەپكە ئۆتكەن ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يۈزىنى يورۇق قىلىپ كادىر بولغان . شۇنداقتىمۇ بۇنى ھەرگىز بەخت دېگىلى بولمايدۇ . ئۇنىڭ كۆڭلىگە پۈككەن شۇنچە كۆپ ئارزۇ ـ ئارمانلىرى شۇ پېتىچە تۇرۇپتۇ . ئۇ بىلمىلىك ، شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن تۇرمۇشقا بولغان تەلپىنىڭ ھەسسىلەپ ئاشماسلىقى مۇمكىنمۇ؟ تۇرمۇشقا بولغان تەلپىنىڭ ھەسسىلەپ ئېشىشى بىلەن كۆڭلىگە پۈككەن ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ئالماسقا ئوخشاش تېخىمۇ چاقنىدى . ئۇ ئۆز قولىغا ئالماقچى بولغان بەختىنى چوقۇم قولغا كەلتۈرەلەيدىغانلىقىغا ئىشەندى . مۇشۇ ئىشەنچ ئاخىر بېرىپ ئۇنى ھەممىدىن مەھرۇم قىلدى . پەلەك ئۆرۈلۈپ ، تەلەي كاج كەلدى . قەلبىدە روشەن چاقناپ تۇرغان بەختمۇ بىراقلا يىراقلاپ كۆزدىن غايىب بولدى...

سالاۋاتنىڭ ئوي ـ پىكىرلىرى قالايمىقانلىشىپ كېتىۋاتاتتى . نەچچە سائەتنىڭ ئالدىدا ئۇ تېخى ئەرلەرگە خاس جاسارەت بىلەن ساقچىلارنىڭ كېلىپ ئۆزىنى تۇتۇپ كېتىشىنى ساقلىغان بولسا ، مانا ئەمدى قاچقانسېرى ھەممە نەرسە كۆزىگە بەش كۆرۈنۈپ ، ۋۇجۇدىنى ھەددىدىن زىيادە ۋەھىمە ئىگىلىگەندى . گويا كەينىدىن

تـۇمەن مىڭ ساقچى يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقاندەك ، ئېتىزلىقلارنىڭ چېتـىـدىكى خالىي يولدا پات ـ پات كەينىگە قاراپ قويغىنىچە يۈگۈرۈپ كېتىۋاتاتتى .

ئۇنىڭ دېمى سىقىلىپ ، كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى . پۇت ـ قوللىرى تىترەپ ، ئۆزىگە بويسۇنماي قالدى . قولىدىكى سومكىنى قېلىن چۆپلۈك ئىچىگە تاشلاپ ، ئىككى تىزىنى تۇتقىنىچە كۇچەپ نەپەس ئالدى . دىلارە ئاخىر ئەسلىي قىياپىتىنى ئاشكارىلىدى . بېشىغا مۇشۇنداق مۇشكۇل كۈنلەر چۈشكەندە ئەسقېتىش ئۈياقتا تۇرسۇن ، ئۇنىڭغا نەزەر ـ گۈزىرىنىمۇ سېلىپ قويمىدى . بەزى ئاياللار نېمىدېگەن بىكۆيۈم ، تاش يۈرەكتۇ . ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن چىققان شېرىن ـ شەربەت سۆزلەرنىڭ ھەممىسى نەيرەڭدىن باشقا نەرسە ئەمەس . ئۇ بۇنى بالدۇرراق سەزگەن بولسا بەلكىم ئىشلار بۇنداقمۇ بولۇپ كەتمىگەن بولاتتى . ئەمما ، بولغۇلۇق بولدى . پۇشايمان قىلغان بىلەن ئورنىغا كەلمەيدۇ .

سالاۋاتنىڭ قېلىن چۆپلەر ئارىسىغا ئۆزىنى تاشلاپ يېتىۋالغۇسى بولسىمۇ ، ئەمما يۈرىكىنى قامالاپ تۇرغان قورقۇنچ دەستىدىن سومكىنى ئېلىشقا مەجبۇر بولدى . ھېلىمۇ ياخشى كاللىسى ئىشلەپ يەيدىغانغا ئانچە ـ مۇنچە بىرنەرسىلەرنى ئېلىۋالدى . دىلارەنىڭ باتناپ تەتۈر قاراپ يېتىۋالغىنى مانا مۇشۇنىڭغا پايدا بولدى . ئۇ سالاۋاتنىڭ ئاشخانا ئۆيىدىن سومكىغا نان قاچىلىغىنىنى كۆرمەي قالدى . ئەگەر كۆرۈپ قالغان بولسا ئۇنى ـ بۇنى سوراپ ، ئۇنىڭ يولغا چىقىشىغا كاشىلا قىلغان بولاتتى . بەلكىم ساقچىلارغا ئۇنىڭدا كۆرۈلگەن بىنورماللىقنى مەلۇم قىلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى .

سالاۋات ئالدىدىكى ئورمانلىقنى كېسىپ ئۆتۈپ ، دەريا بويىغا كەلدى . دەريا نېمىگىندۇر بىرنەرسىگە ئاچچىقلانغاندەك تولغىنىپ ـ تولغىنىپ ئاقاتتى . ئۇ دەرەخنىڭ دالدىسىدا تۇرۇپ ، ئەتراپىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتتى . ئەنە كۆۋرۈك . ئۇنىڭدىن ئات ـ ئۇلاغ ، هارۋا ـ ماشىنا ھەم ئادەملەر ئۆتمەكتە . قايناق

بازارغا ئوخشاش ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ئاڭلانماقتا . دەريادىن ئۆتسە ئۇ تەرەپ بىخەتەر . چۈنكى ، ئۇياقتىكى ئادەملەر ئۇنى تونۇمايدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە تاغمۇ يېقىن . ئەمما ھازىر...

سالاۋات ئويلىنىپ قالدى . ئۇ مۇشۇ ھالى بىلەن ھەرگىزمۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتەلمەيدۇ . چۈنكى ، ئۇ يەردە ساقچىلار ئۇنى ساقلاپ تۇرۇۋاتقان بولۇشى مۇمكىن .

شىپىرلىغان ئاۋاز بىلەن تەڭ چىكىسىدىن مۇزدەك سوغۇق تەر چىقىپ كەتكەن سالاۋات ئۆرۈلۈپ كەينىگە قارىدى . ئۇنىڭ ئالدىدا ئون ئۈچ ياشلار چامىسىدىكى ئىككى بالا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ تۇراتتى .

— بىر يېرىڭىز ئاغرىۋاتامدۇ ، ئاكا؟ بەكرەك ئاغرىۋاتقان بولىسىڭىز ئادەم چاقىرايلى ، — دېدى سېمىز ، دوغىلاق بالا ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزمەي . سالاۋات ئەندىكىپ كەتتى .

— ھاجىتى يوق . بۇ يەردە يوقىلاڭ ئىشلارغا ئارىلىشىپ يۈرمەي ، يولۇڭلارغا مېڭىڭلار .

باللار ھەيران قالدى . كەينىگە نەچچە قەدەم شوخشىغاندىن كېيىن ، بىردىنلا دەھشەتلىك بىر مەخلۇققا دۈچ كېلىپ قالغاندەك كەينىگە بۇرۇلۇپ جىنىنىڭ بارىچە يۈگۈرۈپ كەتتى . سالاۋات ئۈچۈن ئەمدى بۇ يەردە داۋاملىق تۇرۇش خەتەرلىك بولۇپ قالغانىدى . كۆۋرۈكتىن ئۆتۈش مۇمكىن ئەمەس . كەينىگە قايتىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس . قانداق قىلىش كېرەك؟

ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قارىدى . كۈن ئولتۇرۇشقا ئالدىراۋاتاتتى . كەچكى شەپەق قىزىرىپ ، پۈتكۈل جاھاننى ئۆز ئىلكىگە ئېلىش ئالدىدا تۇراتتى . ئۇ ئەلەم بىلەن لېۋىنى چىشلەپ ، ئورمانلىقتىن ئوغرى مۈشۈكتەك «لىپ»لا قىلىپ چىقتى . ئەپلەپ ـ سەپلەپ دەريا بويىغا بېرىۋالسا ، ئۇ يەردىكى قېلىن چاتقاللىق ئۇنىڭغا ۋاقىتلىق بولسىمۇ پاناھ بولالايدۇ . ئۇ شۇ يەردە دەم ئېلىپ ، ئەل ئايىغى بېسىققاندا دەريادىن ئۆتۈش نىيىتىگە كەلدى .

دېمىسمۇ دەريا ساھىلىدىكى چاتقاللىق بوك - باراقسان ئىدى . بەزى يەرلىرىدىن ھەتتا ئۇچارقاناتمۇ ئۆتەلمەيتتى . ياش جىغانىنىڭ تىكەنلىرى ئادەم بەدىنىگە نەشتەردەك سانجىلاتتى . سالاۋات قېلىن چاتقال ئاستىدىن ئۆمىلەپ كېتىۋېتىپ ، بىردىنلا ئادەمنىڭ قەلبىنى لال قىلىدىغان گۈزەل دۇنيادىن ئايرىلغانلىقىنى ، ئۇنىڭ ئورنىغا تېگى يوق چوڭقۇر ھاڭغا ، نىجاسەت بىلەن تولغان چوڭقۇر جايغا چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدى .

قاراڭغۇ كېچە ئاسمىنىدا جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلار شەھەر كوچىلىرىدىكى سان - ساناقسىز چىراغلارغا ئوخشايتتى . ئاي تېخى چىقمىغان بولسىمۇ ، ئانچە يىراق بولمىغان يەردىكى كۆۋرۈك كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى . دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدىكى قېلىن ئورمانلىق بولسا ، جاھاننىڭ ئۇ چېتى بىلەن بۇ چېتىنى بۆلۈپ تۇرۇۋاتقاندەك قارىيىپ كۆرۈنەتتى . ھەممە نەرسە قېتىپ قالغاندەك ، قاتتىق ئۇيقۇغا چۆككەندەك ئىدى . ئاندا - ساندا ماشىنىلارنىڭ گۈركىرەپ كۆۋرۈكتىن ئۆتكەنلىكى ئاڭلىنىپ قالاتتى . سالاۋات يۇلتۇزلارغا قاراپ ياتقىنىچە ئويغا پاتتى . دىلارەنىڭ ناز - كەرەشمىگە تولغان سىيماسى كۆز ئالدىغا كېلىشى بىلەن ، ئۇنىڭغا بولغان نەپرەت تۇيغۇسىنىڭ ئورنىنى بىر خىل ئىللىق سېزىم ئىگىلىدى . ئۇ خىيالىدا دىلارەنىڭ ھېلىقى رېستوراندا بولۇشىغا كۈلۈپ ، تولغىنىپ ئۇسسۇلغا چۈشكەنلىكىنى ، ئەتراپىدىكى يىگىتلەرنىڭ ئاغزىدىكى سېرىق سۆلارنى يۇتۇپ ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىۋاتقانلىقىنى ، بىردەمدىن كېيىن بىرىنىڭ قولتۇقلىشى بىلەن مېھمانخانىغا كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندەك بولدى . ئۇنىڭ ھەرقانداق ھەرىكىتى ئەمدى سالاۋاتنىڭ تەقىب ئاستىغا ئېلىشىغا موھتاج ئەمەس... سالاۋات بىردىنلا يۈرىكىنىڭ ئاغرىۋاتقانلىقىنى سەزدى .

ئەگەر دەھشەتلىك قورقۇنچ سايىغا ئوخشاش يېنىدا ئەگىپ يۈرمىگەندە ئىدى ، ئۇ مۇشۇ دالىدا جايىدا راھەتلىنىپ ئۇخلىۋالغان

بولاتتى . ئۇ بىرى بوينىدىن باغلاپ ، كۆچ بىلەن سۆرىگەندەك ئورنىدىن تەستە تۇردى . پۇتكۈل جاھان ئىمتاسلىق ئىچىدە ئېغىر تىنىپ ياتاتتى . كۆۋرۈكتىن ئۆتۈشنىڭ ياخشى پەيتى كەلگەنلىكىگە كۆزى يەتكەن سالاۋات سومكىسىنى ئېلىپ ، چاتقاللىق ئىچىدىن چىقتى .

ئۇ ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم قاتتىق ساراسىمە ئىچىدە تونۇش كۆۋرۈكتىن ئۆتتى . ئۇ ئەمدىلا كۆۋرۈكنىڭ ئوتتۇرىسىغا بېرىشىغا قېرىشقاندەك قارشى تەرەپتىن بىر ماشىنا چىقىپ قالدى . كۈچلۈك چىراغ نۇرىدا كۆزلىرى قامىشىپ ، مېڭىسىدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى . مەيلى قانداق بولسۇن ، ماشىنىدىكىلەر ئۇنى تونۇپ قالمىسا بولاتتى . ھېلىمۇ ياخشى ئۇنىڭ كاللىسى ئىشلەپ قالدى . ھاراق ئىچىپ غىققىدە مەست بولغان ئادەمگە ئوخشاش ئىككى ياققا سەنتۈرۈلگىنىچە بېرىپ كۆۋرۈك شادىسىغا يۆلەندى . ئەمدى ئۇنى ھېچكىم تونۇيالمايتتى . بىراق ، ماشىنا ئۆتۈپ كەتمەي نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنى يانداپ توختىدى . سالاۋاتنىڭ جان ـ ئىمانى چىقىپ كەتتى .

— شۇنچىلىكمۇ ئىچكەن بارمۇ؟ ئۇنى بۇ يەردىن دەرياغا سەكرىمەيدۇ دەپ ھېچكىم كاپالەت بېرەلمەيدۇ ، — دېدى ئۇنىڭ يېنىغا كەلگەن بىرەيلەن قولتۇقىدىن يۆلەپ .

— بىكارغا ئاۋارە بولۇۋاتىسەن ، كامران ، — دېدى ئۇنىڭ بىلەن تەڭ كابىنكىدىن چۈشكەن يەنە بىرى غودۇڭشىغان ھالدا ، — بىز ئۇنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويالمايمىز . ئۇ راستىنىلا جېنىدىن تويغان بولسا بىز كەتكەندىن كېيىن بەرىبىر دەرياغا سەكرەپ ئۆلۈۋالىدۇ .

— شۇنداقتىمۇ ئۇنى بۇ ھالەتتە تاشلاپ كەتسەك بولماس ، ئەڭ بولمىغاندا كۆۋرۈكنىڭ ئۇ بېشىغا بولسىمۇ ئاپىرىپ قويايلى . ئۇ يەر قانداقلا بولسۇن ، بۇ تار كۆۋرۈكنىڭ ئۈستىگە قارىغاندا بىخەتەر .

كامران شۇنداق دېگىنىچە ئۇنى يۆلەپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى .

سالاۋات چاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن بارلىق ھۈنرىنى ئىشقا سالدى. نېمىلەرنىدۇر دەپ غودۇڭشىغىنىچە سىلكىنىپ قويدى. قارىغاندا ئۇلار ياخشى نىيەتلىك ئادەملەردەك قىلاتتى. بىراق، بۇ خىل ياخشى نىيەت سالاۋاتقا نىسبەتەن تولىمۇ ئازابلىق بىر ئىش بولۇۋاتاتتى. پەۋقۇلئاددە ئەھۋاللارنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشى كۆز بىلەن قاش ئارىلىقىدىلا تۇراتتى. ئازراقلا چاتاق چىقسا سالاۋاتنىڭ تۈگەشكىنى شۇ.

سالاۋات يۇلقۇندى، تولىمۇ ئۈستىلىق بىلەن كېكەچلەپ:

— رە.... رە.... رەھمەت سى... سى... سىلەرگە، — دېگىنىچە ئۇياق - بۇياققا چايقىلىپ، تېز - تېز يۈرۈپ كەتتى. ئۇ ئالدىدىكى قارىيىپ تۇرغان ئورمان ئىچىگە كىرىۋالسىلا خەۋپ - خەتەر تۈگەيتتى. ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق باسقان، ھەممە نەرسە سۈكۈنات ئىچىگە پاتقانىدى، يىراق - يېقىندىكى نەرسىلەرنى پەرقلەندۈرۈش تولىمۇ قىيىنلىشىپ ئاسماندىن بىر خىل قايغۇ - ھەسرەت ياغماقتا، ئاشۇ قايغۇ - ھەسرەت ئۇنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇپ، قەددىنى ئوقيانىڭ ياسىدەك ئەگمەكتە، ھاياتقا بولغان تەلپۈنۈشى تۇنجۇقۇپ - تۇنجۇقۇپ بوغۇلماقتا ئىدى.

— مىدىرلىما!

گۈلدۈرماممىدەك دەھشەتلىك ئاۋاز بىلەن تەڭ ئۇ ئۇجۇقۇپلا كەتتى. يولدىن چەتنەپ قېلىن ئورمان ئىچىگە بۇرۇلغان سالاۋاتنىڭ ئالدىدا، ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولغان بىرى ئۇنىڭ گېلىغا پىچاقنىڭ ئۇچىنى تىرىدى، — قولۇڭدىكى سومكىنى تاشلا. بېشىڭ يەلكەڭدىكى چاغدا پۇل - مېلىڭنى چىقار!

سالاۋاتنىڭ كۆزىدىن ئىككى تامچە ياش ئېتىلىپ چىقتى. ئۇ ماڭدامدا بىر مۇدۇرگىنىدەك تەڭرىگە زادى نېمە قىلغان بولغىيدى؟ شەھەر باشلىقىنىڭ خانىمىنىڭ ئۆلۈشىگە ئۇ سەۋەبچى. بىراق، بۇ تاسادىپىي بىر ئەھۋال. ئەگەر ئۇ تېلېفونغا يېپىشمىغان بولسا، «ئادەم بارمۇ؟» دەپ ۋارقىرىمىغان بولسا بۇنداق پاجىئە ھەرگىز يۈز بەرمىگەن بولاتتى. مانا ئەمدى ئۇنى ماڭدامدا بىر پالاكەت

بېسىۋاتىدۇ . بۇ نېمە ئۇچۇن؟ زادى نېمە ئۇچۇن؟ !
سالاۋات يـۈم - يۈم يىغلاپ تۇرۇپ ئالدىنى توسقانلارنىڭ يېنىنى ئاختۇرۇشقا ئۇن - تىنسىز قاراپ تۇردى . ئۇ ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم ئۆزىنى بەكمۇ غېرىب ، بەكمۇ ئاجىز سەزدى .
— ئۇنىڭ يېنىدا تۇزۇكرەك بىرنەرسە يوق ئىكەن ، — دېدى سالاۋاتنىڭ يېنىنى ئاختۇرغان دارازا بىر خىل يىرگىنىش ئاھاڭىدا . دەل شۇ چاغدا بىر ماشىنا چىرىغىنى ياندۇرۇپ چىقىپ كەلدى . بـۇلاڭچىلار قانداق تېز پەيدا بولغان بولسا ، شۇنداق تېز غايىب بولدى . سومكىسىدىن ئايرىلىپ گاڭسا - جىسا بولغان سالاۋات ئۆزىنى ئورمانلىقنىڭ ئىچىگە ئاتتى .
ئاي چىقتى . خۇددى كۇندۇزدىكىدەك يورۇپ تۇرغان ئايدىڭ كېچىدە ، يىراق - يېقىندىن ھەر خىل پۇراقلار دىماغقا گۇپۇلدەپ ئـۇرۇلـۇپ تۇراتتى . يېقىنلا يەردە ئېچىلغان ئاپتاپپەرەس بىلەن رەيھاننىڭ خۇش پۇراق ھىدى دەريا بويىدىكى يالپۇزلارنىڭ ھىدى بىلەن ئارىلىشىپ ، ئەبجەش پۇراق ھاسىل قىلغانىدى . تاغ تەرەپتىن غۇرقىراپ كېلىۋاتقان سالقىن شامال بىلەن بۇ پۇراقلار دىماغقا ئـۇرۇلۇپ ، كىشىگە ھۇزۇر ئاتا قىلاتتى . ئۇ توختىماي مېڭىپ ئورمانلىقتىن ئۆتۈپ ، كۆز يەتكۈسىز چاتقاللىققا كىرىپ قالدى . سالاۋات ئۆپكىسى كاردىن چىققاندەك قىينىلىپ نەپەس ئالاتتى . يۈرىكى ھازىرلا قېپىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك دۇپۇلدەپ سوقاتتى . ھەربىر قەدىمى يەرگە مىخلىنىپ قالغاندەك يول يۈرۈشكە كاشىلا بولاتتى . پەسكە ساڭگىلاپ تۇرغان چاتقال شاخلىرى ئۇنى تۇتۇپ قالماقچى بولغاندەك ، كىيىم - كېچەكلىرىگە ئىلىناتتى . ئۇ پۈتۈن مۇساپىنى ئېڭىشىپ دېگۈدەك مېڭىپ تۈگەتتى . «ئۇھ» دېگۈچىلىك دەرمانى قالماي ، ئۆزىنى ئوت - چۆپ ئۈستىگە تاشلاپ سۇنايلىنىپ ياتتى . بىراق ، خۇددى زەھەرلىك يىلان چېقىۋالغاندەك ئورنىدىن چاچراپ تـۇرۇپ ، ئـەتراپقا ئەنسىزلىك بىلەن قارىدى . ئەتراپ تـىمـتـاس ئـىدى . پەقەت پايانسىز كەتكەن جاڭگاللىقلا كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى . ئاياغ ئاستىدىن ھەربىر قەدەم باسقاندا قۇرۇق

شاخلارنىڭ «تىرس» قىلىپ سوْنغان ئاۋازى ئاڭلىناتتى. شوْنداقتىمۇ ھېچكىم تۇيۇقسىز يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ چىقماسلىقىغا كاپالەت بېرەلمەيتتى. ئەڭ ياخشىسى يەنىلا يولنى داۋام قىلغان تۈزۈك.

سالاۋات بىر دوقمۇشتىن ئەگىپ ئۆتۈپ ۋارقىرىۋېتىشكە تاس قالدى. ئۇنىڭ نېرۋىلىرى كاردىن چىقىپ، مېڭىسى قايناۋاتقاندەك بىلىندى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئۆزى تېخى يېڭىراقتا مېڭىپ ئۆتكەن كۆۋرۈك ئاي يورۇقىدا ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئۇ شۇنچە تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ، بىرتالاي مۇساپىنى باسقان بولسىمۇ، يەنىلا ئايلىنىپ كۆۋرۈك قېشىغا كېلىپ قالغانىدى.

سالاۋات تۇرۇپ قالدى. ئەسەبىيلىك بىلەن چېچىنى يۇلۇپ، بېشىغا مۇشتلاپ كەتتى. ئۇنىڭ تۇرمۇشى تېخى تۇنۇگۈنلا نورمال ئىدى. ئۆزۈندىن بېرى كۆڭلىگە پۈككەن ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ قالغانىدى. مانا ئەمدى ھەممە نەرسە بەربات بولدى. ئۆزىمۇ قاراپ تۇرۇپ ئادەم ئۆلتۈرگەن شۇمپەنگە ئايلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلىرى قانداق ئۆتەر. تەقدىرى نېمە بولۇپ كېتەر؟ كىممۇ ئىچ ئاغرىتىپ قولىنى سۇنار؟... مانا ئەمدى ئاياغ ئاستىدىكى يولمۇ ئۇنى مەسخىرە قىلىپ، قانداق قىلىسەن؟ دېگەندەك كۆۋرۈك بېشىغا ئەكېلىپ قويىدى...

«ئانا!» دېگەن بىر ندا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سېلىپ ئۆتتى. ئانا ئۇنىڭغا كېرەك بولۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتتىن قارىداپ قورۇلغان چىرايى كۆز ئالدىدا پەيدا بولۇشى بىلەن، سالاۋاتنىڭ ھەسرەتلىرى دولقۇنلىنىپ كەتتى. ئانا قۇدرەتلىك ئىدى. ھەرقانداق بوران ـ چاپقۇندا كۆكرەك كېرىپ، مەزمۇت تۇرالايتتى. توخۇ ئۆزىنىڭ چۈجىلىرىنى قوغدىغاندەك يۈرەك پارىلىرىنى جان تىكىپ قوغدايتتى. ھېلىمۇ ئۇنىڭ ئېسىدە شۇنداق ئېنىق تۇرۇپتۇ. بىر يىلى مەھەللىدىكى سۇلتان دېگەن ئادەمنىڭ ئېتى هارۋىنى ئەپقاچتى. ئەمدىلا يەتتە ياشقا كىرگەن سالاۋات باللار بىلەن يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئويناۋاتاتتى. تاراقلاپ

كېلىۋاتقان هارۋىنى كۆرگەن باللار تەرەپ - تەرەپكە پىتىراپ قاچتى . سالاۋات بولسا نېمە قىلارىنى بىلەلمەي يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى . ئات هارۋىنى ئەپقېچىپ سالاۋات تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتاتتى . ئۈركۈپ كەتكەن ئاتلار جان - جەهلى بىلەن يۈگۈرمەكتە ئىدى . يولدىن ئۆتكەن - كەچكەنلەر دېمىنى چىقىرىشقىمۇ پېتىنالماي ، يۈز بېرىش ئېهتىمالى بولغان پاجىئەگە كۆزلىرىنى پارقىراتقىنىچە قاراپ تۇرۇشاتتى . خەۋپ - خەتەر قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا قالغان ئەنە شۇنداق جىددىي پەيتتە ئانا ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولۇپ ، سالاۋاتنى باغرىغا باستى . يا شۇنداق توغرا كېلىپ قالدىمۇ ياكى ئۈركۈگەن ئاتلار ئانىنىڭ جەسۇر قىياپىتىدىن ئەيمەندىمۇ ، بۇرۇلۇپ يول بويىدىكى دەرەخلىككە كىرىپ توختاپ قالدى . كۆز ئالدىدا بولغان مۆجىزىگە داڭقېتىپ قاراپ تۇرغان ئادەملەر ياقىسىنى تۇتۇشتى . ئانا ئەنە شۇنداق قۇدرەتلىك ئايال ئىدى . ئەپسۇس ، سالاۋات ئۇنىڭ قەدرىگە يەتمىدى . ئۇنىڭغا مېهىر - شەپقەت يەتكۈزۈپ ، كېچىلىرى ئۇخلىماي باققانلىرىنى ئاقلىيالمىدى . بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ ، سىڭدۈرگەن ئەجرىگە جاۋاب قايتۇرالمىدى . بۇنىڭ ئەكسىچە ئۇنى ئازابلايدىغان ، ئۆمرىگە ئېكەك بولۇپ ، هەسرىتىنى ئۇلغايتىدىغان بالا - قازا تېپىپ بەردى .

سالاۋات كېتىۋېتىپ شۇلارنى ئويلىدى . پۇشايماندىن پەيدا بولغان ئازابلارغا بەرداشلىق بېرەلمەي ، ئۇن - تىنسىز ياش تۆكتى .

تاڭ سوزۇلۇپ كېلىۋاتاتتى . «ماڭىدۇ ، ماڭىدۇ قىردىن ئاشالمايدۇ» دېگەندەك غەيرەت قىلغانسېرى يول ئاۋۇماي كېتىۋاتاتتى . ئەگەر يولدىن ئاداشمىغان بولسا بەلكىم بۇ چاغقىچە جىرا ئېچىگە كىرىپمۇ بولغان بولاتتى . بىراق ، هازىر جىرا نەدە ، ئۇ نەدە ؟... كەينىدىكى كۆۋرۈك كۆڭۈلنى غەش قىلىپ ، قولنى سۇنسىلا يېتىدىغان يەردە قارىيىپ تۇراتتى .

چاتقاللار شىلدىرلاپ سالاۋاتنىڭ خىياللىرىنى بۆلۈۋەتتى . ئۇ

چۆچۈگەن ھالدا بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۆزىدىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردىكى ئۆزىگە قاراپ تۇرغان بىر تۈلكىنى كۆردى. سالاۋاتقا ئۇ «نېمە بولدۇڭ ھەي بىچارە؟ چىرايلىرىڭ سارغىيىپ، مېڭىشقىمۇ مادارىڭ قالماپتۇغۇ؟ ھەي ئىسىت!» دەۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. تۈلكە ئۇنىڭ كۆزىگە لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان قىپقىزىل گۈلخاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. تۈلكە چىرايلىق ئىدى. سالاۋاتنىڭ بىردىنلا ئۇنىڭ بىلەن مۇڭداشقۇسى، قەلبىدىكى دەرد ـ ئەلەملىرىنى تۆكۈپ، ھەسرەتلىرىنى ئورتاقلاشقۇسى كېلىپ قالدى. خۇددى چۆچەكلەردىكىدەك مۆجىزە يۈز بەرسە، تۈلكىگە زۇۋان كىرىپ، ئۇنىڭ قېشىغا كەلسە، سالاۋاتنىڭ ئېچىنىشلىق قىسمەتلىرىگە قۇلاق سېلىپ، ئۇنى ئادەم بالىسىنىڭ ئايىغى يەتمەيدىغان يەرلەرگە ئېلىپ كەتسە...

تۈلكە ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇۋېرىشتىن زېرىككەندەك ئۆز يولىغا راۋان بولدى. شۇنداق ئەقىللىق بىر ھايۋاننىڭ نېمە ئۈچۈن سەلبىي پېرسوناژلارغا تەقلىد قىلىنىشىنىڭ تېگىگە يېتەلمىگەن سالاۋات ئېغىر خورسىنىپ قويغاندىن كېيىن قەدەملىرىنى تەستە يۆتكەپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇ تۈلكە توغرىسىدا نۇرغۇن رىۋايەتلەرنى بىلەتتى. ئاپىسى ئۇنى باغرىغا بېسىپ، تۈلكىگە مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن ئاجايىپ ـ غارايىپ چۆچەكلەرنى ئېيتىپ بەرگەنىدى. بۇ ناھايىتى ئۇزاق يىللار ئىلگىرىكى ئىشلار ئىدى...

ئاچلىق، ھارغىنلىق، تۇشمۇتۇشتىن قاپساپ كېلىۋاتقان ئۇيقۇسىزلىق ئۇنى ئالقىنىغا ئېلىپ، ھازىرلا ھوشىدىن كەتكۈزۈۋېتىدىغاندەك قىلاتتى. ئۇ يىقىلىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن لېۋىنى مەھكەم چىشلەپ، قەدىمىنى تېزلەتتى. ئۇ ھاردى. ئېغىرلىشىپ كەتكەن ئاياغلىرى گويا يەر ئاستىدىكى ماگنىت مەيدانى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىۋاتقاندەك، ماڭدامدا بىر توختاپ قالاتتى. ئەگەر ئولتۇرۇپ ئازراق ئارام ئالسىلا، ئۇيقۇغا غەرق بولۇپ كېتىدىغانلىقى ئۇنىڭغا بەش قولدەك ئايان ئىدى. شۇنچە ئۇزۇن يولنى تىنچ ـ ئامان بېسىپ تۈگىتىشكە كۆزى يەتمىسىمۇ،

ئۇ هامان پۈتۈن غەيرىتىنى يىغىپ ئالغا ئىلگىرىلەيتتى.

ئۇ كېتىۋېتىپ پۈتلاشتى. ھاۋادا ئۇچۇۋاتقاندەك يەڭگىللەپ، ئىسسىقكى ياققا چايقالغىنىچە چاتقاللىق ئارىسىغا «گۈپ» قىلىپ يىقىلدى. ئۇ ياتقان يېرىدە «يىقىلمىغان بولسام ياخشى بولاتتى. مانا ئەمدى ئورنۇمدىن قاچانمۇ تۇرارمەن» دەپ غودۇڭشىغىنىچە كۆزىنى يۇمدى. ئۇ ئۆمرىدە بۇنداق ياخشى، جانغا ئارام بېرىدىغان باھانىگە يولۇقۇپ باقمىغانىدى. دۇنيا نەدە، خەۋپ - خەتەر نەدە؟ قېچىپ يۈرۈشنىڭ سەۋەبى نېمە؟ ئۇ ھەممىنى ئۇنتۇدى. ئۇنىڭغا ھازىر بۇ دۇنيادا كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ، دەم ئېلىشتىنمۇ ئارتۇق راھەت يوق ئىدى...

تۇساتتىن ئاڭلانغان ئاياغ تىۋىشى، كىملەرنىڭدۇر گۇدۇڭلاشقان ئاۋازى ئۇنىڭ ئاران تاپقان باھانە - سەۋەبلىرىنى بىتچىت قىلىۋەتتى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ ئەندىشە ئىچىدە ئەتراپقا قۇلاق سالدى. ئانچە يىراق بولمىغان يەردە نېمىلەرنىڭدۇر شىپىرلاپ ماڭغان ئاياغ تىۋىشى بىلەن ئادەملەرنىڭ پەس ئاۋازدا سۆزلەشكەن ئاۋازى كېلىۋاتاتتى. سالاۋات دەرھاللا ئېسىنى يىغىپ، قېلىن چاتقال ئارىسىغا شۇڭغۇدى. يۈرىكى ھازىرلا قېپىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك سىلىپ كېتىۋاتقاچقا، ئۇنىڭدا ھازىر ھارغىنلىق دېگەندىن ھېچ نەرسە قالمىغانىدى.

ئۇ يوشۇرۇنغان چاتقاللىقنىڭ ئالدى تەرىپى بىر پارچە بوشلۇق بولغاچقا، ھايال ئۆتمەي بىرنەچچە تۇياق كالا ھەيدەيدىغان ئۈچ ئادەم شۇ يەردە ئاتتىن چۈشتى. تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇنقى تىمتاس كېچىدە سالاۋات ئۇلارنى ئېنىق كۆردى.

— مەن سىلەرنى مۇشۇ يەرگىچە ئۇزىتىپ قوياي. بۇنىڭ بىر تەرىپى ئەمدى بىخەتەر. خۇددى ئۆز مېلىڭلارنى ھەيدەپ ماڭغاندەك بەخىرامان كۆزلىگەن نىشانىڭلارغا يېتىۋالىسىلەر، — دېدى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرى بوغۇق ئاۋازدا.

— ساڭىمۇ كۆپ رەھمەت. سېنىڭدەك ھەممە ئىشقا ئېپى بار شېرىكىمىز بولغاچقا، ئىشلىرىمىز شۇنداق ئوڭۇشلۇق يۈرۈشۈپ

كېتىۋاتىدۇ، — دېدى يەنە بىرى بۇنىڭغا جاۋابەن، — ھازىرچە بۇنى ئېلىپ تۇر. قالغىنىنى مال سېتىلغاندىن كېيىن نىسبەت بويىچە بۆلۈشىمىز. سالاۋات سۆزلەۋاتقان ئادەمنىڭ شېرىكىگە پۇل بەرگەنلىكىنى جەزم قىلدى.

— ئۇنداق بولسا تېزرەك يولغا چىقىڭلار. مەن بۇ يەردە ئازراق ئۇخلىۋېلىپ ئاندىن ئۆيگە قايتىپ كېتىمەن، — دېدى ئاۋۋال سۆزلىگەن ئادەم ئۇلارنى ئالدىرىتىپ.

سالاۋات ئۇلارنىڭ شېرىكلەشكەن مال ئوغرىلىرى ئىكەنلىكىنى بىلدى. كۆز ئالدىدا بولۇۋاتقان ئىشلارغا ئەمدى ئۇنىڭ باغرىنى يەرگە يېقىپ، ئۈن - تىنسىز قاراپ تۇرماقتىن باشقا ئامالى يوق ئىدى. مال ئوغرىلىرى يولغا چىقتى. كۆپ ئۆتمەستىنلا يېقىنلا يەردە خورەك ئاۋازى ئاڭلاندى. سالاۋاتنىڭ يۈرەكلىرى ئويناپ كەتتى. تەڭرى ئۇنىڭغا يەنە بىر قېتىم شاپائەت ئاتا قىلىۋاتاتتى. ئۇ ئويلىنىپ تۇرمايلا، پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ يوشۇرۇنۇپ ياتقان يېرىدىن چىقتى. ئېتىنى بىر تۈپ جىغانغا باغلاپ قويغان ئوغرى ئۇگدىسىغا ياتقىنىچە تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى. سالاۋات ئاجايىپ بىر خىل چاققانلىق بىلەن ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى يېشىپ، مۈشۈككە ئوخشاش تىمىسقىلىغىنىچە ئاتنى يېتىلەپ ماڭدى. ئۇ ئاتنى مىنىپ تاغ تەرەپكە چاپتۇرۇپ كەتكەندىمۇ ئاتنىڭ ئىگىسى شېرىن چۈش ئىلكىدە قاتتىق ئۇخلاۋاتاتتى.

## 8

بەلكىم ئۆي خىزمەتچىسى ئۆي ئىگىسىگە دەم ئېلىش ۋاقتىنى ئۇزارتىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىپ كەلمىگەن بولسا، شەھەر باشلىقىنىڭ ئايالىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى بۇنچىلىك تېز تارقىلىپ كەتمىگەنمۇ بولاتتى. ئۈچ كۈنلۈك دەم ئېلىش بېرىلگەن قىز ئۆيگە كەلگەندە ئانىسى ئوت - كاۋاپ بولۇپ ياتاتتى. ئۇ بىر كۈن كەچكىچە پايپېتەك بولۇپ، ئانىسىنى دوختۇرخانىغا ئاپاردى.

ئۈشتۈمتۈت قوزغالغان كېزىك ئانىنىڭ ھاياتىغا تەھدىت سېلىپ تۇراتتى. قىز نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالدى. ئانىسىنى بالنىتسىغا ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن، بىر كېچە ئۇنىڭ قېشىدا تىك تۇرۇپ چىقتى.

دېھقان بولۇش ھەقىقەتەن ئۇنداق ئاسان ئەمەس ئىدى. مۇشۇ ئاي ـ مۇشۇ كۈنلەردىكى قاتلاڭچىلىقتا دېھقانلار خەقنىڭ قولىنى ئۆتنە ئالغۇدەك بولۇپ يۈرەتتى. ئانىنىڭ ئاغرىپ يېتىپ قېلىشى بىر ئۆيلۈك ئادەملەرنى تەمتىرىتىپ قويدى. ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئامال تاپالمىغان قىز ئاخىر خوجايىنىدىن رۇخسەت سوراش قارارىغا كەلدى. ئۇ ئىشكىتىن كىرىپلا ئالۋاستىغا يولۇققاندەك چىرقىراپ كەتتى. خوجايىن ئايال كارىۋاتتا مىدىر ـ سىدىر قىلماي ياتاتتى.

دېلودىن خەۋەر تاپقان ساقچىلار دەل ۋاقتىدا يېتىپ كەلدى. ئۆي ئىچىدە جىددىي تەكشۈرۈش باشلىنىپ كەتتى. سىرتتىكى ئادەملەر تۈرلۈك قىياسلارنى قىلىشاتتى. ئۇلارنىڭ قىياسى ئاخىر «بۇ پۇل ـ مالغا مۇناسىۋەتلىك قاتىللىق دېلوسى، شۇنداق بولمىسا شەھەر باشلىقىنىڭ ئۆيدىن ئايرىلغىنىغا نەچچە كۈن بولماي تۇرۇپ بۇنداق پاجىئە يۈز بېرەرمىدى» دېگەن نۇقتىغا يىغىنچاقلاندى. ئۇلار بۇ يەردە قاتىللىق دېلوسى بىلەن بىللە يەنە بىر مۇھىم دېلونىڭمۇ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى.

ساقچىلار جىددىيلىشىپ كەتتى. شەھەر باشلىقىنىڭ ئۆيدىن ئايرىلىشى بىلەن مۇنداق زور دېلونىڭ يۈز بېرىشى ئۇلارنى ھەقىقەتەنمۇ چۆچۈتۈۋەتتى. قاتىلغا مۇناسىۋەتلىك يىپ ئۇچى تېپىلماي تۇرۇپلا ياستۇق بىلەن يوتقان ئىچىدىن نۇرغۇن پۇل بايقىلىپ قالدى.

— مەيلى قانداق ئەھۋال يۈز بېرىشىدىن قەتئىينەزەر قاتىلنى چوقۇم تېپىڭلار. ئۆي ئىچىنى تەلتۆكۈس ئاختۇرۇڭلار.

يۇقىرىدىن بېرىلگەن بۇيرۇق بىر تەرەپتىن ئادەمنى

روھلاندۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئەندىشىگە سالاتتى. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن قارىغاندا بۇ ھەرگىزمۇ مال ـ دۇنيانى دەپ پەيدا قىلىنغان قاتىللىق دېلوسى ئەمەس ئىدى. قولغا چۈشكۈدەك يەرگە قويۇلغان پۇل ۋە پۇلغا يارايدىغان قىممەتلىك بۇيۇملار شۇ پېتىچە تۇراتتى. ئاختۇرۇش نەتىجىسىدىن ساقچىلار چۆچۈپ كەتتى. شۇنچە ئورغۇن دۇنيانىڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقىنىڭ ئۆيىدىن چىقىشىنى ساقچىلار ھەرقانچە قىلىپ ئەقلىگە سىغدۇرالمىدى.

جەۋەر ۋابا كېسىلى تارقالغاندەك ھەش ـ پەش دېگۈچە پۈتكۈل شەھەرگە تارقىلىپ كەتتى. ئادەملەر ھەيران بولغىنىدىن ياقىلىرىنى تۇتۇشتى.

رەزىللىك كۆپىنچە ھاللاردا ساختا گۈزەللىكنى ئۆزىگە نىقاب قىلىدۇ. ساختا گۈزەللىك ئاستىدىكى رەزىللىك قولىدا بوغۇلۇپ، جان تالىشىۋاتقان ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ قەلبىدىكى قايغۇ ـ ھەسرەتلىرىنى باشقىلارغا تىنىشقا پېتىنالمايدۇ. مۇئاۋىن شەھەر باشلىقىنىڭ ئۆيىدىكى قاتىللىق بىلەن ئاشكارىلانغان سەتچىلىك بۇنىڭ گەپ كەتمەيدىغان ئىسپاتى.

ۋىلايەتتىن كەلگەن رەھبەرنىڭ غەزەپتىن گۈرەن تومۇرلىرى كۆپۈپ كەتتى. ئۇ قايسى گەپلەرنى دېسە ياخشى بولىدىغانلىقىنى ئويلاۋاتقاندەك بىرپەس تۇرغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— بۇ بىر تىپىك چىرىكلىك دېلوسى. بۇ دېلونى چوقۇم ئۇزۇل ـ كېسىل ئېنىقلاپ چىقىپ خەلقئالەمگە ئاشكارىلىشىمىز كېرەك. بىزنىڭ بەزى رەھبەرلىرىمىزنىڭ كاللىسىنى سېلكمۇۋېتىدىغان ۋاقتى بولدى. مېنىڭچە بۇ قېتىمقى قاتىللىق چوقۇم مۇشۇ چىرىكلىك دېلوسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك...

رەھبەر سۆزىنىڭ ئاخىرىدا كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى ئېلىپ باردى. يىغىن تۈگىگەندە ئادەملەرنىڭ قەلبىدە «قاتىل زادى كىم؟» دېگەن سوئال كېزىپ يۈرەتتى.

كۈن ئولتۇرۇش ئالدىدا پۈتكۈل دالا كەچكى شەپەق قوينىدا تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كەتتى. تەلەينىڭ بىردىنلا ئىچى سىقىلىپ،

ھۆكرەك ئېتىپ يىغلىغۇسى كەلدى . ئەگەردە بىرى كېلىپ ھالىڭ نېچۇك ؟ دېگەن بولسا ئىچىدىكى دەرد ـ ئەلەملىرىنىڭ بىرىنىمۇ قويماي تۆكۈپ ، ئازراق بولسىمۇ دەردىنى چىقىرىۋالغان بولاتتى . بىراق ، ھازىر ئۇنىڭ قېشىدا ھېچكىم يوق ، ئۆزى تەنھا .

تەلەي ئېغىر تىنىپ ئورنىدىن تۇردى . ئۆي ئىچىدە ئادەمنىڭ ئىچى سىقىلغۇدەك جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى . ئۇ سالاۋات بىلەن ئاجىراشقان مۇشۇ بىرنەچچە كېچىنى قاتتىق ئازاب ئىچىدە ئۆتكۈزدى . ئويلىمىغان يەردىن ئۇنىڭ تۇرمۇشى ئاچا يولغا كېلىپ قالدى .

تەلەي بىردىنلا دىلارەنى ئەسلەپ قالدى . ئۇنىڭ ئادەمنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرگۈدەك گۈزەل چىرايى كۆز ئالدىغا كېلىشى بىلەن ئىچى زەھەردەك ئېچىشىپ كەتتى . دىلارە راستتىنلا ئادەمنىڭ ئىچى كۆيگۈدەك چىرايلىق ئىدى . ئۇنىڭ ئاشۇ چىرايى بىلەن نېمە ئۈچۈن ئايالى بار بىر ئەرنى تاللىغانلىقى تەلەينىڭ كاللىسىدىن پەقەتلا ئۆتمىدى . رىئاللىق ئاخىر ھەممىدىن غالىب كەلدى . مەيلى ئۇنىڭ كاللىسىدىن ئۆتسۇن ـ ئۆتمىسۇن ، ئۇ ئالۋاستى ئاخىر ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئادىمىنى تارتىپ كەتتى...

تەلەي دىلارەنىڭ ئۆيىگە بارغان مەنزىرىنى ئويلاپ ، ئۆزىگە ئۆزى ئۆچلۈك قىلدى . ئۇنىڭ ئويلايدىغانلىرى تولىمۇ كۆپ ئىدى . قېيناتا ـ قېينانىسىغا ئىچى ئاغرىيتتى . ئۇلارغا بۇ ئىشنى قانداق ئۇقتۇرۇشنى بىلەلمەي جىلە بولاتتى . نېمە ئۈچۈندۇر مۇشۇ ئىككى كۈندىن بېرى قېيناتىسى بىلەن قېينانىسى بۇ تەرەپلەرگە ئۆتمىدى . بىر ھېسابتا ئۇلارنىڭ بۇياقلارغا ئۆتمىگىنىمۇ ياخشى بولدى . ئۇلارنى كۆرسە تەلەي ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي بۇقۇلداپ يىغلاپ كېتىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى . مەيلى قانداق بولسۇن ، ئاجىراشقىنىمىزنى سالاۋات ياكى باشقىلارنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىسۇن ، شۇنداق بولغاندا ماڭىمۇ ئاسان بولىدۇ ، دەپ ئويلىدى ئۇ كۆڭلىدە .

دەرۋازىنىڭ ئەنسىز ئۇرۇلۇشى تەلەينىڭ خىياللىرىنى بۆلۈۋەتتى . ئۇ ئىتتىك بېرىپ دەرۋازىنى ئېچىپ چۆچۈپ كەتتى ،

دەرۋازا ئالدىدا دىلارە تۇراتتى . تەلەيىنىڭ يۈرىكى مۇجۇلغاندەك قىلدى .
— تېز ئۆيگە كىرەيلى ، — دېدى دىلارە ئۇنىڭ ئويلاۋاتقانلىرىنى بىلگەندەكلا . ئۇ تەلەيىنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا ئۆيگە كىردى . ئەتراپقا ئىنچىكىلىك بىلەن سەپسېلىپ چىققاندىن كېيىن چوڭقۇر «ئۇھ» تارتتى .
— سالاۋات ئۆيدە يوقمۇ ؟
— يوق . ئۇنى ئىزدەپ قاپسىزغۇ ؟ — تەلەي ئۇنىڭغا مىختەك تىكىلىپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى . دىلارە پەرۋاسىزلا سۆزىنى داۋام قىلدى .
— ئۆيگە كەلمىگىنىگە قانچىلىك ۋاقىت بولدى ، ئەزمىڭىزنى ئەزمەي تېز جاۋاب بېرىڭ . هازىر كونا خامانىنى سورۇيدىغان ۋاقىت ئەمەس .
تەلەي ئۇنىڭ كۆزىدىن «يالت» قىلىپ ئۆتكەن ۋەھىمىنى كۆرگەندەك بولدى . «نېمىش بولغاندۇ ؟ بىرەر ۋەقە بولمىغان بولسا ئۇ هەرگىزمۇ بۇ يەرگە كەلمىگەن بولاتتى» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ جاۋاب بەردى :
— بىز ئاجرىشىپ كەتكەن ، ئۇنى كۆرمىگىلى ئىككى كۈن بولدى .
دىلارە ئولتۇرۇپ قالدى . ئۇنىڭ لەۋلىرى مۇھىم بىر گەپنى دېمەكچى بولغاندەك تىترەپ كەتتى .
— ئىلاهىم ئۇ ئەمەس بولۇپ چىقسىدى ، — ئۇ ئۆزىگە ئۆزى ئەنە شۇنداق دەپ پىچىرلىدى . تەلەيىنىڭ يۈرىكى ئۈيۈپ قانلىرى قېتىپ قالدى . سالاۋاتقا بىر ئىش بولغان ئوخشايدۇ ، دەپ پۈتۈن ۋۇجۇدى كۆيۈشۈپ كەتتى .
— سىز بىرەر شۇم خەۋەر ئېلىپ كەلگەن ئوخشىمامسىز ؟ ئۇنىڭغا زادى نېمىش بوپتۇ ؟
دىلارە يېلىنىش نەزىرى بىلەن ئۆزىگە تىكىلگەن تەلەيگە قاراپ قويدى .

— بۇ گەپنى سىزگە دېمىسەم بولمايدۇ ، شەھەر باشلىقىنىڭ ئايالىنى ئۆيىدە بىرى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ . ساقچىلار ھازىر قاتىلنى ئىزدەپ يۈرىدۇ ، — دىلارەنىڭ ئاغزىدىن چىقمۇاتقان چۈشىنىكسىز سۆزلەر بىلەن تەلەيىنىڭ ئوي - پىكىرلىرى تېخىمۇ قالايمىقانلىشىپ كەتتى .

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز ؟ ھېچ چۈشىنەلمىدىم ، سىز سالاۋاتنى قاتىـــل دېمەيدىغانسىز ؟ — تەلەيىنىڭ ئاۋازىدىكى ئاچچىق ئۇرغۇ دىـلارەنـىڭ يۈرىكىگە نەشتەردەك سانجىلغان بولسىمۇ ، ئۇ يەنىلا سىلىق ئاۋازدا جاۋاب بەردى .

— خاتا چۈشىنىپ قالماڭ ، مەن ھەرگىزمۇ ئۇنداق دېمەكچى ئـەمـەسمەن . بىراق ، سىزمۇ بىلىسىز ، سالاۋات ئۇلارنى ياخشى تونۇيدۇ . بىلىشىمچە خىزمىتىنى شەھەرگە يۆتكەش ئۈچۈن ئاز پۇل خەجلىمىدى . ئۇ ئايال ئۆلدى . مەن ئەنسىرەپ قالدىم ، شۇڭا بۇ ئـىشتىن سىزنى خەۋەرلەندۇرۇپ قوياي دەپ كېلىشىم . سالاۋات ئۆيگە كەلمىگەن بولسا ، ئۇنداقتا قەيەرلەردە يۈرىدىغاندۇ ؟

تەلەيىنىڭ بەدىنىدىن مۇزدەك تەر چىقىپ ، پۇت - قولىدا جان قـالمىدى . دېمىسىمۇ سالاۋات يۆتكىلىش ئىشىنى دەپ يىغقان - تەرگىنىنىڭ ھەممىسىنى سەرپ قىلغانىدى . گەرچە ئۇلار ئاجرىشىپ كەتكەن بولسىمۇ ، مۇشۇ بىر ئىش تۇيۇقسىز تەلەيىنىڭ يۈرىكى تۈز سەپكەندەك ئېچىشىپ كەتتى .

— مەن سالاۋاتنىڭ دېرىكىنى ھەممە ياقتىن قىلدىم . ئۇنى كۆردۈم دېگەن بىرمۇ ئادەم يوق . ئەجەبلىنەرلىك يېرى ، ئۇ شەھەر باشلىقىنىڭ ئايالى قەستكە ئۇچراپ ئۆلتۈرۈلگەن كۈندىن باشلاپ تونۇش - بىلىشلەرنىڭ بىرى بىلەنمۇ ئۇچراشماپتۇ . بۇ ئىش مېنى بىرئاز ئەنسىرىتىپ قويدى . قانداقلا بولسۇن ، ئىككىڭلار بۇرۇن ئەر - خوتۇن بولۇشقان ، شۇنىڭ يۈزىنى قىلىپ بولسىمۇ ئۇنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىپ قويۇڭ . دېرىكى چىققان ھامان ماڭا خەۋەر قـىـلـىـپ قويارسىز ، — دىلارە شۇنداق دەپلا ئورنىدىن تۇرۇپ ئـىـشـىـكـتـىـن چـىـقـتى . ئۇ سالاۋاتنىڭ ئۆزىنى ئىزدەپ پۇل

سورىغانلىقى، سومكىغا يېمەكلىك قاچىلاپ ئالدىراشلىق ئىچىدە ئۇن ـ تىنسىز غايىب بولغانلىقى توغرىسىدا ھېچنېمە دېمىدى. ئۇنىڭ قەلبىدە كۆتۈرۈلگەن كۆڭۈلسىز سوئاللار ۋۇجۇدىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ ئېغىزىدىن چىقىرىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان بىر ئىشتىن بېشارەت بېرىپ تۇراتتى.

دىلارە كەتتى، ئىچىگە ئەنسىز خىياللار كىرىۋالغان تەلەي ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلاپ ئۇخلىسىغا ياتتى. ئۇنىڭ كاللىسىدا قورقۇنچلۇق خىياللار ئەگىپ يۈرەتتى. دىلارەنىڭ چىرايى، ھەربىر ئېغىز سۆزى يۈرىكىگە خۇددى يىڭنە سانجىلغاندەك تۇيۇلۇۋاتاتتى. «نەس باسقان بۇ بىرنېمە شۇ گەپنى دەپ قويغىلى كەلمىگەندۇ؟ ئۇ نېمە ئۇچۇن شەھەر باشلىقىنىڭ ئايالىنىڭ قەستكە ئۇچرىشى بىلەن سالاۋاتنىڭ يوقاپ كېتىشىنى بىر ـ بىرىگە باغلىۋالىدۇ؟ سالاۋات راستىنلا يوقاپ كەتكەنمىدۇ؟ ئەگەر راست بولسا...». ئۇ داۋاملىق ئويلاشقا جۈرئەت قىلالماي ئورنىدىن تۇردى. «يەنە نېمە ئۇچۇن ئۇنىڭ غېمىنى يەيمەن، بىز دېگەن ئاجرىشىپ كەتكەن، نېمە بولسا بولمامدۇ؟» دەپ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇردى. دەل شۇ چاغدا قورسىقىدىكى جان مىدىرلاپ كەتتى. ئۇ گويا ئانىسىنىڭ ھەسرەتلىرىگە چىدىمايۋاتقاندەك جان ـ جەھلى بىلەن تېپىرلايتتى. بۇنىڭ بىلەن تەلەي ئۆزىنى باشقىلار تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەن بەختسىز ئايال، يەر ـ جاھانغا سىغمىغان ئارتۇقچە ئادەمدەك ھېس قىلدى، ئىچ ـ باغرىنى تىلغاپ چىققان چوڭقۇر نەپەس گېلىغا كېلىپ كەپلىشىپ، دېمىنى ئالالماي قالدى. پۈتۈن ۋۇجۇدى ئاچچىق دەستىدىن تولغىنىپ، كۆزىدىن ياش تامچىلىرى يامغۇرغا ئوخشاش تۆكۈلۈپ كەتتى. ئەگەردە دەرۋازا ئېچىلىپ ھويلىغا قېيناتىسى بىلەن قېيناتىسى كىرىپ كەلمىگەندە ئۇ بەلكىم ئۆزىنى ياستۇققا ئېتىپ، ھۆكرەپ يىغلىغانمۇ بولاتتى. ئۇ ئالدىراپ قالدى. كۆزىدىكى ياش يۇقىلىرىنى سۈرتۈپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى.

— ھېلىقى ئەقلى دۆمبىسىگە چىقىپ قالغان كىسپۇرۇش قېنى؟ — دېدى قېيناتىسى ھويلىغا كىرىپ ئەتراپقا بىر قارىۋېتىپ،

ئۇنىڭ ئاۋازىدىن قاتتىق ئاچچىقلىنىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. تەلەينىڭ يۈرەكلىرى ئىغىپ كەتتى. «ئۇلارمۇ شەھەر باشلىقىنىڭ ئايالىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ دىمىنى ئىچىگە يۇتتى.

— نىمىگە چىچىلىسىز؟ ئاجراشقان ئادەم بۇ ئۆيدە نىمىش قىلىدۇ؟ — دىدى قىينانا بوۋىيىغا توك تىگىپ. بۇنىڭ بىلەن تەلەينىڭ يۈرىكى ئورنىغا چۈشكەندەك بولدى، — شۇنچىلا چوڭ ئىشتىن بىزنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويمىغىنىڭىز نىمىسى بالام؟ ھەممىدىن خەۋەر تاپتۇق. بىز بالا باقماي بىر ئىت بىقىپتىمىز، شۇڭا بۈگۈن دادىڭىز بىلەن ئىككىمىز سىزدىن كەچۈرۈم سورىغىلى كەلدۇق.

تەلەينىڭ ئەمدى ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا قۇدرىتى يەتمەي قالدى. سەدەپتەك چىشلىرى لىۋىگە پىتىپ كىتىۋاتقان بولسىمۇ، كۆز چانىقىدا يالتىرىغان ياش ئىگىكىنى بويلاپ مارجانغا ئوخشاش دومىلاپ كەتتى. ئۇ شۇ تاپتا ئۆزى چوڭ بىلگەن، ھۆرمەتلىگەن، چىن قەلبىدىن ياخشى كۆرگەن بوۋاي بىلەن مومايىنىڭ بويىنىغا ئىسىلىپ قانغۇچە يىغلىۋالغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى - ھە! قىينانا بىلەن قىيناتا كىلىنىنىڭ ياش تۆكۈشىگە ئۈن - تىنسىز قاراپ تۇردى. ئۇلارنىڭ كۆزىگە كىلىنى يانجىلىپ كىتىۋاتقاندەك، بىشىغا كەلگەن قىسمەتلەرگە بەرداشلىق بىرەلمەي ئىككى پۈك بولۇپ كىتىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى.

— سىلەرنىڭ ئاجرىشىپ كەتكىنىڭلارنى ئاڭلاپ دادىڭىز بىلەن ئىككىمىز قاتتىق ئازابلاندۇق. ئادەم بالىسىنىڭ ئازغۇسى كەلسە بىردەملىك ئىش ئوخشايدۇ. سوتتا نىمىلەرنى دىيىشكەنلىكىڭلارنى بىلمەيمىز بالام. ئەمدى قانداق قىلاي دەۋاتىسىز؟ تەلەي قەددىنى رۇسلاپ، چوڭقۇر نەپەس ئالغاندىن كىيىن، بىشىنى كۆتۈرمەي جاۋاب بەردى:

— كۆچۈپ كىتەي دەۋاتىمەن، ئانا، ئۆزۈمگە تەئەللۇق نەرسىلەرنى قاچىلاپ تىگىپ قويدۇم. ئەمدى بۇ ئۆيدە ئولتۇرۇشقا



رايىم يوق . ئۇنىڭ ـ بۇنىڭغا كۆزۈم چۈشسە ھەسرەتلىرىم كۆچىيىپ كېتىدىكەن .
— دادىمىز بىلەن ئىككىمىز دەل مۇشۇ ئىش ئۈچۈن كېلىشۈدۇق . بىز سىزنى ئۆز قىزىمىزدىنمۇ ئەتىۋار بىلىمىز . بىزنىڭ ئەمدى ئۇنداق بالىمىز يوق ، نەگە يوقالسا شۇ يەرگە يوقالسۇن . تەلپىمىزنى رەت قىلماسلىقىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز . بۇ ئۆي سىزنىڭ ئۆيىڭىز . ئەگەردە بۇ ئۆيدە تۇرغۇڭىز كەلمىگەن بولسا ، بىز ئېلىپ كېتەيلى . بىز بىلەن بىللە تۇرۇڭ . بۇنداق بولغاندا قورساقتىكى بالىغىمۇ ياخشى ... — ئانا سۆزلىيەلمەي قالدى . تەلەينىڭ ھېسسىياتلىرى يەنە بىر قېتىم داۋالغۇپ كەتتى . ئۇنىڭ ئەردىن تەلىيى كەلمىگىنى بىلەن قېيناتا ، قېينانىدىن تەلىيى كەلگەنىدى . ئادەتتە ئۇنچىقمىغىنى بىلەن ھەر ئىككىلىسى ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ يۈرەتتى . مانا بۈگۈن بۇ تېخىمۇ روشەن ئىپادىلەندى . ئۇلار ئۆز ئوغلىدىن كەچمەكتە . بۇ ھەرگىزمۇ مۇنداقلا دەپ قويغان گەپ ئەمەس . ئۇ ماقۇللا دېسە بوۋاي بىلەن موماي ئۇنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرىدۇ . ئۇ ئۆزىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا رەھمەت ئېيتسا بولىدۇ . چۈنكى ، ئاتا ـ ئانىسى بېشىغا كۈن چۈشكەندە تەلەيسىز بولۇپ قالمىسۇن دەپ ئۇنىڭغا تەلەي دېگەن ئىسمىنى قويغان .
— سىلەرگە كۆپتىن ـ كۆپ رەھمەت ، دادا ، ئاپا ! مېنىڭ سەۋەبىمدىن قاراپ تۇرۇپ بىرمۇنچە دىشۋارچىلىقلارغا يولۇقتۇڭلار . بىزنىڭ ئىشىمىزنى تېخى ئۇرۇق ـ تۇغقانلار بىلمەيدۇ . مەن يوشۇرغىنىم بىلەن ھامان بىر كۈنى ئۇلارمۇ بىلىپ قالىدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز ئاجرىشىپ كەتتۇق . سىلەرنى دېسەمغۇ بىر ئۆمۈر يېنىڭلاردا تۇرۇپ ، خىزمىتىڭلارنى قىلسام دەيمەن . بىراق ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار بىلەن ئەل ـ يۇرت نېمە دەيدۇ ؟ ھازىر مەندە گەپ كۆتۈرگۈدەك مادار قالمىدى . مەن ۋەدە بېرەي ، بېشىمغا ھەرقانچە دەرد ـ ئەلەم كەلگەن تەقدىردىمۇ مەن سىلەرنى ھەرگىز تاشلىۋەتمەيمەن . ماڭا ئاتا ـ ئانامدىنمۇ بەكرەك ياخشى قارىدىڭلار .

مەن سىلەرنى چوقۇم يوقلاپ تۇرىمەن…
تەلەي سۆزلىيەلمەي قالدى . بوۋاي بىلەن موماي بىر ـ بىرىگە قاراشقاندىن كېيىن ئۆيدىن چىقتى . ئۇلارنىڭ مۇكچەيگەن قىياپىتى كەچكى شەپەقنىڭ قوينىدا ئاستا ـ ئاستا يىراقلاپ ، كۆزدىن غايىب بولدى . تەلەي خېلى بىر ۋاقىتچە ئۇلار كەتكەن تەرەپكە ئۇن ـ تىنسىز قاراپ تۇردى . ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئېزىدىغان ئوي ـ پىكىرلەر ئۇنىڭ ئىچىنى غاجاپ كېتىۋاتاتتى . ئۇ سالاۋاتنىڭ شەھەرگە يۆتكىلىش ئىشىنىڭ سۇغا چىلاشقانلىقىنى ، ئۇنى يۆتكەشكە يول مېڭىۋاتقان مۇئاۋىن شەھەر باشلىقىنىڭ ئايالىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ، سالاۋاتنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى ، دىلارەنىڭ كېلىپ كەتكەنلىكىنى قېيناتىسى بىلەن قېينانىسىغا دېمىدى . ئۇنىڭسىزمۇ ئۇلارنىڭ دەرد ـ ئەلىمى يېتىپ ئاشاتتى .

تەلەي تۇرغان ئورنىدىن قوزغالغان چېغىدا ، يېڭى تويى بولغان كۈنلەرنى ئەسلەپ قالدى . ئۆي ئىچىدە سالاۋاتنىڭ قوغلىغانلىقىنى ، ئۆزىنىڭ ئۇستەلنى ئايلىنىپ قاچقانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى . ئۇ چاغدا ھەممە نەرسە سۆيۈملۈك ، قىزغىن ، يېپيېڭى ئىدى . ئەر ـ ئاياللىق ئىناق تۇرمۇش ئۇلارنى سامادا كۆتۈرۈپ ، كىشىلەرنىڭ ئەقلىنى لال قىلىدىغان جەننەتلەردە سەيلە قىلدۇراتتى . تەلەي بىر قېتىم سالاۋاتنىڭ يىراقتىن كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تونۇرنىڭ كەينىگە مۆكۈۋالدى . ئۇ كۈنى قېيناتىسى بىلەن قېينانىسى يۇقىرى مەھەللىدىكى تويغا كەتكەچكە ئۆيدە ھېچكىم يوق ئىدى . سالاۋات ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىنى قويماي ئاختۇرۇپ چىقتى . تاپالمىغاندىن كېيىن ئىشىك ئالدىغا چىقىپ جېنىنىڭ بارىچە «تەلەي» دەپ ۋارقىرىدى . جىلە بولغىنىدىن ئۆگزىگە چىقىپ كوچىغا ، باغقا قارىدى . تەلەي شۇ چاغدا ئۆزىنىڭ سالاۋات ئۈچۈن قانچىلىك مۇھىملىقىنى چۈشەندى . سالاۋات تىت ـ تىت بولۇۋاتاتتى . ھويلىنىڭ ئىچىدە تەنتەك موزايغا ئوخشاش پىرقىراۋاتاتتى . ئۇ ئاخىر ئازراق تەخىر قىلىشقىمۇ چىدىماي ،

ۋېلسىپىتنى يېتىلەپ سىرتقا ماڭدى .

— هاي ، مەن بۇ يەردە !

تەلەي ئورنىدىن تۇرۇپ شوخلۇق بىلەن ۋارقىرىدى . سالاۋات كەينىگە قارىغىنىچە ۋېلسىپىتنى تاشلاپ ئۇنىڭغا قاراپ يۈگۈردى . تەلەي قاچتى . شۇ قاچقىنىچە ئىشىكنى ئېچىپ باغقا كىرىپ كەتتى . ئۇ كۈلەتتى . ئىككى قولىنى كېپىنەكنىڭ قانىتىدەك يېيىپ ، شامالدەك تېز يۈگۈرەيتتى . شۇ كۈندىكى شۇنچە زور غەيرەت - شىجائەتنىڭ قاياقتىن كەلگەنلىكىگە خېلى كۈنلەرگىچە ھەيران بولۇپ يۈردى . سالاۋات ئۇنى تۇتالماي پۇتلىشىپ بىرقانچە قېتىم دومىلاپ كەتتى . ئۇلار ھەممىنى ئۇنتۇپ باغ ئىچىنى بېشىغا كىيدى . شۇلارنى ئەسلىگەن تەلەينىڭ كۆڭلى ئېچىلىپ كەتتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ چاغلاردىكى ھاياجانلىق كۆرۈنۈشلەر ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تۇنۇگۈنلا يۈز بەرگەندەك تۇراتتى . ئۇ يەنە سالاۋاتنىڭ «سىز مېنىڭ جېنىم ، ماڭا سىز بولمىسىڭىز بولمايدۇ ، بىز قېرىپ كۆزىمىز يۇمۇلۇپ تۇپراقنىڭ ئاستىغا كىرىپ كەتكۇچە بىللە ياشايمىز . بىزنى ھېچكىم ئايرىۋېتەلمەيدۇ ، بىز يەنە نۇرغۇن جەمەتلىك بولىمىز . نەۋرە - چەۋرىلەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭى ئارىسىدا بەختتىن قانغۇچە ھۇزۇر ئالىمىز . چۈنكى ، بىز دېگەن خۇدا قوشقان بىر جۈپلەر» دېگەنلەرنى ئاڭلىغاندەك بولدى .

يىلان باغرى يولدا كېتىۋاتقان سالاۋات بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپقا قارىدى . ئەتراپنى قاتمۇقات ئېگىز تاغلار ئوراپ تۇراتتى . ئاقۋاش تاغلارغا قولنى سۇنسا يېتىدىغاندەكلا بىلىنەتتى . قۇياش ئۇلتۇرۇۋاتاتتى . كەچكى شەپەق ياپيېشىل داللارغا ئۆز نۇرىنى چېچىۋاتاتتى . كەڭ داللىدا ئېچىلىپ كەتكەن تۈرلۈك - تۈمەن گۈللەر كەچكى شەپەق نۇرىدا تېخىمۇ جىلۋىلىنىپ چوغدەك تاۋلىناتتى ، تىمتاسلىق كەڭ زېمىننى قاپلىغانىدى . سالاۋات ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ ، ئاتتىن چۈشتى - دە ، خۇرجۇننى ئالدى ، چۇلۋۇرنى ئاتنىڭ بوينىغا يۆگەپ ، تىزگىننى چىگكەندىن كېيىن ئاتنىڭ يانپىشىغا ئۇردى . ئات گويا ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى

بىلگەندەكلا دۆڭدىن پەسكە ئاۋايلاپ يۈرۈپ كەتتى . ئات كەتتى . ئۇ ئاتنىڭ خاسىيىتى بىلەن كۆزلىگەن يېرىگە تىنچ ـ ئامان كېلىۋالدى . تەڭرى ئۇنىڭغا يەنە بىر قېتىم پۇرسەت ئاتا قىلدى .

سالاۋات خۇرجۇندىكى يېمەكلىكنى قولى بىلەن تۇتۇپ قويغاندىن كېيىن ، مۇرىسىگە ئارتىپ قارىغايلىققا قاراپ يۈرۈپ كەتتى . ئۇ بۇك ـ باراقسان قارىغايلىقتىن ئۆتۈپ ، ھەيۋەتلىك تاغ تىزمىسىغا قاراپ بۇرۇلغاندا ، شەھەرنىڭ كوچىلىرى بىلەن تونۇش ئۆگزىلىرى كۆرۈنمەي قالدى . ئۇ كېتىۋېتىپ تولىمۇ يىراقتا قالغان مەھەللىسىگە بۇرۇلۇپ ، لەۋلىرىنى مىدىرلاتتى . «خەير ـ خوش ، ئەزىز يۇرتۇم» دەپ پىچىرلىغاندا يۈرىكى پىچاق بىلەن تىلغاندەك ئازابلىنىپ كەتتى .

## 9

كۈنلەر شۇنچىلىك تېز ئۆتۈۋاتاتتىكى ، ۋاققاس چۆپ چېپىش ۋاقتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىگە ئىشەنمەيلا قالدى . پۈتۈن مەھەللىدە چۆپ چېپىشنىڭ تەييارلىقى جىددىي كېتىپ باراتتى . سالاۋاتنىڭ ئۈن ـ تىنسىز يوقاپ كېتىشى ۋاققاس ئەر ـ خوتۇننى ئەنسىرىتىپ قويدى . تەرەپ ـ تەرەپتىن سۈرۈشتۈرگەن بولسىمۇ دېرىكى بولمىدى .

— ھېلىقى دىلارە دېگەن ئېزىتقۇنىڭ قېشىغا ئادەم ئەۋەتىپ باقامدۇق ـ يا ؟ بەلكىم ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكىدىن ئۇنىڭ خەۋىرى باردۇ ؟ — دېدى ۋاققاس ئايالىغا مەسلىھەت سېلىپ . پاتەمخان بىر پەس جىمجىتلىقتىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ جاۋاب بەردى :

— ئەۋەتسەك ئەۋەتەيلى ، ئەمما مەخپىي بولسۇن . شۇ بالىنى دېمىسەم ئاشۇ پاسكىنىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاشقىمۇ رايىم يوق . بىچارە تەلەي نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتقاندۇ ؟ ۋاققاس ئايالىنىڭ كۆز ياشلىرىنى ئېتەكى بىلەن سۈرتكىنىگە بىرپەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ، قاتتىق خورسىنىپ ئۆيدىن چىقتى .

ئۇلار ئەۋەتكەن ئادەم قايتىپ كەلدى . ئۇنىڭ دېيىشىچە دىلارەمۇ سالاۋاتنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلمەيدىكەن .

— بىلمەيمەن ، دەپلا قۇتۇلدىمۇ ئۇ قانجۇق . سالاۋات شۇنى دەپ ئۆيىنى ۋەيران قىلغان تۇرسا . «ئىت ۋاپا ، خوتۇن جاپا» دېگەن مانا مۇشۇ ، ئىزدەپ قويايمۇ دېمەپتۇ ـ دە !

ۋاققاسنىڭ غەزەپتىن يۈزلىرى چىڭقىلىپ ، گۆرەن تومۇرلىرى كۆپۈپ كەتتى .

— نېمىگە چېچىلىسىز ؟ ئەسلىدىمۇ شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىك . كېيىنكى تەگكەن خوتۇن ئۇنىڭ ئاۋارىچىلىكىگە ئەمەس ، بەلكى مال ـ دۇنياسىغا تېگىدۇ ، — دېدى ۋاققاسنىڭ غەزەپتىن ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالمايۋاتقانلىقىنى كۆرگەن پاتەمخان تەسەللى بەرگەن ئاھاڭدا .

ئۇلارنىڭ قەلبىدە بىر تۇرلۇك ۋەھىمە كېزىپ يۈرسىمۇ ، ئېغىزىدىن چىقىرىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى .

ۋاققاس تېخىمۇ جىمىغۇرلىشىپ كەتتى . ئۇ سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ ، مال ـ ۋارانلارنى جىمىقتۇراتتى . ھويلا ـ ئارامنى سۈپۈرۈپ ، بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلارغىچە تازىلايتتى . چالغىنى ئاچىقىپ بوشىغان يەرلىرىنى چىڭىتاتتى . پاتەمخان ئېرىنىڭ قاتتىق ئىچ ـ پۇشۇقى تارتىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ ئۇنىڭغا ياردەم قىلىشقا ئامالسىز ئىدى .

— مۇنداق كېتىۋەرسە بولمايدۇ ، — دېدى بىر كۈنى ۋاققاس چايدىن كېيىن چاپىنىنى كىيىپ .

— مەن ساقچىخانىغا بېرىپ دېلو مەلۇم قىلىپ قوياي . بەلكىم ئۇلارنىڭ بىر ئامالى باردۇ ؟

بۇ گەپ بىلەن پاتەمخانىنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى .

— بولمايدۇ ، قاچانلاردىن بېرى ئەقلىڭىز ئىشلىمەي قالدى . بىچارە بالىنى بالا ـ قازاغا تىقاي دەمسىز ؟ ئۇلارسىزمۇ مېنىڭ بالام قايتىپ كېلىدۇ . بەلكىم يولدا قايتىپ كېلىۋاتقاندۇ .

ۋاققاس ئايالىغا چەكچەيگىنىچە قاراپ قالدى . شۇنىڭدىن

كېيىن ئەر - خوتۇن ئارىسىدا سالاۋات توغرىسىدىكى گەپ - سۆز قايتا تىلغا ئېلىنمىدى .

— ئوت - چۆپ چېپىشقا بېرىپ كەلدىم . شامالنىڭ ياتقۇزۇۋەتكىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئوت - چۆپ شۇنداق بولۇق ئۆسۈپتۇ ، مۇشۇ بىر - ئىككى كۈننىڭ ئىچىدە چۆپ چېپىش ئومۇميۈزلۈك باشلىنىپ كەتسە كېرەك ، — دېدى سىرتتىن كىرىپ كەلگەن ۋاققاس چاپىنىنى يېشىۋېتىپ ، — مەن چالغىنى چىڭداپ قوياي .

پاتەمخان ئېرىنىڭ قولىدىن چاپاننى ئالدى .

— مۇشۇنداق قاتلاڭچىلىق كۈنلەردە بۇ بالا نەلەردە يۈرىدىغاندۇ ئادەمنى ئەنسىرىتىپ ، — پاتەمخان ئۆزىگە ئۆزى سۆزلىگەندەك غودۇڭشىدى . ئۇنىڭ ئېرىگە ئىچى ئاغرىيتتى . ياش بىر يەرگە بارغاندا چالغا كۆتۈرۈپ يۈرسە مەھەللىدىكىلەر نېمدەپ قالار ؟

ۋاققاس ھېچنېمە ئاڭلىمىغان ئادەمدەك ئۆيدىن چىقتى .

ئاسماندا ئۈزۈپ يۈرگەن پارچە بۇلۇتلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا ھاۋا ئوچۇق ئىدى . ئەتىگەندىلا قىزىرىپ چىققان قۇياش زېمىننى ئوتتەك قىزدۇراتتى .

ۋاققاسلارنىڭ چېپىشلىقى يېزىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە ، قاش دەرياسىنىڭ بويىدا ئىدى . ئۇنچە يىراق بولمىغان يەردىكى توقايلىق گويا بۇ يەرنىڭ پاسىل تېمىدەك كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇراتتى . يامغۇر - يېشىن كۆپ بولغان يىللىرى چاتقال ، ئورمان ئىچىدىكى بولۇق ئۆسكەن ئوت - چۆپلەر ئادەم بېلىگە كېلەتتى . ئەمگەك كۈچى بار دېھقانلار خالىغانچە چاپسىمۇ تۈگىمەيتتى . كۈزدىن تارتىپ قىشقىچە مال پادىلىرى ئوتلاپ چىقسىمۇ ، بەزى يەرلەردىكى چۆپنىڭ دەستىدىن ئۈزۈپ ماڭغىلى بولمايتتى . تەگرى ئاتا قىلغان مۇشۇ بايلىق بولغاچقىلا بۇ يەردىكى ئادەملەر ئوت - چۆپتىن ، ئوتۇن - ياغاچتىن ئانچە غەم قىلىپ كەتمەيتتى . ھەتتا بەزىبىر ئىگىسىز مال - چارۋىلار يىللاپ - يىللاپ توقاي ئىچىدە بەخۇدۇك ئوتلاپ يۈرىۋېرەتتى . ئۆي بىلەن چېپىشلىقنىڭ ئارىلىقى بەش

چاقىرىمدىن ئارتۇقراق بولغاچقا ھەر يىلىدىكى چۆپ چېپىش مەزگىلىدە دېھقانلار چۈشلۈك ئوزۇقنى ئېلىۋېلىپ ، قاش قارايغاندا ئۆيىگە قايتاتتى . بەزىلەر شۇ يەرگىلا كەپە ياساپ چۆپ چېپىش ئاياغلاشقۇچە تۇراتتى .

ۋاققاس تەييارلىقنى پۈتتۈرۈپ ھارۋىنى قاتتى . نەرسە - كېرەكلەرنى باسقاندىن كېيىن ، پاتەمخاننى يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ دەرۋازىدىن چىقتى .

— خۇدا ئۆزۈڭگە ئامانەت ، — دېدى پاتەمخان كەينىدە قېلىۋاتقان ئۆيىدىن قىيالمايۋاتقاندەك ئاھاڭدا پىچىرلاپ .

كوچىدا بالىلار ھېچنېمىدىن غېمى يوق سەكرىشىپ ئويناۋاتاتتى . پاتەمخاننىڭ كۆزى بىردىنلا سەل نېرىدا بىر - بىرىنىڭ ئېتىكىنى تۇتۇپ قاتارلاشقان بالىلارغا چۈشتى .

... ... ...

كۆچۈم نەگە كېتىپتۇ ،
ئاللا تاغقا كېتىپتۇ .
كېتىپتىمۇ كېتىپتۇ ،
كېتىپتىمۇ كېتىپتۇ...

ئۇزۇن سەپ بولغان بالىلار بىردىنلا ئۇياق - بۇياققا داۋالغۇدى . ئالدىدىكى بالا جېنىنىڭ بارىچە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرىنى تۇتۇۋېلىشقا ئۇرۇناتتى . بالىلارنىڭ ئويۇنىنى كۆرگەن پاتەمخاننىڭ يۈرەك - باغرى ئېغىپ كەتكەندەك بولدى . بىر چاغلاردا سالاۋاتمۇ ئاشۇ بالىلارغا ئوخشاش غەمسىز ئىدى . ئەتىدىن - كەچكىچە كوچىدىن كىرمەي ، مانا مۇشۇنداق ئويۇنلارنى ئوينايتتى . پاتقاقلارغا ئېغناپ ، كىيىملىرىنى يىرتىپ كېلەتتى . بەزى كۈنلىرى كېچە - كېچىلەپ ئۆيگە كىرمەي ئانىسىنى ئەنسىرەتكىلى سالاتتى . پاتەمخاننىڭ ئېسىدە ھېلىمۇ شۇنداق ئېنىق تۇرۇپتۇ . بىر كۈنى دالىدا گۈلدۈرماما دەھشەتلىك گۈلدۈرلەپ ،

يامغۇر شىددەت بىلەن قۇيۇۋەتتى . چاقماقنىڭ ۋەھىمىلىك ئاۋازىدىن پۈتكۈل مەھەللە شۈمشەرەپ قالدى . ئۆيلەرگە چىراغ يېقىلىپ ، دېرىزىلەردە غۇۋا يورۇق پەيدا بولدى . سىرتقا نەچچە قېتىم چىقىپ ـ كىرگەن ئانا ئەنسىرەپ قالدى . سالاۋات كۆرۈنمەيتتى . ئۇنىڭ بىللە بىللەن ئوينىغان باللار مەسلىھەتلىشۋالغاندەكلا بىر سائەتنىڭ ئالدىدا تارقاپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىشتى . پۈتۈن مەھەللە تەۋرەپ كەتتى . شارقىراپ چۈشۈۋاتقان يامغۇردا قولۇم ـ قوشنىلار ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى . بىراق ، سالاۋات ئاسمانغا چىقىپ كەتكەندەكلا تېپىلمىدى . ئانىنىڭ ئويىغا يەتمىگەن ئىشلار يېتىپ ، كۆزىدىكى ياشلارغا ئىگە بولالماي قالدى . «بۇ بالا زادى نەگە كەتكەندۇ ؟ »

ئانىنىڭ ئېسىگە توساتتىن تونۇر كەلدى . ئۇ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقنىڭ ھەممىسىنى قويماي ئاختۇرغان بولسىمۇ ، تونۇرغا قاراپ بېقىش خىيالىغىمۇ كەلمىگەنىدى . دېگەندەك سالاۋات ئاغزى يېپىقلىق تونۇر ئىچىدە بەخۇدۇك ئۇخلاۋاتاتتى . ئۇ ئويغىنىپ كۈلدى ، چىراغ نۇرىدا چىشى پارقىراپ كەتتى . كۈلگە مىلەنگەن ئەپتىدىن ئۇ باشقا بىر بالىغا ئوخشاپ قالغانىدى . ئانا ئۇنى باغرىغا بېسىپ ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى . ئۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈن تونۇر ئىچىگە كىرىۋالغانلىقىنى سورىغاندا ئۇ ئويلانمايلا :

— قىزىق بولسۇن دەپ بولمامدۇ ؟ ئۇخلاپ قالىدىغانلىقىمنى نەدىن بىلەي ، — دەپ جاۋاب بەردى .

بۇ تالاي يىللار ئىلگىرىكى ئىشلار ئىدى . ئانا باللارنى كۆرۈپ شۇلارنى ئەسلەپ قالدى .

پاتەمخان ئىرىگە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويدى . ۋاققاس كۆزلىرىنى يىراقلارغا تىككىنىچە ئىپادىسىز ئولتۇراتتى . ئات بىر خىلدا يورغىلاپ مېڭىۋاتاتتى .

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ، ۋاققاس تاغا ، چۆپ چېپىشقا ماڭغان ئوخشىمامسىلەر ؟ ئىشىڭلارغا بەرىكەت ياغسۇن ، — دېدى ئۇلارنىڭ ھارۋىسىنى يانداپ ئۆتكەن يىگىت ئېتىغا قامچا ئۇرۇپ .

— ياردەم لازىم بولۇپ قالسا «هايت» دەرسەن، — دېدى جالاقلاپ كېتىۋاتقان هارۋىغا مەهكەم يېپىشقان بوغالتىر جىنىنىڭ بارىچە ۋارقىراپ.

ۋاققاس ئۇلارنى ئېچىنىش نەزىرى بىلەن ئۇزىتىپ قالدى. ئۇ ئۆزىنى ئۆمرىدە بۈگۈنكىدەك يەككە - يېگانە هېس قىلىپ باقمىغانىدى. يالغۇزلۇق ئۇنىڭ يۈرىكىنى قۇرت غاجىغاندەك غاجاپ كېتىۋاتاتتى. بۇرۇنقى يىللاردا چالغىنى سالاۋات چاپاتتى. ئۇنىڭ غولچىنى كەڭ يېيىپ تارتقان چالغىسى بىلەن بىر تاختا يەردىكى چۆپ يىقىلىپ، سولنىڭ ئىچى پاك - پاكىز بولۇپ قالاتتى. ۋاققاس ئۇنى ماختاپ ئۇچۇرمىسىمۇ كۆڭلىدە ئوغلىدىن سۆيۈنۈپ، چىن دىلىدىن قايىل بولاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ كەسپى چالغا چىڭداش بولاتتى. دېمىسىمۇ چالغا چىڭداشتا پۈتۈن يېزا بويىچە ئۇنىڭدەك ماهىرلار كەم تېپىلاتتى.

قۇياشنىڭ تەپتىدىن پۈتكۈل دالا تونۇردەك قىزىپ كېتەتتى. خىلمۇخىل گۈللەر ئېچىلىپ گىلەمگە ئوخشاش يېيىلىپ ياتقان تۈزلەڭلىكتە ئادەملەر مىدىرلايتتى. ئىشقۋاز يىگىتلەرنىڭ ئېيتقان ناخشىلىرى يىراقتىن قولاقلارغا ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

قۇرغۇيۇم ئۇچتى قولۇمدىن،
قايدا مېهماندۇر بۈگۈن.
دەخلى بەرمەڭلار يارىمغا،
كۆڭلى پەرىشاندۇر بۈگۈن.

ۋاققاس ناخشىغا قولاق سالغاچ ئاتنى هارۋىدىن چىقاردى. بولۇق ئۆسكەن ئوت - چۆپلەر ئۇنىڭ كىلىشىدىن سۆيۈنگەندەك يېنىك تەۋرىنەتتى. ئىسسىق شامال توقايلىقتىن، ئوت - چۆپلەر ئارىسىدىن ئادەمنىڭ يۈزىگە يەڭگىل ئۇرۇلاتتى. قەيەردىندۇر بىر يەردىن قىزلارنىڭ، ئاياللارنىڭ جاراڭلىق كۈلكىسى ئاڭلىناتتى.

ۋاققاس چالغىسىنى رۇسلاپ تۇتقاندىن كېيىن غولچىنى

كەردى . چىڭداپ نىپىزلىتىلگەن چالغا چۆپلەر ئارىسىدا يەڭگىلگىنە يۇرۇپ كەتتى . شۇنداق قىلىپ چۆپ چىپىش باشلاندى . پارقىرىتىلغان چالغىلار قۇياش نۇرىدا چاقنايتتى . ئانچە ئۇزۇنغا بارماي ۋاققاس ئۆزىنىڭ كاردىن چىققانلىقىنى ، بىر چاغلاردىكى غەيرەت ـ شىجائىتىنىڭ كەلمەسكە كەتكەنلىكىنى بىلدى . ئۇ هاسىرىغان هالدا چالغىنى تىكلەپ ، يېنىدىن بىلەينى ئالدى . بىر چاغلاردا مۇشۇنداق چىڭدالغان چالغا بىلەن بىر ئەمەس ، بىرنەچچە سولنى باشقا ئېلىپ چىقاتتى . مانا ئەمدى بولسا...

ئۇ چالغىسىنى كۆڭۈل قويۇپ بىلىگەندىن كېيىن ، بېلىدىكى لۆڭگىنى ئېلىپ يۈز ـ كۆزىدىن قۇيۇلۇۋاتقان تەرىنى سۈرتتى . چىلىق ـ چىلىق سۇ بولۇپ كەتكەن كۆڭلىكى دۈمبىسىگە چىپپىدە يېپىشقان بولۇپ ، ئىككى تاغىقىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى داغ قارىيىپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى .

ئۇ يىراقلارغا بىرقۇر نەزەر تاشلىغاندىن كېيىن ، بېشىنى ئىچىگە تىققىنىچە چالغا چېپىشقا كىرىشتى . قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمگەن بىپايان تۇزلەڭلىكتە پەقەت ئەر ـ ئايال ئىككىسىلا غەم ـ قايغۇ ئىچىدە مىدىرلاۋاتاتتى . ئۇ چالغىدىن بىر خىل رىتىمدا چىقىۋاتقان ئاۋازغا قۇلاق سالغاچ ، «مانا بۈگۈن ھەممە ئادەم خۇشال ـ خۇرام . ھەتتا ئاسماندىكى قۇياشمۇ شۇنداق . بىر چاغلاردا مەنمۇ شۇنداق ئىدىم . ئوي ـ پىكىر ۋە كۆڭلۈم قۇياشقا ئوخشاش نۇرلۇق بولىدىغان ، ھېچنېمىدىن خىجالىتىم يوق ئىدى ، شادلىقتىن باشقا نەرسىنى بىلمەيتتىم . بۈگۈنچۇ ؟ بۈگۈن نېمە ئۈچۈن مىسكىن بولۇپ قالدىم ؟ يۈرىكىم نېمىشقا ئاغزىمغا تىقىلىدۇ ؟ نېمىشقا ، زادى نېمىشقا» دېگەنلەرنى ئويلىدى . ئۇ سولنى باشقا چىقىرىپ ئايالىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلگەندىمۇ ، ئۆزىگە يېقىنلاپ كېلىۋاتقان كۆڭۈلسىزلىكلەر توغرىسىدا ئويلىدى .

— ھارمىغايسىلەر ! — دېدى پېشقەدەم بوغالتىر يىراقتىن قولىنى پۇلاڭلىتىپ ، — ئەھۋالىڭلارنى بىلەي دەپ كەلدىم . قاراڭلار ، ئىككىڭلارنىڭ ئادەمنىڭ ھەۋىسى كەلگۈدەك ئولتۇرۇپ

كەتكىنىڭلارنى ، — ئۇ شۇنداق دېگەچ ئۇلارنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى . پاتەمخان سۇنغان مۇزدەك قېتىقنى ئوتلاپ ماختاپ كەتتى ، — قېتىق ئەمەس يۇرەكنىڭ دورىسىغۇ بۇ ؟ خېلى يىللار بولۇپ كېتىپتۇ بۇنداق قېتىق ئىچىپ باقمىغىلى .

ۋاققاسنىڭ يۇرىكى ئېچىشقاندەك بولدى . ئىچىدە «تايىنلىق مېنىڭ تاماشامنى كۆرگىلى كەلدى بۇ بىرنېمە» دېگەنلەرنى ئويلاپ تەرىنى سۈرتتى . چۈنكى ، شۇنچە ئۇزۇن يىللاردىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە پېشقەدەم بوغالتىرنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ ، ئۇزاق ئۆتمۈشنى تىلغا ئېلىشى ۋاققاسنىڭ يۈرەك يارىسىنى تاتىلىغاندەك ئىش ئىدى . خۇش چاقچاق ، گېپى ئوچۇق بوغالتىرنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ ، كۈرەشكە تارتقىنى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن غىل - پال ئۆتۈپ قالدى .

— شۇنداق ، ئادەم بالىسى دېگەن بەزى ئىشلارنى ئالدىن پەرەز قىلالمايدىكەن . ئىككىڭلار قان - قېرىنداشتەك يېقىن چاغدا شۇنداق ئىدى . بولار - بولماس ئىشلار تۈپەيلىدىن ئاراڭلارغا سوغۇقچىلىق چۈشۈپ ، ھەممىمىزنىڭ كۆڭلى پاراكەندە بولدى ... — پاتەمخان ئېرىنىڭ ھومىيىپ قارىشى بىلەن ، كېيىنكى گەپلىرىنى ئىچىگە يۇتۇۋەتتى . ئۇ قەدىناس دوستلار ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن كۆڭۈلسىزلىكنىڭ مەنبەسىنى بىلمىسىمۇ ، ئەينى چاغدا ئېرىنىڭ كەتكۈزۈپ قويغانلىقىنى بىلەتتى .

— كونا خاماننى سورۇپ نېمە قىلىمىز ، پاتەمخان ؟ ئۇ چاغلاردا ھەممىمىز ياش ئىدۇق ، نادان ئىدۇق . بىر - بىرىمىزگە يول قويۇشنى بىلمەيتتۇق . ئۇ رەھبەر بولغاندىن كېيىن قائىدە بويىچە مەنمۇ ئۇنىڭغا يول قويغان بولسام بولاتتى . بىراق ، شۇ ياشلىق . بۇرۇن كاللىدىن ئۆتمىگەن ئىشلار مانا ھازىر ئۆتتى . بۇرۇن ئوتتۇرىمىزدا پەرق بولغان بولسا ، مانا ئەمدى ھەر ئىككىلىمىز قېرىپ تەڭ بولدۇق . تالاشقۇدەك نېمە بار ؟

ئوتتۇرىلىقنى جىمجىتلىق باستى . ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدىن تولىمۇ ئۇزۇن بىر تارىخ كىنو لېنتىسىدەك بىر - بىرلەپ ئۆتتى .

بۇنىڭ بىلەن ئۇنتۇلۇپ كەتكەن ھەسرەتلىرى قوزغىلىپ، ئەسلىدىمۇ ئېچىشىپ تۇرغان يۈرەكلەر ئاچچىق پىغانغا تولدى.

ئېيتىپ كەلسە ئىش جىق ئىدى. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى كىچىككىنە ئىش بارا - بارا يوغىناپ، يىغىشتۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتتى. تەستىقلىرىنىڭ بوغالتىر تەرىپىدىن رەت قىلىنغانلىقىنى كۆرگەن ۋاققاس غالجىرلاشقان بۇقىغا ئوخشاش ھۆركىرەپ كەتتى. كۈچ سىنىشىش باشلاندى. ۋاققاس ئاخىر غالىب چىقتى. ئۇ ئاخىر بوغالتىرنى كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇردى.

— مۇشۇنداق ۋاقىتتا كەلگىنىڭنى قارا. مەسخىرە قىلىشقا ئالدىراپ كەتكەن ئوخشىمامسەن؟ — ۋاققاس يەردىن بېشىنى كۆتۈرمەي، ھەربىر ئېغىز سۆزىنى دانىمۇدانە قىلىپ شۇنداق دېدى. ئۇنىڭ ئاۋازىدىكى مەيۈسلۈك پاتەمخاننىڭ يۈرىكىنى تىلغاپ ئۆتتى.

— نەدىكى گەپنى قىلىدىكەنسەن، قورسىقىڭدا غۇم ساقلاپ. ئۇ ئىشلار ئاللىقاچان تۈگىگەن. قېنى، ئورنۇڭدىن تۇر. بەسلىشىپ كۆرەيلى، — دېدى پېشقەدەم بوغالتىر ۋاققاسقا بۇيرۇق قىلىپ، — بىز دېگەن ئوغۇل بالا. كونىلاردا «يولۋاس قېرىسىمۇ كۈچىدىن قالماپتۇ» دېگەن گەپ بار، — بوغالتىر زاپاس چالغىنى قولىغا ئالدى. ۋاققاسنىڭ چىرايىدا بىر خىل ئىزتىراپ پەيدا بولدى. چالغىلارنىڭ توختىماي شىلدىرلىشى، بىلەيىنىڭ تۆمۈرگە تەگكەندىكى يېقىمسىز ئاۋازى توختىماي ئاڭلىنىپ تۇردى. ئىككى چال غايىبتىن كۈچ - قۇۋۋەت پۈتكەندەك بىر - بىرىنى قوغلىغىنىچە بېشىچە كىرىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىگە سەپسېلىپ تۇرغان پاتەمخان بىردەم بولسىمۇ قايغۇدىن نېرى بولدى.

— ساڭا كۆپ رەھمەت سەۋىردىن، — دېدى ۋاققاس پېشقەدەم بوغالتىرغا ئۇدۇللا، — سېنى كۆرۈپ ئەينى چاغدىكى بەقۇۋۋەت چاغلارغا قايتقاندەك بولۇپ قالدىم، مېنى كەچۈرگىن.

شۇنچە ئۇزۇن يىللاردىن كېيىن ئېيتىلغان بۇ سۆز يۈرەكلەرنى هاياجانغا سېلىپ ئۆتتى . ۋاققاسنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان پېشقەدەم بوغالتىر چاقچاق قىلدى :

— بۇ نېمە دېگىنىڭ ، يېقىن ئۆتكەن ئادىمىدىن كەچۈرۈم سوراش هاجەتسىز .

ئۇلار كۈلۈشتى . گەرچە ئاۋازىنى بولۇشىغا قويۇۋېتىپ قاقاقلاپ كۈلمىگەن بولسىمۇ ، چىن قەلبىدىن كۈلۈشتى .

— ئەمىسە مەن كەتتىم . ئۇياقتا باللار نېمىش قىلىۋاتىدۇ ، بىرىپ باقاي ، — دېدى سەۋىردىن ۋاققاس بىلەن پاتەمخاننىڭ تاماققا تۇتقىنىغا قارىماي ، — كېتىپ قالما ، كەچكە يېقىن مەن يەنە كېلىمەن .

سەۋىردىنىنىڭ كېلىشى ۋاققاس ئەر - خوتۇننىڭ روهىنى كۆتۈرۈۋەتتى . ئۇلار غايىبتىن كەلگەن بىر كۈچ ئۈستىدىكى يۈكنى ئېلىۋەتكەندەك يەپيەڭگىل بولۇپ قالدى . ئۇزۇن يىللاردىن بېرى كۆڭۈلىنى بېسىپ كەلگەن قارا بۇلۇت تارقاپ ، ئىچى يورۇپ كەتكەندەك بولدى .

— بىردەم يېتىپ هاردۇق ئېلىۋېلىڭ ، كۆپ بەك قىيىنىپ كەتتى . ئالدىرىماي قىلساقمۇ بولىدۇ . زورۇقۇپ يېتىپ قالسىڭىز بولمايدۇ ، — دېدى پاتەمخان يوغان تېرەكنىڭ سايىسىغا كۆرپە سېلىپ .

— توختاپ تۇر ، مەن يەنە ئازراق مىدىرلاي ، ياتسام چوقۇم ئېزىلىپ قالىمەن . سەۋىردىن كەچتە كېلىمەن دېدى . ئۇ چوقۇم مېنىڭ قانچىلىك ئىشلىگىنىمنى كۆرگىلى كېلىدۇ ، — دەپ جاۋاب بەردى ۋاققاس ئايالىغا يىقىتىلغان سولنى ئاتلاۋېتىپ .

كۆنۈپ قالغاچقىمۇ چالغا ۋاققاس ئۇچۇن بۇرۇنقىدەك ئېغىر بىلىنمىدى . ئۇ يەڭگىل قەدەم تاشلاۋېتىپ بىردىنلا چۆچۈپ كەتتى . ئوتتۇرىدىن ئىككى قىلىۋېتىلگەن بىلەكتەك يىلان چۆپنىڭ ئۈستىدە تولغىنىپ ياتاتتى .

— نېمىش بولدى ؟

ئۇنىڭ داۋىقىپ تۇرۇپ قالغىنىنى كۆرگەن پاتەمخان ئەنسىزچىلىك ئىچىدە يېتىپ كەلدى . قانىتىدىن ئايرىلغان كەپتەرگە ئوخشاش بىچارە هالەتكە چۈشۈپ قالغان يىلاننىڭ گەۋدىسى غەزەپ بىلەن تولغىناتتى . قورقۇپ كەتكەن پاتەمخان ئېرىنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇۋالدى . چۆپ چېپىش ۋاقتىدا مۇنداق ئەھۋال كەمدىن ـ كەم كۆرۈلەتتى .

ئۇلارنىڭ دىققىتىنى يىراقتىن توپا توزۇتۇپ كېلىۋاتقان جىپ ماشىنا بۆلدى . ماشىنا ئۇدۇل ئۇلار تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتاتتى . ماشىنا توختاپ ئىچىدىن يېزا باشلىقى چۈشتى .

— ئىشىڭلار ئىلگىرى بولسۇن ، ۋاققاس ئاكا ! — دېدى يېزا باشلىقى قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ .

— ئۆزىڭىز يالغۇز ئىشلەپ كېتىپسىزغۇ ؟ سالاۋاتچۇ ؟ قېنى ئۇ ؟

بۇنى ئاڭلاپ ۋاققاس بىلەن پاتەمخاننىڭ يۈرىكى شۇۋرغاندا قالغاندەك ئەندىكىپ كەتتى .

— ئۇ بولسىمۇ نېمە قىلىپ بېرەلەيتتى ، باشلىق ، — دېدى ۋاققاس گەپنى ئەپقېچىپ .

يېزا باشلىقىنىڭ بۇ ئىككىيلەنگە دەيدىغان گېپى باردەك قىلاتتى . ئۇلار ئولتۇرۇشتى .

— ۋاققاس ئاكا ، سىزگە گەپنىڭ ئوچۇقىنى دېمىسەم بولمايدۇ . سالاۋات دېگەن ئەركىن كەسىپتىكى ئادەم ئەمەس ، بەلكى هۆكۈمەتنىڭ ئادىمى . ئۇنىڭ ئۇن ـ تىنسىز يوقاپ كەتكىنىگە بىر هەپتىدىن ئاشتى . تەشكىل سۈرۈشتۈرۈپ كېتىۋاتىدۇ . مەكتەپ باشقا ئورۇنغا ئوخشىمايدۇ ، شۇڭا سىلەرنى ئىزدەپ كېلىشىم .

ئەمدى ۋاققاسقا راستىنى دېمەكتىن باشقا ئامال قالمىغانىدى :

— راست دەيسەن ، ئۇكا ، ئۇنچىقمىغىنىمىز بىلەن بىزنىڭمۇ غېمىمىز شۇنىڭدا . ئاپىسى بىلەن ئىككىمىزمۇ ئەنسىرەپ قالدۇق . ئۇ مۇنداق بالا ئەمەس ئىدى . بىر يەرگە بارسا بىزنى خەۋەرلەندۈرۈپ قوياتتى ، سۈرۈشتۈرمىگەن يېرىمىز قالمىدى ،

بىزمۇ نېمە قىلىشىمىزنى بىلەلمەي قالدۇق .

— ئىشىكلارغا دەخلى قىلماي ، سىلەرمۇ داۋاملىق سۇرۇشتۇرۇپ باقارسىلەر . ئۇچۇرى بولغان هامان ماڭا خەۋەر قىلىۋېتىڭلار . ۋاقتى ئۆزىراپ كەتسە ، تەشكىلنىڭ ئىشى ، مەنمۇ ئارا تۇرالمايمەن .

يېزا باشلىقى خوشلاشتى . تېخى يېڭىراقتىلا ئارامىغا چۈشكەن كۆڭۈللەرنى يېڭىۋاشتىن غەشلىك ئىگىلىدى . بۇنىڭدىن بۇرۇن تونۇش - بىلىشلەر ئۆزلىرىدىن بىرنەرسىنى يوشۇرۇۋاتقاندەك تۇيغۇ بەرگەن بولسا ، يېزا باشلىقى كېلىپ ئۇلارنىڭ گۇمانىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى .

— ئۇلار بىزدىن بىرنەرسىنى يوشۇرۇۋاتىدىغاندۇ ، دادىسى !

پاتەمخاننىڭ چىرايىدىكى مىسكىنلىك ۋاققاسنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇپ ئۆتتى . ئۇ قەلبىدىكى هەسرەتلىرىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن چالغىنى قولىغا ئالدى .

كۈن ئولتۇرۇشقا ئاز قالغاندا سەۋرىدىن باللىرىنى ئەگەشتۈرۈپ يېتىپ كەلدى . ئۇلار كۈن ئولتۇرۇپ ، قاراڭغۇ چۈشكۈچە بىر - بىرى بىلەن بەسلىشىپ چالغا چاپتى . بۇ يەردىكى قىزغىن كەيپىيات ۋاققاس ئەر - خوتۇننىڭ كۆڭلىدە هۆكۈم سۈرۈۋاتقان غەشلىكلەرنى كۆتۈرۈۋېتەلمىدى .

## 10

سالاۋات كېچىدە ئۇيقۇلۇق ئىگراپ ، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ چىقتى . ئەتىگەندە ئويغىنىپ ئۆزىنىڭ چىلىق - چىلىق تەرلەپ كەتكەنلىكىنى كۆردى . پۈتۈن ئەزايى ئوت - كاۋاپ بولۇپ قىزىۋاتاتتى . پۇت - قولى جانسىزلىنىپ ، تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى . هەممە يېرى سىرقىراپ بەزگەك كېسىلىگە گىرىپتار بولغاندەك توختىماستىن تىترەيتتى . ئۇ غەيرەت قىلىپ ئورنىدىن تۇرماقچى بولغان بولسىمۇ تۇرالمىدى . ئۇنىڭغا ئەجەل مۇشۇ ئەتراپتا ، يېقىنلا

بىر يەردە ماراپ تۇرغاندەك بىلىنىپ كەتتى .
ئۇ تىت ـ تىت بولۇپ يېتىپ ، ئاستا ـ ئاستا جىمىپ قالدى . مانا ئەمدى ئۇنىڭ كاللىسىغا دادىسى بىلەن ئانىسى كىرىۋالدى . دادىسى بىلەن ئانىسىنىڭ ئۇنىڭدىن كۈتكەن ئۈمىدلىرى بەربات بولدى . ئۇ گويا ۋاپاغا جاپا قىلىدىغان ۋەھشىي مەخلۇقتەك ئۇلارنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى بىتچىت قىلدى . دادىسى بىلەن ئانىسى ئۇنىڭغا «ئۆزۈڭ تاپقان بالانى ئۆزۈڭ تۇزە !» دەۋاتقاندەك مۆكىلىنىپ قاراپ تۇراتتى . ئۇلارنىڭ قارىشىدىن سالاۋاتنىڭ يۈرەك ـ باغرى ئېغىپ كەتكەندەك بولدى . ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن مانا مۇشۇنداق ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى چۈشىنەلمەي لېۋىنى چىشلىدى . ئۇ يۆتكىلىمەن دەپ ئىشلەتكەن پۇللارنى ناھايىتى تەستە تاپتى . ئۇ بۇ پۇللار بىلەن ئۆزىنىڭ ئىستىقبالىنى تىكلىمەكچى بولغاندا قانداق ھېسسىياتقا كەلگەنلىكىنى ئەمدى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلمەيدۇ . ئۇنىڭ ۋۇجۇدى مۇشۇ بىر ئىش تۈپەيلىدىن يانجىلماقتا ، ياردەم تىلەپ ئىڭرىماقتا .
— ئانا !
سالاۋات ئىڭرىدى . گويا ئانىسى ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقاندەك تىرەجەپ ئورنىدىن تۇردى . ئانا پەرىشتە ئىدى . ئۇ بار يەردە خەۋپ ـ خەتەر بولمايتتى . ئاغرىپ ـ تاتىرىپ قالغۇدەك بولسا شۇ زامان بېشىدا پەيدا بولاتتى . «نېمە بولدۇڭ جېنىم بالام» دەپ قولىنى پىشانىسىگە قويۇشى بىلەن ئاغرىق تارقاپ ، قۇشتەك يەڭگىل بولۇپ قالاتتى . مانا ئەمدى ئانىسىدىن ئايرىلىۋىدى ، غېرىبلىق ، ۋەھىمە ، كېسەل دېگەندەك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى شىپقاپ كېلىشكە باشلىدى .
سالاۋات خورسىندى . ئۆزىنىڭ بىمەنە ۋاقىتتا بىتاب بولۇپ قالغىنىغا ئېچىندى . ئادەمزاتسىز مۇشۇنداق ئاي دالىدا ئۆلۈپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ ئۆكۈكۈر دېسە ئۆكۈكۈر ئەمەس ، ئورا دېسە ئورا ئەمەس ، پاناھ جاينىڭ تېمىغا يۆلەندى . بىر چاغلاردا ئانىسى قايىنىتىپ بەرگەن دورا چۆپنى ئېسىگە ئېلىپ سىرتقا قەدەم

تاشلىدى . ئانىسى قايىنتىپ بېرىدىغان مۇنداق دورا چۆپ زۇكام ئەمەس ، خېلى ـ خېلى كېسەللەرگە شىپا بولاتتى . ياشاش ئىستىكى ئاخىر ھەممىدىن غالىب كەلدى . سىرتقا چىققاندىن كېيىن ماغدۇرسىزلانغان پۇتلىرى لاكۇسلاپ ئولتۇرۇپ قالدى . شۇنداقتىمۇ پۈتۈن غەيرىتىنى يىغىپ ئاستا ـ ئاستا ئۆمىلەشكە باشلىدى .

قۇياش ئۆرلەپ پۈتكۈل جاھان نۇرلىنىشقا باشلىدى . سالاۋات ئۆمىلەيتتى ، دەم ئالاتتى ، ئاندىن يەنە ئۆمىلەيتتى . ئۇ ئۆمىلەۋېتىپ ئادەم بالىسىنىڭ جېنىنىڭ بۇنچىۋالا چىڭلىقىغا ھەيران بولاتتى . خۇرجۇندىكى ئازراق نان بىلەن بىر پارچە گۆش ئۇنىڭغا ئۈچ كۈن ئوزۇق بولدى . ئاشۇ ئوزۇق بولغاچقىلا ئۇ خەۋپ ـ خەتەرنى كەينىگە تاشلاپ بىخەتەر جايغا بېرىۋالالىدى . ئەمما ، ھېچكىم لازىمەتلىك نەرسىلەرنى يەتكۈزۈپ بېرەلمەيدۇ . چارۋىچىلارنىڭ تاشلاپ كەتكەن قىشلاقتىكى ئۆيلىرىدە ئۇ ئارزۇ قىلغان نەرسىلەر تېپىلمىدى . ئادەم بار يەرگە بېرىشقا ئۇنىڭ چامىسى يەتمىدى . شۇنداقتىمۇ ئۇ ياشاپ كەلدى . بىر ھەپتىلىك ھاياتىنى ھەيۋەتلىك تاغ تىزمىسى ئىچىدە ياۋا مېۋە ، قۇش تۇخۇمى ۋە يېيىشكە بولىدىغان تاشلاندۇق نەرسىلەر بىلەن ئۆتكۈزدى . ئۇنىڭ ئۆلۈپ قالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەندە تەلەي كاج كېلىپ بىردىنلا ئاغرىپ قالدى . ئەمدى قانداقمۇ قىلار؟ ئۇ توختاپ دېمىنى ئالدى . ياخشىراق ئويلىنىپ باقمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ زېھنىنى يىغدى . ئاچلىق بىلەن قوشۇلۇپ كەلگەن كېسەللىك تەسىرىدىن پۈتۈن بەدىنى تىترەپ ، ئۈرۈپ ـ چېقىۋەتكەندەك سىرقىراۋاتاتتى . گەرچە ئانىسى قايىنتىدىغان چۆپ دورا ئۇنىڭ كېسىلىگە شىپا بولسىمۇ ، يامان يېرى بۇ چۆپ دورىنىڭ قايسى يەردە قانداق ھالەتتە ئۆسىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى .

سالاۋات يەنىلا ئىزدىنىپ بېقىشنى ، تەۋەككۇلچىلىك قىلىشنى لايىق تاپتى . «سەۋەب قىلساڭ سېۋەتتە سۇ توختايدۇ» دەپ داۋاملىق تەمسىل قىلىدىغان ھامىسىنىڭ سۆزىنى يادىغا ئېلىپ

ئورنىدىن قوزغالدى . ئۇ كېتىۋاتاتتى . گاھىدا ئۆمىلىسە ، گاھىدا يېڭى ئايىغى چىققان بالىغا ئوخشاش ئىككى ياققا سەنتۈرۈلگىنىچە ئالغا ئىلگىرىلەيتتى . يول بويىدا ئۆسكەن ھەر خىل ئوت - چۆپلەرگە سەپسېلىپ ، ھېلىقى دورا چۆپنى ئىزدەيتتى .

تۇساتتىن ئاتلارنىڭ ئوغلاق تارتقاندا ، بەيگىگە چۈشكەندە چاپقىنىدەك دۈپۈرلىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى . سالاۋات چۆچۈپ كەينىگە بۇرۇلۇشىغا ، ئۇنىڭ قېشىغىلا كېلىپ قالغان بۆرە ئۈركۈپ قاپتالنى بويلاپ ئۆرلەپ كەتتى . كۆزىنىڭ خۇنى قېچىپ ، تىلى بىر غېرىچ ساڭگىلاپ قالغان كۆك بۆرىنىڭ ئىككى بىقىنى ئىچىگە سوقۇپ تۇراتتى . كەينىدىنلا جىلغىنىڭ ئۇ تەرىپىدىن قوللىرىغا كالتەك - توقماق ئالغان بىر توپ ئاتلىقلار ئاتلىرىنى چاپتۇرغىنىچە چىقىپ كەلدى . سالاۋاتقا ئەمدى ئۆزىنى دالدىغا ئېلىشقا پۇرسەت قالمىغانىدى . ئويلانمايلا يولنىڭ چېتىگە قىيسىيىپ ، ئىككى كۆزىنى مەھكەم يۇمغىنىچە ئۆزىگە يېقىنلاپ كېلىۋاتقان خەتەرنى كۈتتى . ئاتلارنىڭ دۈپۈرلىشى يېقىنلاپ ، بىردەمدىلا يەنە ئاستا - ئاستا يىراقلاپ كەتتى . ئۇ دەككە - دۈككىدە يېتىپ بىرلىرىنىڭ «ھەي بىچارە ، مۇساپىر بولمىسىمۇ كاللىسىدىن ئاداشقان بىرى بولسا كېرەك» دېگىنىنى ئاڭلىدى .

ئۇنىڭ بىردىنلا بۆرىگە ئىچى ئاغرىپ قالدى . كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنى چىقىپ تۇرغان كالتەكلىك بىر توپ ئادەملەردىن قېچىپ قۇتۇلۇش ئۈچۈن بۆرە جان - جەھلى بىلەن قاچاتتى . ھاياتقا بولغان تەلپۈنۈش تۈپەيلىدىن تىلىنىڭ بىر غېرىچ ساڭگىلاپ كەتكىنىگە قارىماي قۇيۇنغا ئوخشاش يۈگۈرۈشى سالاۋاتنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىپ قويدى . بۇ خىل كۆرۈنۈش ئۇنىڭ ھازىرقى ھالىتىدىن ئانچە بەك پەرقلىنىپ كەتمەيتتى .

سالاۋات بىردىنلا سەگەكلەشتى . ئاغرىقنى ئۇنتۇپ ، سەنتۈرۈلگىنىچە ياندىكى سوقماق يولغا چۈشتى . بۆرە قانداقلا بولسۇن ، ئۇنىڭغا قارىغاندا تەلەيلىك ئىدى . چۈنكى ، ئۇ بېشىغا كەلگەن ئۆلۈم ۋەھىمىسىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تۆت پۇتىنى ئىشقا

سالالايدۇ، جىنىنىڭ بارچە يۇگۇرەلەيدۇ. ئۇچۇ؟ ئۇنىڭ كىچىككىنە گەۋدىسىنى كۆتۈرۈپ مىڭىشقىمۇ چامىسى يەتمەيدۇ. «ئۆلگەننىڭ ئۇستىگە تەپمەك» دېگەندەك كېسەل بولۇپ قالغىنىچۇ - تېخى؟

سالاۋات بىردىنلا ئىككى پۇك بولۇپ قالدى. ئىچىدىن ئۆرلەپ چىققان تىترەككە بەرداشلىق بېرەلمەي جالاقلاپ تىترەپ كەتتى. ئۇ گويا قىش زىمىستاندا ئۇستىگە سوغۇق سۇ چېچىپ، قارنىڭ ئۇستىگە تۇرغۇزۇپ قويۇلغاندەك مۇزلاپ كېتىۋاتاتتى.

— جېنىم ئانا!

ئۇ ئۆزىنى كونترول قىلىشقا ئامال قىلالماي يولنىڭ بويىغا «گۇپ» قىلىپ يىقىلدى، ئاندىن پەسكە دومىلاپ كەتتى.

قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكىنى نامەلۇم. سالاۋات بىرىنىڭ يۈزىنى سىلىشى بىلەن هوشىغا كەلدى. ئۇ كۆزىنى ئاچقاندا بىرنەرسە ئۇنىڭغا ئېڭىشىپ قاراۋاتاتتى. سالاۋات ۋارقىرىۋېتىشكە تاس قالدى. ئىككى كۆزى ئوت بولۇپ يېنىۋاتقان مەخلۇق ئۇنىڭ كۆزىگە تېخى بايىلا ئاتلىقلار قوغلاپ كەتكەن بۆرىدەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇ مىدىرلىدى. ئۆزىنى قوغداش ئۇچۇن قولىنى شىلتىدى. مىڭ بىر تەسلىكتە ئۆرە بولۇپ، ئۆزىنى جىلغىنىڭ ئاستىغا دومىلاپ كېتىشتىن ساقلاپ قالغان تېۋىلغىغا يۆلەندى. ئۇنى قورقۇتۇۋەتكەن، يالاپ هوشىغا كەلتۈرگەن قارا ئىت سەل نېرىغا بېرىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ بېشىنى ئۇياق - بۇياققا مىدىرلىتىپ قارىشىدىن «سەن نېمە ئادەم؟ بۇ يەردە نېمە قىلىسەن؟» دېگەندەك مەنە چىقىپ تۇراتتى.

سالاۋات ئاچچىق كۇلدى. ئۇنىڭ كۇلكىسىگە ئېچىنىشمۇ، خۇشاللىقمۇ ئارىلىشىپ كەتكەنىدى. نېمىلا دېگەنبىلەن ئىت ئۇنى يەكلىمىدى، تالاپ ئۇستۈېشىنى قىزىل قانغا بويىمىدى. ئەكسىچە ئۇنى يالاپ ئېسىگە كەلتۈردى. مانا ئەمدى يېقىن دوستىغا ئوخشاش ئۇنىڭغا ئېچىنىش نەزىرى بىلەن قاراپ تۇرماقتا. بەزى جەھەتتىن ئىت ئادەملەردىن ياخشى. باققان ئىگىسىگە هەرگىز يۈزسىزلىك

قىلمايدۇ .

سالاۋات ھەسرەت چەكتى . ئاتا - ئانىسىغا يۈز كېلەلمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ ئىچ - ئىچىدىن تولغىنىپ كەتتى . بەلكىم ئۇلار بۇ چاغقىچە سوراقتا تارتىلىۋاتقاندۇ . بەلكىم ئۇلار بالىسىنى ئىزدەپ كوچا - كويلاردا سەرسان بولۇپ يۈرگەندۇ . بەلكىم ئۇلار بېشىغا كەلگەن دەرد - ئەلەملىرىنى كۆتۈرەلمەي مۈكچىيىپ ئىككى پۈك بولۇپ قالغاندۇ . يەنە بىرنەچچە كۈندىن كېيىن چۆپ چېپىش باشلىنىدۇ ، ياشانغاندا ئۇلار قانداقمۇ قىلار ؟

ئىت قاراپ ئولتۇرۇۋېرىشتىن زېرىكتى بولغاي ، ئورنىدىن تۇرۇپ ئېرىنچەكلىك بىلەن يۈرۈپ كەتتى . سالاۋات كۆزىنى يوغان ئېچىپ ئىت كەتكەن تەرەپكە ، ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئېگىز تاغلارغا ، تۆگە ئۇركىشىدەك كۆرۈنىدىغان تۆپىلىكلەرگە ، كۆز يەتمەيدىغان داللارغا قارىدى . تاغ تەرەپتىن ئۇرۇپ تۇرغان سالقىن شامال ئوت - چۆپلەرنى سۆيۈپ ، لەرزان ئىرغاڭلىتاتتى . يەنە بىر قارىغاندا ئىتنىڭ قارىسى كۆرۈنمەي قالدى . مۇنداق چاغدا ، مۇشۇنداق يەردە ئىتنىڭ پەيدا بولۇشى ئۇنىڭغا بىرئاز غەلىتىرەك تۇيۇلدى .

سالاۋات ئورنىدىن تۇردى . قايسى تەرەپكە مېڭىپ ، نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى بىلمىسىمۇ قەدەملىرىنى ئاستا يۆتكىدى . پۈتۈن ئەزايى بايامقىدەك تىترىمىگەن بولسىمۇ ، بېشى ئاغرىپ ، مېڭىسى ھازىرلا ئېتىلىپ كېتىدىغاندەك چىڭقىلاتتى . ئۇ ئۆزىنىڭ بايام ئىت كەتكەن تەرەپكە قاراپ ماڭغانلىقىنى سەزمەي قالدى .

بىردىنلا ئاتنىڭ تۇياق ئاۋازى ئاڭلاندى . ئۇ ئۆزىنى چەتكە ئېلىشقا ئۈلگۈرمەيلا قارا تەرگە چۆمگەن جەرەن قاشقا ئۇنىڭ يېنىدا پەيدا بولدى .

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ، سەپەر قاياققا ؟ — دېدى ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتقان ئاتلىق يىگىت . ئۇ قامچىسى بىلەن بېشىدىكى شەپكىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ قويدى ، — قىزىق ، ھازىر ئادەملەر پىيادە ساياھەت قىلىشنى مودا قىلىۋالدى . ئاڭلاشلارغا قارىغاندا

ئۇنىڭ تەن سالامەتلىكىگە پايدىسى بولۇپلا قالماي، تېخى ئادەمنىڭ زېھنىنى ئاچارمىش. گەپنىڭ راستىنى دېسەم، بىز چارۋىچىلار ھەرگىز بۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايمىز. چۈنكى، بىز ئات ئۈستىگە يارالغان. ئاتتىن ئايرىلساق ئۆلگىنىمىز شۇ.

ئۇ سالاۋاتنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا سۆزلەپ كەتتى. سالاۋات ئۇنىڭ تۇرقىدىن چالا مەست ئىكەنلىكىنى جەزم قىلدى.

— مەنزىلىڭىزنى بىلسەك بولامدىكىن؟

— مەن ساياھەتچى ئەمەس. ئەترىتىمىزنى ئىزدەپ كېتىۋاتىمەن. تاغ تەكشۈرىدىغان گېئولوگ ئەترىتىنى. ماشىنا ماڭالايدىغان يەرگىچە ئەكېلىپ قويدى. قالغان يولنى پىيادە بېسىپ كېلىۋاتىمەن، — ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى تۈگەتمەيلا سەنتۈرۈلۈپ كەتتى. ئۆزىنى ئەستە تۇزەپ، توقۇپ چىققان يالغانلىرىغا ھەيران قالدى. بەلكىم «باشقا كەلگەندە باتۇر» دېگەن مۇشۇ بولسا كېرەك.

— ھاراق دېگەن ياخشى نەرسە، قارىغاندا كۆپرەك ئىچىپ قويغان ئوخشايسىز. ھېچقىسى يوق، تاغنىڭ ھاۋاسى ساپ، قانچە ئىچسە ئادەمنى شۇنچە روھلۇق قىلىۋېتىدۇ. قېنى، بۇنىڭدىن بىر ئوتلاپ قويۇڭ، — ئۇ شۇنداق دەپ يانچۇقىدىن بىر بوتۇلكا ھاراقنى ئېلىپ سالاۋاتقا تەڭلىدى. بوتۇلكا ئىچىدىكى سۇيۇقلۇقنى كۆرگەن سالاۋاتنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى. ئۇ ھەممىنى ئۇنتۇغان ھالدا بىر تىنىقتا ھاراقنى يېرىملاپ قويدى.

— بولدى رەھمەت، ئەمدى ئىچمەي، ئۇنىڭسىزمۇ كەيپىم كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى.

توساتتىن پەيدا بولغان ئاتلىق يىگىت ئۇنىڭغا گۇمان نەزىرى بىلەن قاراپ قويدى. سالاۋاتنىڭ يۈرىكى «جىغ» قىلىپ قالدى. ئۇنىڭغا قارىغان ئادەم ھەرقانچە نادان بولسىمۇ، ئولتۇرۇشقان كۆزىگە، ئىچىگە كىرگەن ياڭىقىغا، ئۆسۈپ كەتكەن ساقىلىغا قاراپلا يالغان سۆزلەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالايدۇ.

ئاتلىق يىگىت قالغان ھاراقنى ئىچىۋەتكەندىن كېيىن، بوتۇلكىنى كۈچەپ ئاتتى.

— ئەيىبكە بۇيرۇمايسىز ، يولىمىز بىر بولغان بولسا ئاتقا مىنگەشتۇرۇپ مەنزىلىڭىزگە يەتكۈزۈپ قويالتتىم . ئەپسۇس ، يېزىغا نەرسە ـ كېرەك سېتىۋېلىشقا مېڭىپ قاپتىمەن . پۇرسەت بولسا يەنە كۆرۈشەرمىز . كېيىنچە چوقۇم ئەترىتىڭلارغا ئىزدەپ بارىمەن ، خەير ـ خوش .

ئۇ شۇنداق دەپلا ئويناقلاپ تۇرغان ئېتىنىڭ بىقىنىغا ئايىغى بىلەن نىقتىدى ـ دە ، ئوق تەرەپكە چاپتۇرۇپ كەتتى . سالاۋات ئۇنىڭ كەينىدىن قارىسى يىتكۈچە قاراپ تۇردى . ئۇ سالاۋاتتىن ئېھتىيات قىلغاندەك قىلاتتى . بەلكىم ئادەمزاتسىز ئاي دالىدا بىرەر پېشكەللىككە ئۇچراشتىن قورققاندۇ . دېمىسىمۇ سالاۋاتنىڭ هازىرقى هالىتى دېگەن سۆزلىرىگە ماس كەلمىگەچكە هەرقانداق ئادەمنىڭ قەلبىدە ۋەھىمە پەيدا قىلاتتى .

هاراق كۈچىنى كۆرسەتتى . سالاۋات ئاغرىقنى ، بېشىغا كېلىۋاتقان خەۋپ ـ خەتەرنى ئۇنتۇغان هالدا ئالغا قاراپ ئىلگىرىلىدى . كۆز ئالدىدا قولىغا كالتەك ـ توقماق ئالغان ئاتلىقلار بىلەن جىنىنىڭ بارچە قىچىپ كېتىۋاتقان بۆرە پەيدا بولدى . ئۇ مېيىقىدا كۈلۈپ قويدى . بەلكىم بۇ كەمگىچە ئۇلار بۆرىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەندۇ . كىم ئۇنى بۆرە بولسۇن دەپتۇ . بىر چاغلاردا كىمنىڭدۇر بىرىنىڭ ئۆيىدە مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان مەزمۇندىكى بىر كۆرۈنۈشنى كۆرگەنلىكى ئۇنىڭ هېلىمۇ ئېسىدە تۇرۇپتۇ .

سالاۋات چوڭقۇر نەپەس ئالدى . قانداقلا بولسۇن ، ئۇ ئىككى قېتىم ئادەملەرگە يولۇقتى . هەر ئىككىلا قېتىمدا هېچكىم ئۇنى «قاتىل ئىكەنسەن» دەپ پوت ـ قولىنى باغلىمىدى . شۇنىڭغا قارىغاندا ئۇ ئۆزىنىڭ سايىسىدىن ئۆزى ئۈركۈپ يۈرەمدۇ قانداق؟ بۇ يەردە مۇنداقمۇ مەسىلە بار . شەھەر باشلىقىنىڭ خوتۇنى ئۇنىڭ قولىدا ئۆلدى . بىراق ، ئۇنى ئۆلتۈرگەن ئادەمنى هېچكىم كۆرمىدى . شۇنداق تۇرۇقلۇق قېچىپ يۈرۈشنىڭ نېمە هاجىتى؟ بۇ گويا جىم ياتقان يىلاننىڭ بېشىنى تۇرتۇپ ئويغاتقاندەك بىر ئىش

ئەمەسمۇ ؟ ئۇ دېگەن ھۆكۈمەت خادىمى . ئۇزۇن ۋاقىت سەۋەبسىزلا يوقاپ كەتسە چوقۇم باشقىلاردا گۇمان قوزغاپ قويۇشى تۇرغان گەپ ، ماۋۇ پالاكەتنى ، بۇ ئىشلارنى نېمىشقا بالدۇرراق ئويلىمىغان بولغىيدى ؟

سالاۋات دۇگجۇپ كەتتى . بارغانسېرى قالايمىقانلىشىپ كېتىۋاتقان خىياللار ئۇنى تېزرەك بىر قارارغا كېلىشكە ئۈندەيتتى . مۇشۇ تۇرقىدا قايتىپ بارسا قانداق بولار ؟ تەشكىلگە ، تونۇش - بىلىشلەرگە نېمىمۇ دەپ جاۋاب بېرەر ؟ مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر قايتىپ كېتىشى كېرەك . ياخشىراق ئۇرۇنۇپ باقسا ئۇلارغا تاقابىل تۇرغۇدەك بىرەر چارە تېپىلىپ قېلىشى مۇمكىن .

سالاۋات ئاخىر قايتىپ كېتىش قارارىغا كەلدى .

قۇياش يەر - جاھاننى بارغانسېرى قىزدۇرماقتا ئىدى . ھاراقنىڭ كەيپىمۇ ياكى بېشى قېيىۋاتامدۇ ، سالاۋاتقا ھەممە نەرسە ئاستىن - ئۈستۈن بولۇۋاتقاندەك ، زېمىن چۆرگىلەۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى . ئۇ ئۆزىنى كونترول قىلىشقا ئۇلگۇرمەيلا مۇدۇرۇلۇپ يىقىلدى . ئۇ ئۇيەردە قانچىلىك ۋاقىت ياتقانلىقىنى بىلمەيتتى . ئېسىنى يىغىپ كۆزىنى ئاچقاندا كۈن تاغ كەينىگە ئولتۇرۇشقا ئازلا قالغانىدى . ئۇ ئورنىدىن تۇرۇشقا شۇنچە تىرىشىپ باققان بولسىمۇ چامىسى يەتمىدى . چامىسى يەتمىگەنسېرى ئۆزىنىڭ يالغۇزلۇقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى . ئىچىگە پاتماي كېتىۋاتقان ھەسرىتى يۈرىكىنى پارە - پارە قىلاتتى ، ئۇنىڭ دەرد - پەرياد كۆتۈرۈپ ، ھەسرىتىنى يەڭگىللەتكۈسى بولسىمۇ ، ئەمما ئاۋازى چىقمىدى . ئۇ ئۆزىنى بارغانسېرى ئاجىزلىشىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلدى .

سالاۋات ياتقان يېرىدە مىدىرلىماي ، ئۆز تەقدىرىنى يەنە بىر قېتىم كۆز ئالدىغا كەلتۈردى . ئەنە ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان دوختۇرخانا ، ئۇ يەردە ئاق خالات كىيگەن دوختۇرلار ئۇياق - بۇياققا ئالدىراش مېڭىپ يۈرمەكتە . ئىككى چەتكە سايە تاشلاپ تۇرغان دەرەخلەر ئاستىدا بىمارلار سەيلە قىلماقتا . بۇ

خىيالىي تۇيغۇ سالاۋاتنىڭ يۈرەك - باغرىنى ئېزىۋەتتى . بىر چاغلار بولغان بولسىدى ، چىشى ئاغرىپ قالسىمۇ ئەتراپىدا ئادەملەر پايپېتەك بولۇپ كېتەتتى . ئاپىسى پېشانىسىگە قولىنى قويۇپ مېھرىبانلىق بىلەن تەسەللى بېرەتتى . بىر قېتىم ئۇ قاتتىق زۇكام بولۇپ قېلىۋىدى ، ئانا ئۇنىڭ ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي ئۇنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ ياتقۇزدى . ئاپئاق كىرلىك ، ماموق ياستۇق ئۇنىڭغا تولىمۇ راھەت بىلىندى . ئۇ شۇ چاغدا ھاياتنىڭ قەدرىنى ، ئادەملەرنىڭ مېھرى - شەپقىتىنى تۇنجى قېتىم ھەقىقىي ھېس قىلدى . ئانا بېشىدا پەرۋانە بولۇپ ئايلىناتتى . خىزمەتداشلار ، قوۋم - قېرىنداشلار ، ئەھلىمەھەللە تەۋرەپ كەتتى . ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىكى ئەندىشە ، ئەڭ ياخشى تىلەكلەر ، ئادەمنى ھاياجانغا سالىدىغان كۆڭۈل بۆلۈشلەر ئۇنى سامادا ، ئەرشتە پەرۋاز قىلدۇراتتى . شۇ كۈنلەردە ئۇ ئۆزىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى ھەقىقىي تونۇپ يەتكەنىدى .

سالاۋاتنىڭ كۆزىدىن سىرغىپ چىققان ياش قۇياشنىڭ ئاخىرقى نۇرىدا يالتىراپ كەتتى . ئۇ ئىككى قولىنى يەرگە تىرەپ تولىمۇ تەستە ئورنىدىن تۇردى . ئۇ مۇنداق كېتىۋەرسە بولمايتتى . بىر قەدەم ئىلگىرىلىسە ، بىر قەدەم ھاياتقا يېقىنلىشاتتى .

ئانچە يىراق بولمىغان يەردە ، ئېگىز - پەس جىرانىڭ غولىدا ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولغان كىگىز ئۆيى كۆرۈندى . سالاۋات ھەيرانلىقتىن داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى . بېشى قېيىپ قىلچە ئېسىنى يىغالماي كىگىز ئۆيگە قارىغىنىچە ئويغا پاتتى . ئۇ قانداقلارچە بۇ يەرگە كېلىپ قالدى؟ يەر شارى ئەگەر تەتۈر ئايلانمىغان بولسىلا ئۇنىڭ نىشاندىن ئادىشىپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس . ئەمما ، رېئاللىق ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرۇپتۇ . ئۇ راستتىنلا نىشاندىن ئاداشقان . نېمە سەۋەبتىندۇر تۆۋەنگە مېڭىشىنىڭ ئورنىغا يۇقىرى ئۆرلەپ يايلاققا كېلىپ قالغان . سالاۋات ئولتۇرۇپ قالدى . يۈز بېرىۋاتقان ئىشلار ئۇنىڭغا ئەلەم قىلاتتى . ھايات گويا ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىۋاتقاندەك گاھى قۇچىقىنى كەڭ ئاچسا ، گاھى

قـــاپىقىدىن مۇز ياغدۇراتتى ، گاھى ئۇمىد چىرىغىنى ياندۇرسا ، گاھى ئۆچۈرەتتى .
بىرى ئۆيگە كىرىپ كېتىپ ھايال بولماي قايتىپ چىقتى . سـالاۋات كـەچـكى شەپەقنىڭ ئاخىرقى نۇرىدا ئۇ ئادەمنى ئېنىق كۆردى . «ئارا ساپلاۋاتسا كېرەك» دېگەنلەرنى ئويلىدى ئۇ ئۇزۇن سـاپـنى كۈچەپ يەرگە ئۇرۇۋاتقان ئادەمگە سىنچىلاپ قارىغاندىن كـېـيىن . چۈنكى ، چۆپ چېپىش باشلانغان ھامان ئارا بولمىسا بولمايتتى . بىر كۈن چېپىلغان چۆپلەر ئەتىسى چۈشتىن كېيىنلا دۆۋىـلـەنـمـىسە قۇرۇپ ، رەڭگىمۇ ئۆزگىرىپ كېتەتتى . ئادەتتە مەھەللىدىكى چۆپ چېپىش تاغدىكى چۆپ چېپىشتىن بىرنەچچە كۈن بۇرۇن باشلىناتتى . دېمەك ، ئۇ بىلىدىغان چېپىش مەيدانىدا ھازىر ئىش باشلىنىپ كەتتى . بەلكىم دادىسى ئادەم ياللىغاندۇ ، شۇنداق قىلمىسا شۇنچە يەرنىڭ چۆپىنى چېپىپ يىغىشقا دادىسىنىڭ چامىسى قانداقمۇ يەتسۇن .
ئۇ ئېغىر خورسىندى . ئاچلىق ئازابىغا بەرداشلىق بېرەلمەي ئالدىدىكى ئۆيگە بېرىش قارارىغا كېلىپ ئورنىدىن تۇردى . سىم تـانـاب ئـۇسـتـىدە كېتىۋاتقان دارۋازغا ئوخشاش ئىككى تەرەپكە چـايـقـالـغـىنىچە ئالغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى . نەچچە ئون مېتىر كېلىدىغان يول گويا ئۇنىڭ بىلەن قېرىشىۋاتقاندەك ماڭغانسېرى ئۇزىراپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى .
سالاۋات ئالدىرايتتى . ئىشىك ئالدىدا بىرنەرسىلەرنى قىلىپ يۈرگەن ئۆي ئىگىسىنىڭ ئۆيگە كىرىپ كېتىشىدىن بۇرۇن ئۇنىڭ يـېـنـىـغا بېرىۋېلىشنى ئارزۇ قىلاتتى . چۈنكى ، چارۋىچىلارنىڭ ئىتلىرىنى ئۇ ياخشى بىلىدۇ .
ئۇ تېخى ئويلاپ بولمايلا جېنىنىڭ بارىچە قاۋىغان قارا ئىت ئـۇنىڭغا قاراپ ئېتىلىپ كەلدى . ئۇنىڭ پەيلى شۇنچىلىك يامان ئىدىكى ، سالاۋاتنىڭ پېـشانـىسـىدىن مـۇزدەك تەر چىقىپ كەتتى . پۇت - قـولى ماغـدۇرسـىزلانغان ، پۇۋلـىسە كەينـىگە ئۇچۇپ كەتكۈدەك ھالغا چۈشۈپ قالغان ئادەمدە ئىتقا تاقابىل تۇرغۇدەك

نېمە قۇدرەت بولسۇن ؟ !
سالاۋات تەقدىرگە تەن بېرىپ كۆزىنى يۇمدى . ئىتنىڭ قايسى پاچىقىغا ئېغىز سالىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىپ ، تۇرغان ئورنىدا مىدىرلىماي تۇردى . ۋاقىت مىنۇت ـ سېكۇنتلاپ ئۆتمەكتە ، يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بولغان پاجىئە نېمىشقىدۇر كېچىكمەكتە ئىدى . ئالدى بىلەن ئىتنىڭ قاۋىغان ئاۋازى جىمىدى ، ئېغىر سۈكۈنات يۈرەكنى مۇجۇشنى داۋام قىلدى .
سالاۋات كۆزىنى ئېچىپ ئۆزىدىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردە ھەيرانلىق بىلەن ئۆزىگە قاراپ تۇرغان ئىتنى تونۇدى . ئۇنىڭ قارىشىدىن «قانداق ئاغىنە ، بىز يەنە ئۇچرىشىپ قالدۇق ! ئەدەپسىزلىك قىلغىنىمنى كەچۈرگىن» دېگەندەك مەنە چىقىپ تۇراتتى . ئىتنىڭ ۋاپادارلىقى ، زېھنىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى سالاۋاتنى قاتتىق ھاياجانغا سالدى . ئۇنىڭ ئېسىگە بىردىنلا ئاشۇ ئىتنىڭ كەينىدىن ماڭغانلىقى ، ئاخىرىدا ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ قالغانلىقى كەلدى .
— قاپلان ، قايت كەينىڭگە ، — دېدى ئۇ ئۆي ئىگىسى ئوڭ قولىنى پېشانىسىگە قويغان ھالدا ۋارقىراپ . سالاۋاتنىڭ لەۋلىرى تىترەپ كەتتى . گويا ئۇزۇن يىل ئايرىلىپ كېتىپ ، توساتتىنلا ئۆز تۇغقىنىنى تېپىۋالغاندەك بىر خىل ھېسسىياتتا كۆزلىرىدىن ياش مۆلدۈرلەپ تۆكۈلۈپ كەتتى .

## 11

— ياخشىمۇسىز ، قۇشناچىم ؟ — دېدى دەرۋازىدىن كىرىپ كەلگەن پېشقەدەم بوغالتىر كۈلگىنىچە ، — قارىسام كەيپىياتىڭىز تازا ياخشى ئەمەس . خوجايىن بىلەن بىرنەرسە دېيىشىپ قالمىغانسىلەر ؟
پاتەمخان زورىغا كۈلدى . ئۇنىڭ كۈلكىسىدىن بىر خىل ھەسرەتكە تولغان ئەندىشە تۆكۈلۈپ تۇراتتى .

— ئۆي دېگەندە دېيىشىپ تۇرمىسا ئۇنى قانداقمۇ ئۆي دېگىلى بولسۇن؟

پېشقەدەم بوغالتىر بېشىنى كەينىگە تاشلىغىنىچە قاقاقلاپ كۈلدى.

— قالتىس - دە پاتەم. قاچانلا قارىسا بىر خىللا. مەن سىزگە ئوخشاش كۆڭلى دەريا ئاياللىنى پەقەتلا كۆرۈپ باقمىغان. بۇمۇ ۋاقىقاسقا كەلگەن بىر تەلەي دەڭا. ئۇ ئۆيدە بارمۇ؟

— بار. قوتاندا ئاتقا بوغۇز بېرىۋاتسا كېرەك، — دېدى پاتەمخان ئىنغىل تەرەپنى ئىشارەت قىلىپ. پېشقەدەم بوغالتىر بۇرۇلۇپ قوتانغا قاراپ ماڭدى.

پاتەمخاننىڭ يۇرىكى بىر شۇملۇقنى سېزىپ تۇرغاچقا، پېشقەدەم بوغالتىرنىڭ كېلىشى بىلەن تېخىمۇ ئازابلىنىپ كەتتى. ئۇ مۇشۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە ئورۇقلاپ، تېخىمۇ جىمغۇر بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن ئازابلارغا چىشىنى چىشلەپ بەرداشلىق بېرىۋاتقانلىقى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى. ئۇ بەرداشلىق بېرىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئانىلىق مېھرى ھەممىنى يېڭىپ، غايەت زور بىر يىلتىز تۇپراقنى قاماللاپ تۇتۇپ تۇرۇۋاتقاندەك، مەزمۇت تۇرۇشىغا مەدەت بېرىۋاتاتتى.

بىردىنلا سىرتتىن ماشىنىنىڭ گۇركىرىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. كۆپ ئۆتمەيلا ئىككى ساقچى ھويلىغا كىردى. ئانا ھويلىدا ئوتۇن كەسلەۋاتاتتى. ئۇ ساقچىلارنىڭ ھويلىغا كىرىپ كەلگىنىنى سەزمىگەندەك، ھويلىغا كىرگەنلەرگە كەينىنى قىلىپ، ئوتۇننى كەسلەۋەردى.

— بۇ ۋاقىقاسىنىڭ ئۆيىمۇ؟ — پاكارراق كەلگەن ساقچى ئۇنلۇك ۋارقىرىدى. ئۇنىڭ تۇرقىدىن بىر خىل قوپاللىق چىقىپ تۇراتتى. ئانا كەينىگە ئۆرۈلۈپ ساقچىلارغا قارىدى.

— شۇنداق، ۋاقىقاسىنىڭ ئۆيى. بىرەر ئىشلار بارمىدى؟ ئۇ قوتاندا، — ئانا سۆزىنى تۈگىتىپ، ئوتۇن كەسلەشنى داۋام قىلدى. ئىككى ساقچى بىر - بىرىگە قاراشتى. پېشقەدەم

بوغالتىرنى ئۆزىتىپ چىققان ۋاققاس ساقچىلارنى كۆرۈپ تۇرۇپ قالدى .

— ئەمىسە مەن كەتتىم ، — دېدى پېشقەدەم بوغالتىر ساقچىلارغا كۆزىنىڭ قىرى بىلەن قاراپ قويۇپ . ۋاققاس ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىدى . ئۇ قاتۇرۇپ قويغان ھەيكەلدەك تېخىچىلا تۇرغان ئورنىدا داڭقېتىپ تۇراتتى . نەچچە كۈنلەردىن بېرى يۈرىكىنى غاجاپ كېلىۋاتقان ئەندىشە ئاخىر روياپقا چىقتى . ئاغزىدىن چىقىرىشقا جۈرئەت قىلالمىغان ئىشلار مانا ئەمدى رېئاللىققا ئايلاندى . دېمەك ، ئوغلىغا چوقۇم بىر ئىش بولغان . ئۇنداق بولمىسا ساقچىلار كېلىپ نېمىش قىلىدۇ ؟

— كەچۈرۈڭلار ، ئارامىڭلارنى بۇزۇۋەتتۇق . بىز سىلەر بىلەن پاراڭلىشىپ ، بەزى ئىشلارنى سەمىڭلەرگە سېلىپ قويۇش ئۈچۈن كەلدۇق . بەلكىم بۇ چاغقىچە بىزنىڭ كېلىشىمىزدىكى سەۋەبلەرنى بىلىپ بولدۇڭلارغۇ دەيمەن ، — دېدى ئۆيگە كىرگەن ئۇزۇنتۇرا ساقچى بىر خىل سوغۇق تەلەپپۇزدا . ئانا سەسكىنىپ كەتتى . مۇشۇ كەمگىچە ئۆمرىدە بىرەردىن قاتتىقراق گەپ ئاڭلاپ باقمىغاچقا ، مېڭىسىدە چاقماق چاققاندەك كۆزلىرى تورلىشىپ كەتتى .

— بۇ قانداق گەپ ؟ قارىسام ئاغزىڭلاردىن ئانا سۈتى تېمىپ تۇرغان بالا ئىكەنسىلەر . ئاتا ـ ئاناڭلار چوڭلارغا ھۆرمەت قىلىشنى ئۆگەتمىگەنمۇ ؟ ئەدەپ ـ ئەخلاق توغرىسىدا تەلىم بەرمىگەنمۇ ؟ داداڭلار بىلەن ئاناڭلاردەك ئادەملەرگە ھەيۋە قىلماي ، دەيدىغان گەپ بولسا ئۇدۇللا دېمەمسىلەر ! — ئانىنىڭ ئاۋازىدىن بىر خىل ئاچچىق تامچىپ تۇراتتى . پاكارراق كەلگەن ساقچى بىرنېمە دېيىش ئۈچۈن مىدىرلىغۇدى ، يېنىدىكى ساقچى «جىم تۇر !» دېگەندەك ئۇنىڭ تىزىنى بېسىپ قويدى .

— ئۇقۇشماسلىق بولمىسۇن ، بىز ھۆكۈمەت خىزمىتىنى بېجىرىۋاتىمىز . سىلەرنىڭ خىزمىتىمىزگە ماسلىشىپ ، سوئاللارغا ئەستايىدىل جاۋاب بېرىشىڭلارنى سورايمىز . ئەمىسە گەپنى باشلايلى . سالاۋات سىلەرنىڭ بالاڭلارمۇ ؟

ۋاققاس ئەر ـ خوتۇن بىر ـ بىرىگە شۇنداق قاراشتىكى ، مېڭىسىدە بوران كۆتۈرۈلۈپ ، تومۇرىدىكى قانلار توڭلاپ كەتكەندەك بولدى .

— شۇنداق ، بىزنىڭ بالىمىز ، — دەپ جاۋاب بەردى ۋاققاس پەس ئاۋازدا خېلى ئۇزۇن جىمجىتلىقتىن كېيىن .

— ئۇ ھازىر قەيەردە ؟

— بىرقانچە كۈن بولدى بىزمۇ كۆرمىدۇق .

— ئىزدەپ باقمىدىڭلارمۇ ؟

— ئىزدىدۇق . سۈرۈشتۈردۇق . بىراق ، ھېچقانداق خەۋەر ئالالمىدۇق .

— ئۇنداقتا ئۇنىڭ ئىز ـ دېرەكسىز يوقاپ كەتكەنلىكىنى بىلمىدىكەنسىلەر ـ دە ؟ ئەمىسە ئۇنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا خەۋەر قىلمىدىڭلارمۇ ؟

ۋاققاسنىڭ بىردىنلا دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى . ئۇ ئايالىغا يەر تېگىدىن قاراپ قويۇپ جاۋاب بەردى :

— ياق !

— بىزگە بۇنىڭ سەۋەبىنى دەپ بېرەلەمسىز ؟ چۈنكى ، بۇ بىز ئۈچۈن بەكمۇ مۇھىم .

— بىز ئۇنى قايتىپ كېلىدۇ دەپ ئويلىدۇق . ھازىرمۇ شۇ ئۈمىدتە . چۈنكى ، ئۇ دۆلەت كادىرى . ئالىي مەكتەپ تەربىيىسى ئالغان ئادەم . ئۇنىڭغا نېمە بوپتۇ ؟ قانۇنغا خىلاپ بىرەر ئىشقا چېتىلىپ قاپتۇمۇيا ؟

— كەچۈرۈڭ ، ھازىرچە پەقەت سورىغان سوئاللارغىلا جاۋاب بېرىپ تۇرۇڭلار . قالغان ئىشلارنى كېيىنچە بىلىپ قالىسىلەر .

ۋاققاسنىڭ چىرايى بىردىنلا ئۆڭۈپ كەتتى . ئۇ ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆرلەپ چىقىۋاتقان غەزىپىنى زورىغا بېسىپ ، ئىككى ساقچىغا دەممۇدەم قاراپ قويدى .

— ئوغلىڭىزنى سۈرۈشتۈرۈپ كەلگەن ئادەملەردىن كىملەر بار ؟ — ساقچى بىرىپەس جىمجىتلىقتىن كېيىن سوئالىنى

داۋاملاشتۇردى .
— ھېچكىم ، ئىككىڭلاردىن باشقا ھېچكىم سۈرۈشتۈرۈپ كەلگىنى يوق ، — ۋاققاسنىڭ ۋۇجۇدىنى بىردىنلا شۇنداق بىر يېقىمسىز تۇيغۇ ئىگىلىۋالدىكى ، جىنىنىڭ بارچە ۋارقىراپ ئىچىنى بوشىتىۋالغۇسى كەلدى .
— ياخشىراق ئويلىشىپ باققان بولسىڭىز . بەلكىم ئېسىڭىزگە كەلمەيۋاتقان بولۇشى مۇمكىن .
ۋاققاس ئالدىدىكى ساقچىغا مىختەك قادالدىيۇ ، كۆپ ئۆتمەيلا لاسسىدە بولۇپ قالدى . ئۇنىڭ ئېسىگە بىردىنلا قايسى كۈنى يېزا باشلىقىنىڭ ئىزدەپ كەلگەنلىكى كېلىپ قالدى .
— ئۇنىڭدىن باشقىچۇ ؟
— يوق ، ھېچكىم كەلمىدى .
— دىلارە ئىسىملىك قىزنى تونۇمسىلەر ؟ ئۇ قىز بۇ ئۆيگە كېلىپ باقمىدىمۇ ؟
— تونۇمايدىكەنمىز ، ئۇنداق قىزنىمۇ كۆرمىدۇق .
— ئۇنداقتا سۆھبەت خاتىرىسىگە قول قويۇڭلار . بالاڭلار قاتىللىق دېلوسىغا چېتىلىپ قالدى...
ئانا كۆزىنى چەكچەيتكىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى . تۇيۇقسىز كەلگەن شۇم خەۋەر ئۇنى گاڭگىرىتىپ ، مېڭىسىدە سان ـ ساناقسىز چاقماقلار چېقىلىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قويدى . بۇ خەۋەر بەكمۇ تاسادىپىي دېيىلگەچكە قەلبى قاتتىق مۇجۇلغان بولسىمۇ ، نېمە ئۈچۈندۇر ئازابلىنىش ھېس قىلىپ كەتمىدى . بىر ھازادىن كېيىن كۆز چاناقلىرى ياشقا تولۇپ ، يۈرىكى ئېتىپ تۈگەتكۈسىز ئازابقا تولدى . كۆز ئالدىدا كەينى ـ كەينىدىن قورقۇنچلۇق مەنزىرىلەر پەيدا بولۇپ ، پۇت ـ قولىدا جان قالمىدى . ئىش راستىنلا مۇشۇ ساقچىلار دېگەندەك بولسا ئۇ ئەمدى ئۆزىنىڭ يۈرەك پارىسىنى كۆرەلمەيدۇ . باغرىغا بېسىپ پېشانىسىدىن سۆيەلمەيدۇ . يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ ، كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى دېيەلمەيدۇ . ئۇنى ساقچىلار ھامان بىر كۈنى تۇتۇۋالىدۇ .

ئوغلىنىڭ ئۆمرى ھەرگىز ئۇزۇنغا بارمايدۇ. چۈنكى، ئۇ قاتىل. ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىلغا ھېچكىم ياردەم قىلالمايدۇ...
— نېمىدەپ جۆيلۈشۈۋاتىسەن؟ ئوغلۇمغا بەتنام چاپلاشقا نېمە ھەددىڭ؟ مۇشۇ ئىشىڭ ئۈچۈن سەنمۇ بىر كۈنى چوقۇم سوراق سەھنىسىگە چىقىرىلىسەن. دەپ باقىنا، مېنىڭ ئوغلۇمنى قاتىل دېيىشكە نېمە ئاساسىڭ بار؟
ئانا ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ گويا ئەقلىدىن ئازغان ئادەمگە ئوخشاش نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇنىڭ يۈزىنىڭ بۇلجۇڭ گۆشلىرى تارتىشىپ، لەۋلىرى توختىماي مىدىرلايتتى. پاكارراق ساقچىنىڭ قاشلىرى يىمىرىلىپ كەتتى.
— نېمىگە ۋارقىراپ - جارقىرايسىز؟ ئوغلىڭىز جىنايەت ئۆتكۈزمىسە نېمىدەپ يوقاپ كېتىدۇ؟ نېمىدەپ دىلارەنىڭ ئۆيىدىن سومكىغا نان - توقاچلارنى قاچىلايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن شەھەر باشلىقىنىڭ ئايالى ئۆلتۈرۈلگەن كۈنى ئۇمۇ تەڭ غايىب بولىدۇ؟ سىلەر بۇ يەردە بىزگە ماسلىششتا يوق، ۋارقىراپ - جارقىرايسىلەرغۇ. بىزنى زادى نېمە قىل دەيسىلەر؟ شۇنى سەمىڭلەرگە سېلىپ قوياي، قانۇن دېگەن رەھىمسىز. ئۇ ۋارقىراپ - جارقىرىغاندىن ھەرگىز قورقۇپ قالمايدۇ. قولىمىزدا ئاساسىمىز بولمىسا بۇ يەرگە كېلىپ يۈرمەيتتۇق، — ئۇ شۇنداق دېگەندىن كېيىن ۋاققاسقا يۈزلەندى، — سىز ئەتىگىچە ئىدارە تەرەپكە ئۆتۈڭ. قالغان گەپنى ساقچى ئىدارىسىدە دېيىشەيلى.
ئانا سۆزلەۋاتقان ساقچىغا نەپرەت تۈيغۇسى بىلەن قاراپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، يۈرىكى بازغان بىلەن ئۇرغاندەك پارە - پارە بولۇپ كېتىۋاتاتتى. چىدىغۇسىز دەرد - ئەلەم دەستىدىن ئەمدى ئۇنىڭ چىچىلغۇدەك مادارىمۇ قالمىغانىدى. ئۇ تولىمۇ مۇرەككەپ بىر خىل ھېسسىيات ئىچىدە ساقچىلارغا ھومىيىپ قارىدى. ساقچىلار كەتتى. ئەر - خوتۇن ئۇزۇنغىچە كۆز ئالدىدا بولۇپ ئۆتكەن رېئاللىققا ئىشىنەلمەي، ئۈن - تىنسىز ئولتۇرۇشتى.
— بۇ نېمە ئىش دادىسى؟ ئەمدى قانداقمۇ قىلارمىز؟ تاشتەك

قېتىپ ئولتۇرغۇچە بىر ئامال تاپسىڭىزچۇ؟ سىزنىڭ قەيېرىڭىز ئەر، قەيېرىڭىز دادا! — ئانا هازىرلا ئېرىنىڭ ئۈستىگە تاشلىنىپ، ئۇنى قىيما - چىيما قىلىۋېتىدىغاندەك بىر خىل ئەلپازدا سۆزلەپ كەتتى. ۋاققاس بېشىنى كۆتۈرۈپ ئايالىغا قارىدى.

— مېنى قانداق قىلسۇن دەيسەن؟ بالىنى ئىختىيارىغا ئازراق قويۇۋەت. بالا دېگەننىڭ تىزگىنىنى ئانچە - مۇنچە تارتىپ قويغاننىڭ زىيىنى يوق، دەپ كۆزۈڭگىمۇ سەت كۆرۈنۈپ كەتتىم. مانا ئەمدى بولدىمۇ؟ سەن كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ، نېمە دېسە ماقۇل، دەپ مەيلىگە قويۇپ بەرگەن بالاڭ...

— ئاغزىڭىزنى يۇمۇڭ، مەن بۇ ئۆمرۈمدە سىزگە ئوخشاش باغرى قاتتىق، مۇنداق رەھىمسىز دادىنى كۆرۈپ باقماپتىمەن. مانا مۇشۇنداق پەيتتە بىر ئېغىز ياخشى گەپ قىلىشنىڭ ئورنىغا نېمىلەرنى بىلجىرلاۋاتىسىز؟ مېنىڭ بالام ھەرگىز ئۇنداق ئىشنى قىلمايدۇ. ئۇ تۆھمەتكە قېلىۋاتىدۇ. باشقىلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراۋاتىدۇ. ئۇ گۇناھسىز... — ئانا بىردىنلا ھۆڭرەپ يىغلىۋەتتى. ئۆي ئىچىنى ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئېزىدىغان ھەسرەتلىك ئاۋاز قاپلىدى.

— نېمىگە كۆزۈڭنىڭ سۈيىنى ئېقىتىسەن؟! — ئاچچىقىنى ئىچىگە پاتۇرالمىغان ۋاققاس ۋارقىرىدى، — هازىر يىغلايدىغان ۋاقىتمۇ؟ يىغىدىن باشقىنى بىلمىگەن، ئادەمنىڭ ئىچىنى سىقىپ.

موماي يىغىدىن توختىدى. «قېنى دېمەمسەن، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟» دېگەندەك ئېرىگە قارىدى. ئوتتۇرىلىقتا ئادەمنىڭ ئىچىنى سىققۇدەك جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى.

— ئۇلار راست دەيدۇ. ئاساسى بولمىسا بىرىنىڭ ئۆيىگە كىلىپ ھەرگىزمۇ ئۇنداق گەپلەرنى قىلمايدۇ. قارىغاندا ئۇ كىسپۇرۇشنىڭ يوقاپ كەتكىنى بىكار ئەمەستەك قىلىدۇ. بىز ئەمدى قول قوۋۇشتۇرۇپ قاراپ تۇرمايلى. ئۇنى ئىزدەپ، ئىز - دېرىكىنى قىلايلى. پەمىچە ئۇ ھەرگىز مەھەللە ئىچىدە ئەمەس: ئاتنى ئېگەرلەي، تاغ - تاشنى ئىزدەپ كېلەي.

ۋاققاس يەنە «ئەگەر بالا تېپىلىپ قالسا ئۇنى ئۆزىنى مەلۇم قىلىشقا كۆندۈرەيلى. شۇنداق قىلساق گۇناھى يەڭگىللەيدۇ. ھازىرمۇ مۇشۇنىڭدىن باشقا ئامال قالمىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە قولىمىزدىن مۇشۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىش كەلمەيدۇ» دېمەكچى بولغان بولسىمۇ، نېمە ئۈچۈندۇر تىلىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان گەپنى يۇتۇۋەتتى.

— بىچارە بالام! — دېدى ئانا ئېغىر خورسىنىپ، — ئەگەر تاغدا ئۇچرىتىپ قالسىڭىز قانداق قىلاي دەيسىز؟

ۋاققاسنىڭ يۈرىكى مۇجۇلۇپ كەتتى. ئايالى ئۇنىڭ ئويلاۋاتقانلىرىنى بىلىپ قالغاندەكلا گەپنى شۇ يەردىن باشلىدى، — بۇ چاقچاق قىلىدىغان ئىش ئەمەس. سەللا دىققەت قىلمىساق بىر ئۆمۈر پۇشايمانغا قالىمىز. ئالدى بىلەن بۇ ئىشنىڭ راست - يالغانلىقىنى بىلەيلى. مېنىڭ پەقەت ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ. بەلكىم بالىمىز ئەگەشكۈچىدۇر. بەلكىم ئۇلار ئۇنىڭدىن خاتا گۇمانلىنىۋاتقاندۇ. دىلارە دېگەن زادى قانداق خوتۇن؟ ئۇنىڭ ئۆيىدىن سومكىغا نان قاچىلىغان ئادەم بەلكىم سەۋەبىنى دەپ بەرگەندۇ.

ۋاققاس ئويلىنىپ قالدى. دېمىسىمۇ بۇ چاقچاق قىلىدىغان ئىش ئەمەس ئىدى. ئايالىنىڭ ئېيتقانلىرى توغرا بولۇشى مۇمكىن. بەلكىم ئوغلى ئەگەشكۈچىدۇر. ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا ئېنىقمىنى ئوقۇپ ئات ئېگەرلىسىمۇ ئۈلگۈرىدۇ. ئىلاھىم شۇنداق بولۇپ قالسىكەن.

— توغرا، نېمىشقىمۇ بالدۇرراق ئېسىمگە كەلمىگەن بولغىيدى. بىز دىلارە دېگەن خوتۇننى ئىزدەپ تاپايلى. شۇنداق قىلساق ئىشنىڭ جەريانىنى ئايدىڭلاشتۇرالايمىز.

موماي ئالدىراپ ياغلىقىنى چىگدى. ۋاققاس ئەلەم ئىچىدە چىشىنى چىشىغا چىشلىدى.

بۈگۈن ھاۋا ئوچۇق بولسىمۇ، لېكىن قۇياشنىڭ تەپتى ئانچە بەك كۈچلۈك ئەمەس ئىدى. ۋاققاس بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا

قارىدى . كۆن ئارقان بويى ئۆرلەپ كەتكەن بولسىمۇ ، كۆك قەرىدە ھالسىزلىنىپ كەتكەندەك ئېسىلىپ تۇراتتى .
ئەر - خوتۇن ئىككىسى قىلىۋاتقانلىرىنىڭ توغرا ياكى خاتا ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى . دەرۋازىدىن چىققان پاتەمخان چوڭ خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىۋاتقان ئادەمگە ئوخشاش ، كوچىنىڭ ئىككى يېقىغا ئېھتىياتچانلىق بىلەن قاراپ قويدى . ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا سوزۇلغان كوچا جىمجىتلىق ئىچىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى . ئۇلار كوچا بويلاپ يۈرۈپ كەتتى . كەنت ئىشخانىسى تەرەپتىن ئۇنئالغۇنىڭ ياڭراق ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى . بۈگۈن بۇ ئاۋاز ئەر - ئايال ئىككىسىنىڭ قۇلىقىغا گويا مۈشت ئۇرغاندەك ئاڭلاندى . ئۇزلىرىنىڭ ئۆيىدىن ئانچە يىراق بولمىغان يەرگە جايلاشقان كەنت ئىشخانىسىمۇ بۈگۈن نېمە ئۈچۈندۇر ئۇلارغا ۋەھىملىك كۆرۈندى . شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ يەردىن تېزرەك ئۆتۈپ كېتىش ئۈچۈن ئۇلار قەدىمىنى تېزلەتتى .
— مېنىڭچە ، بىز ئالدى بىلەن كېلىنىمىزنىڭ ئۆيىگە بېرىپ باقايلى ، — دېدى پاتەمخان كوچا دوقمۇشىغا كەلگەندە بىردىنلا توختاپ ، — بەلكىم ئۇنىڭمۇ بۇ ئىشلاردىن خەۋىرى باردۇ . شۇنداق قىلساق كۆڭلىمىزدە سان بولىدۇ . گەپتىمۇ تۇتۇلۇپ قالمايمىز .
ۋاققاس ئايالىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىدى . «بىردەم ئۇنى ، بىردەم بۇنى دەيسەن ، مېنى زادى نېمە قىل دەيسەن ؟» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ ، ئۈنچىقمىدى . ئۇنىڭ ئەمدى ئايالىنىڭ دېگەنلىرىگە كۆنمەكتىن باشقا چارىسى قالمىغانىدى . چۈنكى ، ئۇنىڭ بىرەر ئېغىز سۆزنى ئارتۇق قىلىپ ، بىرەر ئىشقا دۇچ كېلىپ قالسا ئايالىدىن قۇتۇلالمايدىغانلىقى كۆڭلىگە ئايان ئىدى .
ھېلىمۇ ياخشى كوچىدا تونۇشلاردىن بىرەرى ئۇچراپ قالمىدى . ئۇچراپ قالغانلار بولسا بېشىنى يەردىن كۆتۈرمەي ، چەتنەپ ئۆتۈپ كېتىشتى . قارىغاندا ئەھۋالدىن ھەممە ئادەم خەۋەر تاپقاندەك قىلاتتى .

سالاۋاتنىڭ ئۆيى يېزا مەركىزىگە جايلاشقان مەكتەپنىڭ كەينىدە ئىدى. دەرۋازىنى ئاچقان تەلەي چوڭلارنىڭ چىرايىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. ئوخشىمىغان چىرايدىكى ئوخشىمىغان كۆزلەردە ئادەمنىڭ تېنىنى جۇغۇلدىتىدىغان ۋەھىمە چاقناپ تۇراتتى. ھەر دائىم تەبەسسۇم ئىلكىدە نۇرلىنىپ تۇرىدىغان چىرايلار نېمىشقىدۇر ئۆلۈكنىڭ چىرايىدەك تاتىرىپ كەتكەن ياكى ئۇزۇن يىل كېسەل ئازابى تارتىپ، يېڭىلا ئورنىدىن تۇرغان ئادەمنىڭ چىرايىغا ئوخشاپ قالغانىدى.

ۋاقىقاس بىلەن پاتەمخان ئۆيگە كىرگەندىن كېيىنمۇ خېلى ئۇزۇنغىچە گەپ قىلالمىدى. ئۇلار گەپنى نەدىن باشلاپ، قانداق قىلىشنى بىلمەيتتى. يولدا كەلگۈچە كۆڭلىگە پۈككەن گەپلىرى، غەيرەت ـ شىجائىتى كېلىنىنى كۆرۈش بىلەن سۇنىڭ كۆپۈكىدەك يوقاپ كەتتى. ئۇلار كېلىنىنىڭ پەرياد كۆتۈرۈپ، ئۆزى بىلىدىغان ئىشلارنى يېپىدىن يېڭىنىسىگىچە تۆكۈشنى خالاپ قالغانىدى. بىراق، كېلىنى ھەيرانلىق ئىچىدە ئۇلارغا قاراپ تۇراتتى.

— چاتاق بولدى بالام، بېشىمىزغا ئېغىر كۈنلەر چۈشتى. قانداق قىلىشىمىزنى بىلەلمەي، دادىڭىز بىلەن ئىككىمىز ئالدىڭىزغا كېلىپ قالدۇق. بىزنىڭ سالاۋاتقا زادى نېمە ئىش بوپتۇ؟ كۆڭلىمىزنى ئايايمەن، ياسايمەن دېمەي، ئەينەن ئەھۋالنى بىزگە دەپ بېرىڭ، — ئانىنىڭ كۆزىدىن ئېتىلىپ چىققان ئىلتىجاغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن تەلەي بېشىنى تۆۋەن سالدى.

— دادا، ئاپا، سالاۋاتقا نېمە بوپتۇ؟ مېنى كەچۈرۈڭلار. ھازىرغىچە قۇلىقىم گاس، ھېچنېمىدىن خەۋىرىم يوق.

· ۋاقىقاس ئەر ـ خوتۇن بىر ـ بىرىگە قاراشتى. ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا پەيدا بولغان مۇرەككەپ ھېسسىياتتىن «بۇ مۇمكىنمۇ؟» دېگەن مەنە چىقىپ تۇراتتى. ئانا يۆتەلدى، ئاندىن قىمچىلىپ قويۇپ پەس ئاۋازدا سۆزلەشكە باشلىدى…

تەلەينىڭ چىرايى بىردىنلا تامدەك تاتىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. قېينانىسىنىڭ جۆيلۈۋاتقاندەك سۆزلەپ

بىر نۋاتقانلىرىغا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى . دىلارەنىڭ گېپى چىققاندا ئۇنىڭ ۋۇجۇدى خۇددى ئوق تەگكەندەك قورۇلۇپ كەتتى .

— ئاپا !...

ئۇ بوشقىنا ئىڭراپ قويدى . قېينانىسىنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئېتىپ يىغلاشتىن ئۆزىنى تەستە تۇتۇپ ، ئۆزىنىڭ دىلارەنىڭ ئۆيىگە بارغاندىكى ۋە ئۇنىڭ ئۆزىنى ئىزدەپ كەلگەندىكى ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى .

— جۇۋاينىمەك ! — دېدى ئانا غەزەپتىن ئۆزىگە ئىگە بولالماي ، ئەسلىدە بالامنى يولدىن چىقارغان قانجۇق شۇ ئىكەن - دە . مەن ئۇنىڭدىن ھېساب ئالماي قويمايمەن . قېرى جىنىمنى ئۇنىڭغا تىكتىم !

— بۇ نىمە دېگىنىڭ ئەمدى ؟ ئۇنىڭغا نېمە ئۈچۈن قېرى جېنىڭنى تىكتىڭ ؟ ئۇنىڭدىن نېمىگە ئاساسەن ھېساب ئالىسەن ؟ بۇ يەردە تىنچ ئولتۇر . ھازىر قايناپ ئالەمنى - مالەم قىلىدىغان ۋاقىت ئەمەس ، — ۋاققاس ئورنىدىن چاچراپ تۇرغان ئايالىغا شۇنداق دەپ كېلىنىگە بۇرۇلدى ، — ئۇنداقتا دىلارەنىڭ ئۆيىدىن سومكىغا نان - توقاچ قاچىلىغان ئىشچۇ ؟ بۇنى دىلارە سىزگە دېگەندۇ ؟ ساقچىلارنىڭ دېيىشىچە سالاۋات ئۇنىڭ ئۆيىدىن سومكىغا نان - توقاچ قاچىلاپتۇدەك .

— بۇنى بىلمىدىم ، دادا ، ئۇ بۇ توغرۇلۇق ماڭا ھېچ نەرسە دېمىدى . پەقەت سالاۋاتنىڭ كەلگەن - كەلمىگەنلىكىنىلا سورىدى ، ئاندىن شەھەر باشلىقىنىڭ ئايالىنىڭ ئۆز ئۆيىدە باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ، بۇ دەل سالاۋاتنىڭ شەھەرگە يۆتكىلىش ئىشىغا مېڭىۋاتقان شەھەر باشلىقىنىڭ ئايالى ئىكەنلىكىنىلا دېدى ... — تەلەيىنىڭ كۆز ياشلىرى يىپى ئۈزۈلگەن مەرۋايىتتەك تۆكۈلۈپ كەتتى . ئۇ بوغۇلۇپ - بوغۇلۇپ ئېسەدەيتتى . ۋاققاسقا ھەممە نەرسە ئايدىڭ بولدى . كېلىنى ئاران بەرپا قىلغان چاڭگىسىنىڭ بۇزۇلۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن قولىدىن كېلىدىغان ئىشنىڭ ھەممىسىنى قىلغان . بىراق ، تەتۈر كەلگەن پەلەك ئۇنىڭ

تىرىشچانلىقلىرىنى بىتچىت قىلىپ، ئاخىرىدا يىغىشتۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان خاتالىقنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولغان. پۇل، ئاشۇ نىجىس پۇل سالاۋاتنىڭ ئەقلىنى يەپ كەتكەن. ئۇ شۇنچە پۇلنى خەجلەپمۇ ئىشنىڭ ھەل بولمىغانلىقىغا غەزەپلىنىپ، ئاچچىقىدا ئۇ ئايالنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. بەلكىم ئۇ ئايال بىشەملىك قىلغاندۇ. شۇنداق بىر يېرى بولمىسا بۇنداق پاجىئەمۇ يۈز بەرمەس ئىدى...

ۋاققاسنىڭ قەلبىدىكى تۇگۇن بارغانسېرى چىگىشلىشىپ كەتتى. سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتىدە قايسىسىنىڭ ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى ئايرىۋالالماي ئېغىر تىندى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تۇمان باسقان بىر يول سوزۇلۇپ ياتاتتى.

— مەن دېدىمغۇ، بالامنى يولدىن ئازدۇرۇپ، بالا - قازاغا تىققان قانجۇق ئەنە شۇ دىلارە. بىز بۇ يەردە يەنە ئىنجىقلاپ نېمە قىلىمىز. سىلەر بارمىساڭلار ئۆزۈم بارىمەن. ئۇنىڭ چېچىنى بىر تالدىن يۇلۇپ، قولىغا ئېلىپ بېرىمەن، — خېلىدىن بېرى ئۈنچىقماي ئولتۇرغان ئانا غەزەپتىن تىترەپ كەتتى. ئۇنىڭ بالا دەردىدە كۆيۈپ كۈل بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ۋاققاس سۆز قاتتى:

— بولدى، ئەمدى ئارتۇقچە چېچىلىشنىڭ ئورنى قالمىدى. ئۆلتۈرۈلگىنى ئادەتتىكى ئادەم ئەمەس بەلكى شەھەر باشلىقىنىڭ ئايالى ئىكەن. ئۇلارنىڭ سالاۋاتتىن گۇمانلىنىشى تۇرغانلا گەپ. گۇمانلانغانىكەن، مۇناسىۋەتلىك ئادەملەرنىڭ ھەممىسىدىن ئەھۋال ئىگىلەيدۇ. دىلارەمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس. شۇنداق ئىكەن، ئەمدى بىزنىڭ ئۇ يەرگە بېرىشىمىزنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق. قارىغاندا ساقچىلارمۇ بۇ يەرگە كۆپ ئۆتمەي كېلىپ قالىدىغاندەك تۇرىدۇ. ئىدىيىدە تەييارلىق قىلىپ قويۇڭ.

ئۆي ئىچىنى جىمجىتلىق باستى. تەلەي ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ بېشىنى لىڭشىتتى. ۋاققاس بىلەن پاتەمخان ئورنىدىن قوزغالدى. ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن تۆكۈلۈپ تۇرغان قايغۇ - ھەسرەتتىن تەلەينىڭ يۈرەكلىرى ئېقىپ كەتكەندەك بولدى. بىر ئۆمۈر بالا دەپ

پەرۋانە بولغان ئاتا بىلەن ئانىنىڭ ئاخىرىدا ئېرىشكىنى چىداپ بولغۇسىز دەرد ـ ئەلەم بولدى.
ئانا دەرۋازا ئالدىدا تەلەينى باغرىغا مەھكەم بېسىپ بىرپەس تۇردى، ئاندىن بۇرۇلۇپ ۋاقىراش بىلەن ئاستا قەدەم تاشلىغىنىچە مېڭىپ كەتتى. تەلەينىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ، كۆز چاناقلىرى ياشقا تولدى.

## 12

سالاۋات كۆزىنى ئاچتى. ئۇنىڭغا ئۇزۇن يۇزلۇك، سېرىق چىراي بىر ئەر قاراپ تۇراتتى. سالاۋات بۇ چىرايدىن، ئىچ ئاغرىتىشتىنمۇ بەكرەك بىر خىل ئەجەبلىنىشنىڭ چىقىپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەندەك قىلدى. ئۇنىڭغا بۇ خىل ئەجەبلىنىشنىڭ كەينىگە قانداقتۇر بىر خىل قورقۇنچلۇق ھەرىكەت يوشۇرۇنغاندەك، كۆپ ئۆتمەيلا بۇ ئادەم قىل ئارقان بىلەن پۇت ـ قولىنى باغلاپ، ساقچىغا تاپشۇرۇپ بېرىدىغاندەك بىلىنىپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ يۈرىكىدىكى بۇ خىل ئەنسىزلىكنى بېسىپ، ئۆرە بولۇشقا تىرىشتى. ئۆينىڭ ئىچى كۆڭۈل قويۇپ سەرەمجانلاشتۇرۇلغاچقا، كىشىگە بىر خىل ئازادىلىك ھېس قىلدۇراتتى.
— يائاللا، ئاخىر ھوشىڭىزغا كەلدىڭىز. قورقۇپ جېنىمىز چىقىپ كەتكىلى تاسلا قالدى. ھەرنېمە بولسا خۇداغا مىڭ شۇكۇر. ئاخىر كۆڭلىمىز ئارامىغا چۈشتى، — دېدى ئۆي ئىگىسى ئۇنى يۆلەپ. سالاۋات شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ بۇ ئۆيگە كىرىپ قېلىشىنىڭ سەۋەبىنى ئېسىگە ئالدى.
قارىغاندا ئۆي ئىگىلىرى ئاق كۆڭۈل، مېھماندوستتەك قىلاتتى. ئۇلار مېھماندىن ئۇنى ـ بۇنى سوراۋېرىشتىن خىجىل بولدىمۇ ياكى بۇنداق قىلىشنى ئەپسىز كۆردىمۇ، گەپنى قىسقارتىپ داستىخان سالدى. ئالدىغا چاي كەلگۈچە سالاۋاتنىڭ نەپسى شۇنچىلىك تاقىلداپ كەتتىكى، ئاغزىغا سېرىق سۇ يىغىلىپ، ئۆزىنى داستىخان ئۈستىگە تاشلاشتىن ئاران تۇتۇۋالدى.

— قىزنى چاي ئىچىڭ . قىزىق - قىزىق چاي ئىچسىڭىز سەگىپ ، ماغدۇرىڭىزغا كىرىپ قالىسىز ، — دېدى ئۆي ئىگىسى ئايال ئۇنىڭ ئۇستىۋېشىغا ئېچىنىش نەزىرى بىلەن قاراپ . سالاۋات يۇمشاق ناننى ئاغزىغا پۇرلاپ تىقتى . ئۇ ئۆمرىدە ئائىلىنىڭ بۇنچىلىك ئىللىق ، بۇنچىلىك قەدىرلىك بولىدىغانلىقىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالغانىدى .

— قارىسام ئىت بىردىنلا قاۋاپ كەتتى . بىرى خۇددى ئوق تەگكەن قۇشقا ئوخشاش لەپەڭلەپ بېرىپ يىقىلدى . شۇ چاغدا مەن ئىشىك ئالدىدا ئارا ساپلاۋاتاتتىم . سىزمۇ بىلىسىز ، چۆپ ئورۇش ۋاقتى قىستاپ قالدى . شۇڭا ، تەييارلىقنى پۇختا قىلمىساق بولمايدۇ . دەرھال بېرىپ قارىسام سىز ھوشسىز يېتىپسىز . شۇنىڭ بىلەن ئۆيگە ئەكىردۇق . مانا ئەمدى ھوشىڭىزغا كەلدىڭىز . تېنىڭىز بەكلا ئاجىزلاپ كېتىپتۇ . بۇ يەردە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ ، كۈچ - ماغدۇرغا كىرىۋالغاندىن كېيىن ماڭسىڭىزمۇ بولىدۇ ، — ئەر خوجايىن ئۇنى كۆپرەك بىرنەرسە يەۋالسۇن دېگەندەك پاراڭ بىلەن بولدى ، ئايالى چاينى لىقلاپ قويۇپ تاماققا تۇتۇش قىلدى .

— سىلەرنى ئاۋارە قىلسام قانداق بولىدۇ ؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە ھازىر خەقنىڭ قولىنى ئۆتنىگە ئالىدىغان ۋاقىت . چارۋا باققان ئادەمگە پەقەت يىلدا بىرلا قېتىم كېلىدىغان پۇرسەت . تەييارلىق پۇختا بولمىسا كېيىن پۇشايمان قىلىشقىنىمۇ ئۈلگۈرەلمەي قالىدۇ ئادەم ، — دېدى سالاۋات جاۋابەن ئاغزىدىكى ناننى چايناپ يۇتقاندىن كېيىن . ئۇ كۈلگەن بولسىمۇ ، نېمىشقىدۇر كۈلكىسى ئۆزىگە باشقىچىرەك بولۇپ تۇيۇلدى .

— ھېچقىسى يوق . بىزنىڭ چېپىشلىقىمىزمۇ ئانچە يىراق ئەمەس . بىرەر كۈن كېچىككەنگە ھېچنېمە بولمايدۇ . ئۇنىڭ ئۇستىگە قولۇم - قوشنىلار بىلەن كېلىشىپ قويغان . چاپىدىغان چۆپىمىز كۆپرەك بولغاچقا ، بۇ يەردە لاپقۇتلىشىپ چۆپ چاپىدىغان ئادىتىمىز بار . ئادەم كۆپ بولسا ئىشمۇ ئاۋۇيدۇ . بەرىكەتمۇ كۆپرەك بولىدۇ . قېنى سىز تارتىنماي چاي ئىچىپ تۇرۇڭ . مەن

سىرتقا چىقىپ كىرەي ، — ئەر خوجايىن شۇنداق دېگەندىن كېيىن ئورنىدىن قوزغىلىپ ، ئىشىكتىن چىقتى . بۇنىڭ بىلەن سالاۋاتقا ، ئاغزىغا ناننى بولۇشىغا پۇرلاپ تىقىش پۇرسىتى چىققانىدى . ئۇ بىر چەتتىن ئاغزىغا سالغان ناننى ئاچ كۆزلۈك بىلەن چايناپ يۇتسا ، يەنە بىر تەرەپتىن بىرنەچچە پارچىسىنى قوينىغا تىقتى .

— سەت بولدى ، مېھمان ، سىزنى يالغۇز تاشلاپ قويۇپ ، بىز چارۋىچى خەق مانا مۇشۇنداق تىنىمسىز كېلىمىز . مال كۆپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا قارىماساق ، ھالىدىن خەۋەر ئالمىساق تېخى بولمىغان . قورۇ ـ قوتاننى تازىلىمىساق تېخى بولمىغان . ئىش قىلىپ بىكار يۈرىدىغان كۈنلىرىمىز يوق دېيەرلىك ، — سىرتتىن كىرگەن ئەر خوجايىن سۆزىنى تۈگىتىپ ئايالىغا ۋارقىرىدى ، — ھاي ! مېھمانغا چاي قۇيغىن .

— بولدى رەھمەت ، ھېلىمۇ كۆپ ئىچتىم ، — دېدى سالاۋات چىنىسىدىكى ئاخىرقى بىر يۇتۇم چاينى ئۇتلىغاندىن كېيىن تەرىنى سۈرتۈپ . ئۇنىڭ قورسىقى تويغان بىلەن ، پۈتۈن ۋۇجۇدى ھېلىھەم تىترەپ تۇراتتى . ئايال خوجايىن ئۇنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي چاي قۇيۇپ چىقىپ كەتتى . سالاۋات چاينى لېۋىگە ئاپىرىۋېتىپ ، ئەر خوجايىننى قەيەردىدۇر بىر يەردە كۆرگەندەك قىلدى . ھەرقانچە ئويلاپمۇ قەيەردە كۆرگەنلىكىنى زادىلا ئېسىگە ئالالمىدى .

— تونۇشۇپ قالايلى ، مېنىڭ ئېتىم بايدىن . ئۆزىڭىزمۇ كۆرۈپ تۇرۇپسىز ، مەن دېگەن چارۋىچى . بۇ ئەتراپتا مېنى بايدىن تايغان دېسە تونۇمايدىغىنى يوق . چۈنكى ، ھازىرغىچە مەيلى يوقۇرۇشتە بولسۇن ، مەيلى يول مېڭىشتا بولسۇن ، ئالدىمغا ئۆتىدىغان بىرەرى چىقىپ باققىنى يوق ، — ئۇ بىر خىل لەززەت ئىچىدە كۈلدى . قارىغاندا ئۇ «تايغان» دېگەن لەقىمىدىن تولىمۇ رازىدەك قىلاتتى ، — سىزنىڭچۇ مېھمان ، سىزنىڭ ئىسمىشەرىپىڭىز نېمىكىن ؟ مەن مانا مۇشۇنداق ئادەم . ئاغزىم ئېچىلدىمۇ بولدى ، توختىماي ۋالاقلاپ كېتىمەن . ئەيىبكە بۇيرۇماڭ .

ئۇ يەنە بىر قېتىم قاقاقلاپ كۈلدى. ئويلىمىغان يەردىن قويۇلغان بۇ سوئال سالاۋاتنى تەمتىرىتىپ قويدى. ئۇ ئاغزىنى ئۆمەللەپ بىرىپ توختاپ قالدى. ھازىرقى ئەھۋالدا ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئىسمىنى ئاشكارىلىسا بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئالدىدىكى چاينى ئوتلىدى:

— ئىسمىم قۇرۇسۇن. قورساق بىلەن بولۇپ كېتىپ ئۆزۈمنى تونۇشتۇرۇشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. سىزمۇ ئەيىبكە بۇيرۇمىغايسىز. ئىسمىم تۇيغۇن. ئەمما، سىزگە ئوخشاش ئالاھىدىلىكىممۇ، پەخىرلەنگۇدەك لەقىمىممۇ يوق. ئۆزۈم گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىن. دوختۇرخانىدىن چىقسام، ئادەملىرىمىز يۆتكىلىپ كېتىپتۇ. شۇلارنى ئىزدەپ كېتىۋاتىمەن. ئۆمرۈمدە بۇنداق ئۇزۇن يولنى پىيادە بېسىپ باقمىغاچقا، يول ئازابىنىڭ قاتتىق بولىدىغانلىقىنى ئەمدى ھېس قىلىپ يەتتىم. تەلىيىمگە سىلەرگە ئوخشاش ياخشى نىيەتلىك ئادەملەرگە ئۇچراپ قالدىم. سىلەرنىڭ ياخشى كۆتكىنىڭلارغا كۆپ رەھمەت.

— رەھمەت ئېيتىپ كەتكۈدەك ھېچ ئىش يوق. بۇ بىزنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىمىز. ئىسمىم تۇيغۇن دەڭ. تولىمۇ ياخشى ئىسىم ئىكەن. بىز بۇ يەردە ناھايىتى سەزگۈر قۇشلارنىلا تۇيغۇن دەپ ئاتايمىز. مەندە لەقەم يوق دەپ كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلمىسىڭىزمۇ بولغۇدەك. چۈنكى، سىزنىڭ لەقىمىڭىز ئىسمىڭىز بىلەن بىللە ئىكەن ئەمەسمۇ؟ — ئەر خوجايىن سۆزىنى تۈگىتىپ كۆزىنى قىسىپ قويدى.

ياندۇرۇلغان لامپا بىلەن ئۆيئىچى سۇس يورۇدى. سالاۋاتنىڭ قۇلاق تۈۋىدە تونۇش بىر ئاۋاز خىلى ۋاقىتقىچە ياڭراپ تۇردى.

— ئەيىبكە بۇيرۇمىغايسىز. بىز چارۋىچىلارنىڭ كۈنى مانا مۇشۇ. سىلەرگە ئوخشاش يورۇق - ئازادە ئۆيلەردە ئولتۇرىدىغانلارغا شۇنداق ھەۋەسىم كېلىدۇ. بىزگىمۇ ئاشۇنداق يورۇق ئۆيلەردە ئولتۇرىدىغان، توك بىلەن چىراغ ياندۇرىدىغان ۋاقىتلار قاچانمۇ كېلەر... — ئۆي ئىگىسى بىر تەرەپتىن سۆزلەپ،

يەنە بىر تەرەپتىن كۈلەتتى . سالاۋاتنىڭ يۈرىكى بىردىنلا ئويناپ كەتتى . ئۇ شۇ تاپتا ئۆي ئىگىسىنى نەدە كۆرگەنلىكىنى ئېسىگە ئالغانىدى . دەل شۇنىڭ ئۆزى . ئاۋازىمۇ ، چىرايىمۇ دەل شۇنىڭ ئۆزى . ھېلىقى كۈنى توقاي ئىچىدە ھەمراھلىرىنى يولغا سېلىپ ، مامۇق ئورۇندا ئۇخلىغاندەك شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەن مال ئوغرىسىنىڭ دەل ئۆزى . خاتا بولۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس . ئاتنى ئوغرىلاپ مىنگۈچە ئاي يورۇقىدا چىرايىنىمۇ شۇنداق ئېنىق كۆرگەن تۇرسا...

سالاۋات يەڭگىل نەپەس ئالدى . ئۇ ئەمدى بۇ ئۆيدە خاتىرجەم ياتسا بولىدىغاندەك بولۇپ قالدى . چۈنكى ، ئۆي ئىگىسىمۇ پاك ئادەم ئەمەس . پەيتى كەلگەندە ئۇنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنىڭ چېتىنى چىقىرىپ قويسىلا بولىدۇ . «ياخشىغا ئىشارە ، يامانغا جۇۋالدۇرۇز» دېگەندەك قالغىنىنى بايدىن تايغان ئۆزى تېپىۋالىدۇ .

ئۇنىڭ خىياللىرىنى داستىخانغا كەلتۈرۈلگەن تاماق بۆلدى . ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان چۆپ سالاۋاتنىڭ ئىشتىھاسىنى تېخىمۇ ئېچىۋەتتى . ئۇ تويغىنىنى بىلمىگەن ھالدا يەيتتى . نەچچە كۈنلۈككە يەتكۈدەك تاماق يەۋالسام ، دېگەن ئوي ئۇنى توختىماستىن يېيىشكە ئۈندەيتتى . ئۇ ئۆيات ـ پۈيات دېگەننى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ ، ئۈچ ئاپقۇر چۆپنى پاك ـ پاكىز يەپ تۈگەتتى . ئەمدى ئۇنى ئۇگدەك بېسىپ ، قاپاقلىرىنى ئاچالماي قېلىۋاتاتتى . شۇنداقتىمۇ كۆزىنى تەستە ئېچىپ بايدىنغا قارىدى ۋە پەس ئاۋازدا :

— نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا توقايدا ئۇخلاۋاتقان چېغىڭىزدا ئېتىڭىزنى بىرى ئېلىپ كەتتىغۇ دەيمەن ، — دېدى سىرلىق كۈلۈپ . ئۇنىڭ يەنە نۇرغۇن گەپلەرنى دېگۈسى بولسىمۇ ، ئەمما دېيىشكە پۇرسەت بولمىدى . قىيان سۈيىدەك شىددەت بىلەن قاپساپ كەلگەن شېرىن ئۇيقۇ ئۇنى ئاخىر چاڭگىلىغا ئالدى . ئۇ ئەمدى يەڭگىل تىنىپ ئۇيقۇغا كەتكەنىدى . ئۇ چۈش كۆردى . چۈشىدە ھەممە ئادەم پەرۋانە بولۇپ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى . قاياقتىندۇر يوپۇرۇلۇپ كەلگەن بىر توپ قىزلار ئۇنىڭ پېشىغا

ئېسىلىشىۋېلىپ ، تەرەپ - تەرەپكە تارتىشقا باشلىدى . سالاۋات كۆلەتتى . نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي بىردەم ئۇياققا سەنتۈرۈلسە ، بىردەم بۇياققا سەنتۈرۈلەتتى . ئۇ قىزلارنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ قۇچاقلىماقچى بولدى . ئەمما ، قىزلار چۇرقىرىشىپ ئۇنىڭغا بوي بەرمىدى . ئۇ سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ يىقىلدى . ئورنىدىن تۇرغاندا قىزلار تولىمۇ يىراقتا يۈگۈرۈپ كېتىشىۋاتاتتى . ئۇ ۋارقىرىدى . ئاۋازى يەتمىگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ كەينىدىن جېنىنىڭ بارىچە يۈگۈرۈپ كەتتى . توساتتىنلا ئالدىدا دىلارە پەيدا بولدى . ئۇنىڭ چىرايىدىن بىر خىل غەزەپ - نەپرەت چىقىپ تۇراتتى .

«ھەي بۇزۇق ، نەگە بۇنچىلا ئالدىراپ كېتىۋاتىسەن ؟ ئۇ قىزلارنىڭ كەينىدە ساڭا نېمە بار ؟ — ئۇ شۇنداق دېگىنىچە ئۇنىڭ كاچىتىغا كېلىشتۈرۈپ بىرنى سالدى . سالاۋات ئىختىيارسىز كاچات تەگكەن يەرنى سىلىدى ، — بۇزۇقچىلىق قىلىپ تويمىدىڭمۇ ؟ ساڭا شۇ ئىشلار ئاز كېلىۋاتامدۇ ؟ سەن دېگەن ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىل . ئىككى قولۇڭ باشقىلارنىڭ قىپقىزىل قېنى بىلەن بويالغان شۇمپەن . »

سالاۋات قولىنى كۆتۈرۈپ قارىدى . راست دېگەندەك ئۇنىڭ قولىدىن قىپقىزىل قان چىپىلداپ ئېقىۋاتاتتى . ئۇ ھاڭ - تاڭ قالدى . كەينىگە بۇرۇلۇپ قاچاي دېيىشىگە ئالدىدا شەھەر باشلىقىنىڭ ئايالى پەيدا بولدى . ئۇنىڭ كېپەن ئىچىدىكى بىر جۈپ كۆزى دەھشەت بىلەن يېنىپ تۇراتتى . سالاۋاتنىڭ قورقىنىدىن جان - پېنى چىقىپ كەتتى . شەھەر باشلىقىنىڭ ئايالىنىڭ قولى بىردىنلا ئۇزىراپ ئۇنى كانىيىدىن ئالدى . سالاۋات يۇلقۇندى . بارلىق كۈچى بىلەن ئۇنىڭ قولىدىن بوشىنىشقا ئۇرۇندى . ئاغزىنى ئېچىپ ئۇنىڭ قولىنى چىشلىمەكچى بولغان بولسىمۇ ، ئاغزىنى پەقەتلا ئۇنىڭ قولىغا يېقىنلاشتۇرالمىدى . بىركۈتنىڭ تىرنىقىدەك ئۆتكۈر تىرناقلار ئۇنىڭ گېلىغا پاتقاندا ، نەپەس ئالالماي ۋارقىراپ كەتتى...

ئۇ كۆزىنى ئاچقاندا كىملەردۇر بىرلىرى قولىنى كەينىگە

قايرىپ باغلاۋاتاتتى . ئۇ تولىمۇ تەستە ئېسىنى يىغىپ ، بۇنىڭ چۈش ئەمەسلىكىنى بىلدى . بايدىن بىلەن ئايالى ئىككىسى راستتىنلا ئۇنى باغلاۋاتاتتى .

— سادىغاڭ كېتەي ، بۇ نېمە قىلغىنىڭلار ؟ بۇنداق قىلماي مېنى قويۇۋېتىڭلار . مەندە سىلەر بۇلىغۇدەك ھېچ نەرسە يوق . مەن بىر يولۇچى ، ھەرگىزمۇ يامان ئادەم ئەمەس ، — دېدى سالاۋات ئىڭراپ .

— ئاغزىڭنى يۇم ! كىم سېنىڭ سېسىق بىرنېمىلىرىڭگە ئاشىق بولۇپ قاپتۇ . ئۆزۈڭچە بىزنى قاپاق باش كۆرۈپ قالغان ئوخشىمامسەن . ئىسمىم تۇيغۇن دېسەم ئۇلارنى ئالداپ كېتەلەيمەن دەپ قالغان ئوخشىمامسەن ؟ ئەمما سەن خاتالاشتىڭ ئاغىنە . مەن سېنى بىر قاراپلا تونۇۋالغان . سېنىڭ ئىسمىڭ تۇيغۇن ئەمەس ، بەلكى سالاۋات . ساقچىلار ئىزدەپ يۈرگەن ، تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلغان ، ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىل .

سالاۋاتنىڭ كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى . ئۇ ئويلىمىغان يەردىن قولغا چۈشۈپ قالدى . ئەمدى ئۇنىڭ ھاياتى ئۇزۇنغا بارمايدۇ . چۈنكى ، ئۇ دېگەن قاتىل . دىلارە چۈشىدە دېگەندەك ئىككى قولى باشقىلارنىڭ قىپقىزىل قېنى بىلەن بويالغان شۇمپەن .

— ئۆتۈنۈپ قالاي ، بايدىن ئاكا ! مېنى قويۇۋەتكىن . مەن قاتىل بولسام سەنمۇ پاك ئادەم ئەمەسقۇ ؟ مەن بۇياققا قېچىپ كېلىۋېتىپ توقايدا ئۇچۇڭلارنىڭ قىلىشقان گەپ ـ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان . يەنە تېخى ئوغرىلاپ كەلگەن ماللارنى ئۇلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ ، پۇل ئالغىنىڭنىمۇ بىلىمەن . سەن شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەندە باغلاقتىكى ئېتىڭنى يېشىپ ، مىنىپ كەتكەن مەن بولىمەن . مېنى ساقچىلارغا تۇتۇپ بەرسەڭ ساڭىمۇ ياخشى كۈن يوق . ئۇنىڭدىن مېنى سەن كۆرمىگەن ، سېنى مەن كۆرمىگەن بولايلى . ھەركىم ئۆز يولىمىزغا ماڭايلى . مەن سېنىڭ ياخشىلىقىڭنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايمەن ، — ئۇ ھاسىراپ قالدى . دۇنيادىكى ئەڭ تەسىرلىك سۆزلەر بىلەن بايدىننىڭ يۈرىكىنى يۇمشاتماقچى

بولغان بولسىمۇ چامىسى يەتمەي قالدى.
— كونىلاردا گەپكە گەپ توغرا كەلگەندە، ئاتاڭدىن قايتما، دېگەن گەپ بار، — دېدى بايدىن ئۇنى چەمبەرچاس قىلىپ باغلىغاندىن كېيىن تەرىنى سۈرتۈپ، — توغرا، مەن ئوغرى. ماڭا لازىمى مال - دۇنيا. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوغرىلىق قىلىمەن. ئوغرى ئىسكەنلىكىمنى ئېسىمگە سېلىپ ياخشى قىلدىڭ. ئەمدى كىمگە دېگۈڭ كەلسە شۇنىڭغا دەۋەرگىن، پەرۋايىم پەلەك. مەن ئەمدى ھېچكىمدىن قورقۇپ قالمايمەن. سېنى تۇتۇپ بەرگەنلەرگە ۋەدە قىلىنغان ئەللىك مىڭ يۈەن پۇلنى ئالسام بولدى. باشقىسىنى قېتىمغىمۇ ئېلىپ قويمايمەن. چۈنكى، ماڭا لازىمى پۇل. ئوغرىلىق قىلىشىمدىكى سەۋەبمۇ شۇ پۇل ئۈچۈن ئىدى. ئەمما، دەككە - دۈككىدە جىق پۇل تاپقىلى بولمايتتى. مانا ئەمدى ياخشى بولدى. كونىلار «يېنىڭدا پۇل بولسا، جاڭگالدا شورپا» دەپ بىكار ئېيتمىغان. كەچۈرگىن، ساقچىلار كەلگۈچە ئازراق ئۇۋالچىلىق تارتىپ قالىدىغان بولدۇڭ، — بايدىن شۇنداق دەپ ئۇنىڭ ئاغزىغا لۆڭگىنى كەپلىدى - دە، چىراغنى ئۆچۈرۈپ ئۆيدىن چىقتى.
ئۇ ئەر - ئايال ئىككىسىنىڭ ئىشىكتىن چىقمۇېتىپ «بەك ياخشى بولدى. كاتتا بايلىق ئۆز ئايىغى بىلەن مېڭىپ ئالدىمىزغا كەلدى. بۇمۇ ‹خۇدايىم بەرسە، پەيغەمبىرىم غىڭ قىلالمايتۇ› دېگەندەك بىر ئىش. تېزرەك ماڭايلى» دېگىنىنى ئاڭلىدى. ئىشىكنىڭ ھالقىسى شاراقلاپ، قۇلۇپنىڭ ئېتىلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ئەمدى سالاۋات بۇ يەردىن قېچىپ كېتەلمەيتتى. ئۇ راستىنلا ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۆزى مېڭىپ كەلدى. پۇل دېگەن شۇنداق نېمە. ئۇ شەيتاننىمۇ ئۇسسۇلغا سالالايدۇ.
كۆپ ئۆتمەيلا ئاتلارنىڭ دۈپۈرلەپ چاپقان ئاۋازى ئاڭلىنىپ، كېيىن تىنچىپ قالدى. سالاۋاتنىڭ مۇنداق تېز ھالاك بولىدىغانلىقىغا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. ئۇ ياشاش ئىستىكىدە يۈلقۇنۇپ كۆردى. ئەگەر بۇ يەردىن قۇتۇلىدىغانلا ئىش بولسا، ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالغان ھالەتتىمۇ يىراق - يىراقلارغا، ئادەم

ئـايغى يەتمەيدىغان جايلارغا كەتكەن بولاتتى. چۈنكى، ئۇ تېخى ياش. جاھـانـنىڭ قىزىقىنى كۆرگىنى يوق. بىئەجەل ئۆلۈش نېمىدېگەن دەھشەتلىك ــ ھە ؟!

ســالاۋاتنىڭ پۈت ــ قوللىرى چەمبەرچاس باغلىنىۋېتىلگەچكە مىـدىر ــ سىـدىر قىلالـمايۋاتاتتى. قارىـغانـدا بايـدىن باغـلاقـقا ســاقچىلاردىنمۇ ئۈستىمدەك قىلاتتى. سالاۋاتنىڭ ئۈمىدسىزلىككە تولغان كۆزى قاراڭغۇلۇققا تىكىلدى. ئۇ تېخى بايىلا كۆڭلىدىن ئۆتـكـۈزگـەن تـاتـلـىق خىياللار قاراپ تۇرۇپ بەربات بولدى. قاباھەتلىك چۈش ئاخىر رېئاللىققا ئايلاندى.

ســالاۋات كـۆزىنى يۇمدى. سۆيۈملۈك مەھەللىسى، ئاتا ــ ئـانىسى، تەلەي، دىلارە كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ، ئۇنىڭ ھاياتقا بولغان ئىستىكىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. ئىچ ــ ئىچىدىن ئۆرلەپ چىققان يىغان گېلىغا كەپلىشىپ، دەمدەر كەپتەردەك بوقۇلداپ يــىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ ھەسرەتلىرى قېنىغا پاتمايۋاتقاندەك تاغ سۈيىدەك شىددەت بىلەن ئۆركەشلەيتتى. ئىككى تەرەپكە ئۆزىنى تــاشلاپ، يۈرىكىگە غەزەپ بىلەن ئۇرۇلاتتى. غايىبتىن كەلگەن «ئـۆزۈڭگە ئاز. كۆرىدىغان كۈنۈڭ تېخى ئالدىڭدا» دېگەن سادا قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلاۋاتقاندەك قىلاتتى.

ئـۇنى ساراسىمىگە سالىدىغان ۋاقىت مىنۇت ــ سېكۇنتلاپ يېقىنلىماقتا. تولىمۇ دەھشەتلىك بىر ھاۋا گېلىنى بوغماقتا...

يىراقتىن ئاتنىڭ تۇياق ئاۋازى ئاڭلاندى. سالاۋاتنىڭ يۈرىكى قـېـپـىـدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك ئەنسىز سىلىپ كەتتى. ئۇلار ئۇچقانىمىدۇ، راستىنلا شۇنچە تېز يېرىپ كەلگەنمىدۇ، دېگەن بىر ئـوي ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى تىلغىدى. سالاۋات جان ئاچچىقىدا كۈچ بـىلەن يۇلقۇنۇپ توختاپ قالدى. بايىدىن پۈتۈن ھۇنىرىنى ئىشقا سېلىپ باغلىۋەتكەچكە، سالاۋات مىدىر ــ سىدىر قىلالمىدى. ئەمدى ئۇنىڭغا باشقا كەلگەننى كۆرمەكتىن باشقا ئامال قالمىغانىدى.

ئـاتـنـىـڭ تـۇياق ئاۋازى بېسىلدى. بىرى ئاتتىن چۈشۈپ ئىشىكنىڭ ئالدىغا كەلگەندەك قىلاتتى. كۆپ ئۆتمەستىنلا:

— ھەدە ، بۇ مەن ، — دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپ جىمىپ قالدى . سالاۋات ئۇنىڭ ئاۋازىدىن غەرق مەست ئىكەنلىكىنى بىلدى . ھايال ئۆتمەي قۇلۇپ شاراقلاپ ئىشىك ئېچىلدى . ئۆيگە كىرىپ كەلگەن ئـادەم «يېرىم كېچىدە نەگە كېتىشكەندۇ» دەپ غودۇڭشىغىنىچە چىراغنى ياقتى . ئۇنىڭ كۆزى باغلانغان سالاۋاتقا چۈشۈشى بىلەن ھەيرانلىقتىن چەكچىيىپ قالدى . ئۇ راستىنلا غەرق مەست ئىدى . بىـر جايـىدا دەسسەپ تۇرالماي ، سەنتۈرۈلگىنىچە تامغا بېرىپ يۆلىنىپ قالدى .

— سـەن كىم؟ بۇ ئۆيدە نېمە قىلىسەن ـ ھە؟ — دېدى قـــولـلـىرىنى شىلتىـپ ، — يېزنەمنىـڭ يەنە كـونا كېسىـلى قوزغىلىپتۇ ـ دە . سەن ھەرگىز خاپا بولما . ئۇ ئۆزى بىلەن شۇ ئىشنى قىلىشقا بارغىلى ئۇنىمىغان ئاغىنىلىرىگە دائىم مۇشۇ ئۇسۇل بـىـلـەن تـاقـابـىـل تۇرىدۇ . ئۆتكەندىمۇ بىرىنى شۇنداق باغلاپ قـويۇپتىكەن ، مەن ئۇنى بوشىتىۋەتكەن . ئۇنىڭ دېمى كېسىلىپ تىنىقى توختاپ قالغىلى تاس قاپتىكەن . مانا بۈگۈن يەنە سېنىڭ ئۇستۇڭدىن چۈشۈپ قالدىم . تەلىيىڭ بار ئىكەن ، — ئۇ قاقاقلاپ كۈلدى . ئاندىن سەنتۈرۈلگىنىچە كېلىپ ، سالاۋاتنىڭ ئاغزىدىكى لۆڭگىنى ئالدى ، — ياق ، يېزنەمنىڭ دوستى ئەمەس ئىكەنسەن . مەن سېنى پەقەتلا تونۇمىدىم . سېنى قويۇۋەتسەم بولمىغۇدەك .

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە يېنىدىكى بوتۇلكىنى ئېلىپ ، ئۇنىڭدىكى ھـاراقـنـى غـۇرتـۇلـدىـتىپ ئىچتى . ھايات شامى ئەمدىلا يانغان سـالاۋاتـنـىڭ يۈرىكىنى كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان بىر قول مۇجۇپ ئۆتتى . بۇ پۇرسەت ئۆتۈپ كەتسە بولمايتتى . شۇڭا ، ئۇ بارلىق كۈچىنى يىغىپ ھاراق ئىچىۋاتقان يىگىتكە يېلىندى .

— ماڭا قارا يىگىت ، مەن راستىنلا سېنىڭ يېزنەڭنىڭ ئەڭ يـېـقىن دوستى . مېنى تونۇمايدىغانلىقىڭ راست . چۈنكى ، مەن گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدا ئىشلەيمەن . يېزنەڭنى يـوقـلاپ كەلسەم ئۇ كەيپ ئىكەن . مال ئوغرىلاشقا مېنى بىللە بېرىشقا قىستىدى . مەن ئۇنىمىدىم . شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاچچىقلىنىپ

«ئۇنداق بولسا مەندىن رەنجىمە . سېنى باغلاپ قويمىساق ئىشنى بۇزۇپ قويىسەن . بىز قايتىپ كەلگۈچە ئازراق جاپا چېكىدىغان بولۇپ قالدىڭ» دېگىنىچە ئاغىنىلىرىگە مېنى باغلاتقۇزۇپ قويدى . ئۇلار ئۈچ ئادەم . ئەھۋالى بەكمۇ خەتەرلىك . چېگرا قوغداش قىسمىنىڭ دېدىمۇ ئەيتاۋۇر ھەربىيلەرنىڭ مېلىغا تېگىدىغان گەپنى قىلىشقان . باغلاقنى يېشىۋەتكىن . بىز ئۇلارنى دەرھال قايتۇرۇپ كېلەيلى . ئۆتۈنۈپ قالاي ، تېز بولغىن .

— ئۇنداقتا ھەدەمچۇ ؟ ئۇمۇ ئاشۇلار بىلەن بىللە كەتتىما ؟

— مەن كەلسەم ھەدەڭ ئۆيدە يوق ئىكەن . ئۇچى سورۇن تۈزۈپ ھاراق ئىچىۋېتىپتىكەن .

— ئۇ ھارامزادە دائىم مۇشۇنداق قىلىدۇ . ئەمىسە باغلاقنى يەشتىم . دەرھال ئاتلان . تېز قوغلاپ يەت . مەن بۇ ھالىتىمدە بارالمىغۇدەكمەن . قېنى ئەمىسە تېزرەك يولغا چىققىن .

ئۇ سالاۋاتنىڭ گەپلىرىگە ئىشىنىپ قالغانىدى . سالاۋاتنىڭ يۈرىكى شادلىقتىن تېپچەكلەپ كەتتى . توساتتىن پەيدا بولغان بىر مەست مۈشكۈلىنى ئاسان قىلىپ ، ئۇنى باغلاقتىن بوشاتتى . ئۇنىڭ تەلىيى يەنە بىر قېتىم ئوڭ كەلدى . غايىبتىن بىرى ئۇنى يۆلەۋاتقاندەك قىلاتتى .

سالاۋات ئۆيدىن چىقىپ ، ئۆزىنى قاراڭغۇلۇق قوينىغا ئاتتى . ئۇنىڭ ھەم يىغلىغۇسى ، ھەم كۈلگۈسى كېلەتتى . نېمىلا قىلغان بىلەن ئۇ خەتەردىن قۇتۇلۇپ قالدى . بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ قانچىلىك كۈلسە ئەرزىيدۇ . يامان يېرى ئۇ ھازىر نەگە بارىدۇ ، نەدە تۇرىدۇ ؟ بۈگۈنكى بۇ يىگىت بەلكىم مەستچىلىكتە ئۇنى تونۇماي قالغاندۇ . تۈتۈش بۇيرۇقى چىقىرىلغان بىر ئادەمنى ھەممە ئادەمنىڭ تونۇماسلىقى مۇمكىن ئەمەس .

سالاۋات يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ پات ـ پات كەينىگە قاراپ قوياتتى . ئۇنىڭ مېڭىسىدە توساتتىنلا ھامىمسىنىڭ ئۆيىگە بېرىش ئويى پەيدا بولدى . دېمىسىمۇ ھازىرقى بىردىنبىر بىخەتەر يول پەقەت مۇشۇ ئىدى . چۈنكى ، بايدىنغا ئەگىشىپ كەلگەن ساقچىلار

ئۇنىڭ تاغ ئىچىگە يوشۇرۇنغانلىقىنى چوقۇم جەزم قىلىدۇ . شۇنداق بولغانىكەن ، چوقۇم دىققىتىنى تاغ ئىچىگە قارىتىدۇ . ھامىمىسىنىڭ ئۆيىگە بارىدىغانلىقى ئۇلارنىڭ چۈشىگىمۇ كىرىپ چىقمايدۇ . مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇ ھامىمىسىنىڭ ئۆيىدە دېمىنى ئېلىۋالىدۇ . ئۆزىگە لازىملىق نەرسىلەرنى تەييارلاپ ، يىراقلارغا كېتىدۇ .

سالاۋات بىر توپ چاتقال تۈۋىدە ئولتۇرۇپ شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ، دەريانى كۆزلەپ مېڭىپ كەتتى . ئۇزۇنغا سوزۇلغان بىر كېچە ئاخىرلىشىپ ، يۇلتۇزلار خىرەلەشكەن ، تاغ كەينىدىن سۇبھى ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈلگەن چاغدا ئۇ يەشكەن كىيىمىنى بېشىغا قويۇپ ، ئىلى دەرياسىنى كېسىپ ئۆتتى - دە ، ئېدىرلىقنى بويلاپ تېز - تېز يۈرۈپ كەتتى . ئۇ قانچە تېز ماڭغانسېرى سەھەرنىڭ سوغۇقى بىردىنلا بوشاپ كەتكەندەك بەدىنىمۇ ئىسسىپ ، ئېڭىكىنىڭ كاسىلدىشىمۇ بېسىقىپ قالدى . نەچچە كۈنلۈك ئۆزىنى دالدىغا ئېلىش ، ھەربىر مىنۇتنى دەككە - دۈككىدە ئۆتكۈزۈش بىلەن بولۇپ كېتىپ ، ئۆزىنىڭ ئۈسۈپ چوڭ بولغان ، قولىنى سۇنسىلا يېتىدىغان يەردە تۇرغان سۆيۈملۈك يېزىسى تەرەپكە قاراپ باقمىغاچقا ، بۇ يەردىن ئۆزىگە بەش قولدەك تونۇش مەھەللە كۆزىگە بۈگۈن كىچىكلەپ ، يەرگە كىرىپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى . سالا - سالا ئېتىزلار بىلەن قاتار - قاتار ئورمانلار غېرىبسىنىپ ، «ئۇھ !» تارتىۋاتقاندەك بىلىندى .

يارۇي ھامىمىنىڭ ئۆيى بوك - باراقسان ئورمان كەينىدىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى . سالاۋات ئورمان ئىچى بىلەن ئاۋايلاپ مېڭىپ ، ئۆينىڭ ئالدىغا كەلدى . ھاما ھويلا سۈپۈرۈۋاتاتتى . ئۇنىڭ تۇرقىدىن بىر خىل قايغۇ - ئەلەم تۆكۈلۈپ تۇراتتى . سالاۋات ئەتراپقا ئىنچىكىلىك بىلەن كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن ، بوشقىنا يۆتىلىپ قويدى . ھويلىنى سۈپۈرۈپ بولغان ھاما ئۇنىڭ يۆتەلگىنىنى ئاڭلىمىدىمۇ ياكى ئاڭلىسىمۇ ئاڭلىماسلىققا سالدىمۇ ، بۇرۇلۇپلا ئۆيگە كىرىپ كەتتى . مۇشۇككە ئوخشاش بىرلا تاقلاپ

ئىشىك تۈۋىگە بارغان سالاۋات ئۆيگە كىردى . يارۈي هاما داڭقاتقىنىچە تۇرۇپ قالدى . ئۇنىڭ چىرايىدا پەيدا بولغان تەشۋىش بىلەن كۆزىدىكى هەيرانلىق ئۇنى باشقىچە بىر تۈسكە كىرگۈزۈپ قويغانىدى .

— بۇ راستىنلا سەنمۇ ، جېنىم بالام ! قارا باشقىچىلا بولۇپ كەتكىنىڭنى ؟ — ئۇ شۇنداق دېگىنىچە ئىشىكتىن چىقتى . سىرتنى بىرقۇر كۆزدىن كەچۈرۈپ ، خەۋپ - خەتەرنىڭ يوقلۇقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن ئۆيگە كىرىپ ئىشىكنى ياپتى ، — يائاللا ، مۇشۇ كۈنلەرگىچە نەلەردە يۈرگەنسەن ، ئادەمنى ئەنسىرىتىپ جېنىمىزنى ئالدىڭغۇ ؟

سالاۋات جاۋاب بېرىش ئورنىغا ئۆينىڭ ئىچىگە تەكشى سەپسېلىپ چىقتى . كۆزى جاۋەندىكى جاۋۇرغا سېلىپ قويۇلغان تەرخەمەكلەرگە چۈشۈشى بىلەن ئاغزىغا سېرىق سۇ يىغىلىپ ، نەپسى تاقىلداپ كەتتى . ئۇ جاۋۇردىكى تەرخەمەكلەردىن بىرنى ئالدى - دە ، ئوتتۇردىن ئىككىگە بۆلۈپ ، ئات بېدە يېگەندەك ۋارسىلدىتىپ يېيىشكە باشلىدى . يارۈي هاما ئۇنىڭغا يەر تېگىدىن قاراپ قويدى . ئۇنىڭ ياش ئەگىشكە باشلىغان كۆزىدە بىر خىل سۇرلۇك ، ئەرلەردىمۇ ئاز ئۇچرايدىغان قەتئىيلىك چىقىپ تۇراتتى . تەرخەمەك بىلەن بولۇپ كەتكەن سالاۋات ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئۆزگىرىشكە ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمىدى .

— سەن نېمىدەپ يوق يەپ يۈرسەن ؟ شۇ تاپتا ساقچىلار هەممە يەردە سېنى ئىزدەپ يۈرىدۇ . قارا ، قىلغان ئىشىڭنى . نېمەڭگە نېمە يەتمەي شۇ ئىشلارنى قىلغانسەن ، بالام ؟

سالاۋات هامىسىغا بۇرۇلدى . بۇ قېتىم هاممىسىنىڭ كۆزىدىكى هەيرانلىق ئۇنىڭ كۆزىگە كۆچكەنىدى .

— مېنىڭ سەۋەبىمدىن بالا - قازاغا يولۇقۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەۋاتقان ئوخشىمامسەن ، هاما ؟ ! ئەگەر شۇنداق بولسا مەن بۇ يەردىن دەرهال كېتەي . ساڭا ئاۋارىچىلىك تېپىپ بەرمەي .

— نەدىكى گەپنى قىلىسەن ، بالام . هاماڭ شۇنداق ئادەممۇ ؟

مەن پەقەت كوچا ـ كويلاردىكى گەپلەرنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى بىلەي دېدىم شۇ . بۇ زادى قانداق گەپ ؟

— مەنمۇ ئۇقمىدىم ، ھامما . ئېيتىپ كەلسەم گەپ تولا . پېشانەمگە پۈتۈلگەننى كۆرەرمەن . ئەمدى پۇشايمان قىلغان بىلەنمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ .

ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى پاراڭ ئۈزۈلۈپ قالدى . يارۋي ھامما بىر گەپنى قىلسا ، ئايغىنى تاپالمايۋاتقاندەك توختاپ قالاتتى . ئۇنىڭ ئوتتۇرىلىقتىكى سوغۇق كەيپىياتنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن قىلىۋاتقان تىرىشچانلىقلىرىنىڭ ئۈنۈمسىز بولۇشى ، يەنە بىر سۆزنىڭ ئوخشاش نەتىجە بىلەن ئاياغلىشىشىغا سەۋەبچى بولاتتى . سالاۋاتنىڭمۇ ھامىمىسىغا دەيدىغان نۇرغۇن يۈرەك سۆزلىرى بولسىمۇ ، نېمىشقىدۇر ئاغزىدىن چىقىرىشقا جۈرئەت قىلالماي ، خۇددى قىلىشقا تېگىشلىك بولمىغان ئىشنى قىلىپ قويغان ئادەمگە ئوخشاش ، كۆزىنى ئۇياق ـ بۇياققا ئەپقاچاتتى .

— داداڭنىڭ مىجەزىنى دېمىسەم سېنى ھېچ ياققا ئەۋەتكۈم يوق . بىراق ، داداڭنىڭ مىجەزىنى سەنمۇ ياخشى بىلىسەن ، بالام . ئەگەردە سەن پەۋقۇلئاددە مېنىڭ ئۆيۈمدە بىرەر پېشكەللىككە يولۇقۇپ قالساڭ ، داداڭ مېنى بىر ئۆمۈر كەچۈرمەيدۇ . شۇڭا ، مەن ساڭا چوڭ ياردەم قىلالمىغۇدەكمەن . بۈگۈن يېتىپ ياخشى دەم ئال . قالغان ئىشنى ئەتە بىرنەرسە دېيىشەيلى . ھاممام بار دەپ ماڭا ئىشىنىپ كەلگىنىڭگە كۆپ رەھمەت . بىراق ، ھامماڭ كۈتكەن يېرىڭدىن چىقالمايدىغان بولدى . بۇ يەرگە كەلگىنىڭنى پەقەت ئىككىمىزلا بىلەيلى . بىزدىن باشقا ھېچكىم ئۇقمىسۇن . ھەتتا ھەددەممۇ ئۇقمىسۇن . بولمىسا ئۇ مەندىن بىر ئۆمۈر ئاغرىنىدۇ ، — دېدى سالاۋاتنىڭ ئالدىغا تاماق قويغان ھاممىسى ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىش نەزىرى بىلەن قاراپ قويۇپ . ئۇنىڭ نەزىرىدە سالاۋاتنىڭ دادىسى تەرسا ، پەقەتلا ئائىلىسىنىڭ ئىشى بىلەن كارى يوق ، سىرتنىڭ ئىشىغىلا كۆڭۈل بۆلىدىغان ، ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن سىرتتا يۈرسىمۇ ، باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە پەقەتلا ئېرىشىپ

باقمىغان ، ئۆزىنىڭ گېپىنىلا راست قىلىدىغان ، بىكاردىن ـ بىكار قۇرۇق پالاقشىيدىغان ئادەم ئىدى . شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ ئۇ ئۆزىنىڭ ئـۇرۇق ـ تـۇغقانلىـرىنىـلا ئەمـەس ، هـەتتا ئۆزىنىـڭ بالا ـ چـاقـىلـىـرىنىمۇ ياخشى چۈشەنمەيدۇ ، دەپ قارايتتى . سالاۋات هـامـمـىسىغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويدى . هاممىسىنىڭ تـەلەپـپـۇزىدىكى سوغۇق قانلىقتىن ئۇنىڭ يۈرىكى مۇزلىغاندەك قىلدى .

— كۆڭۈل بۆلگىنىڭىزگە كۆپتىن ـ كۆپ رەهمەت . مېنىڭمۇ بۇ يەردە ئۇزۇن تۇرۇش ئويۇم يوق . خۇدا بۇيرۇسا ئەتە مۇشۇ چاغدا بۇ يەردىن ئايرىلىمەن . دېگەنلىرىڭىز ئورۇنلۇق . هازىر سىزمۇ ، مەنمۇ «ئۇياقتا تارتسا هارۋا سۇنىدۇ ، بۇياقتا تارتسا ئۆكۈز ئۆلىدۇ» دېـگەندەك بىر هالەتتە . ماڭا هالقىلىق پەيتتە مۇشۇنداق ياخشى مۇئامىلە قىلغانلىقىڭىزنىڭ ئۆزىمۇ يېتىپ ئاشىدۇ . قائىدە بويىچە بـۇ يـەرگـە كـەلـمـەسلىكىم كېرەك ئىدى . پەقەت باشقا ئىلاج بولمىغانلىقتىن سىزنى ئىزدەپ كەلدىم . ماڭا تۇرمۇشقا لازىمەتلىك نـەرسـىـلەر بىلەن ئازراق يەيدىغان نەرسە تەييارلاپ بەرسىڭىزلا بولدى . مەن سىزدىن كۆپ مىننەتدار .

يارۇي هاممىنىڭ كۆزىدىن ئېتىلىپ چىققان ياش مەڭزىنى بـويـلاپ ئـېقىپ كەتتى . ئۇ ئۆزىنى زورىغا تۇختىتىپ سالاۋاتقا بۇرۇلدى :

— بـۇنـىـڭـدىـن خـاتىرجەم بولغىن ، بالام . هەممە نەرسە ئـويـلـىـغـىـنىڭدىنمۇ ياخشى تەييار قىلىنىدۇ . هاماڭنىڭ تاش يۈرەكلىك قىلغىنى ئەمەس . بۇنى كېيىن بىلىپ قالىسەن . بەزىدە رىـئاللىق ئادەمنى مانا مۇشۇنداق قىلىپ قويىدىكەن ، — هاما سۆزىنى تۈگىتىپ سىرتقا قاراپ ماڭدى . هويلىدا ئۇنىڭ توخۇلارنى تاق دەپ ، ماللارنى هاي ! دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى خېلى ۋاقىتچە ئاڭلىنىپ تۇردى .

سالاۋات ئەتىسى ۋاقىچە ئويغاندى . يارۇي هاما سۈتلۈك چاينى تەييارلاپ ئۇنى ئويغاتقان چاغدا ، تاڭ ئاللىقاچان يورۇپ بولغانىدى .

سالاۋات ئۆندەرەپ كەتكەندەك ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى ۋە يارۇي ھامىمىسىنى كۆرۈپ پەسكويغا چۈشتى . ئۇنىڭ ئۈيقۇسى قانمىغانىدى . ئۇ چاي ئىچىۋېتىپمۇ ئۇگدەيتتى . ئۇ ئىككىنچى قېتىم ئويغانغان چاغدا ، ئاللىقاچان قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەن بولۇپ ، ھامىمىسى بېشىدا قاراپ تۇراتتى . ئۇ ھامىمىسى بىلەن ئۈن - تىنسىز خوشلاشتى . ھامىمىسى تەييارلاپ قويغان سومكىنى ئۆشنىسىگە ئارتىپ ، تۈن قوينىدا كۆزدىن غايىب بولدى .

## 13

ئارقا - ئارقىدىن كەلگەن زەربە ئانىنى گاڭگىرىتىپ قويدى . سالاۋاتنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈپ تاغمۇتاغ قېچىپ يۈرۈشى بىلەن ھەممە نەرسە ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كەتتى .

ئۆينىڭ ئىچىدىن بوران ئۇچۇپ تۇراتتى . ئوغلىنىڭ دائىم ئىشلىتىدىغان نەرسىلىرىنى كۆرۈشى بىلەن تەڭ ئانىنىڭ ھەسرەتلىرى ئۆركەشلەپ ، كۆڭلى بۇزۇلاتتى . ئۆينىڭ تۆت بۇلۇڭىدىن ئۇنىڭ ھىدى كېلىۋاتقاندەك بىر خىل ھالەتتە ئۆي ئىچىنى ھىدلاپ ، كىچىك بالىدەك قىلىقلارنى قىلىپ كېتەتتى . ئوغلى كىچىكىدە كىيگەن كىيىملەرنى قولىغا ئېلىپ ، ئۇزۇندىن - ئۇزۇن خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى . ئۇنىڭ ياتقان ئورۇن - كۆرپىلىرى ، تۇتقان ئۇششاق - چۈششەك نەرسىلىرى ئانىنىڭ ھەسرىتىنى قوزغاپ ، ئوي - خىياللىرىنى ئۇزاقلارغا ئېلىپ كېتەتتى . بەزى چاغلاردا يەنە ئېغىلغا ، سامانخانىغا ، ئامبارغا كىرىپ ، سالاۋات بىر چاغلاردا ئىشلەتكەن ۋە تۇتقان نەرسىلىرىنى قايتىدىن رەتلەپ ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلاپ كېتەتتى . ئانىنىڭ راستىنلا يۈرىكى ئېزىلىپ ، بۇرۇنقى مەغرۇر قىياپىتىدىن ھېچ نەرسە قالمىغانىدى .

— مەن شەھەرگە كىرىپ چىقاي . ئۇلار يەنە چاقىرتىش قەغىزى ئەۋەتىپتۇ ، — دېدى دەرۋازىدىن كىرىپ كەلگەن ۋاققاس

ھويلىدا بىر ئىشلارنى قىلىپ يۈرگەن ئايالىغا قاراپ . ئاندىن ئۆن چىقمىدى . ۋاققاس ئېغىر خورسىنغاندىن كېيىن ، كىيىمىنى ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن بوسۇغىدىن ئاتلىدى .

كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەندە يولغا چىققان ۋاققاس ئاپتوبۇسنىڭ يەڭگىل تەۋرىنىشىگە ئەگەشكىنىچە لىڭشىپ كېتىۋاتاتتى . ئوچۇق ئاسماندا قۇياش پارلاپ تۇرسىمۇ ، تاغ شامىلى دېرىزىلەرنىڭ يوچۇقىدىن گۇركىرەپ كىرەتتى . ۋاققاس يىراقلارغا كۆز تىككىنىچە دېرىزىنىڭ ئەينىكىنى ھىملاپ ، ئورۇندۇققا يۆلەندى .

ماشىنا بىر خىل سۈرئەتتە كېتىۋاتاتتى . يولۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئۆز خىيالى بىلەن بەند بولۇپ ، ماتورنىڭ رىتىملىق گۈركىرىشىدىن باشقا ئاۋاز ئاڭلانمايتتى . سىرتتا چىقىۋاتقان گۈر - گۈر شامال تەسىرىدىن يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى دەرەخلەرنىڭ شاخلىرى توختىماي ئىرغاڭلايتتى . ئاسماندا پەيدا بولغان پارچە بۇلۇتلار شامال تەسىرىدىن بولسا كېرەك ، بىر - بىرىنى قوغلىشىپ يۈرەتتى . ئاندا - ساندا پەيدا بولۇپ قالىدىغان كۆزلەكلەر ماشىنىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ ھەش - پەش دېگۈچە كۆزدىن غايىب بولاتتى .

ۋاققاس ماشىنىدىن چۈشۈپ ئاسمانغا قارىدى . زۇمرەتتەك كۆك ئاسماندا بىر توپ كەپتەرلەر پەرۋاز قىلىپ يۈرەتتى . قۇياش ئانا زېمىنغا ئاتەش نۇرلىرىنى سېخىيلىق بىلەن چاچاتتى . كوچىلاردا توختىماي ئۆتۈشۈپ تۇرغان ماشىنىلارنىڭ ئاۋازى ئاڭلىناتتى . يولغا چىققاندا ۋاققاسنىڭ يۈرىكى قېپىدىن چىققاندەك دۈپۈلدەپ كەتتى . بۇنىڭ بىلەن قەلبىدىكى ئەندىشىسى كۆچىيىپ ، ۋۇجۇدىنى پەرىشانلىق ئىگىلىدى . مانا ئەمدى شەھەرگىمۇ يېتىپ كەلدى . ئۇنىڭ كۆزى ئالدىدىكى سۈرلۈك بىناغا چۈشۈشى بىلەن ، خۇددى قىممەتلىك نەرسىسىدىن مەھرۇم بولغاندەك ، قەلبى ئۆرتىنىپ ، يۈرىكى ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز دەرد - ئەلەملەر ئىچىدە تۇنجۇققاندەك قىلدى . بۇ ھالەت ئۇ ساقچى ئىدارىسىنىڭ بىناسىغا كىرگەندە تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى . ئۆزۈندىن - ئۆزۈنغا سوزۇلغان كارىدور

ئىچىدە ۋاققاس بۆلۈملەرنىڭ ئىشىكىگە ئەيمىنىش نەزىرى بىلەن قاراپ قويىدى . بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى ئورنىتىلغان ئىشىكلەر ئۇنىڭغا نىمىشقىدۇر غەلىتە تۇيۇلدى . ئىشىك ئىچىلسا بۆلۈم ئىچىدىكى ھەرقانداق ئادەم قارشى تەرەپتىكى بۆلۈمدىكى ئادەملەرنىڭ نىمە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرەلەيتتى . ئۇنىڭ كاللىسىغا بىردىنلا نۇرغۇن ئىشلار كەلدى . ئۇ بىشىنى كۆتۈرۈپ ئۆزى كىرمەكچى بولغان بۆلۈمنى تاپقاندىن كىيىن ، ئىشىكنى ئاستا چەكتى .

— كىرىڭ ! — ئىشخانا ئىچىدىن چىققان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئۇ ئاستا كىرىپ كەلدى . ياغاق يۈز ساقچى ئۇنى سوغۇقلا قارشى ئالدى .

— نىمە ئۈچۈن چاقىرتقانلىقىمىزنى بىلەمسىز ؟ — دىدى ئۇ تەكەللۇپسىزلا . ۋاققاسنىڭ يۈرىكى ئاغرىپ كەتتى . دادا بولغۇچىنىڭ جاۋاب بىرىشى قىيىن بولغان بۇ سوئال ئۇنىڭ ئەسلىدىنلا بىسەرەمجان قەلبىنى ئوگتەي - توگتەي قىلىۋەتتى ، — قانۇن رەھىمسىز . ئۇ ھاكاۋۇرلۇقنى ، مەنمەنلىكنى كۆتۈرمەيدۇ . ۋاققاس ئالدىدىكى فورما كىيگەن ياغاق يۈز ساقچىنىڭ مەسخىرە ئارىلاش دەۋاتقان سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ، ئۇنىڭ يۈزىگە يىرگىنىش بىلەن قاراپ قويىدى . ئۇ بۇ ساقچىنىڭ ئۆكتەملىكىنى ، ئۆزى بۇرۇن كۆرگەن ساقچىلارنىڭ ھىچقاندىقىغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى سەزدى . ئۇ ھۆكۈمەت بەرگەن ھوقۇق بىلەن كىرىلىپ ئولتۇرسىمۇ ، ھۆكۈمەتنىڭ ئىناۋىتىگە ئازراقمۇ كۆڭۈل بۆلمەيۋاتاتتى . ۋاققاس بۇنداق ئادەملەرنى بىر چاغدا ئۇچراتقان . ئەمما ، ئۇنىڭغا نۇرغۇن يىللار بولۇپ كەتكەنىدى .

ساقچىنىڭ لەۋلىرى تىترەپ كەتتى . ئۇ ۋاققاسقا ھومىيىپ بىر قاراپ قويغاندىن كىيىن ئاۋازىنى كۆتۈردى :

— مەن تۆت تامغا ئەمەس ، بەلكى سىزگە گەپ قىلىۋاتىمەن . ئۆزىڭىزنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىڭىزنى ئۇنتۇپ قالماڭ . سورىغان ھەرقانداق سوئالىمغا شەرتسىز جاۋاب بىرىش مەجبۇرىيىتىڭىز بار .

ۋاقـقـاس ئـىـكـكـى كـۆزىـنىڭ نۇرىنى بىر يەرگە يىغدى . دەھـشـەتلىك قايىنامدەك بۇلدۇقلاپ كېتىۋاتقان غەزىپىنى زورىغا بـېسىپ ، ئۇنچىقماسلىق قارارىغا كەلدى . باشقا ۋاقىتلار بولغان بولسىدى ، بۇ مۇتتەھەمنىڭ ياقىسىدىن ئېلىپ ، باشلىقىنىڭ يېنىغا ئاچىققان بولاتتى .

ساقچىنىڭ كۆزىدىكى غەزەپ ئەمدى چىرايىغا تېپىپ چىقتى . ئـۇ ئـۆز ھـەيـۋىـسـىگە پەرۋا قىلماي ئولتۇرغان ئادەمگە قاراپ ۋارقىرىدى :

— قۇلىقىڭىز پاڭ ، تىلىڭىز گاچىمۇ سىزنىڭ ؟ سورالغان سوئالغا نېمىدەپ جاۋاب بەرمەي سۇكۇت قىلىسىز ؟

ۋاقـقـاسـنىڭ بىردىنلا جۇدۇنى تۇتۇپ ، ئۆزىگە قۇرۇۋالغان تـوسـاقـلىرىنى بىتچىت قىلىپ تاشلىدى . ئۇنىڭ سەۋر قاچىسى قايناپ ، تېشىپ كەتتى :

— سىزنىمۇ ساقچى ، ھېچبولمىغاندا لاياقەتلىك بىر ساقچى دېگىلى بولامدۇ ؟ ماڭا قوقاق سېلىپ ۋارقىرايدىغانغا نېمە ھەققىڭىز بـار ؟ ئـەگەردە جىنايىتىم بار دېيىلسە ئالدى بىلەن ئۆتكۈزگەن جىنايىتىمنى ئاڭلاپ باقاي .

ئـۇنـىڭ غەزەپكە كەلگەن چىرايىنى كۆرگەن ساقچى بىرئاز بوشىدى :

— سـىـزنـى ھـېـچـكـىـم جىنايىتى بار دېمىدىغۇ . پەقەتلا سەمىڭىزگە بىرقانچە ئىشنى سېلىپ قويماقچى . ئەگەر بىز بىلەن ھـەمـكـارلىشىشنى رەت قىلسىڭىز بۇنىڭغا بىزدىمۇ ئامال يوق . بىراق ، شۇنىمۇ سەمىڭىزگە سېلىپ قوياي ، جىنايى ئىشلار قانۇنىدا «قـانـات ئـاسـتىغا ئېلىش» دېگەن بىر ماددىمۇ بار . ئوغلىڭىز قاتىللىق دېلوسىغا چېتىلىپ ، تاغۇتاشتا قېچىپ يۈرىدۇ . سىلەر بـولـسـاڭـلار قانۇن ئورگىنى بىلەن ھەمكارلاشماي قۇلىقىڭلارنى يـوپـۇرۇپ يـۈرۈۋاتـىـسىلەر . ئۇ دېگەن بالا . سىلەرنىڭ يۈرەك پارەڭلار . ئۇنى سىلەر بىلەن ئالاقىلەشمەيدۇ دەپ ھېچكىم كاپالەت بېرەلمەيدۇ . بىرەرى ياردەم بەرمىسە ئۇنىڭ شۇنچە ئۇزۇندىن بېرى

ھايات تۇرالىشى مۇمكىنمۇ ؟ سىز دېگەن ئۆز ۋاقتىدا رەھبەر بولغان ئادەم. ھوقۇق تۇتۇپ يۇرت سورىغان ئادەم. قائىدە بويىچە تەشەببۇسكار بولغىنىڭىز ياخشى. ھازىرغۇ جىنايىتىم يوق دەپ مەيدىنى كەرگىلى بولار. بىراق، ئەتە تۇرۇپ، ئۆگۈنلۈككە بىرەر ئىش چىقىپ قالسا ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقماق تەس.

ساقچى دېمەكچى بولغانلىرىنى بىر قېتىمدىلا دەپ تۈگەتمەكچى بولغاندەك قىلاتتى. ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ ۋاققاسىنىڭ روھىي دۇنياسىنى بىلىپ باقماقچى بولغاندەك ئۇنىڭغا تىكىلدى.

— بولىدۇ ساقچى ئەپەندى، ئەمما شۇنى بىلگۈم كېلىۋاتىدۇ، بۇ سۆھبەتمۇ ياكى سوراقمۇ؟ — ۋاققاسىنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ، پېشانىسىدىكى تال - تال قورۇقلار تېخىمۇ روشەنلىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۆزۈن يىللىق رەھبەرلىك سالاھىيىتى بېشىنى ئېگىپ لام - جىم دېمەي ئولتۇرۇشقا يول قويمايۋاتاتتى. ساقچى قىزىرىپ كەتتى. خۇددى ئالدىدىكى ئادەمنى بوش چاغلاپ قالغىنىغا ئۆكۈنۈۋاتقاندەك لېۋىنى چىشلىدى.

— قارىغاندا سىزگە پەقەت ئامال يوق ئوخشايدۇ. بوپتۇ، بىلگىنىڭىزنى قىلىڭ. ئىشقىلىپ مەن دېيىشكە تېگىشلىك گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى دەپ بولدۇم، — ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ ۋاققاساقا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويدى. ۋاققاس يەنە بىر نېمىلەرنى دېيىشكە تەمشىلىپ بىرىپ توختاپ قالدى. ياغاق يۈز ساقچى بىردىنلا ئۇنىڭ يۈزىنىڭ نەمدەلگەنلىكىنى، مەڭزىدە ياش يۇقىنىڭ پارقىراپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. كۆپ ئۆتمەيلا بىر - بىرىگە ئۇلانغان ياش تامچىلىرى يۈزىنى بويلاپ ئېقىپ كەتتى.

— كۆڭلىڭىزنى چۈشىنىپ تۇرىمەن. بىراق، ئىش يىغا بىلەن پۈتمەيدۇ. ئەڭ ياخشىسى بىز بىلەن ھەمكارلىشىپ، بىزنى مۇناسىۋەتلىك يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەڭ.

ۋاققاسىنىڭ چىرايى ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان دەھشەتلىك تۈسكە كىردى. ئۇ غەزەپكە تولغان كۆزى بىلەن ئالدىدىكى سۇرلۇك چىراي ياشقا بىرپەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، دىمىغىنى قاققىنىچە

ئىشىكتىن چىقتى . ياغاق يۈز ساقچى ئۇنىڭ كەينىدىن مەنسىتمىگەن بىر خىل نەزىرى بىلەن قاراپ قالدى .

بىنادىن چىققان ۋاققاس ھويلا ئىچىدە توپلىشىپ تۇرغان ئادەملەر ئالدىدىن ئۆتۈشكە پېتىنالماي قالدى . ئۇنىڭغا ھەممىلا ئادەم قاراۋاتقاندەك ، ئاغزىلىرىنى بىر قىسما قىلىپ مەسخىرە قىلىشىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى . ئۇنىڭ قەلبى ئاچچىق ھەسرەت ئىچىدە ئۆرتەنمەكتە ئىدى . ئازابلانغان قەلبىنى ياغاق يۈز ساقچىنىڭ ئازراقمۇ چۈشەنمىگەنلىكىگە ، ئۆزىگە قىلچىمۇ يۈز - خاتىر قىلمىغانلىقىغا قاتتىق خاپا بولاتتى . ئۇ ئۆزى بىلەن باشقىلار ئوتتۇرىسىدا كۆزگە كۆرۈنمەس بىر خىل پەردىنىڭ ھاسىل بولغانلىقىنى روھىي دۇنياسىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ھېس قىلىپ تولغىنىپ كەتتى . ئۇنىڭ كۆڭلىگە دۇنيادىكى ھەممە نەرسە ئۆزگىرىۋاتقاندەك ، بىر چاغدىكى ئۇ بىلىدىغان ئادەملەر ، ئۇ بىلىدىغان ئەمر - پەرمانلار ئۆزگىرىپ كەتكەندەك تۇيۇلاتتى . ئۇ ئۆزىنىڭ ئەمدى راستتىنلا كارغا كەلمەيدىغان بىر ئادەمگە ئايلانغانلىقىنى ، ھېچكىمگە كېرىكى قالمىغانلىقىنى ئويلاپ تولغىنىپ كەتتى . ئۇ بېشىدىكى شەپكىسىنى ئېلىپ ، قولياغلىق بىلەن ماڭلىيىدىكى مونچاق - مونچاق تەر تامچىلىرىنى سۈرتتى . بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاسماندا چاقناپ تۇرغان قۇياشقا دەرد - ئەلەملىرىنى تۆكمەكچى بولغاندەك بىرھازاغىچە قاراپ تۇردى . ئۇنىڭ ئالدىدا ماڭمىسا بولمايدىغان ، تېخى مېڭىپ تۈگەتمىگەن نۇرغۇن يول تۇراتتى . ئۇ بۇ يولنىڭ نەگە بېرىپ ، نەدە ئاياغلىشىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى .

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم !

ۋاققاس ئالدىدىكى ئادەمگە ھەيرانلىق ئىلكىدە تىكىلدى . ئېگىز بوي ، پۈتۈن تۇرقىدىن ئادەم ئەيمىنگۈدەك سالاپەت چىقىپ تۇرغان بۇ ئادەمنىڭ چېكە چاچلىرىغا ئاق كىرگەن بولسىمۇ ، يۈزىدىكى قىزىللىق كەتمىگەنىدى . كۆزى يولۋاسنىڭ كۆزىدەك چاقناپ ، ۋۇجۇدى ياشلارغا خاس جۇشقۇنلۇق بىلەن تولغاندەك بىلىنەتتى .

ئۇ بىر خىل ئىللىقلىق بىلەن قولىنى سۇندى . بۇنىڭ بىلەن ۋاققاسنىڭ يۈرىكى ئوتقا يولۇققان مايغا ئوخشاش ئېرىپ ، ۋۇجۇدىنى ئاجايىپ بىر تۇيغۇ ئىگىلىدى . ئۆزىنى ناھايىتى ئۇزاق يىللاردىن كېيىن ئىنسانلارنىڭ ئارىسىغا قايتىپ كەلگەندەك ھېس قىلىپ ، ئۇنىڭ قولىنى مەھكەم سىقتى .

— خاتالاشمىسام ئىسمىڭىز ۋاققاسقۇ دەيمەن ، — دېدى ئۇ بىر خىل قىزغىنلىق بىلەن ، — ھېلىمۇ تەلىيىم بار ئىكەن ، يەنە ئازراق كېچىككەن بولسام كۆرۈشەلمەي قالاتتىكەنمىز .

ۋاققاس ئۇنى بىر يەردە كۆرگەندەك قىلغان بولسىمۇ ، نەدە كۆرگەنلىكىنى دەماللىققا ئېسىگە ئالالمىدى . ئېسىگە ئالغاندا بولسا كۆڭلىدىكى غەشلىكلەر تارقاپ ، ۋۇجۇدىنى تاتلىق بىر سېزىم ئىگىلىدى . شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئىبرال ھېلىمۇ تېلېۋىزور ئالدىدا سۆزلەۋاتقاندەك بىر خىل قىياپەتتە تۇراتتى . ئۇلار ئاستا قەدەم تاشلاپ ماڭغاچ پاراڭلاشتى .

— ئائىلىڭىزگە زور بەختسىزلىك كەلگەنلىكىگە ئېچىنىمەن . بىر ئاتا بولۇش سۈپىتىم بىلەن كۆڭلىڭىزنى چۈشىنىپ تۇرىمەن ، — دېدى ئۇ ۋاققاسنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن سەممىي ئاۋاز بىلەن ، — شۇنداق ، بىز پاكىتقا ھۆرمەت قىلىشىمىز ، ئۆزىمىزنى رېئاللىق ئىچىگە قويۇپ ئويلىنىشىمىز كېرەك . شۇنداق قىلساق يۈز بەرگەن ئىشلارغا توغرا مۇئامىلە قىلالايمىز . ئاتا ـ ئانا بولغۇچىنىڭ ئۆز بالىسىغا كۆيۈنۈش ۋە ئۇنى قوغداش مەجبۇرىيىتى بار . شۇنىڭ بىلەن بىللە قانۇنغا رىئايە قىلىش ، بويسۇنۇش مەجبۇرىيىتىمۇ بار . شۇنداق ئەمەسمۇ ؟

ۋاققاس يەرگە قارىدى . ئۇنىڭ شۇ تاپتا ساقچى باشلىقىغا دەيدىغان نۇرغۇن يۈرەك سۆزلىرى بولسىمۇ ، گەپنى نەدىن باشلىسا ياخشى بولىدىغانلىقىنى بىلمەيۋاتاتتى . ئۇ ئاخىر ئېغىز ئاچتى :

— ئەلۋەتتە شۇنداق . ئوغلۇم قاتىللىق دېلوسىغا چېتىلىپ قالدى . ئۇنىڭ ھازىر نەدە يۈرۈپ ـ نەدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىزمۇ بىلمەيمىز . ئاڭلىسام شەھەر باشلىقىنىڭ ئايالىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى

بىلەن نۇرغۇن بايلىق پاش بوپتۇ . مۇئاۋىن شەھەر باشلىقىمۇ چىرىكلىككە چىتىلىپ قاماپ قويۇلۇپتۇ . دېمەكچىمەنكى ، ئوغلۇم راستىنلا قاتىل بولۇپ بېكىتىلسە ، مۇشۇ ئىشلار ئۇنىڭ جىنايىتىنى ئازراق بولسىمۇ يەڭگىللىتەلەرمۇ ؟

— كۆڭلىڭىزنى چۈشىنىپ تۇرىمەن . ئەھۋال مۇشۇ يەرگە يەتكەندە سىلەر ئۆزىنى مەلۇم قىلىش ھەم قاتىللىق جىنايىتى بىلەن پاش بولغان چىرىكلىك دېلوسىنىڭ ئوغلۇڭلارنىڭ جىنايىتىنى يەڭگىللىتىشكە ئازراق بولسىمۇ سەۋەب بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىنى بىلگۈڭلار كېلىدۇ . مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا مەسىلىنى بۇنداق قويۇشنىڭ ئاساسى بار . ئۇ جىنايەتنى يەڭگىللىتىشكە زادى قانچىلىك ئاساس بولالايدۇ ؟ بۇنىڭغا قانۇن بىرنېمە دەيدۇ . سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتى بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە . مېنىڭچە بولغاندا قاتىللىق دېلوسى بىلەن چىرىكلىك دېلوسىنىڭ پاش بولۇشى بالاڭلارنىڭ جىنايىتىنى بېكىتىشتە ئازراق بولسىمۇ رول ئويناپ قېلىشى مۇمكىن ، — ساقچى باشلىقى گېپىنى توختىتىپ ، كۆزىنى بىر نۇقتىغا تىكتى . ئۇنىڭمۇ شۇ تاپتا ۋاققاسقا دەيدىغان نۇرغۇن يۈرەك سۆزلىرى باردەك قىلاتتى . ۋاققاس گەپ ئارىلىقىدا ھېلىقى ياغاق يۈز ساقچىنىڭ قوپاللىقىنى پۈرىتىپ ئۆتتى . بۇنىڭ بىلەن ساقچى باشلىقىنىڭ چىرايىدا كىشى كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان تەئەججۈپ پەيدا بولدى .

— بالىلارنىڭ قوپاللىقى ئۈچۈن سىزدىن ئەپۇ سورايمەن . ئۇلار دائىم دېگۈدەك جىنايەتچىلەر بىلەن ھەپىلەشكەچكە ، بەزىدە ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا قوپاللىقلارنى قىلىپ قويىدۇ . بىز بۇنى ئۆزگەرتىشكە تىرىشىۋاتىمىز . ئەمدى بۇنداق ئىشنىڭ قايتا يۈز بەرمەسلىكىگە كاپالەت بېرەي . سالاۋاتنىڭ دېلوسىدا سىز دادا . ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆزۈن يىل رەھبەرلىك قاتلىمىدا ئىشلىدىڭىز . شۇڭا ، مەسىلىگە ئوبيېكتىپ جەھەتتىن قارىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن . بۇ ئىشتا سىزنىڭ پوزىتسىيىڭىز بەكمۇ مۇھىم . شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئائىلىگە ، ئۇرۇق - تۇغقانلارغا توغرا مەيداندا تۇرۇپ

خىزمەت ئىشلەيدىغانلىقىڭىزغا ئىشەنچىمىز كامىل . بۇ يەردىكى ئەڭ ئاقىلانە چارە — سالاۋاتنىڭ ئۆزىنى مەلۇم قىلىشى . بۇمۇ ئۇنىڭ جىنايىتىنى ئازراق بولسىمۇ يەڭگىللىتىشكە پايدىلىق .

ۋاققاس چۈشەندى . ساقچى باشلىقىنىڭ سۆزى بىلەن كۆڭلىدە سايە تاشلاپ تۇرغان تۇمانلار تارقاپ ، ئۆزىمۇ يەڭگىللەپ قالغاندەك بولدى . دېمەك ، ئۇنىڭ ئويلىغانلىرى باشتىن ـ ئاخىر توغرا بولغاندى .

— يەنە بىر ئىش ، بىز بۇ كەسىپنى ئىشلەۋاتقانلار ھەرقاچان سىلەرنى ئاۋارە قىلىپ قويۇشىمىز مۇمكىن . شۇنداق ئىشلار بولۇپ قالسا توغرا چۈشىنىشىڭلارنى ، بىزگە يېقىندىن ماسلىشىپ بېرىشىڭلارنى سورايمەن ، — ۋاققاسنى دەرۋازا ئالدىغىچە ئۇزىتىپ چىققان ساقچى باشلىقى شۇنداق دېدى . ۋاققاس ئۇنىڭ قولىنى ئالىقانلىرىنىڭ ئارىسىغا ئالدى . ئۇ قانداقلا بولسۇن ، بۇنچىلىك ئەقىللىق بىلىمنى بىلىدۇ . چۈنكى ، ئۇنىڭ كۆرگەنلىرى ، بىلىدىغانلىرى ئاز ئەمەس ، بەلكى بەزى چاغلاردا ئۇنىڭمۇ باشقىلارنىڭ بەزى ئىشلارغا توغرا پوزىتسىيە تۇتمىغانلىقىغا خاپا بولغان چاغلىرى بولغاندۇ . بەلكىم بەزى چاغلاردا باشقىلارنىڭ ئۇستىدىن مەسخىرە قىلىپ كۈلگەن چاغلىرى بولغاندۇ ؟ كىشىلىك ھاياتتا سەۋەنلىك ئۆتكۈزمەيدىغان ، خاتالىق ئۆتكۈزمەيدىغان كىم بار ؟ ھاياتتىكى بەزىبىر خاتا بېسىلغان بىر قەدەم كېيىنكى كۈنلەردە ئازاب ـ ئوقۇبەتنىڭ مەنبەسى بولۇپ قالىدىغان ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ . بەلكىم ئۆزىنىڭمۇ خاتا قەدەم باسقان چاغلىرى بولغاندۇ...

ۋاققاس شەھەردىن كەچكە يېقىن قايتىپ كەلدى . ئۇ مۇشۇ بىر ـ ئىككى كۈن ئىچىدە يادىغان ، روھىي جەھەتتىن تېخىمۇ ئېزىلگەن بولۇپ ، كۆزىدىكى قايغۇ ـ ھەسرەت تۆكۈلۈپ تۇراتتى . خۇددى بىرى ئۇنى قىيىن ـ قىستاققا ئېلىپ قاتتىق ئازابلىغاندەك ، كەينىدىنلا قايغۇ ـ ھەسرەتنى يۈكلەپ قويغاندەك جۇدەپ ، كۆزىنىڭ خۇنى قالمىغانىدى . پاتەمخان ئۇنىڭ ھالىتىگە قاراپ ئويلىنىپ

قالدى . ئۇنىڭ شۇ تاپتا بىلىق سۇغا تەشنا بولۇۋاتقاندەك تەسەللىگە موھتاج بولۇۋاتقانلىقىنى ئويلاپ، دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى چاقماق تېزلىكىدە كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى .

ۋاققاس كىچىككىنە دېمىنى ئىچىۋالغاندىن كېيىن، ياغاق يۈزلۈك ساقچى بىلەن بولغان سۆھبەتتىن باشقىنى پاتەمخانغا سۆزلەپ بەردى :

— نېمىلا قىلغان بىلەن باشلىق دېگەن باشلىقتە . ئازراقمۇ كىبىرى يوق . ماڭا تېخى تەسەللى بېرىپ كېتىشلىرىچۇ . ئويلاپ باقسام ئۇنىڭ دېگەنلىرىنىڭ خېلىلا جېنى بار...

ئانىنىڭ يۈرىكى «جىغ» قىلىپ قالدى . شۇنداقتىمۇ ئېرىگە تەسەللى بېرىپ، كۆڭلىنى كۆتۈرۈشكە تىرىشتى :

— شەھەرگە كىرىپ چىققانغا تۇرقىڭىزنىڭ بولۇپ كەتكىنىنى قاراڭا . بولدى ئەمدى بالىنىڭ ئىشى توغرىسىدا ئارتۇقچە باش قاتۇرۇپ كەتمەيلى . ئىنسان بار يەردە ئازىدىغان ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ . سالاۋات ئازدىمۇ ياكى ئۇنىڭ دېلوسىنى ئىشلەۋاتقانلار ئازدىمۇ بۇنىڭغا بىر نېمە دېمەك تەس . كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرىدۇ، مېنىڭ بالام ھەرگىز ئۇنداق قىلمايدۇ .

ۋاققاس تىلىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان گەپنى يۇتۇۋەتتى . ئۇ خوتۇنىنىڭ مىجەزىنى ياخشى بىلەتتى . مۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئويلىغانلىرىنى دەپ سالسا، ئىش بۇزۇلۇپلا قالماي يەنە تېخى ئۆزىگە بىرمۇنچە خاپىلىق تېپىۋېلىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى . شۇڭا، ئېغىر خورسىنىپ، تاماقنى ئۇن - تىنسىز يېدى . پاتەمخان پاراڭنى داۋاملاشتۇرۇشقا تىرىشىپ كۆرگەن بولسىمۇ نەتىجىسى بولمىدى .

— ھاردۇق يېتىپ قالغان ئوخشايدۇ . ئورۇن سېلىپ بەرگىن، يېتىۋالاي، — ۋاققاس شۇنداق دەپ كىيىمىنى يېشىشكە تۇتۇندى . پاتەمخان ئۆينى سۇپۇرۇپ ئورۇن سالدى .

ۋاققاس ئۇخلاۋاتاتتى . ئانا تېخىچە ئۇخلىمىغان بولۇپ، سالاۋاتنىڭ بالا چاغلىرىدىكى قىلىقلىرىنى ئويلاپ ياتاتتى . دەل شۇ چاغدا ئىشىك ئالدىغا بىر ماشىنا كېلىپ توختىدى . كەينىدىنلا

دەرۋازا قېقىلدى . دەرۋازىنى تەستە ئاچقان ئانا ھودۇققان ھالدا كــەينىگە داجىدى . ساقچى فورمىسى كىيگەن بىر توپ ئادەملەر تارقىلىپ ھويلا ـ ئارامنى ، ئېغىل ـ قوتانلارنى تىنتىشقا باشلىدى . سېمىز بىر ساقچى ئانىنى بىر چەتكە تارتىپ :

— قـورقـۇپ كـەتـمـەڭ چـوڭ ئـانـا ، بـىز ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتىمىز . پات ئارىدا تۈگەيدۇ ، — دېدى ـ دە ، ئۆينىڭ كەينىگە ئۆتۈپ كەتتى . ۋاققاس كىيىمىنى ئالدىراپ ـ تېنەپ كىيىپ چىقىپ پـاتـەمـخـانـنـىـڭ يـېـنـىدا ئۇلارغا ھومىيىپ قاراپ تۇردى . ئۇ ساقچىلارنىڭ ئىچىدىكى ئىشخانىدا ئۆزىگە سوغۇق مۇئامىلە قىلغان ياغاق يۈز ساقچىنى كۆردى . ئۇ بۇ ئائىلە بىلەن قېرىشىۋاتقاندەك قـولـچـىـرىـغـىـنـى دەرەخ ئۇچىلىرىغىچە ياندۇرۇپ ئەستايىدىل تەكشۈرۈۋاتاتتى .

— كەچۈرۈڭ ، سىلەرنى بىسەرەمجان قىلىپ قويدۇق . مانا بۇ ئاختۇرۇش گۇۋاھنامىسى . ئەيىبكە بۇيرۇمايسىلەر . مۇمكىن بـولـسـا بـىـزگـە يېقىندىن ماسلىشىپ بەرگەن بولساڭلار . بىز سالاۋاتنىڭ مەھەللىگە كەلگەنلىكى توغرىسىدا ئىشەنچلىك مەلۇمات تاپشۇرۇۋالدۇق ، — دېدى ياشتا چوڭراق يەنە بىر ساقچى ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ .

ئانىنىڭ قەلبىنى ئاچچىق ھەسرەت ، غەزەپ ـ نەپرەت قاپلاپ ، پـۈتـۈن ۋۇجـۇدى كـۆيۈشكەندەك بولدى . ئەزەلدىن باشقىلارنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە ئېرىشىپ كېلىۋاتقان بۇ ئائىلىگە ئۇلارنىڭ مۇنداق مۇئامىلە قىلىشىنى كاللىسىدىن ئۆتكۈزەلمەي قەھرى بىلەن سۆزلەپ كەتتى :

— ئاختۇرۇش ، قورۇنىڭ ، ئۆينىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىنىمۇ قـويـمـاي ئـاختۇرۇش ، شۇنى سەمىڭلارغا سېلىپ قوياي ، بالام تـېـپـىـلـىپ قالسا تەلىيىڭلار . ئەگەر تېپىلمىغۇدەك بولسا مەن سەنلەرنى ھەرگىز بوش قويۇۋەتمەيمەن .

ۋاقـقـاس ئـۇنـى جـىـمـىـلـەپ ، قولتۇقىدىن يۆلىگۈچە ئانا دەيدىغانلىرىنى دەپ بولدى…

ئاختۇرۇشتىن كېيىن ئوڭتەي ـ توڭتەي بولغان قورۇ كۆزگە روشەن تاشلىنىپ تۇراتتى . ھەممە نەرسە خۇددى كىنولاردىكى كۆرۈنۈشلەرگە ئوخشاپ قالغانىدى . ئۇلار كەتتى . ئانا نېمە قىلارىنى بىلمىگەن ھالدا ، تامغا يۆلىنىپ تۇراتتى . ئۇنىڭ خورلۇق تارتقان قەلبى لازا قويغاندەك ئېچىشىپ ، لەۋلىرى بوياق سۇركىگەندەك كۆكىرىپ كەتتى . ئوغلى تېپىلمىدى . ئۇ بايا دېگىنى بويىچە ۋارقىراپ ـ جارقىراپمۇ كەتمىدى . كۆكەملىك قىلىپ ساقچىلارنىڭ بوينىدا گۇلەڭگۇچمۇ ئۇچمىدى . ساقچىلار كەتتى . خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ كۆزىنى يۇمۇپ ، ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى . ھويلا ئىچىنى كىشىنىڭ باغرىنى ئېزىدىغان ھەسرەت قاپلىدى . ئانا ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن يېشىنى سۇرتۇپ ، جاراھەتلەنگەن يۈرىكىدىكى قايغۇ ـ ئەلەملىرىنى بىراقلا تۆكتى . بۇ يىغا ۋاققاسىنىڭ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سېلىپ ، كۆڭۈل كۆيلىرىنى داۋالغۇتۇۋەتتى .

ۋاققاس ئېسىنى يىغىپ ئايالىنى يۆلىدى . ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ساقچى باشلىقىنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى جاراڭلىغاندەك بولدى .

## 14

سالاۋات جان ـ جەھلى بىلەن يۈگۈرۈپ كېتىۋاتاتتى . قازاننى دۈم كۆمتۈرۈپ قويغاندەك قاراڭغۇ كېچىدە ھاڭغا چۈشۈپ كېتىشىنى ، تاشقا پۇتلىشىپ مېڭىسىنىڭ قېتىقى چىقىپ كېتىشىنى ئويلاپمۇ قويماي يۈگۈرۈپ كېتىۋاتاتتى . ئۇ مۇشۇ يۈگۈرۈشىدە تولىمۇ يىراققا كېتىشنى ، ھەممە نەرسىگە قىزىقىپ قارايدىغان ئادەملەر ئارىسىدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىشنى ئارزۇ قىلاتتى .

ئۇ بىر ـ بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن قويۇق چاتقاللىق بويىغا كېلىپ توختىدى . بۇ يەردىكى جىمجىتلىق ئادەمنىڭ ئىچىگە ۋەھىمە سېلىپ ، تېنىنى شۈركۈندۈرۈۋەتتى . دەريا بويىدىكى سوغۇق شامالدا چاتقاللارنىڭ يوپۇرماقلىرى توختىماي شىلدىرلاپ ، كىشىگە

بىر خىل سوْر ئاتا قىلاتتى . قويۇق تىكەن بىلەن قاپلانغان چاتقاللارنىڭ شاخلىرى بىر - بىرى بىلەن گىرەلىشىپ ، تەبىئىي تۇسۇق ھاسىل قىلغانىدى . ئەتراپ گۆردەك قاراڭغۇ بولسىمۇ ، سالاۋات بۇلارنى تۇيغۇسىغا تايىنىپ ھېس قىلدى .

ئۇ ئۆز - ئۆزىدىن يىرگىنەتتى ، ئۆز - ئۆزىدىن ئاغرىناتتى ، ھەتتا ئۆزىگە ئۆچلۈكى كېلەتتى . مۇشۇنداق شارائىتتا يەنە سان - ساناقسىز خەۋپ - خەتەرنىڭ ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرىدىغانلىقىنى ، ھامان بىر كۈنى ئاشۇ خەۋپ - خەتەر ئاستىدا تۇنجۇقۇپ جان تالىشىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى . ئۇ كېتىۋېتىپ نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئويلىدى . خاتىرجەم تۇرمۇش ، ھەشەمەتلىك تۇرمۇش ، ئۆلتۈرۈلگەن شەھەر باشلىقىنىڭ ئايالى ، قاچقۇنلۇق ھاياتى كۆز ئالدىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتكەندە ئىچى ئېچىشىپ ، بوغۇزىغا بىر نەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك بىئارام بولۇپ كەتتى . ئۇ يەنە ھامىمىسىنى ئويلىدى . ھامىمىسى ئۇنىڭ ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولۇشى بىلەن چۆچۈپ كەتتى . ئەركەكلەرگە ئوخشايدىغان قورقۇمسىز بۇ ئايالنىڭ ئۆزىنى كۆرگەندە داڭقېتىپ قېلىشى ئۇنىڭ قەلبىنى پىچاق بىلەن تىلغاندەك ئاغرىتىپ ئۆتتى . بەلكىم ھامىمىسىنىڭ دېگەنلىرى توغرىدۇ . بەلكىم ھامىمىسى كېيىنىنى ئويلىغاندۇ . بەلكىم ئۇنىڭ سەۋەبىدىن خاتىرجەم تۇرمۇشىنى بۇزغۇسى كەلمىگەندۇ . بۇنىڭ يەنە ئاغرىنغۇدەك نېمىسى بار…

سالاۋاتنىڭ كۆڭلى شۇنچىلىك يېرىم بولدىكى ، ئولتۇرۇپ قانغۇچە يىغلىۋالغۇسى كەلدى . ئۇ ئۇرۇپ نىمجان قىلىپ تاشلانغان ئىتقا ئوخشاپ قالدى ، ھەتتا ھامىمىسىمۇ ئۇنى ئەپلەپ - سەپلەپ ئۆيىدىن چىقىرىۋەتتى . ھەرنېمە بولسا بايدىن تايغانغا ئوخشاش سېتىۋەتمىدى . يەنە تېخى يەيدىغان بىرمۇنچە نەرسە بېرىپ يولغا سېلىپ قويدى . بۇ تەرىپى ھەرھالدا تۇغقانچىلىققا ئوخشىدى . ئۇنىڭ ھامىمىسىدىن رەنجىيدىغانغا قىلچىمۇ ئاساسى يوق .

سالاۋات سومكىنى ئۇ قولىدىن - بۇ قولىغا يۆتكىدى . ئانچە كۆپ ماڭمايلا جىرا ئىككىگە بۆلۈندى . ئوڭ تەرەپتىكىسى تار ھەم

تىك بولۇپ ، ئەگرى ـ بۈگرى چىغىر يول قاپتالنى بويلاپ يۇقىرىغا ئۆرلەيتتى . سالاۋات ئىككى يول ئاغزىدا بىر پەس تۇرغاندىن كېيىن ، ئوڭ تەرەپتىكىسىنى تاللىدى . يول بەك تىك بولغاچقا ئادەمنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ ، ئىچى سىقىلاتتى . يېڭىدىن كۆتۈرۈلگەن ئاي ئاسماندىكى پارچە بۇلۇتلارنىڭ ئارىسىدىن دەم چىقىپ ، دەم يوقاپ كېتەتتى . سالاۋات ھاسىراپ ـ ھۆمۈدىگىنىچە يۇقىرى ئۆرلەشكە باشلىدى . ئۇنىڭ ھازىر ئۆزىنى ئويلىغۇدەك ، ئازراق بولسىمۇ ئولتۇرۇپ دېمىنى ئېلىۋالغۇدەك ۋاقتى يوق ئىدى .

يول تىكلەشكەنسېرى ، سومكا ئۇنىڭ يەلكىسىنى بېسىپ كېتىۋاتاتتى . شۇنداقتىمۇ ئۇ لېۋىنى چىشلەپ يول يۈرۈشنى داۋام قىلدى . ئاپىسى كىچىك چېغىدا ئېيتىپ بەرگەن ھېكايىلەرنى ئەسلەپ ، يولنى قىسقارتماقچى بولدى .

«بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ ئىككى نۆكىرىنى ئېلىپ سەپەرگە چىقىپتۇ . يول بەكمۇ ئۇزۇن بولغاچقا پادىشاھ زېرىكىپتۇ . ئۇ بۇنداق زېرىكىشتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن يېنىدىكى ئىككى نۆكىرىگە يولنى قىسقارتىش توغرىسىدا پەرمان بېرىپتۇ . پەرماننى ئاڭلىغان ئوڭ تەرەپتىكى نۆكەر ئاتتىن سەكرەپ چۈشكەن پېتى يېنىدىكى خەنجىرىنى ئېلىپ ، يولنى كېسىشكە باشلاپتۇ . بۇ ئىشقا پادىشاھنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەپتۇ ۋە ئوڭ قول نۆكىرىنى دەرھال ئىشتىن ھەيدەپتۇ . پادىشاھ قارىغۇدەك بولسا سول قول تەرىپىدىكى نۆكىرى ئات ئۈستىدە پېتىنى بۇزماي ئولتۇرغۇدەك . بۇنىڭدىن ھەيران بولغان پادىشاھ ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن ئات ئۈستىدە تېخىچە مىدىرلىماي ئولتۇرغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى سورىغانىكەن ، ئۇ نۆكەر كۈلۈپ قويۇپ بەكمۇ قىزىق بىر ھېكايىنى باشلاپتۇ . بۇنىڭ بىلەن ھېكايىگە بېرىلىپ كەتكەن پادىشاھ مەنزىلىگە قانداق كېلىپ قالغانلىقىنى سەزمەي قاپتۇ . شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ھېكايە ئېيتىپ يولنى قىسقارتقان نۆكىرىگە نۇرغۇن سوۋغاتلارنى ئىنئام قىلىپ ، ئەملىنى ئۆستۇرۇپتۇ .»

ئاپىسى ئېيتىپ بەرگەن ھېكايە ئۇنىڭ ئېسىدە شۇنچىلىك

قالغان بولسىمۇ ، سالاۋات بۇ ھېكايىنىڭ قىممىتىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلدى . ئۆزىمۇ شۇ ھېكايىنىڭ شاراپىتىدىن قاپتالغا قانداق چىقىپ قالغانلىقىنى بىلمەي قالدى . ئالدى تەرەپتىكى ئېدىرلىق سۇتتەك ئاينىڭ يورۇقىدا گارمۇنىنىڭ تىلىغا ئوخشاش كۆرۈنەتتى . سالاۋات ئۆز خىيالىدا بارىدىغان يېرىنى مۆلچەرلەپ كۆردى . ئەگەر ئۇ مۇشۇ سۈرئەت بويىچە ماڭسا يەنە ئىككى سائەتلەر ئەتراپىدا تاغ باغرىغا ، قارىغايلىقنىڭ ئېتىكىگە يېتىپ بارالايتتى .

ئۇ ئەسنىدى . نېمىلا قىلغان بىلەن ھاممىسىنىڭ ئۆيىدە قېنىپ ئۇخلىۋالغاچقا ، ئۇيقۇ ئۇنى بوگۇن ئانچە قىيناپ كەتمىدى . ئۇ ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم ھاممىسىنىڭ ئۆيىدە ئاجايىپ تاتلىق ، ئاجايىپ شېرىن ئۇخلىدى ، ھەتتا چۈشىمۇ كۆرمىدى . ئەگەر قاچقۇنلۇق ھاياتى بولمىغان بولسا ئۇ بەلكىم بۇ چاغقىچە شېرىن ئۇيقۇسىنى داۋام قىلغان بولاتتى . ئۇ بۇ قېتىم ھەقىقەتەنمۇ ئۇيقۇنىڭ يېرىم دۆلەت ئىكەنلىكىگە ئىشەندى .

سالاۋات سومكىنى يەرگە قويۇپ ئولتۇردى . قورسىقىغا ئازراق بىرنەرسە يەۋېلىش ئۈچۈن سومكىنى ئاچتى . قانداقلا بولسۇن ، تاڭ سۈزۈلۈشتىن بۇرۇن نىشانغا بېرىۋالالايدىغانلىقىنى ئويلاپ ، مىيىقىدا كۈلدى .

سومكا ئىچىدىكى ئايرىم - ئايرىم خالتىلارغا قاچىلانغان نەرسىلەر قولىغا ئۇرۇلدى . ھالبۇكى تولىمۇ ئەستايىدىل تەييارلىق قىلغاندەك قىلاتتى . ئۇ سىلاشتۇرۇپ يۈرۈپ سومكا ئىچىدىكى بىر خالتىنى ئېلىپ ئاچتى . ئۇ دەسلەپتە خالتىدىكى نەرسىنى شېكەر ياكى ئىرىمچىكتەك بىر نەرسىمىكىن دەپ ئويلىغانىدى . ئەمەلىيەتتە ئۇ كىچىكىدىن ياقتۇرۇپ يەيدىغان ، پەقەت سەپەرگە چىققاندىلا ئېلىۋالىدىغان سوقۇلغان نان بولۇپ چىقتى . ھالبۇكى ئۇنى شۇنچىلىك ئەستايىدىللىق بىلەن سوققانىدىكى ، ئازراقمۇ مونىكى يوق ئىدى . خالتىلار ئىچىدىن يەنە كۇرۇشكا ، پىشۇرۇلغان گۆش ، پىياز ، ئۇن ، بىر بوتۇلكا ماي ھەم تۇز قاتارلىقلار چىقتى . ئۇنىڭ قولىغا سومكىنىڭ ئاستى تەرىپىدە بىرنەرسە قاتتىق ئۇرۇلدى . ئېلىپ

قارىسا لىققىدە سۇ قاچىلانغان سۇدان بولۇپ چىقتى . ئۇ كۇرۇشكىغا ئازراقلا سوقۇلغان نان سېلىپ ، ئۈستىگە سۇداندىكى سۇدىن قۇيۇۋىدى ، سوقۇلغان نان بىردەمدىلا كۆپۈپ چىقتى . سالاۋات كۆڭلىدە ھامىمىسىغا رەھمەتلەرنى ئېيتقاچ ، كۇرۇشكىدىكى ناننى مەززە قىلىپ يېدى . گەرچە ئۇ ناننى قۇرۇتۇپ سوقۇۋېلىشنى كىمنىڭ ئىجاد قىلغانلىقىنى بىلمىسىمۇ ، ئاپىسىنىڭ شۇنداق قىلىشقا ئامراق ئىكەنلىكىنى بىلەتتى .

— سەن نېمىنى بىلەتتىڭ ؟ بۇ خىل تاماق يېيىشلىكلا بولۇپ قالماي يەنە ئىسراپچىلىقنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ . ئۇنىڭ نەچچە تۇرلۇك ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلگىنىڭدە ، ھەممە ئادەم بۇنىڭدىن ئۇنۇملۇك پايدىلانغان بولاتتى . سەپەرگە چىققاندا ئېلىۋالساڭ ئەپلىك . پەقەت ئىككى ئاپقۇر ئېلىۋالساڭ بىر ھەپتە يېتىدۇ . ئۆزى ئىخچام ، بۇزۇلمايدۇ . ئوت يېقىپ ـ قازان ئېسىش كەتمەيدۇ . سۇلا بولسا بولدى . ھەرقانداق جايدا ئاچ قېلىشنىڭ غېمىنى يېمەيسەن . كۈنلەرنىڭ بىرىدە كىم بىلىدۇ ئۇنىڭ پاتېنت ھوقۇقىنى سەن ئېلىپ قالامسەن ؟ — دەيتتى ئانا ئۇنىڭ غۇدۇراشلىرىغا جاۋاب بېرىپ . بەلكىم بۇمۇ ئانا جەمەت تۇغقانلىرىنىڭ ئىجادىيىتى بولسا كېرەك . ھامىمىسىمۇ سوقۇلغان نان يېيىشنى ياخشى كۆرەتتى . شۇڭا ، ئۇلارنىڭ ئۆيىدە سوقۇلغان نان ئۈزۈلمەيتتى .

سالاۋات قورسىقىنى توقلىغاچ شۇلارنى ئويلىدى . تەقدىرنىڭ ئايلىنىپ كېلىپ سوقۇلغان ناننى ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىغا ئورۇنلاشتۇرغانلىقىغا ھەيران بولدى . ھاياتلىق سەپىرىدىكى بەزى ئىشلارنى راستتىنلا چۈشەنگىلى بولمايتتى . بۇ دۇنيادا توغرا كېلىپ قالىدىغان ئىشلار ھامان بولۇپ تۇرسىمۇ ، بۇنىڭغا ئوخشاش توغرا كېلىش كەمدىن ـ كەم ئۇچرايتتى .

قورساق تويدى . سالاۋات تەرەپ ـ تەرەپتىن باستۇرۇپ كېلىۋاتقان ھارغىنلىق بىلەن ئۇيقۇنى قوغلاش ئۇچۇن ئورنىدىن تۇردى . ئەمدى سومكا ئۇنىڭغا بايامقىدەك ئۇنچە ئېغىر بىلىنمىدى . ئۇ كېتىۋېتىپ ئەتراپقا سەگەكلىك بىلەن قۇلاق سالاتتى .

ئۇيۇقۇ ئەسىر قىلىشقا باشلىغان ئىككى كۆزىنى يوغان ئېچىپ، ئۇياق ـ بۇياقنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتەتتى. ھەرقانداق ۋاقىتتا ھەربىر قەدەمنى ئېھتىيات بىلەن ئالاتتى. گويا ئارقىسىدىن بىرى سايىغا ئوخشاش ئەگىشىپ، ھازىرلا يېتىشىۋالىدىغاندەك، قاچانلا بولسۇن ئالدىغا قاراپ يۈگۈرۈشكە تەييار تۇراتتى.

ئۇ كۆزلىگەن يېرىگە يېتىپ كەلگەندە ئۇيۇق سىزىقى ئاقىرىشقا باشلىغانىدى. سالاۋات سومكىنى يەرگە قويۇپ، ئەتراپقا ئىنچىكىلىك بىلەن سەپسالدى. قارىغايلىق ئادەمنىڭ ئىچىگە ۋەھىمە سېلىپ گۈركىرەپ تۇراتتى. ئۇنىڭ چەت ـ چۆرىسىدىكى بۇكىدە ئۆسكەن چاتقاللىق «مەن بۇ يەردە» دېگەندەك قارىيىپ تۇراتتى.

سالاۋات مۇشۇ يەردە يېتىپ دەم ئېلىش قارارىغا كەلدى. قىيان سۈيىدەك باستۇرۇپ كېلىۋاتقان ھارغىنلىق بىلەن شېرىن ئۇيقۇ ئۇنى ھازىرلا يەرگە چاپلىۋېتىدىغاندەك قىلاتتى. بىر ـ بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن قويۇق چاتقاللىق ئۇنى قوينىغا ئالدى. ئۇ سومكىنى بېشىغا قويۇشى بىلەن ئۇيقۇغا كەتتى.

تاڭ سۈزۈلۈۋاتاتتى. يىراقتىن قوغلىشىپ كەلگەن بىرنەچچە ئىت چاتقاللىقنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە گويا بىرنەرسىنى بايقاپ قالغاندەك، قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ قېلىشتى. سومكىدىكى گۆشنىڭ ئۆتكۈر ھىدى بۇرنىغا پۇرىغان بولسا كېرەك، بىر ـ بىرىگە قاراشتى. ئۇلارنىڭ بۇ قارىشىدىن كىم بېرىپ ئولجىنى ئەكېلىدۇ؟ دېگەن بىر مەنە چىقىپ تۇراتتى.

سالاۋات تولىمۇ شېرىن بىرنەرسە يەۋاتقاندەك ئاغزىنى مىدىرلىتىپ، لەۋلىرىنى تامشىپ قويدى. ئۇ يەنە ئۇققىلى بولمايدىغان بىر خىل تەلەپپۇزدا بىرنېمىلەرنى دەپ غودۇڭشىدى. قاتتىق ئۇيقۇنىڭ تەسىرىدە ھازىرلا ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىدىغاندەك قوللىرىنى شىلتىدى.

ئىتلار بىرپەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، ئېھتىيات بىلەن قەدەم تاشلاپ سالاۋاتنى كۆزلەپ ماڭدى. ئۇلار خۇددى چېۋەر

ئوغرىلاردەك چاتقاللاردىن ئۆمىلەپ ئۆتۈپ، سالاۋاتقا يېقىنلاشتى. دەرھال ھەرىكەت قىلىشقا پېتىنالماي، بىرھازاغىچە مەيدىسىنى يەرگە يېقىپ يېتىشتى. ئۇلار پۇرسەت كۈتۈۋاتاتتى. ئەمما، قىرىشقاندەك سالاۋات بىردەم جۆيلۈسە، بىردەم پۇت ـ قوللىرىنى تاشلاپ سومكىدىن نېرى بولاي دېمەيتتى. ئىتلارنىڭ بىرى يېتىۋېرىشتىن زېرىكتى بولغاي چېكىنىپ چىقىپ، چاتقاللىقنىڭ كەينىگە بېرىپ ئولتۇردى. دەل شۇ چاغدا قارا تەرگە چۆمگەن سالاۋات ۋارقىرىغىنىچە ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. ئۇنى قارا باسقانىدى. بۇنىڭدىن چۆچۈپ كەتكەن ئىتلار ئوپۇر ـ توپۇر بولغىنىچە چاتقاللىقتىن قېچىپ چىقتى. تاڭ سەھەرنىڭ جىمجىتلىقىنى چاتقاللاردىن چىققان ئاۋاز بۇزۇۋەتتى.

سالاۋات ھامىنىسنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ، دەريادىن ئۆتكۈچە كەينىگە ھېچكىم چۈشمىدى دېيەلمەيتتى. شالدۇر ـ شۇلدۇر قىلغان ئاۋازدىن ئىسنى يىغىپ، دېمىنى ئىچىگە يۇتتى. ئەگەر راستىنلا كەينىگە ئادەم چۈشكەن بولسا ئۇنىڭ تۇگەشكىنى شۇ. قولغا چۈشتىمۇ بولدى، ئېتىلىپ كېتىدۇ.

ئۇ بىر تەرەپتىن ئەتراپقا قۇلاق سالغاچ، يەنە بىر تەرەپتىن سومكىدىكى پىچاقنى قولىغا ئالدى. پىچاق بولسىلا ئۇ كەلگەنلەرگە تاقابىل تۇرالىسىمۇ، ئۇلارنىڭ قولىغا تىرىك چۈشمەيتتى. بىراق، ئەتراپ تىمتاس، باياقى شالدۇر ـ شۇلدۇر قىلغان ئاۋازدىن ئەسەرمۇ يوق.

سالاۋات ھەيران قالدى. ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ، چاتقاللارنىڭ شېخىنى قايرىدى. ئۇنچە يىراق بولمىغان قاپتالدا بىرنەچچە ئىت بىر ـ بىرىنى قوغلاشقىنىچە كېتىپ باراتتى. سالاۋات «ئۇھ» دەپ نەپەس ئالدى. قانداقلا بولسۇن، ئۇنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇغان خەتەر ئۆتۈپ كەتكەنىدى.

ئەتراپ يېڭىۋاشتىن جىمجىتلىققا چۆمدى. بۇ يەرنىڭ جىمجىتلىقى بەئەينى خىيالىي دۇنيادىكى جەننەتكە ئوخشايتتى. سۇبھىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ جۇغى كىچىك، توختىماستىن

سايرايدىغان قۇشلار پەيدا بولدى. تولىمۇ رەڭدار بىر قۇش قولنى سۇنسىلا يەتكۇدەك يەرگە قونۇپ، يېقىملىق ئاۋاز بىلەن سايراپ كەتتى. ئۇ سالاۋاتتىن قىلچىمۇ قورقۇپ قالمىدى. ئۇنىڭ توختىماي لىكىلداپ تۇرغان قۇيرۇقى سالاۋاتقا تولىمۇ قىزىق بىلىندى. بىر كـۇنلۇك هايات باشلىنىش ئالدىدا تۇراتتى. سومكىسىنى ئېلىپ قارىغايلىق ئىچىگە ماڭغان سالاۋات بىردىنلا قورام تاشنىڭ ئاستىدىن ئېـتـىـلـىـپ چىقىۋاتقان بۇلاقنى كۆرۈپ قالدى. بۇلاق سۈيى شـۇنـچـىلىك سۈزۈك ئىدىكى، ئاستىدىكى هەممە نەرسە ئوچۇق كۆرۈنەتتى.

سالاۋات بۇلاق بويىدا ناشتا قىلدى. سۇدانىغا سۇ قاچىلىغاندىن كـېيىن يۈزىنى يەنە بىر قېتىم يۇدى. سومكىسىدىكى هاممىسى سېلىپ قويىغان لۆڭگە بىلەن يۈزىنى سۈرتتى. لۆڭگە ئىچىدىن تاراق قىلىپ چۈشكەن ساقال ئالغۇچ بۇلاققا چۈشۈپ، سۇنىڭ يۈزىنى داۋالغۇتۇۋەتتى. هاما هەتتا تۇرمۇشقا كىرەكلىك ئەڭ ئۇششاق نەرسىلەرنىمۇ تەقلەپ بەرگەنىدى.

سـالاۋات نـەرسـە - كېرەكلەرنى يىغىشتۇرۇۋاتقاندا چاقماق چېـقـىـپ، تـاغـلار گـۈمـۈرۈلـگـەندەك دەهشەتلىك گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەپ كەتتى. پۈتۈن جىلغا گۈلدۈرماما بىلەن چاقماقنىڭ ئـاۋازىـدىــن لەرزىگە كەلدى. سالاۋات دالدىنىشقا بولىدىغان يەر ئىزدەپ ئـۇياق - بـۇياققا قـارىغاچ، قـەدىمـىـنى تېـزلەتتى. ئۇ كـۆزلـىـگـەن نـىـشانغا تېخى يېتىپ بارمايلا، ئاسمان تېشىلىپ كەتكەندەك شارقىراپ يامغۇر يېغىپ كەتتى. هەش - پەش دېگۈچە پۈتۈن دالا يامغۇردىن هاسىل بولغان تۇمان ئىچىدە قالدى.

قېرى قارىغاي گىگانت ئادەمگە ئوخشاش مەزمۇت قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇككىدە شاخلىرى كۇنلۇككە ئوخشاش سالاۋاتنى دالدىغا ئالدى. ئۇ ئۆمرىدە بۇنداق دەهشەتلىك يامغۇرنى كۆرۈپ باقمىغاچقا، يۈركى ئەنسىز سېلىپ كەتتى. چېلەكلەپ تۆككەندەك تۆكۈلۈۋاتقان يامغۇر دەستىدىن يوللار مىلىقلاپ كەتتى. چېلەكلەپ قۇيۇلۇۋاتقان يامغۇر دەستىدىن پۈتۈن جاهـان نەپەس ئالالمايۋات-



قاندەك ، بارغانسېرى خۇدىنى يوقىتىپ قويۇۋاتقاندەك قىلاتتى . ئېگىزلىكلەردىن ، تۆپىلىكلەردىن ، ساي ـ سالالاردىن كەلگۈن سۈيى كېلىۋاتقاندەك شارقىرىغان ئاۋاز ئاڭلىناتتى . ھەممە يەر شارقىراپ يېغىۋاتقان يامغۇر دەستىدىن سۇكۇنات ئىچىدە مۈگدەپ تۇراتتى . پەقەتلا قاپتالدىكى قارىغايلارلا بۇ كۆڭۈلسىز مەنزىرىلەرگە پەرۋا قىلمايۋاتقاندەك قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى .

— ياغقىن يامغۇر ، ياغقىن . سەن قانچە ياغساڭ مەن شۇنچە خۇشال بولىمەن . ھېچبولمىغاندا بۈگۈن بولسىمۇ خۇشال بولىمەن . سېنىڭ باھانەڭدە بىر كېچە بولسىمۇ خاتىرجەم ئۇخلىيالايمەن . بۈنىڭدىن كېيىنكى كۈنلىرىم توغرىسىدا كەڭ ـ كۇشادە ئويلىنىۋالالايمەن . ھازىر پەقەت سەنلا مېنى خاتىرجەم قىلالايسەن . ياغقىن ، بولسا ھەپتىلەپ ، ئايلاپ ، يىللاپ ياغقىن !

سالاۋات ئۆزىگە ئۆزى پىچىرلاپ شۇنداق دېدى . دېمىسىمۇ بۇنداق قاتتىق يامغۇردا پەقەت جىددىي ئىشى بار ئادەم سىرتقا چىقمىسا ، باشقا ئادەم سىرتقا چىقمايتتى . سالاۋات سومكىسىنى يېنىغا قويۇپ ئولتۇردى . ھاۋانىڭ گۈلدۈرلىشى ، چاقماقنىڭ چېقىشىغا قۇلاق سالغاچ ئويغا پاتتى .

ئۇ نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئەسلەپ ، ھاياتىدىكى كەمتۈكلۈكلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى . شۇلارنىڭ ئىچىدە دىلارەمۇ بار ئىدى . ئۇنىڭ قەلبىدە دىلارەنىڭ سىيماسى يەتتە باشلىق يالماۋۇزدەك ، گۆشى بىلەن قېنى قېچىپ ئىسكىلىتقا ئايلانغان ئالۋاستىدەك پەيدا بولاتتى . ئۆزىنى ئۆزى ئالداش شۇنچىلىك ئازابلىق بولسىمۇ ، ئۇ ئەقلىدىن ئازغان ھەيكەلتىراش ئۆزى ياراتقان ھەم چىن قەلبىدىن ياخشى كۆرىدىغان ئەڭ گۈزەل ئەسىرىنى پىچاق بىلەن ئاز ـ ئازدىن قىرىپ ، يوق قىلىۋاتقاندەك بىر خىل ھېسسىيات ئىچىدە ، بىر چاغلاردا قەلبىدە مۇستەھكەم قەد كۆتۈرگەن بۇ ئايالنى قەلبىدىن ئۆچۈرۈشكە تىرىشاتتى .

سالاۋات خورسىندى . قەلبىدىكى مەڭگۈ يۇيۇپ چىقىرىۋەتكىلى بولمايدىغان پۇشايماندىن يۈرىكى مۇجۇلغاندەك قىلدى . ئۇنىڭ بىر

ئوبدان كېتىۋاتقان تۇرمۇشى ئاشۇ ئالۋاستى سۈپەت ئايال تەرىپىدىن بەربات بولدى . ئۇ بولمىغان بولسا بەلكىم ؟...

گەجگىسىگە ئۇرۇلغان سوغۇق نەرسىدىن ئۇنىڭ خىياللىرى قالايمىقانلىشىپ كەتتى . چېلەكلەپ تۆككەندەك يېغىۋاتقان قارا يامغۇرغا ئەمدى شۇنچە يوغان قارىغايمۇ بەرداشلىق بېرەلمەي قالغانىدى . قارىغاي يوپۇرماقلىرىدىن سىرغىپ چۈشكەن يامغۇر ئەمدى ئۆيدىن تامچا ئۆتكەندەك چۈشۈۋاتاتتى . سالاۋات بىرقانچە يەرگە ئورۇن ئالماشتۇرغان بولسىمۇ ، ئۇنۇمى بولمىدى . ئەمدى ئۇنىڭغا سومكىنى باغرىغا بېسىپ تاكى يامغۇر توختىغۇچە ئولتۇرماقتىن باشقا ئامال قالمىغانىدى .

گەرچە يامغۇر ئۆتۈپ ئۇنىڭ ھەممە يېرى سۇ بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ ، ئۇ يەنىلا روھلۇق ئىدى . قارىغايلىقتىن كېلىۋاتقان نەمخۇش ۋە يېپيېشقاق خۇش پۇراق كىشىگە ئارام بېغىشلايتتى . ئۇ مانا مۇشۇنداق ھىدنى ھىدلاشنى كىچىكىدىن ياخشى كۆرەتتى . قارىغاي پۇتاقلىرىدىن ئېقىپ چۈشكەن سۈپسۈزۈك دېۋىرقاي ئادەمگە كۆزدىن ئېقىۋاتقان ياشنى ئەسلىتەتتى . ئۇنىڭ خۇش پۇراق ھىدى پەقەت مانا مۇشۇنداق يامغۇر كۈنلىرىلا تېخىمۇ روشەنلىشىپ كېتەتتى .

يامغۇرمۇ يېغىۋېرىپ پەسكويغا چۈشتى . گويا سالاۋاتقا يۈز كېلەلمەيۋاتقاندەك بىر توختاپ ، بىر ياغاتتى . نېمىلا دېگەنبىلەن دەھشەتلىك قارا يامغۇر ئۆتۈپ كەتكەنىدى . سالاۋات گويا يامغۇر تامچىلىرىنىڭ يوپۇرماقلارغا ، ئوت - چۆپلەرگە ، قارىيىپ تۇرغان ھەيۋەتلىك تاغ چوققىلىرىغا قانداق چۈشۈۋاتقانلىقىنى تەتقىق قىلىۋاتقاندەك ئورنىدا ئۇزاق ئولتۇردى .

ئۇ ھېرىپ كەتكەچكە ئۇگدەۋاتاتتى . كەلكۈن سۈيىدەك باستۇرۇپ كەلگەن شېرىن ئۇيقۇ ئاخىر غالىب كەلدى . كۆپ ئۆتمەيلا سومكىنى باغرىغا باسقان ھالدا ئولتۇرغان سالاۋات ئۇيقۇغا كەتتى . شۇ كۈنلەردە ئۇنى ھەممىدىن بەكرەك قىيناۋاتقىنى ئۇيقۇ ئىدى . يولدا كېتىۋاتقاندىمۇ ، ئولتۇرغان چېغىدىمۇ ھامان شېرىن

ئۆگدەك باساتتى. بەزى چاغلاردا ھەممىنى ئۇنتۇپ «قانغۇچە بىر ئۇخلىۋالسام بولماملۇ» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزەتتى.

سالاۋات ئورمانلارنى ياخشى كۆرەتتى. قاچاندۇر بىر چاغلاردا دادىسىغا ئەگىشىپ ياغاچ كېسىۋاتقانلارنىڭ قېشىغا كەلگەنلىكى ھېلىمۇ ئېسىدە. پۈتۈن ئورمانلىقتىن ئادەملەرنىڭ ۋارقىرىغان، ھەرىلەرنىڭ غوڭۇلدىغان ئاۋازى كېلەتتى. «مۇدىرنىڭ بالىسى كەپتۇ» دەپ ھەممەيلەن ئۇنى ئورىۋالدى. بەزىلىرى كەمپۈت بەرسە، بەزىلىرى قاق ـ پىرەنىك دېگەندەك نەرسىلەرنى بېرەتتى. بىرى تېخى بېرىدىغانغا ھېچ نەرسە تاپالماي، پۇلمۇ بەرگەنىدى. ئۇ چاغدا ئۇ دېۋىرقايىنى بىلمەيتتى. كىمدۇر بىرى چاقچاق قىلىپ سېغىز دېگەچكە، ئۇ دېۋىرقايىنى ئاغزىغا سېلىپ گەپ قىلالماي قالغانىدى. قوللىرىمۇ بىر ـ بىرىگە چاپلىشىپ قالغانىدى. ئىشلەۋاتقانلار ئۇنىڭ ھالىنى كۆرۈپ، كۆزىدىن ياش چىققۇچە كۈلۈشكەنىدى. بەزىلەر كۈلكىدىن ئۆزىنى توختىتالماي يەردە دومىلاپ كەتكەنىدى. دېۋىرقايىنى سېغىز دېگەن ئادەمنى شۇ كۈنىلا ئىشتىن ھەيدىۋەتكەنلىكىنى كېيىن ئۇ باشقىلاردىن ئۇقتى. ئۇنىڭدا نېمە گۇناھ. ئۇ دېۋىرقايىنى سالاۋاتنىڭ ئاغزىغا مەجبۇرىي تىقمىغان تۇرسا. سالاۋات خېلى كۈنلەرگىچە چىۋىن يەۋالغاندەك بولۇپ يۈردى.

سالاۋات چۈشەكەپ كۈلدى. كۆپ ئۆتمەيلا بۇلۇتلارمۇ پارچىلىنىپ، كەچكى شەپەق نۇرلىرى تاغلارغا، ئورمانلارغا، دالىلارغا چۈشۈپ، يامغۇردىن كېيىنكى ئاجايىپ مەنزىرىنى ھاسىل قىلدى. زېمىن تىپتىنچ ھالەتتە سوزۇلۇپ ياتاتتى.

سالاۋات سوغۇقتىن شۈركۈنۈپ، ئويغىنىپ كەتتى ۋە قونالغۇ قىلغۇدەك جاي ئىزدەپ، تۆت ئەتراپقا سىنچىلاپ قارىدى. قۇياشنىڭ پېتىشى بىلەن تاغنىڭ ھاۋاسى ئۆزگىرىپ، گەجگىدىن قورۇشقا باشلىدى. ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئاق چوققىمۇ گۈگۈم قوينىدا خىرەلىشىشكە باشلىدى.

سالاۋات بىردىنلا تىترەپ كەتتى. دالدا يەردىكى قارىغاي

شاخلىرنى كۆتۈرۈپ ، شامالدىن دالدا بولىدىغان يەرگە ئاپاردى . ئـاندىن قارىغاينىڭ كاۋىكىدىكى قۇرغاق تەمەشلەرنى يىغىپ ئوت ياقتى . ئوتۇنلار شىرشىم بولغاچقا ئوت تۇتاشماي ئاۋارە قىلدى . شۇنداقتىمۇ بوش كەلمەي ، ئاچچىق ئىسنى بولۇشىغا پۈۋلىدى . ئوت ئاخىر گۇرۇلدەپ كۆيدى .

تـاغ تـەرەپتىن جاندىن ئۆتىدىغان سوغۇق شامال توختىماي ئۇرۇپ تۇراتتى . سالاۋات چىلىق ـ چىلىق هۆل بولۇپ كەتكەن كـىـيـمـىـنى يېشىپ سىقتى . ئاندىن كېيىن ئۇنى ئوتقا قاقلاپ قۇرۇتۇشقا كىرىشتى . ئۇ غال ـ غال تىترىگەن هالدا ئوتنىڭ تەپتى بىلەن هورى كۆتۈرۈلۈۋاتقان كىيىملەرگە ، ئۇدۇلدىكى قورام تاشقا نەزەر تاشلىدى .

## 15

بىر كۈن بەكمۇ تەسـتە ئۆتـتى . مەغرىـب بىـلەن مەشـرىـق بىر ـ بىرىدىن يىراقلاپ كەتكەندەك قىلاتتى . ئانا تۈننىڭ بۇنداق ئـۇزۇن سـوزۇلـۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغانىدى . كەچ كىرىپ ، قاراڭغۇ چۈشكەن بولسىمۇ ، دىرىزىنى هېچكىم چەكمىدى . سىرتتا سىمىلداپ يامغۇر يېغىۋاتاتتى . موريدىن گۇرگىرەپ شامال كـىـرەتـتـى . ئـۆگـزە ئـۈسـتـىدە يامغۇرنىڭ تىرىقلىغان ئاۋازى ئاڭلىناتتى . هەممە نەرسە شۇنچىلىك كۆڭۈلسىز ئىدىكى ، سىرتتا يـېغىۋاتقان يامغۇرنىڭ ئاۋازى ، تامدىكى سائەتنىڭ ئاۋازى بىلەن قوشۇلۇپ يۈرەكنى ئېزەتتى .

ئـانـا ئـىـكـكـى كـۆزىـنـى مـەهكەم يۇمۇپ ياتقىنى بىلەن ئۇخلىمىغانىدى . ئۇ ئۆز كۆڭلىدە نۇرغۇن پىلانلارنى تۈزۈۋاتاتتى . ئانىنىڭ قەلبى هەممە خېيىمخەتەرنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ ، ئـانـىلىق بۇرچىنى ئادا قىلىشقا ئۈندەيتتى . ئۇنىڭ ئويلايدىغىنى ئوغلىغا ئازراق بولسىمۇ ياردەم بېرىش . ئوغلى جىنايەت ئۆتكۈزدى . جىنايەت ئۆتكۈزسە نېمە بوپتۇ . بۇ دۇنيادا جىنايەت ئۆتكۈزمەيۋاتقان

كىم بار؟ جىنايەت ئۆتكۈزدى دەپ ئۆز بالىسىنى دۈشمەن قاتارىدا كۆرىدىغان ئانىنى كىم كۆرگەن؟ بەلكىم ئوغلى جىنايەت ئۆتكۈزمىگەندۇ. بەلكىم ئوتتۇرىلىقتا ئۇقۇشماسلىق بولۇۋاتقاندۇ ياكى بولمىسا باشقىلارنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن شۇنداق قىلغاندۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىگە ھازىر ھېچكىم بىرنېمە دېيەلمەيدۇ. كىم ھەقىقىي جىنايەتچى، كىم ھەقىقىي جىنايەتچى ئەمەس، بۇ ئىش ھامىنى بىر كۈنى ئېنىقلىنىدۇ. شۇنىڭغىچە تەخىر قىلىشقا، چىدامچانلىق كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭغا ئانا تەييار. ئەمما، يوقاپ كەتكەن ئوغلىنى نېمە بولساڭ بول، دەپ تاشلىۋېتەلمەيدۇ. بىر چەتتە قول قوۋۇشتۇرۇپ تېخىمۇ تۇرالمايدۇ. ئۇ قانداقلا بولسۇن، ئانىنىڭ يۈرەك پارىسى. ئۇمۇ باشقىلارغا ئوخشاش تىرىك جان، بىر ئىنسان...

ئانا ئەنە شۇنداق ئويلايتتى. ئۇ پات - پات خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتقان ۋاقىتقا قاراپ قويۇپ قوياتتى. ئۇنىڭ راستتىنلا ئۇخلاۋاتقانلىقىغا جەزم قىلغاندىن كېيىن، ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا چىقتى. ئىشىك ئالدىدا ئۆزىنى بىرقۇر جۆندەشتۇرگەندىن كېيىن دەرۋازىدىن چىقتى.

يامغۇر ئازراق پەسلەپ قالغان بولسىمۇ يەنىلا يېغىۋاتاتتى. كوچىدىكى ھەممە نەرسە ئۆز پېتىچە تۇراتتى. ئۇ ئەتراپقا قۇلاق سالدى. ئۇ ئارزۇ قىلغان ئاۋازنىڭ ئورنىدا پەقەت يامغۇرنىڭ سۇس، ئەمما جىددىي چۈشۈۋاتقان ئاۋازىلا ئاڭلىناتتى. ئانا پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ بېرىپ ئامبارنىڭ، سامانخانىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. قولچىراغ بىلەن ھەممە ياققا سەپسېلىپ چىقتى. ئوغرى ئالسىكەن دەپ ئۈمىد قىلغان نەرسىلەر ئۇنى زاڭلىق قىلغاندەك ئۆز جايىدا تۇراتتى.

ئانا ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قايتىپ كىرىپ ياتقان بولسىمۇ، كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىدى. ناھايىتى ئۇزاق يىللار ئىلگىرىكى ئىشلار كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ، ھەسرەتلىرىنى ئۇلغايتىۋەتتى. ئانا سالاۋاتنى ھاپاش قىلىپ، ئېتىزلىقلارنى ئارىلاپ چىقاتتى. سالاۋات

بەكمۇ ئوماق ئىدى . خۇددى چوڭ ئادەمنى كىچىك قىلىپ قويغاندەك ئۇنىڭ دۇمبىسىگە مەھكەم چاپلىشىپ ، بېشىنى مۈرىسىگە قويۇپ ياتاتتى .

«يەڭگە ، بالىڭىز بەك ئوماق جۇمۇ ؟ خۇدايىم بىزلەرگىمۇ ئاشۇنداق ئوماق بالىلاردىن بەرسە نېمە بولار ؟ » ئانا چۆچۈپ كەتتى . ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ياپياشلا ئۆلۈپ كەتكەن ئەترەتنىڭ هارۋىكىشى پەيدا بولدى . ئۇ بىر قېتىملىق هادىسىدە هارۋىنىڭ ئاستىدا قېلىپ ئۆلۈپ كەتكەنىدى . ئۇ كۈنى ئۇ بىنەمدە ھەممە ئادەم بىلەن چېقىشىپ ، بولۇشىغا كۈلگەنىدى . بولدى قىل ، دېگەنگە ئۇنىماي بىر مىشكاپ بۇغداينى ئارتۇق بېسىپ يۈرۈپ كەتكەنىدى . ئۇ باغرى يۇمشاق ، رەھىمدىل ئادەم بولغاچقا ئاتلارنى ياخشى باقاتتى . سېمىزلىكتىن تۈكلىرى پارقىراپ كەتكەن ئاتلار دۆڭدىن چۈشۈپ كېلىۋېتىپ ، هارۋىنى ئەپقاچتى . هارۋا ئاغدۇرۇلدى... بىر چاغلاردا مۇشۇ گەپنى ئاشۇ هارۋىكەش قىلغانىدى . ئۇنى قانداقلارچە ئويلاپ قالدىم ؟ دېگەن ئوي بىلەن ئانىنىڭ كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ قالدى . ئۇ نېمىلا قىلغان بىلەن سالاۋاتنى ياخشى كۆرەتتى . هارۋىسىغا سېلىپ ، نە ـ نەلەرگە ئېلىپ كېتەتتى...

ئانا يەنە سالاۋاتنىڭ خاماندا تايتاڭلاپ ماڭغانلىرىنى كۆرگەندەك بولدى . ئۇ قاقاقلاپ كۈلگىنىچە كەينىدىن قوغلاپ كەلگەنلەردىن قاچاتتى . سامانغا دومىلاپ جېنىنىڭ بارىچە تېپىچەكلەيتتى . ئۇ بار يەردە خۇشاللىق ، كۈلكە بار ئىدى . بۇ ناھايىتى ئۇزاق يىللار ئىلگىرىكى ئىشلار ئىدى .

ئانىنىڭ كۆزى نەملەشتى . يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىدە «جېنىم بالام ، نېمە كۈنلەرنى كۆرۈۋاتقانسەن ؟ مۇشۇنداق يامغۇرلۇق كۈنلەردە نەدە يۈرۈۋاتقانسەن ؟ ئاغرىپ ـ تارتىپ قالغان بولساڭ يېنىڭدا ئاناڭ يوق قانداق قىلىۋاتقانسەن ؟ » دەپ نىدا قىلاتتى...

ۋاققاس ئورنىدىن تۇرغاندا پاتەمخان ئۆي ئىچىدە بىرنېمىلەرنى قىلىپ يۈرەتتى . ۋاققاس ئۇنىڭغا بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن :

— نېمىلەرنى قىلىۋاتىسەن بۇنچىلىك سەھەر تۇرۇپ ؟ — دەپ غودۇڭشىپ قويدى .
— نېمىش قىلاتتىم ، دادىسى ، ئىسرىق سېلىۋاتىمەن ، ئىسرىق . ئاخشام سالاۋات كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ پەقەتلا كۆز يۇمـمۇدۇم . بىچارە بالا بىزدىن ياردەم تىلەۋاتسا كېرەك . بىز بولساق بۇ يەردە بەخۇدۇك ئۇخلاپ ياتىمىز ، — پاتەمخاننىڭ جاۋابى ۋاققاسنىڭ يۈرىكىگە خەنجەر بولۇپ سانجىلدى . شۇنداقتىمۇ يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئويلاپ ئۈنچىقمىدى .
ئادراسمان كۆيۈشكە باشلىدى . سۈس كۆكۈچ ئىس ئۆي ئىچىدىكى ھاۋا بىلەن بىرلىشىپ ، ئەبجەش پۇراق ھاسىل قىلدى . سىرتتا ، ناھايىتى يىراق دالا ئۈستىدە گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەۋاتاتتى . يامغۇر توختىغان بولسىمۇ ھاۋا يەنىلا تۇتۇق بولۇپ ، ھەممە نەرسە سۈكۈت ئىچىدە ئېغىر تىنىپ ياتاتتى . ۋاققاس ئايالىنىڭ ئىسرىق سېلىشىغا ، تەڭرىگە يېلىنىپ دۇرۇت ئوقۇشىغا قاراپ تۇردى . شۇ تاپتا ئۇنىڭ قەلبىمۇ ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز دەرد - ئەلەمنىڭ دەستىدىن پۇچىلىنىپ كېتىۋاتاتتى...
بىكەتتە ئادەملەر مىغىلدايتتى . ئۇياق - بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇرغان ئادەملەر بىلەن ، ۋارقىراشقان - جارقىراشقان ئاۋازلار قوشۇلۇپ ، تېخىمۇ قايناق بازار ھاسىل قىلغانىدى . ۋاققاس مەيدىسىنى كېرىپ قويدى . ئۇ ئاغزىدا دېمىگەن بىلەن ، خۇشاللىقى ئىچىگە پاتمايتتى . ئانىمۇ خۇشال ئىدى . خۇشاللىقتىنمۇ ياكى ئايرىلىشقا كۆزى قىيمايۋاتقانلىقتىنمۇ ، كۆز يېشىغا ئىگە بولالمايۋاتاتتى . ۋاققاس تۇنجى قېتىم سالاۋاتنى بارلىق مېھرى بىلەن باغرىغا باستى . كۆزلىرىمۇ ئىختىيارسىز نەملەشتى .
— ئامان بول ئوغلۇم ! ئەجرىمىزنى ئاقلىغىنىڭغا كۆپ رەھمەت . ياخشى ئوقۇ . يارامىلىق ئادەم بولۇپ چىقىشقا تىرىشقىن . بىز سېنىڭ خۇش خەۋىرىڭنى كۈتىمىز ، — ۋاققاسنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى . سالاۋات كۆزى قىيمىغان ھالدا ماشىنىغا چىقتى . شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ بەش يىلغا سوزۇلغان ئالىي مەكتەپ ھاياتى

باشلاندى . خۇشاللىقتىن بېشى كۆككە تاقاشقان دادا بىلەن ئانا ئاپتوبۇسنىڭ كەينىدىن خېلى يەرگىچە ئۇزىتىپ باردى...

— مەن بالىنى ئىزدەپ باقاي ، بىز بۇنداق جىم يېتىۋالساقمۇ بولمىغۇدەك ، — دېدى دادا چاي ۋاقتىدا . ئانا ھەيرانلىق بىلەن ئېرىگە قارىدى . ئۇنىڭ كۆڭلى بىر شۇملۇقنى سەزگەندەك ئەنسىز سىلىپ كەتتى .

— بۇنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمۇ ؟

— ئەلۋەتتە بار . ئۇ دېگەن بالا . قىلغۇلۇقنى قىلىپ قويۇپ ، يەنىلا بالىلىق قىلىۋاتىدۇ . ئۇ قېچىپ زادى نەگە باردۇ ؟ ئۇنىڭ قىلىۋاتقانلىرىنىڭ ھەممىسى نادانلىق ، ئۆزىگە پايدىسىز ئىشلار ؟

— ئۇنداقتا سىزگە ئۇ قانداق قىلسا ياخشى بولاتتى ؟

— ئۇنى تېپىپ تەربىيە بېرەيلى ، ئۆزىنى مەلۇم قىلسۇن . پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا جىنايەت ئۇستىگە جىنايەت ئۆتكۈزۈشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ . جىنايىتىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتمەيدۇ...

ئانىنىڭ چىرايى بىردىنلا خۇددى ئالۋاستىغا يولۇققان ئادەمنىڭ چىرايىدەك تاتىرىپ ، كۆز قارىچۇقى يوغىناپ كەتتى . ئۇ ئالدىدىكى ئادەمنى تونۇجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك ئۇنىڭغا قادالدى .

— سىز ... بۇ گەپچە بالىنى ساقچىغا ئۆز قولىڭىز بىلەن تاپشۇرۇپ بېرىدىكەنسىز ـ دە ؟ سىزنىمۇ دادا دېگىلى بولامدۇ ؟ مەن ھاياتلا بولىدىكەنمەن ، سىزنىڭ بالامنى نابۇت قىلىشىڭىزغا ھەرگىز يول قويمايمەن . ئاڭلاۋاتامسىز ، ھەرگىز يول قويمايمەن...

ئانا شۇنداق دەپلا كەينىگە «دىرىڭڭىدە» ئۇچۇپ كەتتى . ۋۇجۇدىنى يېقىمسىز كەيپىيات ئىگىلىگەن ۋاققاس تىترەپ كەتتى . ئېرىنىڭ يۆلىشى بىلەن ئېسىگە كەلگەن پاتەمخان ۋاققاسنى ئىتتىرىۋەتتى ، — مەن ھاياتلا بولىدىكەنمەن ، نىيىتىڭىزنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا ھەرگىز يول قويمايمەن . ئۇ دەشتى چۆلدە ياكى غايىبتىن تەگكەن ئوقتا ئۆلسە ئۆلۈپ قالسۇن ، نېمىدەپ ئۆز دادىسىنىڭ قولىدا ئۆلىدىكەن... — پاتەمخان شۇنداق دېگىنىچە نېرىقى ئۆيگە كىرىپ كەتتى . ۋاققاس بىردىنلا ئويلىغانلىرىنىڭ

ئـۇنچىلىك ئاددىي ئەمەسلىكىنى ، ھازىرچە چۈشەندۈرىمەن دەپمۇ چۈشەندۈرۈپ بولالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى . شۇنداقتىمۇ بەزى نـەرسـىـلـەرنـى چـۈشەندۈرمىسە بولمايتتى . ئۇ شۇلارنى ئويلاپ ئايالىنىڭ كەينىدىن كىردى .

— ماڭا قارا خوتۇن ، مەن قاچان بالىمىزنى ئۆز قولۇم بىلەن ئۆلتۈرىمەن ، دېدىم . بۇنداق تەرسالىق قىلساڭ قانداق بولىدۇ ؟ ئۆپكەڭنى بېسىۋېلىپ ياخشىراق ئويلاپ باق . ئۇ بۇنداق قېچىپ يـۈرسـە قـۇتـۇلۇپ كېتەرمۇ ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ كارىمىز بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس . ئۇنى يوشۇرساق بالىغا زىيانكەشلىك قـىـلغان ، جىنايەت ئۆتكۈزگەن بولىمىز . مانا مۇشۇنداق پەيتتە ئۇنىڭغا يان باسساق ، مەدەت بەرسەك ئۇ پاتقاققا تېخىمۇ چوڭقۇر پېتىپ كېتىدۇ . ئاخىرىدا ھالاك بولىدۇ . ئۇ ئۆزىنى مەلۇم قىلسا ، بـىز ياخشى ئادۋوكات تېپىپ ئۇنىڭ جىنايىتىنىڭ يەڭگىللىشىگە كۈچ چىقارساق ، بۇنىڭ زادى نەرى يامان…

پاتەمخان خېلىغىچە ئۈندىمىدى . ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئادەمنىڭ تـېـنـىـنـى جۇغۇلدىتىدىغان بىر خىل سوغۇق كەيپىيات چىقىپ تۇراتتى .

— ئۇنداقتا ئۇ ئۆزىنى مەلۇم قىلسا جىنايىتى يەڭگىللەپ ، ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالىدىكەن ـ دە ؟

— مېنىڭچە شۇنداق . ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قېلىشى مۇمكىن .

— مانا شۇنداق ئەمەسمۇ ؟ زادى ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالامدۇ يـاكى قالامدۇ ؟ — پاتەمخاننىڭ زەردىسى يەنە ئۆرلەپ كەتتى . ئۇنىڭ غەزەپ ئۇچقۇنى يېلىنجاپ تۇرغان بىر جۈپ كۆزى ۋاققاسقا تىكىلدى .

— مـەن دېـدىـمـغـۇ . ئادەم دېگەن ئۈمىد بىلەن ياشايدۇ . كونىلاردا ئۈمىدسىز شەيتان ، دېگەن گەپ بار . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاخىرقى ھۆكۈمنى سوت مەھكىمىسى چىقىرىدۇ . مەن ئويلايمەن ، قانداقلا بولسۇن ، تەشەببۇسكار بولغان بىلەن پاسسىپ بولغاننىڭ چوقۇم پەرقى بولىدۇ . ساقچى باشلىقى ئىبىرالنىڭ دېگەنلىرىمۇ شۇ

گەپلەر .

— ئاھ خۇدا ، مەن نېمىشقىمۇ شور پېشانە بولۇپ يارىلىپ قالغانىدىمەن . نېمىدېگەن بەختسىز ئايالمەن . ئۇنىڭغا ئىنساپ بەرگىن ، ئۇنى بۇ يولدىن توسۇپ قالغىن !

پاتەمخاننىڭ جاھىللىقى بىلەن ۋاققاسنىڭ يۈرىكى مۇزلاپ كەتتى . ئۇ شۇنچە ئۇزۇن يىل بىللە ئۆتكەن ، ئىسسىق - سوغۇقنى بىللە تارتىشقان ، تەڭ ئۆتكۈزگەن قەدىناس ھەمراھىنىڭ قەلبىنى خاتا چۈشىنىۋاتاتتى . ۋاققاس ھەرقانچە تاش يۈرەك بولسىمۇ ، ئۆزىنىڭ بالىسىغا ئۆزى قارا سانىماس ؟ ! ئۇنىڭ ئويلايدىغىنىمۇ پەقەت يۈرەك پارىسىگە ياردەم بېرىش ، جىنايىتىنى ئازراق بولسىمۇ يەڭگىللىتىشكە كۈچ چىقىرىش...

ۋاققاس «ئۇھ !» تارتتى . يۈرەك - باغرىنى بىرى تىلىۋاتقاندەك قاتتىق ئازابلىنىپ كەتتى . پاتەمخان بولسا ۋاققاسقا نەپرەت تۈيغۇسى بىلەن قاراپ قويدى . ھازىر ئۇنىڭ نەزىرىدە بۇ ئادەم باشقىلا بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغانىدى . شۇڭلاشقىمۇ ئۇنىڭ ھېسسىياتى ، تومۇرىدىكى ئىسسىق قانلىرى تاشتەك قېتىپ ، يۈرىكىمۇ مۇزلاپ كەتكەنىدى . مانا ئەمدى ھەممە نەرسە كۆيۈپ كۈلگە ئايلاندى . ئۇ ئەتىۋارلىغۇدەك ، ئىچ ئاغرىتىپ كۆڭۈل بۆلگۈدەك ھېچ نەرسە قالمىغانىدى . كۆز ئالدىدا بولسا باش - ئايغىنى كۆرگىلى بولمايدىغان قويۇق تۇمان يېپىلىپ ياتاتتى . ئۇ گويا ئۆزىنى باشقا بىر دۇنياغا كىرىپ قالغاندەك ، ئۆزى بىلىدىغان ھەم چىن دىلىدىن ياخشى كۆرىدىغان ھەممە نەرسە ھاۋاغا ئايلىنىپ ، بۇ دۇنيادىن غايىب بولغاندەك ھېس قىلدى . شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئېرىنىڭ خورسىنغانلىقىغا ، ئىچىدە تولغىنىۋاتقانلىقىغا ، ئانچە بەك ئېتىبار قىلىپ كەتمىدى . مۇزلاپ كەتكەن قەلبىگە ئارام بېرىش ئۈچۈن ئۆيدىن چىقىپ ، ساپ ھاۋادىن نەپەس ئالدى . ئەزەلدىن ھېچ نەرسىگە تەڭ قىلماي كېلىۋاتقان سەھەرنىڭ مۇزدەك شامىلى ، ئۇنىڭ ئازاب ئىچىدە تولغىنىپ كېتىۋاتقان قەلبىگە ئارام بېرىپ ، ۋۇجۇدىغا كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلغاندەك بولدى . ئۇ ئۆز

تۇيغۇسىغا ئىشىنەتتى. تۇيغۇسى ۋاقىقاسىنىڭ ئۇرۇنۇشلىرىدىن
ھېچقانداق نەتىجە چىقمايدىغانلىقىدىن بىشارەت بېرىپ تۇراتتى.
سالاۋات يېتىلگەنلىكىگە ئاسانلىقچە تەن بېرىدىغان يىگىت ئەمەس.
ئۇ ھەرگىز دادىسىنىڭ دامىغا چۈشۈپ، ئىرادىسىگە خىلاپ
ئىشلارنى قىلمايدۇ. ئۇنىڭ بۇنداق ئىشلارغا تاقابىل تۇرغۇدەك
ئامالى بار...

ۋاقىقاس ئىشىكنى ياپتى. ئاغزىنى ئېچىپ، چوڭقۇر نەپەس
ئالغاندىن كېيىن، ئاستا قەدەم تاشلاپ قورۇ تەرەپكە ماڭدى. ئۇنىڭ
پۇتۇن ۋۇجۇدىدىن قايغۇ ـ ئەلەم تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئات ئۇنى
كۆرۈپ دىمىغىنى قاققىنىچە، بوشقىنا كىشنەپ قويدى. «ئىچىم
پۇشۇپ كەتتى، قاچانغىچە باغلاقتا تۇرىمەن» دېگەندەك قىلىپ،
ئالدى پۇتىنى يەرگە ئۇردى. ۋاقىقاس توقۇم سىلىپ، ئېگەرنى
ئارتقۇچە بېشىنى ئۇنىڭ مورىسىگە سۈركەپ ئەركىلىدى.

كۈن ئۆرلەپ، تاغ ھاۋاسى ئاستا ـ ئاستا ئىسسىۋاتاتتى.
ۋاقىقاس ئاتنى يېتىلەپ دەرۋازىدىن چىققاندىمۇ، ئۇزەڭگىگە پۇتىنى
سېلىپ ئاتنى مىنگەندىمۇ ئايالىغا بىر ئېغىز گەپ قىلمىدى. ۋاقىقاس
كەتتى. پاتەمخاننىڭ يۈرىكى بىردىنلا مۇجۇلغاندەك بولدى. ئۇ
ئىككى كۆزىنى چەكچەيتكىنىچە، ئېرى كەتكەن تەرەپكە قاراپ
قېتىپ قالدى. كۆڭلىدە ئايان بولۇۋاتقان، ئەمما تېگى ـ تەكتىگە
يەتكىلى بولمايدىغان ئىشنىڭ نېمىلىكىنى بىلەلمەي تولغىنىپ
كەتتى. يۈرىكى ئەنسىزلىك ئىچىدە پۇلاڭلاپ، پۇت ـ قوللىرىدا
جان قالمىدى. ئۇ ئەمدى يەنە سۆرەلمىلىك قىلسا بولمايتتى.
شۇڭا، بېشىغا ياغلىقىنى چىگىپ دەرۋازىدىن چىقتى. ئۇزۇندىن ـ
ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئادەمزاتسىز كوچا كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى.
قەيەردىندۇر بىر يەردىن چىقىپ كەلگەن لالما ئىت يېنىدىن
ئۆتكەندە، ئانا چۆچۈپ كەتتى. ئۇ ئويلىغانلىرىنىڭ توغرا ياكى
توغرا ئەمەسلىكىنى بىلمەيتتى. ئىشقا ئاشىدىغان ياكى
ئاشمايدىغانلىقىنى تېخىمۇ بىلمەيتتى. ئۇنىڭ كاللىسىدا پەقەت «ئۇ
چوقۇم ياردەم قىلىدۇ» دېگەن بىرلا ئوي بار ئىدى. مەيلى قانداق

بولسۇن ، تەلەي بىلەن سالاۋات بىر يىلدىن ئوشۇق ئۆي تۇتتى . كونىلاردا «بىر كۆنلۈك ئەر ـ خوتۇنچىلىقنىڭ يۈز كۆنلۈك مېھرى بولىدۇ» دېگەن سۆز بار . گەرچە سالاۋات ئۇنىڭغا ئەسكىلىك قىلغان بولسىمۇ ، تەلەي ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆتكۈزگەن كۆڭۈللۈك كۈنلىرىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايدۇ . ئايال كىشىنىڭ مۇھەببىتى بەگۈاش تايچاققا ئوخشايدۇ . ھېچنېمىدىن قورقمايدۇ . ئۇنىڭ ئۇستىگە قورسىقىدا سالاۋاتنىڭ بالىسى بار...

ئانا بۇ خىياللارنىڭ كاللىسىدا قانداقلارچە پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى بىلمەيتتى . بەلكىم يالغۇز ئادەمدىن ئىككى ئادەمنىڭ بولغىنى ياخشىدۇر . كونىلار «يالغۇز ئاتنىڭ دېگى چىقماس ، دېگى چىقسىمۇ چېگى چىقماس» دېگەن ئەمەسمۇ . يەنە بىرى ئىككى ئادەم بولسا ئېرىگە تاقابىل تۇرۇش ئاسان دەپ ئويلىغاندۇ . بەلكىم كۆڭلى بىر كۈنلەردە سالاۋاتنىڭ تەلەينى ئىزدەپ كېلىدىغانلىقىنى تۇيغاندۇ...

ئانا ئۆيگە كىرىپ كەلگەندە تەلەي خىيال سۈرگەچ كىر ـ قات يۇيۇۋاتاتتى . ئۇ قېينانىسىنى كۆرۈپ ھودۇقۇپ كەتتى . كۆرپە سېلىپ تۆرگە باشلىغاندىن كېيىن ، تىنچلىق ـ ئامانلىق سوراشتى . ئانىنىڭ گېلى بوغۇلغاندەك قىلدى . ئۆيدە تەرگەشكەن گەپ ـ سۆزلەرنى دەپ تاشلاشتىن ئۆزىنى مىڭ بىر تەستە تۇتۇۋېلىپ بېشىنى كۆتۈردى .

— جېنىم بالام ، سىز سالاۋاتقا ياردەم قىلىڭ . ئۇنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىڭ . ئەگەر سىزنىڭمۇ كارىڭىز بولمىسا ئۇ تۈگىشىپ كېتىدۇ . ئايدالادا ئىگە ـ چاقىسىز ئۆلۈپ كېتىدۇ . سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي ، بالام ، قورساقتىكى بالىنىڭ يۈزىنى قىلىپ بولسىمۇ ئۇنىڭغا ياردەم قىلىڭ ، — ئانا گەپ قىلالماي قالدى . ئۇنىڭ ئولتۇرۇشقان كۆزىدىن ، مىسكىنلىك قاپلىغان چىرايىدىن ئادەمنىڭ ئىچىنى سىيرىلدۇرغۇدەك بىر خىل ھالەت چىقىپ تۇراتتى ، — ئۇنىڭ ھالى خاراب . مەن قانداق قىلىشنى بىلەلمەي قالدىم . كونىلار «بالىنىڭ ئوتى بالاچە بار» دەپ بىكار

ئېيتماپتىكەن . بېشىمغا كېلىۋىدى ، ئاندىن بىلدىم . يەنە قانچىلىك ياشايمەن ، يەنە قانچىلىك ئۆمرۈم قالدى ؟ بۈگۈن ياكى ئەتە ئاچچىق دەستىدىن ئۆلۈپ قالارمەن . جېنىم بالام ، ماڭا ياردەم قىلىڭ .

ئانا ئورنىدىن تۇرغان پېتى كېلىنىگە تىزلاندى . كەينىدىنلا يۈرەكنى ئەزگۈدەك ئاۋازدا يىغلاپ كەتتى . تەلەي نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالدى . كۆزلىرىدىن ئاققان ياش يامغۇر سۈيىدەك تاراملاپ كەتتى . ئۇ ئوپۇل - توپۇل قېينانىسىنى يۆلىدى . نېمە دېسە ياخشى بولىدىغانلىقىنى بىلەلمەي خېلى ۋاقىتچە تۇرۇپ قالدى . ئانا ئۆكسۈۋاتاتتى . شۇ تاپتا ئۇ كېلىنىنىڭ بىر ئېغىز ياخشى سۆزىگە تولىمۇ موھتاج ئىدى .

ئۆي ئىچىنى ئۇزاقىچە جىمجىتلىق باستى . تەلەي بېرىپ دېرىزىنى ئاچقاندىن كېيىن ، ئورماننىڭ ئۇ تەرىپىدىكى دەريانىڭ شىددەت بىلەن ئۆركەشلىگەن ئاۋازى ، يېقىنلا يەرگە قونغان ياۋا ئۆردەكلەرنىڭ تەشۋىشلىك ئاۋازى ئاڭلاندى .

— ئانا مېنى قانداق قىلسۇن دەيسىز . ئۇ ئەمدى بۇ ئۆيگە قايتا ئاياغ باسمايدۇ ، — دېدى تەلەي ئاخىر يەرگە بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە ، — چۈنكى بىز ئاجرىشىپ كەتكەن . شۇڭا ، ئۇ مەندىن ئېھتىيات قىلىدۇ . ماڭا ئىشەنمەيدۇ . مەن ئۇنىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلىمەن . ئۇنىڭ كېلىدىغان ئويى بولسىمۇ ھەرگىز كەلمەيدۇ . ئۇ مېنى تۇتۇپ بېرىپ ، ئاچچىقىنى چىقىرىۋالىدۇ دەپ ئويلايدۇ . ئەگەر سىز ئويلىغاندەك ئۇ راستتىنلا مېنى ئىزدەپ كېلىپ قالسا ۋەدە بېرەي ، مەن چوقۇم ياردەم قىلىمەن . ئەڭ بولمىغاندا دادام بىلەن ئىككىڭلارنى دەپ بولسىمۇ ياردەم قىلىمەن . ئانا ، سىز خاتىرجەم بولۇڭ ، سىزنى ھەرگىز نائۈمىدتە قويمايمەن...

— جېنىم بالام ، ماڭا مۇشۇ سۆزىڭىزنىڭ ئۆزىلا يېتىپ ئاشىدۇ . مېنىڭ يۈرىكىم تۇيغان . مەن سىزدەك كېلىنىم بولغانلىقىدىن پەخىرلىنىمەن . سىزدىن ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيا رازى...

ئـانـا كـۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ دەرۋازىدىن چىقتى . تەلەي ئۈزۈنغىچە ئۇنىڭ كەينىدىن ئۈزىتىپ قالدى . بولغۇلۇق بولدى . ئـەمـدى كـەيـنىگە يېنىۋالغىلى بولمايتتى . تەلەي بۇ گەپلەرنىڭ ئـاغـزىدىـن قـانـداق چـىـقـىـپ كـەتكەنلىكىنى بىلمەي قالدى . قـېـيـنانىسىنىڭ كۆڭلىنى ياساپ شۇنداق دېدىمۇ ياكى كۆڭلىدە شۇنداق بىر ئىش بارمۇ تېخىمۇ بىلمەيتتى . شۇنچە ئويلاپمۇ ھېچ نەرسىنى بىلەلمىدى ، ھېچ نەرسىنى قىياس قىلالمىدى . خۇددى قايغۇلۇق ھەم ھەسرەتلىك بىر ئازابنى سەزگەندەك ، نەپەس ئالالماي بوغۇلۇپ كەتتى . بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ۋۇجۇدى بەزگەك كېسىلىگە گىرىپتار بولغاندەك غال - غال تىترەپ كەتتى .

بۇ چاغدا ۋاقىقاس ئۈزۈندىن - ئۈزۈنغا سوزۇلغان ئېدىرلىقنىڭ غولىنى بويلاپ كېتىپ باراتتى . ئۇ ئىككى ئاچا يولغا كەلگەندىن كېيىن ، ئېتىنىڭ بېشىنى ئوڭ تەرەپكە بۇرىدى .

بىر پارچە بۇلۇت ئارىسىغا كىرىپ كەتكەن قۇياش يەنە قايتىپ چىقتى . بۇنىڭ بىلەن پايانسىز كۆك ئاسمان كۆلۈمسىرەۋاتقاندەك كـۆرۈنـۈپ كەتتى . كېچىچە ياغقان يامغۇرنىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك ، يەرلەر يۇمشاپ كەتكەنىدى . مەھەللە تەرەپتىن كالىلارنىڭ مۆرىگەن ، ئادەملەرنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىـدى . كۈنـنىڭ قىزدۇرۇشى بىـلەن يامغـۇر سۈيـىدە يۇيۇپ تازىـلانغـان دەل - دەرەخلەر روھلىنىپ ، قەد كۆتۈرگەندەك كۆرۈنۈپ كەتتى . ئـۇنـىڭ كـۆزىـگە ھـەممە نەرسە يېڭىۋاشتىن جانلىنىۋاتقاندەك كـــۆرۈندى . ئـەتراپتىكى مەنزىرىلەرگە تويماي قاراپ كېلىۋاتقان ۋاقـقـاس بـــىر تـۆپىلىكنىڭ ئۈستىگە چىققاندىن كېيىن ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ توختاتتى .

تـالاي كـۈن ، تـالاي يىللار ئۆتۈپ كەتتى . ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقــتتىن تالاي قورقۇنچلۇق ئەسلىمىلەر بىلەن تالاي شادلىقلار قالدى . ئىلگىرى ياپيېشىل ، بۈك - باراقسان دەرەخلەر ئەمدىلىكتە قۇرۇپ قاقشال بولۇپ قالغان بولۇپ ، بۇرۇنقىدەكلا ئۇ يەر - بۇ يـەردە كــۆزگە چېلىقىپ قالاتتى . تۇنۇگۈنكى ئىشتانسىز باللار

بۇگۈنگە كەلگەندە چوپچوڭ يىگىت بولۇپ كەتتى. كىشى پەقەتلا شۇلارغا قاراپلا ۋاقىتنىڭ ئۇن - تىنسىز ئۆتۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتى. نۇرغۇن نەرسىلەر يوقىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى يەنە نۇرغۇن نەرسىلەر ئىگىلىدى. بۇ يېڭى نەرسىلەر يوقالغان ئاشۇ كونا نەرسىلەرنىڭ ئورنىنى راستتىنلا تولۇقلىيالامدۇ بۇنى ھېچكىم بىلمەيتتى.

ۋاققاس خورسىندى. ئىچىگە پاتماي قىلىۋاتقان پىغانلىرىنى زورىغا بېسىپ، يىراقلارغا كۆز تاشلىدى. يىراقتا ئاقىرىپ كۆرۈنۈپ تۇرغان ئۆيىنىڭ ئىشىكىدىن بىر ئادەم چىقتى. بىردەمدىن كېيىن يوقاپ كېتىپ، يەنە پەيدا بولدى. خۇددى بۇ يەردىن كەتكۈسى كەلمەيۋاتقاندەك ھويلىنى پىرقىراپ، ئات قورۇغا كىردى ۋە كۆپ ئۆتمەستىن بىر ئاتنى يېتىلەپ چىقتى. ئات بولسا ئۇنىڭ مەقسىتىنى بىلىپ قالغاندەك كەينىگە تىرەجەپ، مىڭ تەستە ھارۋا شوتىسى يېنىغا كەلدى. ئاتنىڭ ئىگىسى ھايۋان بىلەن جېدەللىشىپ قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەۋاتقاندەك، ھارۋىنىڭ شوتىسىغا كىرگىلى ئۇنىمايۋاتقان ئاتنى سىلاپ - سىيپاپ شوتىغا كىرگۈزمەكچى بولاتتى. ئات بىردىنلا ياۋاشلاپ شوتىغا كىردى. ئات ئىگىسى ھارۋا جابدۇقلىرىنى چىڭىتىۋېتىپ، تۆپىلىك ئۈستىدە تۇرغان ۋاققاسنى تونۇپ قالغاندەك بىرھازاغىچە تىكىلىپ قارىدى.

ۋاققاس ئۆيدىن چىقىپلا پىشقەدەم بوغالتىر بىلەن بىردەم - يېرىمدەم مۇڭدىشىپ كېلىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. سالاۋاتنىڭ ئىشى چىققاندىن بېرى ئۇلار ئەر - ئايال ئىككىسى بىرقانچە قېتىم كۆڭۈل سوراپ بارغان بولسىمۇ، ئۇزاق ئولتۇرمىدى. ئۆزلىرىگە نۇرغۇن تەسەللىلەرنى بەرگەندىن كېيىن، سالامەتلىكىنى ئاسراشنى قايتا - قايتا تاپىلاپ كېتىشكەنىدى. كونىلاردا «قول قولنى يۇسا، قول قوپۇپ يۈزنى يۇيۇپتۇ» دېگەن گەپ بار. بۇرۇنقى ئىشلار ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئائىلىسىگە كەلگەن بۇ چوڭ بەختسىزلىككە چوڭقۇر خەيرخاھلىقلىرىنى بىلدۈردى. كۆڭلىدىكى گەپلەرنى قىلىپ، تەسەللىلەرنى بەردى.

شۇ ئىشلار توساتتىن يادىغا كېلىپ قالغان ۋاققاس ئالايتەن ۋاقىت چىقىرىپ ئۇلارنى يوقلاپ كەلگەنىدى. بىراق، بۇ يەردىكىلەرمۇ ئوت - چۆپ توشۇش ئىشى بىلەن ئالدىراش بولۇۋاتاتتى. ۋاققاس پېشقەدەم بوغالتىرنىڭ ئۆيىگە بېرىشتىن يالتىيىپ قالدى. پېشقەدەم بوغالتىرمۇ ھارۋىسىنى ھەيدەپ دەرۋازىدىن چىققاندىن كېيىن، توپىلىق يولدا ئاستا - ئاستا كۆرۈنمەي قالدى.

ۋاققاس ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ، ئەتراپقا يەنە بىر قېتىم سەپسالدى. ھەممە نەرسە بۇرۇنقىدەكلا، ئازراقمۇ ئۆزگەرمىگەنىدى. ئىككى قىرغاق ئوتتۇرىسىدا توختىماستىن قاتناۋاتقان كېمە دەريا سۈيىنىڭ شىددەتلىك ئېقىنى ئارىسىدا دولقۇن يېرىپ ئاستا - ئاستا ئىلگىرىلەيتتى. پولات سىمغا ئۆتكۈزۈلگەن غالتەك دەم تۇرۇۋېلىپ، كۈچ بىلەن سىيرىلاتتى. كېمە ئۈستىگە چىققان ئادەملەر غايەت زور خەۋپكە دۇچ كېلىۋاتقاندەك، ئىككى تەرەپتىكى سالاسۇننى مەھكەم تۇتقىنىچە ئۈن - تىنسىز تۇرۇشاتتى. پەقەت پالاقنى بىر چەتكە باغلاپ قويغان كېمىچىلا كېمىنىڭ ئۇ بېشىدىن - بۇ بېشىغا بىمالال مېڭىپ يۈرەتتى.

ۋاققاس ئېغىر تىندى. ئاندىن ئېتىنى دېۋىتىپ، غولنى بويلاپ يۈرۈپ كەتتى.

## 16

تەلەيىنىڭ بىر ئوبدان كېتىۋاتقان تۇرمۇشى قېينانىسىنىڭ كېلىپ كېتىشى بىلەن داۋالغۇپ كەتتى. ئۇ ھەرقانچە ئويلاپمۇ قېينانىسىغا بەرگەن ۋەدىسىنى ئاغدۇرۇۋېتىشكە ئاساس تاپالمىدى. سالاۋات گويا ھېلىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆتۈۋاتقاندەك، چىن يۈرىكىدىن كۆڭۈل بۆلۈپ، ئاسراۋاتقاندەك تۇيغۇلاردا بولاتتى. بەزىدە ھەتتا ئۆزىنى ئۆزى ئەيىبلەپ، «مەن نېمىدېگەن

ئەقىلسىز ـ ھە؟ ئۇنىڭ ماڭا قىلغانلىرى ئازمۇ؟ ھەتتا قورساقتىكى بالىنىڭ يۈزىنى قىلماي، دىلارە دېگەن بۇزۇق بىلەن تېپىشىۋالغان، بۇنى ئاز دەپ تېخى ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتنى ئۈزگەن بىر ئەرگە نېمانچىلا قىلىمەن» دەپ ئاچچىق يۇتۇپ كېتەتتى. ئەمما، كۆپ ئۆتمەيلا ھەممىنى ئۇنتۇپ، سالاۋات بىلەن بىللە بولغان ئۇنتۇلماس كۈنلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى...

— تەلەي، — دېگەنىدى بىر كۈنى سالاۋات ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، — بىز دالا سەيلىسى قىلىپ كەلسەك قانداق؟

تەلەينىڭ كۆزلىرىدە ھەم ھەيرانلىق، ھەم شادلىق ئۇچقۇنلىرى پەيدا بولدى. پۈتۈن زېمىن ئاپئاق قار بىلەن قاپلانغان چاغدا دالا سەيلىسى قىلسا نېمىدېگەن ياخشى ـ ھە؟

— ئاپام بىلەن دادام ئۇنىماسمىكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ تونۇشقىنىمىزغا ئانچە ئۇزۇن بولمىدى، — تەلەي شۇ گەپلەرنى قىلىپ تۇرۇپ قالدى. كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىدىن مۇشۇ سۆز بىلەن شۇنداق ياخشى پۇرسەتنىڭ قولدىن چىقىپ كېتىشىنى خالىمايتتى. ئەگەر سالاۋات ئۇنىڭ رايىغا بېقىپ «بوپتۇ ئەمىسە، مەن بۇ تەرەپلىرىنى ئويلاپ يەتمەپتىمەن» دېسىلا ھەممە ئىش تۈگەيتتى. بىراق، سالاۋات ئۇنداق دېمىدى.

— بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق. چوڭلار ئاللىقاچان توي قىلىشقا كېلىشىپ بولغان تۇرسا، دادىڭىز بىلەن ئاپىڭىز يەنە نېمە دەيتتى. سىزلا ماقۇل بولسىڭىز، ئۇلارنىڭ يېنىغا ئۆزۈم كىرىپ رۇخسەت ئالىمەن.

تەلەي بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى. ئۇ مۇشۇنداق بىر سۆزنىڭ دېيىلىشىنى كۈتۈۋاتقان بولسىمۇ، ئالدىغا چۈشكەن چېچىنى ئويناپ تۇرۇپ ئەركىلىگەن ئاھاڭدا:

— قېلىن! — دېدى.

ئاپتوبۇس ئاپئاق قارلار بىلەن قاپلانغان دەرەخلەر ئاستىغا كېلىپ توختىدى. ئۇلار ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ، ئالغا قاراپ مېڭىپ كەتتى. ئورمان تەرەپكە سوزۇلغان يول ئۇلارنى چاقىرىۋاتقاندەك

قىلاتتى . ئۇلار قار بىلەن قاپلانغان بوشلۇققا چىققاندىن كېيىن ، سالاۋات قولىدىكى پوملاق قارنى يىراققا ئاتتى . ئاندىن قولى بىلەن قــار ئۈستىگە «تەلەي» دېگەن خەتنى يازدى . تەلەي سالاۋاتنىڭ گەجگىسىگە قار تىقىپ بەدەر قاچتى . سالاۋات ئۇنىڭ قىلىقلىرىغا ، شوخلۇقىغا بىرپەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ، كەينىدىن قوغلاپ كــەتــتــى . ئــۇلار يــولدىن چىقىپ كۆلتۈك قار ئۈستىدە بىردەم يــىــقىلسا ، بىردەم تۇرۇپ بىر ـ بىرىنى قوغلايتتى . مامۇقتەك يۇمشاق قارنى پوملاقلاپ ، بىر ـ بىرىگە ئېتىشاتتى . سالاۋات ئاخىر تەلەينى قوغلاپ يەتتى . ئىككىسى قار ئۈستىدە پوملاقلىشىپ كەتتى .

— ۋاي خۇدايىمەي ، بۇ نېمە قىلغىنىڭىز ؟ — تەلەي چۆچۈپ كــەتــتــى . ئــۇنــىڭ ئاستىدىن تۇرۇپ كېتىشكە جېنىنىڭ بارىچە تىرىشتى ، — ئۇنداق قىلماڭ سالاۋات ، سەت بولىدۇ...

سالاۋات تېلىقىــپ كۆلگىنىــچە ئۇنــى قــارغــا تېخــمۇ بەكرەك باستى...

— سەت بولىدىغانلىقىنى بىلگەن ئادەم خەقنىڭ بوينىغا قار تىقامدۇ ؟ قېنى قانچىلىك سەت بولىدىكىن مەن بىر كۆرۈپ باقاي .

— تــۇرۇپ كــەتــمــىــسىڭىز ۋارقىرايمەن جۇمۇ ، — تەلەي تــېــپىرلاشتىن توختاپ ، ئۇنىڭغا قەھرى بىلەن تىكىلدى . ئاندىن بــېــشــىــنى بۇراپ ، تەتۈر قارىۋالدى . سالاۋات ئۇنىڭ راستىنلا ئاچچىقلىنىۋاتقانلىقىنى ياكى نازلىنىۋاتقانلىقىنى بىلەلمىدى .

— بــوپــتــۇ ئەمىسە تاۋى نازۇك خېنىم ، تۇرۇپ كەتسەملا بــولــدىــمــۇ ؟ ئۆزۈمچە ئۆز كۆرۈپ چاقچاق قىلىپ قويۇپتىمەن . بــۇنــىــڭــدىــن كــېيىن چاقچاق قىلمىساملا بولدىغۇ ؟ — سالاۋات ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇردى . ئۇنىڭ چىرايىدىن بىر خىل رەنجىش ئالامىتى چىقىپ تۇراتتى . تەلەي سالاۋاتنىڭ يۈزىنى سىلاپ قويدى . بــېشىنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ ، كۆنگە قارىدى . ئۇ شۇ تاپتا ئۆزىدە ۋاقىتنىڭ بىر ئىزدا توختاپ قېلىشىنى ، ئەڭ بولمىغاندا ئاستىراق ئۆتۈشىنى بەكمۇ خالايتتى .

— بولــدى ئەمــدى ئىكــكىنــچى دەرىجــىــلــىك تاۋى نــازۇك

بەگزادەم ، — دېدى تەلەي ئەركىلىگەن ئاۋازدا ئاھاڭىنى سوزۇپ ، — خاپا بولۇپ كەتكەنلىرىنى قانداق قىلاي . قاراپ تۇرۇپ چاتاق ئىشتىن بىرنى تېرىۋالدىم . ئەمدى بۇ ئالا كۆچۈكلەرنى قانداق قىلسام ھەيدىۋېتەرمەن ، — ئۇ شۇنداق دېگىنىچە سالاۋاتنىڭ قولىقىنى يېنىككىنە تارتىپ ، يۈزىگە بىرنى سۆيۈپ قويدى . بۇنىڭ بىلەن سالاۋاتنىڭ چىرايى ئېچىلىپ ، تەلەينى غىدىقلىدى . تەلەينىڭ غىدىقى قاتتىق بولغاچقا تېلىقىپ ، جېنى چىقىپ كەتكىلى تاس قالدى .

بۇ يەرنىڭ مەنزىرىسى بەكمۇ گۈزەل ئىدى . ئۇلار بۇ گۈزەل مەنزىرىلەردىن قانغۇچە بەھرىلىنىپ ماڭدى . بىر چاغدا شاخلىرى قار بىلەن قاپلانغان ئاسمان ـ پەلەك تېرەكلەر كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى . قۇياش نۇرى يالتىراپ تۇرغان ئاپئاق قار ئۇچقۇنلىرى ئۇستۇېشىغا توزۇپ كەتتى .

— ئاۋۇ كۆرۈنگەن ھامامنىڭ ئۆيى . ھامام تولىمۇ ئېسىل ئايال . سىزنى كۆرسە چوقۇم خۇشاللىقىدىن ئاغزى قۇلىقىغا يېتىدۇ ، — دېدى سالاۋات تېرەكلەرنىڭ كەينىدىكى ئاق ئۆيلەرنى كۆرسىتىپ . تەلەي تىلىنى چىقىرىپ قويدى .

— بولدى ، ھامىڭىزنىڭ ئۆيىگە بارمايلىچۇ ؟ ھېچ گەپتىن ـ ھېچ گەپ يوقلا بارساق قانداق بولىدۇ ؟ ئادەم خىجىل بولىدىكەن .

— خىجىل بولغۇدەك نېمىسى بار ؟ ھامامنىڭ «لايىقىڭنى بىر كۆرسەم» دەپ يۈرگىنىگە نەۋاخ . بۈگۈن قانغۇچە بىر كۆرۈۋالسۇن .

ئۇلارنىڭ تەلىيىگە يارىشا ھاما ئۆيىدە يوق بولۇپ چىقتى . ئىشىكتىكى قارا قۇلۇپ خىجىل بولۇۋاتقاندەك ساڭگىلاپ تۇراتتى . تەلەي سالاۋاتقا قاراپ قويدى . سالاۋات خىجىل بولغىنىدىن يەرگە قارىۋالدى .

— بىر ھېسابتا بۇمۇ ياخشى بولدى . نېمىلا بولسۇن ، مەن خىجىللىقتىن قۇتۇلۇپ قالدىم . نېمىدېگەن مەنزىرىلىك جاي بۇ ؟ قارىغاندا ھامىڭىز ئادەتتىكى ئادەمدەك قىلمايدۇ . ئەڭ بولمىغاندا

تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيىدىغان، رومانتىكىغا باي ئايالدەك قىلىدۇ. مەن بۇنداق گۈزەل جايلارغا كەلسەم ھاياجانلىنىپ كېتىمەن. ئاھ ياشلىق! — ئۇ شۇنداق دېگىنىچە ھويلا ئىچىدە پىرقىراپ كەتتى.

— ھامىنام كېلىۋاتىدۇ، — دېدى سالاۋات ھاياجانلانغان ھالدا.

تەلەي پىرقىراشتىن توختاپ قۇلاق سالدى. ھارۋىنىڭ چاقىدىن چىققان ئاۋاز بارغانسېرى يېقىنلاپ، ئاتلارنىڭ تۇياق تىۋىشىمۇ ئېنىق ئاڭلاندى. ھارۋا تېرەكلىكتىن ئۆتكەندەك قىلاتتى. ئاتنىڭ پۇشقۇرغان ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى. كۆپ ئۆتمەيلا ھارۋىكەشنىڭ «چۇ، چۇ» دېگەن ئاۋازى كەلدى. ئارقىدىنلا بىر خادىك قاشا ئالدىغا كېلىپ توختىدى. تەلەي نېمە قىلىشىنى، سالاۋاتنىڭ ھامىمىسى بىلەن قانداق كۆرۈشۈشنى، قانداق سالام بېرىشنى بىلەلمەي ھودۇقۇپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قانلىرى شۇرقىراپ، يۈزلىرىمۇ قىزىرىپ كەتتى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ تىكلەشكەن قۇياش ۋە قۇياش ئەتراپىدىكى مامۇقتەك ئاق بۇلۇتلارغا، ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان تاغ تىزمىلىرىغا كۆز تاشلىدى. سالاۋات بولسا نېمىشقىدۇر خۇشاللىقتىن ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالمايۋاتاتتى.

ھامما قولىدىكى نەرسىلەرنى يەرگە قويغاندىن كېيىن، ئىككى قولىنى يايدى. گويا ئۇزۇن يىل كۆرۈشمىگەن يۈرەك - باغرىنى كۆرگەندەك تەلەيگە قاراپ ماڭدى. بۇنىڭ بىلەن تەلەينىڭ ۋۇجۇدىدىكى قورۇنۇشلار تارقاپ كەتتى.

— بولغۇسى كېلىنىم كېلىپ قاپتۇ ئەمەسمۇ؟ مەن ئۇنى باغرىمغا بېسىۋالاي.

يارۇي ھامما ئانچە چىرايلىق بولمىغىنى بىلەن، مەرى تولىمۇ ئىسسىق ئايال ئىدى. تەلەي ئۆزىنى تولىمۇ بەختلىك سەزدى. ئۇلارنىڭ پارىڭى ئۆيگە كىرگەندىن كېيىنمۇ توختىمىدى. پاراڭ بارغانسېرى ئىچكىرىلەپ، ئۇلارنى ھېسسىيات جەھەتتىن تېخىمۇ يېقىنلاشتۇردى.

— خانىم، مەن كەتسەم بولامدۇ؟ — دېدى ئىشىكتىن بېشىنى

تىققان ھارۋىكەش خىجىل بولغان ئاھاڭدا . يارۋي ھامما پېشانىسىگە بىرنى ئۇردى . ئاندىن چاقچاق قىلغان ئاھاڭدا :

— بىردەم ساقلاپ تۇرغىن ، ئىش ھەققىڭنى تولۇقلاپ بېرىمەن . بالىلىرىم شۇنچە يىراق يەردىن مېنى يوقلاپ كەپتۇ ، ئۇلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ باقاي . قونسا كېتىسەن . قونمىسا ئۇلار كەتكۈچە ساقلايسەن ، — دېدى . سالاۋات ھاممىسىنىڭ دېمەكچى بولغانلىرىنى چۈشەندى . ھامما ئۇلارنى پىيادە قالمىسۇن دەۋاتاتتى . شۇڭا ، ئۇ ھارۋىكەشنى باشلاپ چىقىپ كەتتى .

يارۋي ھامما قىلىدىغانغا قىلىق تاپالماي قالدى . ئۆيدە بار ھەممە نەرسىسىنى داستىخانغا تۆكۈپ مېھمان قىلدى . ئاخىرىدا پىچاقنى سالاۋاتنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى :

— قوتاندىكى قويلارنىڭ بىرىنى تۇتقىن ـ دە ، بوغۇزلا . تەلەي خانقىز ئاران بىر كەلگەندە كۆڭلۈمدىكىدەك مېھمان قىلىۋالاي . مەن دېگەن بىردىنبىر ھاماڭ . سىلەر ئۈچۈن قانچىلىك قىلسام ئەرزىيدۇ . تەلەي خانقىز كۈندە كەلمەيدۇ ـ دە....

يارۋي ھاممىنىڭ كۆزىدىن قەتئىيلىك چىقىپ تۇراتتى . تەلەي گەپكە ئارىلاشتى :

— بولدى ئاۋارە بولماڭ ، ھامما . كۆڭلىڭىز بىزگە تېگىل بولدى . شۇنداق مول نازۇنېمەتلەر بىلەن كۈتىۋالدىڭىز . راست دەۋاتىمەن . بۇنداق قىلسىڭىز بىزنى ئوڭايسىزلاندۇرۇپ قويىدىكەنسىز .

— بىزدە «مېھمان كەلگۈچە ئۇيىلار ، مېھمان كەلگەندىن كېيىن ئۆي ئىگىسى ئۇيىلار» دېگەن گەپ بار . بۇ يەردە خىجىل بولغۇدەك ، ئوڭايسىزلانغۇدەك نېمىش بار؟ شۇ تاپتا شادلىقىم ئىچىمگە پاتمايۋاتىدۇ . ئەسلىدە سىلەرگە تۆگە سويۇپ بەرسەممۇ ئازلىق قىلاتتى . خەير ، ئۇمۇ كېيىنچە بولۇپ قالار ، — ھامما يانغا بۇرۇلۇپ ، تېخىچە مىدىر قىلماي تۇرغان سالاۋاتقا يەنە بىر قېتىم بۇيرۇق قىلدى ، — نېمىگە قاراپ تۇرىسەن؟ تېز بولمامسەن .

— بولدى قىلغىنا ، ھامما ، بىز يا يات ئادەم بولمىساق . بايا

تەلەيمۇ ئېيتتىغۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە يەيدىغىنىمىز شۇ بىر چىشلەم گۆش. بىر قوينى سويۇۋەتسەك بىكاردىن ـ بىكار ئىسراپ بولۇپ كەتمەمدۇ؟

— سەن ئەمدى نېمىلەرنى دەپ كەتتىڭ. ئىسراپ بولدى دېگەن قانداق گەپ؟ ئىسراپ بولسا نېمە بوپتۇ؟! ئىسراپچىلىقتىن قورقساڭ ساڭا دەپ قويay، بۇ دېگەن قىش. بىر ئەمەس ئون قوينىڭ گۆشى بولسىمۇ ھېچنېمە بولمايدۇ. يامىنىغا كەلسە خالتىغا سېلىپ قولۇڭغا تۇتقۇزۇپ قويارمەن، — ئۇ شۇنداق دېگىنىچە سالاۋاتنىڭ قولىدىكى پىچاقنى ئالدى. ھويلىدا ئەمدى ئۇنىڭ خادىكچى بالىغا بىرنەرسىلەرنى دەۋاتقانلىقى ئاڭلاندى. سالاۋات بىلەن تەلەي بىر ـ بىرىگە قاراشتى. مەشتە ئوت گۇرۇلدەپ كۆيۈۋاتاتتى. ئۆينىڭ ئىچى ھۇپپىدە ئىسسىق بولغاچقا، ئادەمگە تولىمۇ ئىللىق ھۇزۇر بېغىشلايتتى.

شۇ كۈنى سالاۋات بىلەن تەلەي راسا مېھمان بولدى. يارۇي ھامما قوينىڭ بېشىنى ئۈتلەپ، ئۆپكە ـ ھېسىپىنى قۇيماقچى بولۇۋىدى، تەلەي توسۇپ قويدى. قوزىنىڭ مەززىلىك گۆشى ئۇلارنىڭ ئىشتىھاسىنى ئېچىۋەتتى. تەلەي ئۆمرىدە شۇ كۈندىكىدەك ئىشتىھا بىلەن گۆش يەپ باقمىغانىدى. ئۇلار خوشلاشتى. سالاۋاتنىڭ كەينىدىن چىققان تەلەينىڭ كۆزلىرىدە بەختىنىڭ شادىيانە كۈلكىسى جىلۋە قىلاتتى. ئۇلار خادىككە چۈشۈپ يولغا چىققاندا، كەچكى شەپەق جاھاننى بىر ئالغانىدى...

تەلەينىڭ ئوي ـ پىكىرلىرى چېچىلىپ، كۆز ئالدىدا ئۆتمۈش خاتىرىلىرى نامايان بولدى. ئۇ ھەر دائىم پىكىرلىرى چېچىلغاندا، مانا مۇشۇنداق تۇيغۇلارغا چۆمەتتى. ئۆزىنىڭ قاچاندىن بېرى مانا مۇشۇنداق بولۇپ قالغانلىقىنى ئويلاپ، ئېسىگە پەقەتلا ئالالمايتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ پىكىر ـ خىياللىرى ئۆتۈپ كەتكەن ئاشۇ ئۇنتۇلماس خاتىرىلەر ئارىسىدا توختىماستىن چاپاتتى. ئاللىبۇرۇن شېرىن چۈشكە ئايلانغان بۇ خاتىرىلەر يۈرىكىدە ئالتۇپىلاڭ كۆتۈرۈپ، كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغان قەلبىدە يېڭىۋاشتىن يالقۇن پەيدا

قىلاتتى . كۆز ئالدىدا سالاۋاتنىڭ سېھرىي كۈچكە ئىگە قىياپىتى پەيدا بولغاندا ، خۇددى ھوشىنى يوقىتىۋاتقاندەك ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ ، بېشىنى كەينىگە تاشلايتتى ـ دە ، «ئاھ» ئۇراتتى . يۈرەككە ئارامبەخش سۆزلىرىنى ئاڭلىماقچى بولغاندەك پۈتۈن دىققىتىنى يىغىپ ، ئەتراپقا سەگەكلىك بىلەن سەپسالاتتى . مانا بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى . ئۆتمۈشنى ئەسلەش ، ھاياجانغا تولغان دەقىقىلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈش ئۇنىڭ سىقىلغان ، تۈنجۇققان قەلبىگە ئارام بەردى .

ئورنىدىن تۇرغان تەلەي «قانداق قىلسام بولىدۇ ؟» دېگەندەك ئەتراپقا قارىدى . ئاندىن بېرىپ دېرىزىنى ئېچىۋىدى ، ئۆي ئىچىگە گۈركىرەپ سالقىن شامال كىردى . تاغ كەينىدىن ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈلۈۋاتقان قۇياش زېمىنغا يېڭى بىر كۈنلۈك ھاياتىي كۈچ ئاتا قىلىۋاتاتتى . «ئالدى بىلەن يارۇي ھاممىنىڭ قېشىغا بېرىپ مەسلىھەت سوراي . ئاندىن شۇنىڭغا قاراپ ھەرىكەت قىلاي» دەپ ئويلىدى ئۇ قاچا ـ قۇچىلارنى يېسىقتۇرۇۋېتىپ . ئەمما ، كۆپ ئۆتمەي بۇ ئويىدىن يالتايدى . چۈنكى ، ھامما ئۇلارنىڭ ئاجرىشىپ كەتكەنلىكىنى بىلىدۇ . شۇڭا ، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى گەپلەرنى دېمەيدىغانلىقى تەبىئىي . ئۇنداقتا قانداق قىلىش كېرەك ؟

تەلەينىڭ ئېسىگە بىردىنلا تاغىسى كەلدى . ئابدۇل ئىسىملىك بۇ ئادەم ئۇنىڭغا ئاتا ـ ئانىسىدىنمۇ بەكرەك كۆيۈنەتتى . چىرايىدىن ھەرقانداق ۋاقىتتا خاپىلىق تاپقىلى بولمايدىغان بۇ ئادەمنىڭ رايىشلىقى ، ئىشچانلىقى ، چېچەنلىكى ھەممە ئادەمگە ياقاتتى . تەلەي شۇلارنى ئويلاپ كىيىمىنى كىيدى .ئويلىمىغان يەردىن دەرۋازىغا چىقىشى بىلەن تاغىسىغا دوقۇرۇشۇپ قالدى .

— تاغا ! — تەلەي ھەيرانلىق ئىلكىدە ئۇنىڭغا تىكىلدى .

— ئەتىگەندە بىرياققا ماڭغانمىدىڭىز ، قىزىم ؟ ئەگەر مۇھىم ئىش بولسا بېرىۋېرىڭ . مەن ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرۇپ تۇراي ، — دېدى تاغىسى كۈلۈپ تۇرۇپ . تەلەينىڭ كۆزلىرى چىرايىغا تەپچىپ چىققان خۇشاللىق بىلەن يۇمۇلۇپ كەتتى .

— ياقەي ، مەنمۇ تېخى سىلەرنى يوقلاپ كېلەي دەپ ئۆيدىن چىقىشىم . تەلىيىمگە مانا ئۆزىڭىزمۇ كېلىپ قالدىڭىز . قېنى ئۆيگە كىرەيلى .

ئۇلار ئۆيگە كىردى . تەلەي كىچىك ئاپىسى بىلەن بالا - چاقىلارنىڭ ئەھۋالىنى بىر - بىرلەپ سوراپ چىقتى . گەپ ئاساسىي تېمىغا كۆچكەندە يۈرىكى نېمە ئۈچۈندۇر ئەنسىز سېلىپ كەتتى .

— ئەسلىدە بۇ گەپلەرنى دېمىسەممۇ بولاتتى . بىراق ، كوچا - كويدا سالاۋات توغرىسىدىكى گەپ - سۆزلەر بەك جىق . بەزىدە ئادەم قايسىسىغا ئىشىنىشنى بىلمەي قالىدۇ . ۋاقىت بىلەن پاتەمگىمۇ ئاسان ئەمەس . قارىسام ھەر ئىككىلىسى قېرىپلا كېتىپتۇ . قايسى كۈنى قېيناتىڭىز بىز تەرەپكە بارغىنىكەن ، — ئابدۇل سۆزىنى توختىتىپ يۆتىلىپ كەتتى . تەلەينىڭ يۈرىكى بىردىنلا ئاغزىغا كېلىپ تىقىلغاندەك بولدى . شۇڭا ، ئالدىراپ سورىدى .

— نېمىشقا بېرىپتۇ ، نېمىلەرنى سورىدى ؟

ئابدۇل يۆتەلنى توختىتىپ سۆزىنى داۋام قىلدى :

— ئۇنى يىراقتىن كۆردۈم . مەھەللىنىڭ باش تەرىپىدە ئۇزاق تۇردى . ئۆيگە چۈشۈشتىن ئوڭايسىزلاندىمۇ ، ئۆيگە كىرمىدى . دادا بولماق نېمانداق تەستۇ ؟ ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى . بىر چاغلاردىكى قەيسەر ۋاقىتقاستىن ئەسەرمۇ قالماپتۇ ، — ئابدۇل سۆزىنى تۈگىتىپ ئۇزاققىچە جىمىپ كەتتى . ئۇنىڭ پۈتكۈل تۇرقىدىن ئادەمنىڭ ئىچى سىيرىلغۇدەك ئاچچىق ھەسرەت تۆكۈلۈپ تۇراتتى . تەلەي تاغىسىنىڭ كۆڭلىنى ياسىغۇدەك سۆز تاپالماي تىتىلداپ كەتتى . ئابدۇل تەلەيگە دېيىشكە تېگىشلىك گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى دېدى . كۆڭلىنى ياساپ ، ئادەم بولۇشنىڭ يوللىرىنى ئۆگەتتى .

— قېيناتىڭىز بىلەن قېينانىڭىزنى يوقلاپ تۇرۇڭ . ئۇلار ھازىر تەسەللىگە ھەممىدىن بەكرەك موھتاج . باشقا كۈن چۈشكەندە جايىدا ئېيتىلغان بىر ئېغىز سۆزمۇ ئادەمگە چوڭ تەسەللى بولىدۇ .

بۇ سىزگە تاپىلايدىغان بىرىنچى چوڭ ئىش . ئىككىنچى چوڭ ئىش بولسا ، ئەگەر سالاۋات كۆڭلەرنىڭ بىرىدە پاناھ تارتىپ بۇ ئۆيگە كېلىپ قالغۇدەك بولسا ، ئۇنى ئامال بار ئۆزىنى مەلۇم قىلىشقا كۆندۈرۈڭ . ئۇ ئەمدى يەنە داۋاملىق ئەخمەقلىق قىلىپ يۈرمىسۇن . ئادەم ئۆلتۈرۈش سەۋەبىنى دەپ بولسىمۇ قورسىقىنى بوشىتىۋالسۇن . شۇنداق قىلسا ئۆزىگىمۇ ياخشى . ئاتا - ئانىسىنىڭ كۆڭلىمۇ تەسكىن تېپىپ قالىدۇ . تۇتۇش بۇيرۇقى ھامان ئۇنى ئۆز ئەركىدىن مەھرۇم قىلىدۇ ، — دېدى .

تاغا كەتتى . تەلەي ھاڭۋاقىنىچە ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ قالدى . شۇ تاپتا باشقا تارتسا ئايىغى ، ئاياغقا تارتسا بېشى ئوچۇق قالىدىغان كالتە يوتقاندەك بىر ئىش بولۇۋاتاتتى . تەلەينىڭ ئويلىغانلىرى ئوي پېتىچە قالدى . كۆڭلىگە تىزىۋالغان جىققىدە سۆزلىرىنى دېيىشكە پۇرسەت بولمىدى . بەلكىم تاغىسىنىڭ دېگەنلىرى توغرىدۇ . ئۆزىنى مەلۇم قىلسا گۇناھى ئازراق بولسىمۇ يەڭگىللەپ قالىدىغاندۇ . ئەگەردە ئۇقۇشماسلىقلار تۇگەپ ، ئىشنىڭ ھەقىقىي جەريانى ئاشكارىلانسا ، ئادەملەرنىڭ كۆڭلى يۇمشاپ ، ھېسداشلىقى قوزغىلىپ قالار . بەلكىم ئېتىلىپ كەتمەس . يىگىرمە يىل ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك كېسىلىپ كەتسە نېمە بوپتۇ ؟ ئۇ دېگەن تېخى ياشقۇ . ئۇ چىققۇچە تەلەي ئۇنى كۈتىدۇ . بالىسىنى ئەگەشتۈرۈپ ئۇنى ئالغىلى بارىدۇ…

تەلەينىڭ كۆزىدىن سىرغىپ چىققان ياش قۇياش نۇرىدا يالتىراپ كەتتى . تېڭىرقاش ئىچىدىكى ھەسرەت ئۇنى يالماپ يۇتۇۋاتاتتى .

## 17

شەھەردىن يىراق تاغ باغرىغا جايلاشقان يېزا ئېغىر ئۇيقۇدا بولۇپ ، تىمتاسلىق ئىچىدە قارىيىپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى . ئۇزۇندىن - ئۇزۇن كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىگە جايلاشقان

ئېگىز - پەس ئۆيلەرنىڭ ئىشىك - دېرىزىلىرى مەھكەم تاقالغان بولۇپ، ئادەملەر شېرىن ئۇيقۇغا غەرق بولۇشقانىدى. پەقەت ۋاققاسنىڭ دېرىزىسىدىنلا سۇس چىراغ يورۇقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. تۈن نىسپى بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ۋاققاسنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كېلەي دېمەيتتى. ئادەمنىڭ ئىچىنى تىت - تىت قىلىدىغان تىمتاسلىق ئۇنىڭ قەلبىنى غايەت زور تاغدەك بېسىپ، بىردەمچىلىك ئارام بەرمەيتتى. ئۇ ئورنىدىن بىرنەچچە قېتىم تۇردى. مۇشتەككە تاماكا بېسىپ، قاتتىق - قاتتىق شورىدى. مۇشتەكتىن چىققان كۆكۈچ ئىس ئۆيئىچىنى قاپلىدى.

ئۇ قانداق قىلىشىنى بىلمەيتتى. ئۇخلىسا چۈشىگىمۇ كىرمەيدىغان ئىشلار ئۇنىڭ ئائىلىسىدە يۈز بېرىپ، يۈرىكىنى قان - يىرىڭغا تولدۇردى. ئەزەلدىن ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ، مەيدىسىنى كېرىپ ياشىغان بۇ ئادەم ئەمدىلىكتە پېتىدىن چۈشۈپ، پىلىكىدىن ئايرىلغان سويمىغىلا ئوخشاپ قالدى. ئادەملەر ئۇنىڭ تېزلىك بىلەن قېرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ياداپ ئورۇقلاپ، بىر تېرە - بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىشتى. دېمىسىمۇ ئۇ بىر كېچىدىلا قېرىپ كەتكەندەك مۈكچىيىپ، كۆزىنىڭ ئېقى بىلەن سېرىقى ئارىلىشىپ كەتتى. ئولتۇرسا - قوپسا قىينىلىپ، پۇت - قولى تىترەيدىغان، كۆزى قاراڭغۇلىشىپ، مېڭىسى ئاغرىيدىغان بولۇپ قالدى. كۆزىگە ھەممە نەرسە دوق قىلىۋاتقاندەك، ھومىيىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. كۈن بويى خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى.

ۋاققاس ئورنىدىن تۇرۇپ چىراغنى ئۆچۈردى. ئۇخلاش ئۈچۈن ئىككى كۆزىنى مەھكەم يۇمۇپ ياتقان بولسىمۇ، يەنىلا ئۇخلىيالمىدى. ئۇ تاڭ ئاتقۇچە كىرپىك قاقمىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى بىئاراملىق، ۋۇجۇدىدىن تېپىپ تۇرغان قايغۇ - ھەسرەت پاتەمخانغىمۇ تەسىر قىلىپ، ئۇمۇ تاڭ ئاتقۇچە كۆز ئىلمىدى. ئۇ ئېرىنىڭ مىجەزىنى ياخشى بىلەتتى. كاللىسىغا بىرەر ئىش تەسىر قىلدىمۇ، مانا مۇشۇنداق بولۇپ قالاتتى. كۆڭلىدە

بولۇۋاتقان دەھشەتلىك ئوي ـ پىكىرلەرنى ھېچكىمگە تىنماي ، تاكى ئۇنىڭ ھەل قىلىش چارىسى تېپىلغۇچە ئۆز گۆشىنى ئۆزى يەپ يۈرەتتى . بۇنداق چاغلاردا پاتەمخان ئۇنىڭ تىنچلىقىغا كاشىلا قىلماي ، دەپ ئۇخلىغان قىياپەتكە كىرىۋالاتتى .

ۋاققاس ياش ۋاقتلىرىدا ئۇنداق ئەمەس ئىدى . ھەرقانداق ئىش بولسا ئۆيگە كېلىپ ، قورسىقىدىكىنىڭ ھەممىسىنى تۆكەتتى . ئەمما ، كېيىنچە ، بولۇپمۇ ئەمىلى ئۆسكەندىن كېيىن ، ئاستا ـ ئاستا ئۆزگىرىپ باشقىچىلا بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالدى .

— ئاسىيە ! !

پاتەمخاننىڭ ۋۇجۇدى بىردىنلا لەرزىگە كەلگەندەك بولدى . ئۇنىڭغا ھەم تونۇش ، ھەم ناتونۇش بولغان بۇ ئىسىم مېڭىسىگە باستۇرۇپ كىردى . ئارىدىن شۇنچە يىللار ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە ئۇنىڭ چىرايىنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولۇشى ، پاتەمخاننىڭ ھەسرەتلىرىنى ئۇلغايتىپ ، يۈرىكىنى مۇجۇپ ئۆتتى…

«ئون كۈن تۇرىمەنغۇ» دەپ ئويلىغان پاتەمخان شەھەردە پەقەت بىر ھەپتىلا تۇردى . ئۇنىڭ مەيلىنى نېمە ئۈچۈندۇر ئۆزى تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان سەھرا تارتىپ تۇراتتى . ئۇ دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ، بېشىغا زەڭگەر كاپرون ياغلىق چىگكەن بىر چوكان بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى . بۇ چوكان ئۇنىڭ كۆزىگە ھودۇقۇۋاتقاندەك ، بىرنەرسىدىن خىجىل بولۇۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى . ئۇ ئۆيگە كىرگەندە ۋاققاس كارىۋات ئۈستىدە پۇتىنى ئالماپ ياتاتتى .

— ھازىر ئۆيدىن چىقىپ كېتىۋاتقان چوكان كىم ؟ — پاتەمنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى . ئورنىدىن چاچراپ تۇرغان ۋاققاس پاتەمگە ھەيرانلىق بىلەن تىكىلدى .

— سەن بۇ يەردە نېمە قىلىسەن ؟ ئون كۈندە كېلىمەن دېۋىدىڭغۇ ؟

— شۇنداق ، ئەمما مەن قايتىپ كەلدىم . ھازىر ئۆيدىن چىقىپ كېتىۋاتقان چوكان زادى كىم ؟

— كىم بولاتتى؟ بىر ھاجەتمەن . خىزمىتىنى ئالماشتۇرۇپ قويۇشنى ئىلتىماس قىلىپ كەپتۇ . بۇنى سوراپ قالدىڭمۇ؟

— سورىسام بولمامدىكەن؟ خىزمەتكە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى ئىدارىدە پۈتتۈرمەي، ئۆيدە پۈتتۈرەمدىكەن؟ بۇنداقمۇ ھۈنىرىم بار دەڭ، ۋاققاس . ئۇنىڭ ئىسمى نېمىدى، چىرايى بەكلا تونۇشقۇ؟


— قىزىقسەن - دە، خوتۇن . ھېچ گەپتىن - ھېچ گەپ يوق سوراقىقا تارتىپ كەتتىڭغۇ؟ ئىسمى ئاسىيە .

پاتەمنىڭ يۈرىكى تۆۋەنگە ئېغىپ كەتتى . «ئەسلىدە شۇ ئىكەن - دە . ئەنسىرىشىم بىكار ئەمەس ئىكەن» دېگەنلەرنى ئويلاپ كۆزىنى يۇمدى .

شۇ كۈنى ئۆيدە تۈنجى قېتىم جەڭگى - جېدەل بولۇپ ئۆتتى . بىرنەچچە كۈنگىچە باتىنىشىپ، چىشىن يەۋالغاندەك بولۇپ يۈرۈشتى . پاتەم بۇ ئايال توغرىسىدا بەزى مىش - مىش گەپلەرنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، ئانچە بەك ئېرەن قىلمىغانىدى . مانا بۈگۈن ئۇنىڭ بىلەن دەرۋازا ئالدىدا دوقۇرۇشۇپ قالدى . شۇغىنىسى بىر قەدەم كېچىكىپ قالدى .

ۋاققاس ھۆركىرىدى . «يۈزۈمنى تۆكمەكچىمۇ سەن؟» دەپ شالىنى چاچتى . لېكىن، ئازراق گىچ - گىچ يېرى بولغاچقا، ۋارقىراپ - جارقىراش بىلەنلا چەكلەندى . پۈتكۈل يېزىنىڭ گۈلى بولغان ئاسىيە ئۇنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالغاندەك قىلاتتى . ئۇلار توغرىسىدىكى گەپ - سۆزلەر ھەممە يەردە ئېقىپ يۈرەتتى . بەزىلەر ھەتتا «ۋاققاس، سىز دېگەن ئادەتتىكى ئادەم ئەمەس . ئىناۋەتكە دىققەت قىلمىسىڭىز بولمايدۇ . كوچا - كويلاردىكى گەپ - سۆزلەرنىڭ ئاساسى يوق دېگەن ھالەتتىمۇ بىزدە ‹توشقاننى قومۇش ئۆلتۈرەر، يىگىتنى نومۇس› دېگەن گەپ بار . نومۇس بىزنىڭ جان تومۇرىمىز . ئاسىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە دىققەت قىلىڭ، بۇنىڭ زىيىنى يوق» دېگەنىدى . شۇنداقتىمۇ ۋاققاس خېلى بىر مەزگىلگىچە ئاسىيە بىلەن ئارىلىشىپ يۈردى . مانا بۈگۈن كۈتۈلمىگەندە ئايالى ئۈستىدىن چۈشۈپ قېلىشقا تاس

قالدى .
پاتەم خېلى كۆنلەرگىچە پىرقىرىتىپ قويۇۋەتكەن ئادەمدەك بولۇپ يۈردى . كاللىسىغا كىرىۋالغان خىياللارنىڭ كۆپلۈكىدىن ساراڭ بولايلا دەپ قالدى . ئاسىيەنىڭ بۇلاقتەك كۆزلىرى ، قارلىغاچنىڭ قانىتىدەك ئەگمە قاشلىرى ، گىلاستەك قىپقىزىل لەۋلىرى كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ ، يۈرەك - باغرىنى پارە - پارە قىلىۋەتتى . ۋاققاس بۇرۇنقىغا ئوخشىماي قېلىۋاتاتتى . ئۇنىڭدىكى ئەمەل ئۇنى باشقىچىلا بىر ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى . پاتەم ئاخىر سوكۇت قىلىش قارارىغا كەلدى . چۈنكى ، باللار ئۇنىڭ ئالدىنى ئۆتكىلى بولمايدىغان ئېگىز داۋاندەك توسۇپ تۇراتتى .
يىللار ئېقىن سۇدەك ئۆتۈپ كەتتى . ۋاققاس بىلەن ئاسىيەنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزۈلگەنلىكىنى ئاڭلىغىنىدا ئۆزىنىڭ توغرا قىلغانلىقىنى ئويلاپ ، قىن - قىنىغا پاتماي قالدى...
شۇ خىياللار بىلەن بەند بولغان پاتەمخان ئۇخلاپ قالدى ، ۋاققاس ئورنىدىن تۇردى . تەرەپ - تەرەپتىن چىللاۋاتقان باش توخۇلار يېزىنى بېشىغا كىيدى .
تاڭ تېخى يورۇمىغان بولسىمۇ ، توختىماي چىللاۋاتقان توخۇلار تاڭنىڭ پات ئارىدا سۈزۈلىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىۋاتاتتى . ۋاققاس كىيىمىنى كىيگەندىن كېيىن ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ سىرتقا چىقتى . قاراڭغۇدا تىمىسقىلاپ يۈرۈپ ، قوتاندىكى ماللارنى تەكشۈرۈپ چىقتى . ئاندىن كوچىدىكى ئورۇندۇققا چىقىپ ئۇزاق ئولتۇردى . سەھەرنىڭ گۈر - گۈر شامىلى يۈز - كۆزلەرنى سۆيۈپ ئۆتەتتى . كۆپ ئۆتمەيلا تاڭمۇ سۈزۈلدى . ۋاققاس پاتەمخان ئورنىدىن تۇرغاندىن كېيىن ، ئېتىنى مىنىپ دەرۋازىدىن چىقتى .
ئۇ مەھەللىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ «كۆرۈم»نىڭ غولىغا چىققاندا ، قانداقتۇر بىر خىل چۈشەندۈرۈپ بولغىلى بولمايدىغان سېزىم ۋۇجۇدىنى ئىگىلەپ ، يۈرىكىنى مۇجۇغاندەك قىلدى . ئۇ كۆز ئالدىدىكى يەرلەرنى كىچىككىدىن تارتىپ بەش قولدەك بىلەتتى . جاھان ئۆزگەردى . تۇرمۇش ئۆزگەردى . ئادەملەرمۇ ئۆزگەردى .



ئۇ بىلىدىغان نۇرغۇن ئادەملەر ھازىر بۇ دۇنيادا يوق . ئۇلارنى تەبىئەتنىڭ رەھىمسىز قانۇنىيىتى يالماپ كەتتى . بىر چاغلاردىكى قىزغىن ۋە قاينام ـ تاشقىنلىق تۇرمۇش كەلمەسكە كەتتى . كىشىنى ھاياجانغا سېلىپ ، مەست قىلىدىغان ياشلىقنىڭ ئورنىنى تۇگىمەس خىياللار ئىگىلىدى . قېرىلىق ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن تۇيدۇرماي كەلدى . خۇدانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ئۇ ياشاۋاتىدۇ . تۇرمۇش گويا كېلىش مەنبەسى ئۈزۈلۈپ قالغان كۆل سۈيىگە ئوخشاش تىمتاس . ھازىرقى تۇرمۇش خۇددى ئۆپچۆرىسىنى كۆپكۆك پاقىلەش بېسىپ كەتكەن كۆل سۈيىگە ئوخشاپ قالدى ، تۇرمۇشنىڭ دولقۇنلىرىدا شۇنچە ئۈزۈن مۇساپىنى قانداقلارچە بېسىپ قويغانلىقىنى ئۇ ئۆزىمۇ بىلمەي قالدى .

ۋاقـقـاس بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قارىدى . ئۇ ھەسرەت ئىچىدە مەڭگۈ قايتىپ كەلمەيدىغان ئەڭ قىممەتلىك نەرسىسىنى يوقاتقانلىقىنى ئويلاپ ئېغىر خورسىندى .

ۋاققاس بىر بەلدىن ئېشىپ ئاتىنىڭ تىزگىنىنى تارتتى . ئۇنىڭ ئالدىدا چەكسىز كەتكەن بوزلۇق سوزۇلۇپ ياتاتتى . ئېدىرلىق ئىچىدىكى ئېگىز ئۆسكەن ئوت ـ چۆپلەر كۈننىڭ ئىسسىقىدا سارغىيىپ قالغانىدى . مالچىلارنىڭ كۆزلەكلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، پۈتكۈل دالا بىر تەكشىلىك ئۈستىدە سوزۇلۇپ ياتاتتى . بوز تورغايلار توختىماي چىرىلداپ ، قاينام ـ تاشقىنلىق مەنزىرە پەيدا قىلىشقا ئۇرۇناتتى . ئاسماندا بولسا توپ ـ توپ قارلىغاچلار ئۇچۇپ يۈرەتتى .

قـۇيـاش تـارتىنچاق قىزلاردەك تاغ كەينىدىن كۆتۈرۈلدى . ھەيۋەتلىك تاغ تىزمىلىرىنىڭ ئۇچلۇق چوققىلىرى قۇياش نۇرىدا قىزىرىپ ، تېخىمۇ ھەيۋەتلىك تۇسكە كىردى . ئارقىدىنلا پۈتۈن تاغ تىزمىسى تۇتاش يورۇپ كەتتى . تولغىنىپ ئېقىۋاتقان دەريا يۈزى تۇمان ئاستىدا كۆرۈنمەي قالدى .

ۋاققاس قايسى تەرەپكە ماڭسام ياخشى بولىدۇ ؟ دېگەنـدەك ئەتـراپـقـا قاريـدى . ئۇ سالاۋاتـنى قەيەردىـن ئىـزدەشـنى

بىلمەيتتى . كوچا ـ كويدىكى گەپ ـ سۆزلەر ئۇنى بىردەم توقايدا دېسە ، بىردەم مالچىلارنىڭ قىشلىقىدا دەيتتى . يەنە بىردەم بولسا ئادەم ئايىغى يەتمەيدىغان ئېگىز تاغدا ، قارىغايلىقنىڭ ئىچىدە دەيتتى . ئۇ بىرپەس تۇرغاندىن كېيىن تاغقا ، قارىغايلىقنىڭ ئىچىگە بېرىش نىيىتىگە كەلدى ـ دە ، ئېتىنى دېۋىتتى .

ئۇ كېتىۋېتىپ خۇددى خىيالغا قەرزدار بولۇپ قالغاندەك توختىماي خىيال سۈرەتتى ، كۆپ ئۆتمەيلا ئۇنىڭ خىيالىنى جىمجىت ھاۋا بوشلۇقىدا تېپىرلاپ كېلىۋاتقان ئاتنىڭ تۇياق ئاۋازى بۆلۈۋەتتى . كىمدۇر بىرى تاغ باغرىنى بويلاپ ، ناھايىتى تېزلىك بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ كېلىۋاتاتتى . ۋاققاسنىڭ يۈرىكى ئەنسىز سېلىپ ، ۋۇجۇدىنى بىر خىل ئەندىشە قاپسىۋالدى . مۇشۇنداق بىمەنە ۋاقىتتا ئاتلىق ئادەمنىڭ پەيدا بولۇشى ياخشىلىقتىن دېرەك بەرمەيتتى . ئۇ خالىمىغان ئىش ئۇنىڭ رايىغا باقماي ، مۇشۇ تار يولدا يۈز بەردى . ئەمدى ئۇ ھەرقانچە قىلغان بىلەن ئۆزىنى چەتكە ئېلىشقا كېچىككەنىدى . ۋاققاس ئۇنى تونۇدى . قوشنا يېزىلىق بۇ ئادەم ئۇستىۋېشىنى تۈزەپ پۇزۇر يۈرەتتى . تونۇشمايدىغان بىرەرى ئۇچراپ قالسا ئۇنى جەزمەن بىرەر ئورۇننىڭ كاتتا باشلىقى دەپ قالاتتى . ئەتىگەندىلا ئۇچرىشىپ قېلىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن زەيدىن «شاڭخەي» ۋاققاس بىلەن قىزغىن سالاملاشتى :

— بارمۇسەن ، ۋاققاس ؟ دەم ئېلىشقا چىقىۋېلىپلا جىمىپلا كەتتىڭغۇ ؟ قارا سېنى ، بۇگۈن بۇ يەردە ئۇچرىشىپ قالمىز دەپ كىم ئويلىغان . ئاڭلىسام بېشىڭغا ئېغىر كۈنلەر كەپتۇ . غەيرەتلىك بول . بەندىچىلىكتە بىزنىڭ چاممىز نېمىگە يېتەتتى . باشقا كەلگەننى كۆرمەكتىن باشقا نېمە چارە ؟ بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ .

ۋاققاس ئۇنىڭدىن كۆزىنى قاچۇرۇپ ، يىراقلارغا قارىدى . زەيدىن ئۇنىڭغا تەنە قىلىۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى ، — قانداق ، مومىيىڭ ياخشى تۇرۇۋاتقاندۇ ؟ ئۆزۈڭچۇ ؟

— مومىيىممۇ ياخشى ، مەنمۇ ياخشى . كۆزۈڭ كۆرۈپ

تۇرۇپتۇ ، ھەرقايسىڭلارنىڭ ئارقىسىدا مۇشۇنچىلىك تۇرۇپتىمىز ، — دېدى ۋاققاس سوغۇقلا . بىراق ، ۋاققاسنىڭ تەلەپپۇزىدىكى بۇ سوغۇقلۇق زەيدىنگە تەسىر قىلمىغاندەك قىلاتتى . ئۇ يانچۇقىدىن قەغەز ئېلىپ تاماكا يۆگىدى . ئاندىن تۇتاشتۇرۇپ قاتتىق شورىدى . ئالدىدىكى ئادەمنىڭ ئىشى بارمۇ - يوق دېگەنلەرنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ قويماي ، يېزا باشلىقى بولۇپ ئىشلەۋاتقان ئوغلىنىڭ ئىشلىرى توغرۇلۇق سۆزلەپ كەتتى . يېڭىلىق كۆپ ئىدى . دېھقانلار تەرگەن تالالىق زىغىر كەندىرىدىن مول ھوسۇل ئېلىپ ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىمى باشقا يىللاردىكىدىن تۆت ھەسسە ئېشىپتۇ . يېڭىدىن بەرپا قىلىنغان ئون مىڭ مولۇق ياۋا ئۆرۈكلۈك مېۋىگە كىرىپ ، خېرىدار دېگەن بېسىپ قاپتۇ . ئائىلىلەردە بېقىلىۋاتقان قىرغاۋۇل ، كەكلىك ، بۆدۈنە ، چىل ، كەپتەر ، ئۆردەك ، غاز ، ئۇلار قاتارلىق ياۋايى ئۇچارقاناتلار كۆپىيىپ ، فېرمىلارغا پاتماي قاپتۇ . مانا مۇشۇنداق زور نەتىجىلەر شارابىتىدىن ئوغلى چەت ئەللەرگە ، ئۇخلىسا چۈشىگە كىرمەيدىغان دۆلەتلەردە ئېكسكۇرسىيىلەردە بوپتۇ... مانا بۇلار زوق - شوق بىلەن سۆزلەۋاتقان زەيدىننىڭ پاراڭ تېمىسى . مانا مۇشۇنداق كىشى قەلبىنى يايرىتىۋېتىدىغان پاراڭ بولۇپ تۇرسا قانداق ياخشى . بىراق ، ھازىر قانداق ۋاقىت ؟ ۋاققاسنىڭ دەرد - ئەلەملەرگە غەرقىدە بولغان كۆڭلى ھازىر ھېچنېمىنى تارتمايدۇ . ئۇ ئۆزىنىڭ غېمى بىلەن . بۇ غەم پۈتكۈل ھاياتىدىكى خۇشاللىقلىرىنى يالماپ ، ۋۇجۇدىنى تۇمەن مىڭ قۇرت غاجىغاندەك غاجىماقتا...

ۋاققاس بىر خىل خارامۇشلۇق ئىچىدە زەيدىنگە قارىدى . زەيدىن سۆزلەۋاتاتتى . ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن مانا مۇشۇنداق پەيتنى تاللاپ ، ئوغلىنى ماختاپ ئولتۇرۇۋاتقانلىقىنى ئۇ بىلمەيتتى . «ئېشىكى ئۆلسە ، قوشى غېجەك تارتىپتۇ» دېگەندەك ئىش بولۇۋاتاتتى . «زەيدىن ئالجىپ قالدىمۇيا ساقمۇ ؟» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگەن ۋاققاس يولغا چۈشتى .

ھېلىمۇ ياخشى زەيدىن ئۇنىڭ نەگە ، نېمە ئۈچۈن

كېتىۋاتقانلىقىنى سورىمىدى . ۋاقىقاسنىڭ ھەممىدىن ئەنسىرىگەن ئىشى ئاخىر ئۆز پېتىچە قالدى . ئۆز گېپى بىلەن بولۇپ كەتكەن زەيدىن بەلكىم سوراشنى ئۇنتۇپ قالغاندۇ .

زەيدىن ئۇزاپ كەتتى . ئۇنىڭ كەينىدىن كۆتۈرۈلگەن توپا - چاڭ ئاسمان بوشلۇقىدا خېلى ئۇزاق ۋاقىتقىچە لەيلەپ تۇردى . ۋاقىقاس بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن نەگە بېرىشنى بىلمەيۋاتقاندەك ئاتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ ، بىرپەس تۇردى . بارغانسېرى سىقىلىپ كېتىۋاتقان ئىچى ئۇنىڭ دەرھال بىر قارارغا كېلىشىگە توسقۇنلۇق قىلىۋاتاتتى . قاينام بولاقتەك بولدۇقلاپ چىقىۋاتقان قايغۇ - ھەسرەت دەستىدىن نېمە قىلىشنى بىلمەيتتى . ئۇ ھاياتىدا مۇنداق ئېچىنىشلىق قىسمەتلەرگە قالارمەن دەپ ئويلىمىغانىدى . ئۇ ياخشى كۆرگەن پۈتكۈل ئالەم ، پۈتكۈل نەرسە توساتتىنلا دۈمبىسىنى قىلىپ ، قاپىقىنى تۈرۈۋالدى . بىر چاغلاردا جۇشقۇن روھ ، جۇشقۇن كەيپىيات ئاتا قىلغان گۈزەل دۇنيا بىر دوملاپ ۋەھشىي بىرنەرسىگە ئايلاندى . ھەممە نەرسىگە چامام يېتىدۇ دەپ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرغان قۇدرەت ئاپتاپتا قالغان ئالمىغا ئوخشاش قورۇلۇپ كەتتى . كۈچ - ماغدۇرى كەتكەندە كەلگەن دەرد - ئەلەم ئۇنىڭغا بۇ دۇنيانى باقىي ئالەمدىكى دوزاختا ئايلاندۇرۇپ قويدى .

ۋاقىقاسنىڭ كۆزى نەملىشىپ ، مېڭىسى زىڭىلداپ كەتتى . بىر ئۆمۈر مەيدىسىنى كېرىپ ، مەغرۇر ياشاپ كەلگەن بۇ ئادەمنىڭ مانا ئەمدى كۆزىدىن ئاققان ياش ئېڭىكىنى بويلاپ سىمابقا ئوخشاش چاپىنىغا چۈشۈۋاتاتتى . زەيدىن ئۇنى تاغ يولىدا كۆردى . مەھەللىگە بېرىپ نېمە گەپلەرنى توقۇيدۇ ، بۇنى ھېچكىم بىلمەيدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ بىرنەرسىلەرنى توقۇپ چىقىرىشقا بەك ئۇستا . ئاسىيە توغرۇلۇق ئاجايىپ - غارايىپ سۆز - چۆچەكلەرنى توقۇپ چىقىرىپ ، پۈتكۈل يېزىغا تارقىتىۋەتكىنىنى ئۇ تېخى ئۇنتۇپ قالغىنى يوق...

ئات ئۈستىدە خېلى ئۇزاق تۇرغان ۋاقىقاس ئاخىر داۋاملىق ئالغا قاراپ مېڭىش نىيىتىگە كەلدى . بالىنى ئىزدەش ھەرقانداق

بىرىنىڭ توقۇغان پىتىنە ـ پاساتلىرىدىن ئارتۇق . خەقنىڭ تىلى ئۆزى بىلەن بىللە . نېمە دېگۈسى كەلسە دەۋەرسۇن . قايسىبىرىدىن قورققۇلۇق .

ھاۋا تۇتۇلۇپ كېلىۋاتاتتى . تاغ ئارىسىغا كىرگەن ۋاققاس ھەممە ياقنى ئاختۇرۇپ ماڭدى . ھەتتا بىر قېتىم ئەڭ ئېگىز چوققىغا چىقىپ «سالاۋات !» دەپمۇ ۋارقىرىدى . تۆت ئەتراپتىن كەلگەن ئەكس سادا پۈتكۈل جىرانى زىلزىلىگە سالدى . بىراق ، سالاۋاتتىن سادا يوق . شۇنداقتىمۇ دادا ئۇنى ئىزدەشنى داۋام قىلدى . ئۇ بالىسىنى تېپىشنى ، كۆڭلىدىكى گەپلەرنى قىلىپ ئۇنىڭ ئازغان ، مۇجۇلغان ، ۋەھىمىگە چۈشكەن كۆڭلىگە ئارام بېرىشنى خالايتتى .

كۆپ ئۆتمەيلا ھاۋا گۈلدۈرلەپ ، تاغۇتاشلار تىترەپ كەتتى . يامغۇر يېغىش ئالدىدا تۇراتتى . ۋاققاس مۇشۇ يەردە تۇغۇلۇپ ، مۇشۇ يەردە ئۆسكەن بولسىمۇ ، ئۆزى بىلىدىغان تاغنىڭ مۇنچىلىك چوڭلۇقىنى ئويلاپ باقمىغانىدى . شۇنچە مېڭىپمۇ كەچ كىرگۈچە ئاران ئىككى جىلغىنى ئارىلاپ چىقتى . كۈن تېخى ئولتۇرمىغان بولسىمۇ ، تاغ ئىچىنى قاراڭغۇلۇق قاپلاشقا باشلىدى . شۇنىڭغا ئۇلاپلا كەلگەن يامغۇر ھۇرۇنلۇق بىلەن چۈشۈشكە باشلىدى . باشتا تامچىلاپ چۈشكەن يامغۇر ھەش ـ پەش دېگۈچە شارقىراپ قۇيۇۋەتتى .

ۋاققاس قېلىن قارىغاي ئاستىغا ئاتنى باغلاپ ، غانجۇغىدىكى سومكىنى ئالدى . ئەتىگەندىن بېرى ئاغزىغا بىر بۇردا نان سالمىغان بولسىمۇ ، كۆڭلى يەنىلا ھېچ نەرسە تارتماي تۇراتتى . شۇنداقتىمۇ زورمۇزور ئىككى چىشلەم ناننى چايناپ تەستە يۇتتى .

بەلكىم سالاۋات يېقىنلا بىر يەردىدۇ . بەلكىم مۇشۇ قارىغايلارنىڭ بىرىنىڭ كەينىدە ئۇنىڭغا قاراپ تۇرغاندۇ . ئۇ جاۋاب قايتۇرمىسا ، قارىسىنى كۆرسەتمىسە ، دادا بولغان ئادەمدە نېمە ئامال ؟ شۇنداقتىمۇ مەيۈسلىنىشكە قەتئىي بولمايدۇ . ئۇنى ئىزدەشنى توختىتىپ قويۇشقا تېخىمۇ بولمايدۇ . تاسادىپىي

ئۇستىدىن چۈشۈپ قالمايمەن دېيىشكە بولامدۇ؟ مەيلى قانداق سەۋەب بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ دېگەن بالا. بەلكىم دادىسىنىڭ ئۆزىنى ئىزدەپ كېلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈۋاتقاندۇ؟ بەلكىم قىلغانلىرىغا مىڭ بىر پۇشايمان قىلىپ، ھەسرەتلىك ياشلىرىنى تۆكۈۋاتقاندۇ. ئۇنى قانداقلا بولسۇن، چوقۇم ئىزدەپ تېپىش كېرەك. يۈرىكىدىكى گەپلەرنى قىلىپ، ئۆزىنى مەلۇم قىلىشقا كۆندۈرۈش كېرەك.

ۋاققاس شارقىراپ چۈشۈۋاتقان يامغۇرغا قارىغىنىچە شۇلارنى ئويلىدى. ئۇنىڭ ئويلايدىغانلىرى كۆپ ئىدى. سالاۋات ئۆزىنى مەلۇم قىلسا ئۆزىگىمۇ، ئۆزگىگىمۇ ياخشى. ئەڭ بولمىغاندا ئىشنىڭ سەۋەبى بىلەن جەريانى ئېنىق بولىدۇ. پەقەت شۇنداق بولغاندا دادا بولغۇچىمۇ ئۇنىڭغا ياردەم قولىنى سۇنۇپ، ئۆزىنىڭ دادىلىق بۇرچىنى ئادا قىلالايدۇ. ئەڭ ياخشى ئادۋوكاتلارنى تەكلىپ قىلىپ، بالىسىنىڭ گۇناھىنى يەڭگىللىتىشكە يول ماڭالايدۇ. ئۇ ئۆزىنى مەلۇم قىلسىلا بېقىپ چوڭ قىلغان ئاتا ـ ئانىسى ئانچە بەك ھەسرەت چېكىپ كەتمەيدۇ. ئەڭ يامان بولىدىغىنى، باشقىلارنىڭ سەۋەبى بىلەن تۇتۇلۇپ قېلىش. ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا، ئاتا ـ ئانا بولغۇچى ھەرگىز بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ...

ئات ئۇنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىگە ئورتاقلاشماقچى بولغاندەك پۇشقۇرۇپ قويدى. ۋەھىمىگە تولغان قاراڭغۇ قارىغايلىق ئىچىدە پەقەت يامغۇردىن پەيدا بولغان ئاۋازلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. تۈنۈگۈن ئۇ ئېتىزدىكى ئاخىرقى بىر هارۋا سامانىنى ئېلىپ قايتتى. بۇ چاغ كۈن ئاللىقاچان تاغ كەينىگە ئولتۇرۇپ، ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق باسقان چاغ ئىدى. بىر كۈن كەچ كىرگۈچە سامان توشۇپ ھالىدىن كەتكەن ۋاققاس هارۋا ئۈستىگە چىقىپ خىيالغا پاتتى. ئۇ ئۆيدىكى مال ـ ۋاراننىڭ قىشلىق يەم ـ خەشىكىنىڭ غېمىنى قىلمىسا بولمايتتى. ئۇ ئاخىر بېرىپ يالغۇز قالدى. ئۆيىنىڭ موربىسىدىن تۈتۈن چىقىرىش ئۈنچىلىك ئاسان ئەمەس.

ھارۋىنى يانداپ كەلگەن موتسىكلىت توختىدى. ئۇنىڭدىن

ساقچى فورمىسى كىيگەن بىرى چۈشتى . ۋاققاس ئۇنى تونۇدى . ئۇ ساقچىخانىدا ئۆزىنى سوراققا تارتقان، كېيىن ئۆي ئاختۇرۇشقا قاتناشقان ھېلىقى ياغاق يۈز ساقچى ئىدى .

— ئىشلىرىڭىز ئىلگىرى بولسۇن، ۋاققاس ئاكا ! — دېدى سىلىق ئاۋازدا . ۋاققاس ھەيران قالدى . ئۇ قىلمۋاتقان سىلىق گېپى بىلەن تەڭ ئۆزگىرىپ، ۋاققاسنىڭ كۆزىگە بۇرۇنقىدەك سۇرلۇك كۆرۈنمەي قالدى، — مەن سىزنى ئىزدەپ كەلگەنىدىم . سىزگە دەيدىغان مۇھىم گېپىم بار . مەن نەچچە كۈندىن بېرى ماتېرىيال كۆردۈم . مۇتەخەسسىسلەر بىلەن پاراڭلىشىپ باقتىم . گېپىمنى بۆلمەي قۇلاق سېلىپ ئاڭلاڭ . كۆڭلىڭىزگە ياققۇدەك بولسا پايدىلىنىپ كۆرەرسىز . ئىمكان بار سالاۋات ئۆزىنى مەلۇم قىلسۇن . ھەرگىز ئەخمەقلىق قىلمىسۇن . ئۇ ئۆزىنى مەلۇم قىلسا چوقۇم جىنايىتى يەڭگىللەيدۇ . ۋاقتى - سائىتى كەلگەندە مەن ئۇنىڭغا ئادۋوكات تېپىپ بېرىمەن .

ۋاققاسنىڭ يۈرىكى شۇرۇرىدە ئېرىپ كەتتى . يەڭگىللىتىلىدىغان جىنايەتنىڭ قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆزىنى مەلۇم قىلسا ئۈمىد بار دېگەن گەپ . بېشىغا ئېغىر كۈنلەر چۈشكەن بىر ئائىلە ئۈچۈن بۇنىڭدىن ئارتۇق يەنە قانداق تەسەللى بولسۇن ؟ «ياخشى سۆز تاشنى ئېرىتىدۇ» دېگەن مانا مۇشۇ .

ياغاق يۈز ساقچى كەتتى . ۋاققاس ئۆمرىدە ئۆزىنى ھازىرقىدەك يەڭگىل سېزىپ باقمىغانىدى . بۇ خەۋەرنى ئاڭلىسا پاتەمخان قانچىلىك خۇش بولۇپ كېتەر...

ۋاققاس بوجىنى سىلكىپ، ئاتقا قامچا سالدى . ئات قاتراپ، ھارۋا چاقى ئىلدام - ئىلدام چۆرگىلەشكە باشلىدى . ئۆيگە يېقىنلاشقانسېرى ۋاققاسنىڭ قىزغىنلىقى سوۋۇشقا باشلىدى . ئەگەر بۇ گەپ دېيىلسە ئايالىنىڭ زىل - زەۋرىسىگىچە سورىشى تۇرغان گەپ . ئۇ چوقۇم «ئەگەر بالام ئۆزىنى مەلۇم قىلسا، ئۇنىڭ ھاياتىغا كىم كېپىللىك قىلىدۇ» دەيدۇ . بۇ ئۇنىڭ مىجەزى . بۇ ھېچكىم قانائەتلەنگۈدەك جاۋاب بېرەلمەيدىغان سوئال . شۇنىڭ ئۈچۈن

ھازىرچە ئۇنچىقمىغان ياخشى. ئوغلىنى تېپىپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكۈچە، ئۇنى ئۆزىنى مەلۇم قىلىشقا كۆندۈرگۈچە ئۇنچىقمىغان ياخشى.

ۋاققاس قارىغايغا يۆلىنىپ كۆزىنى يۇمدى. بىر چاغلاردىكى قاينىاق مەنزىرىلەر كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ، يۈرەك - باغرى ئېچىشىپ كەتتى. بىر چاغلاردا ئۇ پۈتۈن يېزىنى ئالىقىنىغا ئېلىپ ئويناتقانىدى. كوممۇنانىڭ تامىقىنى يەپ، مېغىزىنى چاققانىدى. دېگىنى دېگەن، قىلغىنى قىلغان بولغاچقا، ھەممە ئادەم قول باغلاپ «خوش، خوش» دەپ تۇراتتى. شۇنداق بولغاچقا ئۇ ئۆزىنى جاھاندا تەڭداشسىز قۇدرەت ئىگىسى دەپ بىلەتتى. شۇ چاغلار ھازىر بولغان بولسا ھەرگىزمۇ بۇنداق يامغۇرلۇق كېچىدە قارىغايغا يۆلىنىپ، مۇساپىرلاردەك شۈمشەرەپ ئولتۇرمىغان بولاتتى. مانا ئەمدى ھوقۇقمۇ يوق، ياشلىقمۇ يوق، «خوش، خوش» دەپ تۇرىدىغان پېداكارلارمۇ يوق...

ئۇ ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە بىردىنلا بالىلىرىنى، بولۇپمۇ سالاۋاتنى تەربىيىلەشكە يېتەرلىك ۋاقىت چىقىرالمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدى. ئۇ ۋاقىتنى بۇنچىلىك تېز ئۆتەر دەپ ئويلىمىغانىدى. «كېيىن بىر گەپ بولار، ۋاقىت دېگەن تولۇپ يېتىپتۇغۇ» دېمىگەن بولسا بەلكىم بۈگۈنكىدەك پاجىئەلەرمۇ يۈز بەرمەس ئىدى...

ۋاققاس كۆزىنى ئاچقاندا يامغۇر توختاپ، ھاۋا سۈتتەك ئېچىلىپ كەتكەنىدى. ئۇ ھەرقانچە قىلىپمۇ قايسى ۋاقىتلاردا ئۇخلاپ قالغىنىنى ئەسلىيەلمىدى. تاڭ ئاتقان، ئەمما كۈن چىقمىغان بولسىمۇ تاغنىڭ ئىچى يورۇپ كەتكەنىدى.

ۋاققاس يول بويى «بۇنداق ھەسرەت چېكىش ھاجەتسىز، ئىشلار ھامان ئوڭلىنىپ كېتىدۇ؟» دەپ ئۆزىگە ئۆزى تەسەللى بەردى. ئەگەر ئۇ بۇرۇنراق ئائىلىسىدە شۇنداق بىر پاجىئەنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى سەزگەن بولسىدى، ھاياتنى گۆرۈگە قويۇپ بولسىمۇ ئۇنى توسۇپ قالغان بولاتتى. ئەمما، ھازىر بولغۇلۇق

بولدى . مىڭ بىر پۇشايمان قىلىپ ، ياقا يىرتقان بىلەنمۇ ، مىڭ ئۆلۈپ ، مىڭ تىرىلگەن بىلەنمۇ ، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ھەسرەت چەككەن بىلەنمۇ ئورنىغا كەلمەيتتى . شۇنداق بولسىمۇ يەنە ئازراق ئۈمىد بار . ھەممە نەرسىنى زىمىستان قاراڭغۇلۇق بېسىپ كەتكىنى يوق . ياغاق يۈز ساقچى بېشارەت بېرىپ كەتكەن يىگىنىنىڭ تۆشۈكچىلىك ئاشۇ يورۇقلۇقنىڭ ئۆزىلا چوڭ مەدەت . دادا بولغۇچى ئۆزىنىڭ مەجبۇرىيىتىنى ئېنىق تونۇپ ، رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرسىلا يورۇقلۇقنى كۆپەيتكىلى ، ئۆچكەن ئۈمىدنى يېڭىۋاشتىن ياندۇرغىلى بولىدۇ . سالاۋات بولسا تېخى بالا . باشقىنى دېمىگەندىمۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كۆز يېشىغا ھەرگىز قاراپ تۇرمايدۇ .

كۈن زېمىننى قىزدۇرۇۋاتاتتى . تاغ چوققىسىغا چىققان ۋاققاس ئەلەملىك كۆزلىرىنى ئاسمانغا تىككىنىچە ئۇزاق تۇردى . قاتار سەپ بولۇپ تىزىلغان تۇرنىلار گويا بۇ يەردىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمايۋاتقاندەك ، ئاسمان بوشلۇقىدىن ئاستا ئۇچۇپ ئۆتۈۋاتاتتى . ئۇلار شۇنچىلىك ئىنتىزامچان ئىدىكى ، ھەربىر تۇرنا ئارىسىدىكى ئارىلىق ئوپئوخشاش بولۇپ ، مۇنتىزىم قوشۇنىنىڭ سەپ تۈزۈشىگە ئوخشايتتى . پۈتۈن سەپ ھەربىر قېتىم بۇرۇلۇش ھاسىل قىلغاندا ، مېخانىك دائىرە پەيدا قىلىپ ، قۇياش نۇرىدا تېخىمۇ گۈزەل كۆرۈنۈپ كېتەتتى .

ۋاققاس ئۇلۇغ ـ كىچىك تىندى . ئۇنىڭ ئاشۇ تىلسىز ئۇچار قاناتلاردا قانداقلارچە مانا مۇشۇنداق خۇسۇسىيەتنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە ئەقلى يەتمەيتتى . مانا ئۇلار تىمتاسلىقتا چۆمگەن پايانسىز ئاسماندا ناھايىتىمۇ رەتلىك ، ئادەمنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرگۈدەك ھالەتتە ئۇچۇپ ئۆتتى . ئۇلار گويا ۋاققاس بىلەن ئاخىرقى قېتىم خوشلىشىۋاتقاندەك غاقىلداپ ، ئاستا ـ ئاستا كائىناتنىڭ باغرىغا سىڭىپ كەتتى .

ۋاققاس لېۋىنى چىشلىگىنىچە تۇرغان ئورنىدىن قوزغالدى . ئۇ ئۆيىدىن چىققان چاغدا گەرچە سالاۋاتنى تاپمىغۇچە قايتمايمەن ، دەپ

ئۆزىگە ئۆزى ۋەدە بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ ۋەدىسىدىن تېزلا يالتايدى.

بىر - بىرىگە مىنگەشكەن كۆز يەتكۈسىز تاغلار ئاخىر بېرىپ ئۇنىڭ ئىرادىسىنى يالماپ كەتتى. ئۇ تاغ ئىچىدىن بالىسىنى ئىزدەشنىڭ، قۇدۇق تېگىدىن يىڭنە ئىزدەشتىنمۇ تەس ئىكەنلىكىنى كۆن ئولتۇرۇشقا ئاز قالغان چاغدىلا ھېس قىلىپ يەتتى.

ئۇ كېتىۋېتىپ بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىش توغرىسىدا ئويغا چۆمدى. ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە غايىبتىن بىر ئاۋاز پەيدا بولۇپ «سەن ئۇنى ھەرگىز ئىزدەپ تاپالمايسەن. ئەڭ ياخشىسى ئۇ سېنى ئىزدىسۇن. ئۇ ھامان بىر كۈنى ئۆيگە بارىدۇ. ئەڭ بولمىغاندا ھايات قېلىشى تەسكە توختىغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە شۇنداق قىلىدۇ. بۇنىڭغا سەۋر - تاقەت كېرەك» دەپ شىۋىرلىغاندەك قىلدى. بۇمۇ بولىدىغان ئامالدەك قىلاتتى. بەزى چاغلاردا ئاياللار ئەرلەرگە قارىغاندا چىچەن بولۇپ كېتىدۇ. كىم بىلىدۇ، بۇ چاغقىچە پاتەمخان سالاۋات بىلەن كۆرۈشۈپ بولدىمۇ؟ ئەڭ ياخشى ئامال پاتەمخانغا ئەگىشىش. شۇنداق قىلسىلا ھامان بىر كۈنى ئوغلىنى تاپالايدۇ...

ۋاققاس ئاتنى دېۋىتتى. ئات گويا شۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەكلا قاترىغىنىچە نەملەشكەن يول بىلەن تۆۋەنلەشكە باشلىدى. بىر يەرگە كەلگەندە ۋاققاس ئاتنىڭ ئۈستىدىن موللاق ئېتىپ، دومىلاپ چۈشكىلى تاس قالدى. يول بەك تىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە نەم بولغاچقا، ئاتتىن چۈشۈپ يېتىلەپ مېڭىشقا توغرا كەلدى. ھېلىمۇ ياخشى تەلىيى بار ئىكەن، يىقىلىشقا ئاز قالغان ئات ئوڭ پۇتىنى ئۇزۇن سوزۇپ، ياندىكى قورام تاشقا تىرىۋالغاچقا ئۇ ساينىڭ تېپىنىغا دومىلاپ كېتىشتىن ئامان قالدى.

ۋاققاس ئۆيگە روھى چۈشكەن ھالدا قايتىپ كەلدى. شۇ تاپتا ئۇ دەھشەتلىك يىرتقۇچقا ياكى بولمىسا قورقۇنچلۇق قىسمەتكە يولۇققاندەك كۆزىنىڭ قارىچۇقى يوغىناپ، لەۋلىرى تىترەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ بارلىق ئاماللارنى ئىشلىتىپ ۋۇجۇدىدا

كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئاشۇ جىددىي ھالەتنى بېسىشقا تىرىشىۋاتقان بولسىمۇ، بىراق غايىبتىن كېلىۋاتقان قاقشاتقۇچ زەربە ئۇنى بۇنداق قىلىشتىن مەھرۇم قىلىۋاتاتتى.

پاتەمخان ئېرىنىڭ بۇ خىل ھالىتىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. ئۇزۇن يىللىق ھايات مۇساپىسىدە تۇرمۇش يۈكى بېسىلغان ئېغىر ھارۋىنى تەڭ تارتىپ كېلىۋاتقان ھەمراھىنىڭ ۋۇجۇدىدىن تۆكۈلۈۋاتقان قايغۇ ـ ھەسرەتنى كۆرۈپ، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى.

ۋاققاس ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ ئىچىنى بىرنەرسە تاتىلىغاندەك قىلىپ، يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى. ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆرلەپ چىقىۋاتقان ئاچچىق دەستىدىن ئىككى پۈك بولغىنىچە، تۈگۈلۈنۈپ قالدى. چىرايى سارغىيىپ، ئۇزۇن يىل كېسەل ئازابى تارتقان ئادەمدەك، كۆزلىرى گەجگىسىدە قايناپ قالدى. كەچكە يېقىن بۇ ھالەت تېخىمۇ يامانلىشىپ، يۈرىكى ئۈزۈلۈپ كېتىدىغاندەك، مېڭىسى پارتلاپ كېتىدىغاندەك ئاغرىپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ ئايالىنىڭ دوختۇر چاقىرىشىغا يول قويماي، ياستۇقنى مەيدىسىگە قويۇپ ئۇزاق ياتتى. يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا خۇدىنى بىر بىلىپ، بىر بىلمەي ئوت ـ كاۋاپ بولۇپ تىنالماي قالدى. لەۋلىرىمۇ كۆكىرىپ، كۆزىنىڭ ئېقى يوغىناپ، چىرايى بۇزۇلۇشقا باشلىدى. پاتەمخان دوختۇر چاقىرىپ كەلگەندە ئۇ ئەس ـ ھوشىنى يوقاتقان ھالدا جۆيلۈپ ياتاتتى. دوختۇر تەكشۈرۈپ ئوكۇل سالغاندىن كېيىنمۇ ئېسىنى دەرھال يىغالماي، خېلى بىر ۋاققىچە تاغدىن ـ باغدىن سۆزلەپ ياتتى. تاڭغا يېقىن قىزىتمىسى پەسلەپ، نەپەس ئېلىشىمۇ نورماللاشتى. قورقۇپ كەتكەن پاتەمخان خېلى بىر ۋاققىچە ئۇنىڭ بىر خىلدا نەپەس ئېلىشىغا قاراپ تۇردى.

پاتەمخاننىڭ گۈزەل ياشلىق چاغلىرى ۋاققاس بىلەن ئۆتتى. گەرچە ھايات دولقۇنلىرىدا ئۇ ئاز بولمىغان خاپىلىقلارنى تارتقان بولسىمۇ، يەنىلا ئېرىنى ياخشى كۆرەتتى. بۇ خىل ياخشى كۆرۈش ياش چوڭىيىپ، ئۆيدە ئىككىسى يالغۇز قالغاندا تېخىمۇ

روشەنلىشىپ كەتتى . بولۇپمۇ سالاۋات جىنايەت ئۆتكۈزۈپ ، قاچقۇنلۇق ھاياتىنى باشلىغاندىن بېرى ، ئۇ ۋاقىتسىز مەھكەم باغلىنىپ قالغانلىقىنى تېخىمۇ ئېنىق سەزدى . تۇرمۇشتا تۇتقان پوزىتسىيىسىنىڭ ئوخشىماسلىقى سەۋەبىدىن ئوي - پىكرى بىر يەردىن چىقمىسا ، بەزى چاغلاردا ئوتتۇرىدىكى مۇناسىۋەت يىرىكلىشىپ قالاتتى . بۇ خىل يىرىكلىشىش ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن غەزەپكە ، ئاندىن ئۈمىدسىزلىككە ئايلىناتتى . بۇ خىل ئۈمىدسىزلىك ئۇزاققا بارماي يەنە ئىچ ئاغرىتىش ، ئەپۇ قىلىشقا ئالمىشاتتى . مانا بۇگۈن ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ئۈمىدسىزلىك ئىچ ئاغرىتىشقا ئايلىنىپ كەتتى . ئەگەر ۋاقىتسىز سالاۋاتنى ئۆزىنى مەلۇم قىلسۇن دېمەي ، ئۆز ئىختىيارىغا قويۇپ بەرگەن بولسىدى ، ئۇلار تېخىمۇ ئېچىل - ئىناق بولۇپ ، بېشىغا كەلگەن دەرد - ئەلەملەرنى بىرلىكتە يەڭگەن بولاتتى . ئۇ ئېرىنىڭ بۇ خىل تاش يۈرەكلىكىگە زادى نېمىنىڭ سەۋەب بولۇۋاتقانلىقىنى بىلمىگەچكە ، ئۇنىڭغا ئۆچلۈك قىلاتتى . ئەمما ، بۇ ئۆچلۈكنىڭ يۈرىكىنىڭ ئاستىنقى قاتلاملىرىدىن چىقىۋاتقان ھەقىقىي ئۆچلۈك ئەمەسلىكىگە تولۇپلا ئۆزىمۇ قايىل بولۇپ قالاتتى .

## 18

يامغۇر توختىماي يېغىۋاتاتتى . سالاۋاتقا يامغۇر تامچىلىرىنىڭ يەرگە چۈشكەندە چىقارغان ئاۋازى ھېيت - بايراملاردا چېلىنىدىغان ناغرىنىڭ ئاۋازىدەك ئاڭلىنىپ كەتتى . نەچچە ۋاقىتتىن بېرى توپا - چاڭغا مىلەنگەن ئوت - چۆپلەر يامغۇر سۈيىدىن راھەت ئىچىدە بەھرىمەن بولۇۋاتاتتى . دەرەخ يوپۇرماقلىرىمۇ يامغۇر سۈيىدە يۇيۇلۇپ ، گۈزەل ئەتىنى كۈتۈۋېلىشقا تەييارلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى . ھەيۋەتلىك تەڭرىتېغىنىڭ ئۈستىگە سىم - سىم يامغۇر ئۇزۇلمەي يېغىپ تۇرغاچقا ، پۈتۈن تاغ تىزمىسىنى بويلاپ يامغۇر پەردىسى ھاسىل بولغانىدى . سالاۋاتنىڭ تۇيغۇسىدا توختىماي يېغىۋاتقان

يامغۇردىن بەزى نەرسىلەر خۇشال بولۇۋاتسا ، يەنە بەزى نەرسىلەر بىزار بولۇۋاتقاندەك كۆرۈنۈش پەيدا بولدى . بۇ كۆرۈنۈش ئاستا ـ ئاستا كېڭىيىپ ، ئەڭ ئاخىرىدا يامغۇرلۇق ھاۋاغا ئوخشاش تۇتۇق ۋە چۈشىنىكسىز بىرنەرسىگە ئايلاندى .

ئۇ يېقىندىن بېرى نېمە ئۈچۈندۇر ئۆيىنى ، مەھەللىسىنى ، تونۇش ئادەملەر بىلەن تونۇش كوچىلارنى بەكرەك سېغىنىدىغان بولۇپ قالدى . مېڭىسى باشقىلار تەرىپىدىن ئوغرىلىنىپ كەتكەندەك قۇرۇقۇرۇق بولۇپ ، بۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلىرىنى قانداق ئۆتكۈزۈش توغرىسىدا ھېچقانداق پىلان يوق ئىدى . ئۇنىڭ بۇ خىل ھالىتى ئۆيدىن يامانلاپ چىققان ، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئادەملەر كېلىپ ئەكېتىدىغان ياش بالىلارنىڭ ھالىتىگە ئوخشايتتى . ئۇ ئۆرۈلۈپ كۆزىنى يۇمدى . بۇنىڭ بىلەن ئاستىدىكى قارىغاي شاخلىرى شاراقلاپ كەتتى . بەزى نەرسىلەر بىقىنىغا ، يانپىشىغا پېتىۋاتقان بولسىمۇ ، بۇنى سەزمەيۋاتقاندەك يېتىشىنى داۋام قىلدى . ئۇنىڭغا ئۇزۇن كېچە تۇگەپ ، تاڭ سوزۇلۇپ قالغاندەك بىلىندى . ئاسماندا ئوتى غۇۋا ئۆچۈپ قالغان گۈلخاندەك داغلار پەيدا بولدى . تاڭ بىلەن ھاۋا سوۋۇپ ، بىر كېچە داۋاملاشقان تۇرمۇش ئاياغلاشتى . غۇر ـ غۇر مەيىن شامال باش ـ كۆزىنى سىلاپ ، تورغايلارنىڭ توختىماي چۇرۇقلىغان ئاۋازىنى ئېلىپ كېلەتتى . تاغنىڭ ھاۋاسى شۇنداق . ياغمەن دېسە ياغىدۇ . ئېچىلىمەن دېسە ئېچىلىدۇ . ئۇنىڭ قاچان يېغىپ ، قاچان ئېچىلىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ .

سالاۋات بۇككىدە ئۆسكەن قارىغاي ئاستىدا يېتىپ كۆڭلىدىن شۇلارنى ئۆتكۈزدى . بۇلۇتلار بۆلۈنۈپ ، ئاسمان سوزۇلۇۋاتاتتى . ئۇنىڭ يامغۇرنىڭ قاچان يېغىپ ، قاچان توختايدىغانلىقىنى بىلمەيدىغانلىقى راست . ئەمما ، ئۇ قانداق يەردە مۆكۈنۈپ ، قانداق ياتسا بىخەتەر بولىدىغانلىقىنى ياخشى بىلىدۇ . شۇڭا ، ئۆيدىن قېچىپ چىققاندىن بېرى بەزى ئەھۋاللارنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، ئاۋارىچىلىككە ئۇچراپ باقمىدى . تولىمۇ قىستاڭچىلىقتىكى

تۇرمۇش ئۇنىڭغا ھەممىنى ئۆگەتتى . ئۇ ھازىر قانداق قارىغاينىڭ ئاستىدىن قانداق يامغۇرنىڭ ئۆتىدىغانلىقىنى بىلىدۇ . قانداق قارىغاينىڭ ئاستىدا ياتسا ، ھاياتىغا خەۋپ يەتمەيدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلالايدۇ . ھازىر ئۇ بۇ يەردىكى بىردىنبىر مۇتەخەسسىس .

سالاۋات خورسىنىپ قويغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇردى . ئۇ تۇرمىسا بولمايتتى . مەھەللىگە قاراپ ئىنتىلىۋاتقان يۈرىكى ئۇنىڭغا توختىماستىن چاپسان بول ، دەۋاتقاندەك قىلاتتى . خېيىمخەتەر بېشىدا ئەگىپ يۈرسىمۇ ، ئۇ ئاخىر مەھەللىسىنى بىر كۆرۈش نىيىتىگە كەلدى .

سالاۋات ئورنىدىن تۇرۇپ ئاستىدىكى قارىغاي شاخلىرىنى ئۇياق - بۇياققا تارقىتىۋەتتى . مۇنداق بولغاندا ھېچكىم بۇ يەردە بىرەرىنىڭ ياتقانلىقىنى بىلمەيتتى . ھەر كۈنى توختىماي يۆتكىلىپ يۈرۈش ئادەت بولۇپ كەتكەندەك ، ھەر كۈنى ئاستىغا سالىدىغان قارىغاي شاخلىرىنى چېچىۋېتىشمۇ ئادەتكە ئايلىنىپ كەتتى .

ئاخشام ياغقان يامغۇردىن يوللار مىلىقلاپ كەتكەن بولسىمۇ ، سالاۋات ئېھتىياتچانلىق بىلەن ساينىڭ تاپىنىغا چۈشتى . تاشتىن - تاشقا ئۇرۇلۇپ ئېقىۋاتقان تاغ سۈيى دۇغلاشقانىدى . شۇنداق بولسىمۇ ئۇ يۈز - كۆزىنى يۇيۇپ ناشتا قىلدى . ھاممىسى بەرگەن يېمەكلىكلەرگە بەرىكەت ياغقاندەك مۇشۇ ۋاققىچە يەتتى . بۇمۇ تەڭرىنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان ئىلتىپاتى . ئەتىكى كۈن نېمە بولىدۇ ؟ بۇمۇ تەڭرىنىڭ ئىلكىدىكى ئىش .

سالاۋات ئاخىرقى بىر كاپام سوقۇلغان ناننى ئاغزىغا سالغاندىن كېيىن ، قۇرۇقدىلىپ قالغان سومكىغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقى بىلەن قاراپ قويدى . ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ ، سومكىنى ياندىكى چاتقالنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ ، ئۈستىنى تاش بىلەن باستۇرۇپ قويدى .

ھاۋا ۋاللىدە ئېچىلىپ كەتكەنىدى . كۆپكۆك ئاسمان قەرىدە بىرنەچچە قۇماي ئۇچۇپ يۈرەتتى . كۈننىڭ تەپتى تېگىشى بىلەن يىلان باغرى سوزۇلغان تاغ يولى ئەكچىپ كەتتى .

سالاۋات كېتىۋېتىپ، ئەتراپىدىكى بەزى نەرسىلەرنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى سەزدى. يولمۇ بىر چاغلاردىكىدەك يىلان باغرى ئەمەس، چېتى تۈزلەنگەن ۋە كېڭەيتىلگەن، بەزى يەرلىرى كۆتۈرۈلۈپ، بەزى يەرلىرى ئويۇلغان، كىملەردۇر بىرلىرى خۇشياقماي ياساپ قويغاندەك قىلاتتى. بىر چاغلاردىكى سەبدە، چوغلۇق، لەيلى قاتارلىق ھۆپپىدە ئېچىلىدىغان گۈللەردىن ھازىر ئەسەرمۇ قالمىغان، پەقەت سېسىق پۇرايدىغان كۆك رەڭلىك چېتىرلار دالىنى بىر ئالغانىدى. ئۇنىڭ قەلبى مۇجۇلغاندەك قىلدى. مەيلى ئېدىرلىق بولسۇن، مەيلى كۆز يەتكۈسىز كەڭرى كەتكەن دالا بولسۇن، مەيلى ھەيۋەتلىك تاغ تىزمىسى بولسۇن، ھېچقايسىسى ئۇ كىچىك ۋاقتىدىكىدەك ئادەمنى ئۆزىگە جەلپ قىلالمايتتى.

ئۇ بىردىنلا پۈتىنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئۇزۇن تاغ يولى ئۇنىڭ ماغدۇرىنى ئېلىپ كېتىۋاتاتتى. شۇڭا، ئالدىدىكى تۆپىلىكنىڭ ئۇستىدە يانپاشلاپ يېتىپ، ئانچە يىراق بولمىغان جىرا ئىچىدە ئوتلاپ يۈرگەن يىلقا توپىغا كۆز تىكتى. يىلقىلار يېيىلىپ، يەردىن باش كۆتۈرمەي ئوتلاۋاتاتتى. بىر بايتالنىڭ كەينىگە ئەگەشتۈرۈۋالغان تايچىقى ئويناقلىغىنىچە يىلقا توپىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ كەتتى. كۆپ ئۆتمەي يەنە پەيدا بولۇپ، جىرادىن پەسكە قىيغىتقىنىچە چېپىپ كەتتى ۋە خېلى يىراق بارغاندىن كېيىن توختاپ، تۆت ئەتراپقا ھەيرانلىق بىلەن قارىدى. ئاندىن بۇرۇلۇپ ئانىسى تەرەپكە جېنىنىڭ بارىچە يۈگۈرۈپ كەتتى. سالاۋاتنىڭ ئېسىگە بىردىنلا ئۆزلىرىنىڭ بايتىلى كەلدى. ئۇنىڭمۇ بىر چاغلاردا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تايچىقى بولىدىغان. سالاۋات ئۇ تايچاقنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى.

سالاۋات مىيىقىدا كۈلدى. ئۇ چاغلاردا ئۇنى ھەممە ئادەم ۋاي دەپ، بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرەتتى. دادىسىنىڭ يېنىدىكى ئادەملەر دادىسىدىن ئوغرىلىقچە يايلاقتا، تاغلارغا ئەكېتەتتى. نېمە دېسە شۇنى قىلىپ بېرىپ، كۆڭلىنى ئۇتۇشقا تىرىشاتتى. بىر قېتىم ئۇ

ئاشۇ تايچاقتا ئوخشاش بىر تايىنى مىنىمەن دەپ تۇرۇۋالدى . ئامال قىلالمىغان چوڭ ئەترەت باشلىقى ئاخىر تايىنى تۇتقۇزۇپ ، ئۇنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇردى . شوخ تاي ھەربىر چىچاڭشىغاندا ، ئۇنىڭ يۈرىكى نەچچە قېتىم سوغۇرۇلۇپ ، ئورنىغا چۈشكەندەك بولاتتى . تاي ئاخىر قولدىن چىقىپ كېتىپ ، تۆۋەنگە ئوقتەك يۈگۈرۈپ كەتتى . ئەتراپتا بىردىنلا قىيا - چىيا كۆتۈرۈلدى . كەينىدىن قوغلاپ يېتىشەلمىگەن ئادەملەر باغلاقتىكى ئاتلىرىغا قاراپ يۈگۈرۈشتى . تايىنىڭ يالىدىن مەھكەم تۇتقان سالاۋات بوينىغا يېپىشتى . تاي گويا ئۈستىگە ئالۋاستى چاپلىشۋالغاندەك ، توختىماستىن چىچاڭشىيتتى . تۆت - بەش مېتىر ئېگىزلىكتىكى قىيا بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى . قىياغا ئۈچ مېتىردەك قالغاندا تاي ئۇنى كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇردى . ئۇ كۆزىنى ئاچقاندا ئەتراپتا نۇرغۇن ئادەم ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى . ئۇ بىردىنلا «پاڭ» قىلىپ يىغلاپ كەتتى...

سالاۋات قەلبىدە پەيدا بولغان ئەسلىمىلىرىنى كۆزدىن نېرى قىلىشقا تىرىشقانسېرى ، ئەسلىمىلەر نېرى بولۇشنىڭ ئورنىغا كەلكۈن سۈيىدەك باستۇرۇپ كېلىپ ، مۆھۈرگە ئوخشاش يۈرىكىگە تېخىمۇ چوڭقۇر ئورنايتتى . بۇنىڭ بىلەن سالاۋاتنىڭ يۈرىكىدە ھېچنېمىگە ئوخشىمايدىغان بىر خىل تۇيغۇ باش كۆتۈرەتتى . بۇ خىل تۇيغۇ بەزىدە ئازابنى ئىنكار قىلىپ ، ئۇنىڭ ئورنىغا شادلىقنى دەسسەتسە ، يەنە بەزىدە شادلىقنى ئىنكار قىلىپ ، ئازابنى دەسسەتتى . چېگىشلەنگەن زىددىيەتلىك خىياللار كاللىسىدا تۇمانلىق دەرياغا ئوخشاش غۇۋا ئەكس ئېتەتتى . بىر - بىرىگە ئۇلىنىشىپ كەتكەن ئىككى دەۋرگە مەنسۇپ بۇ كۆرۈنۈشلەر گاھى ئارىلاشسا ، گاھى بۆلۈنۈپ ، كۆز ئالدىدىن كىنو لېنتىسىدەك توختىماستىن ئۆتەتتى . سالاۋات شۇنچە تىرىشىپ باققان بولسىمۇ ، ھاياتلىق سەپىرىدىكى بولۇپ ئۆتكەن ئىشلاردىن پەقەتلا قۇتۇلالمىدى . ھەم ئاچچىق ، ھەم تاتلىق تۇرمۇش قەسىدىسىگە تويۇنغان ھايات كارتىنىلىرى مېڭىسىدە شۇنداق ئېنىق نامايان

بولاتتىكى ، ئۇ هاياتىدا يۈز بەرگەن ئاددىي ھەم ئەھمىيەتسىز تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىنى بىر - بىرلەپ كۆرۈۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلەتتى . بۇ كۆرۈنۈشلەر ئۇنىڭغا ئۇزۇنغىچە يېپىشىۋېلىپ ، شەپقەتسىزلىك بىلەن هاياتىدىكى سەۋەنلىكلىرىنى يۈزىگە سالاتتى . ئازابقا بەرداشلىق بېرەلمەي تولىمۇ ئاجىز سوقۇۋاتقان يۈرىكىنى لازا قۇيغاندەك ئېچىشتۇرۇپ ، «ئۆزۈڭگە ئاز» دەۋاتقاندەك بىلىنەتتى . ئەمەلىيەتتىمۇ هاياتىدىكى ئاشۇ سەۋەنلىكلەر ئۇنىڭ تەقدىرىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋەتكەنىدى .

سالاۋات ئورنىدىن تۇردى . ئىككى ئاچا يولغا كەلگەندە ، چاتقاللار بىلەن قاپلانغان خىلۋەت يولنى تاللاپ مېڭىپ كەتتى . ئۇ يولنى داۋاملاشتۇرغاچ ، يەنە بىر قېتىم ئېچىنىش تۇيغۇسى بىلەن هاياتىغا يەنە بىر قېتىم كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى . ئۇنىڭ هاياتىدىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسىلەرنىڭلا ئەمەس ، يەنە تېخى ۋۇجۇدىدىكى بارلىق نەرسىلەرنىڭمۇ ئورنى يۆتكىلىپ ، ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كەتكەنىدى . جىسمى يەنە شۇ بۇرۇنقىدەك بولسىمۇ ، ئەمما روهى باشقا بىرنەرسىگە ئايلىنىپ قالغاندەك قىلاتتى .

ئۇنىڭ بىردىنلا ئۆزىگە ئىچى ئاغرىپ قالدى . كۆرۈۋاتقان كۈنلىرىنى ئويلاپ ، يۈرىكى سۇغۇرۇلۇپ كەتكەندەك تولغاندى . ئۇ هازىر يېتىم . يەر - جاهان سىغدۇرمايدىغان بەختسىز ئادەم . بىهۇدە قۇربانلىق ، ئالدانغۇچى ، ئىنسانلار ئارىسىغا ئېلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان قورقۇنچلۇق مەخلۇق .

مۇشۇلار يادىغا كېلىشى بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلى تولىمۇ يېرىم بولدى . ئىچ - ئىچىدىن ئۆرلەپ چىققان كۈچلۈك ھەسرەت گېلىغا كەپلىشىپ ، پۈتۈن ۋۇجۇدى زەئىپلىشىپ كەتكەندەك بولدى - دە ، هۆكرەپ يىغلىغۇسى كەلدى . شۇنداق قىلغان بولسا ئىچ - قارنى بوشاپ قالاتتى . بىراق ، ئۇ ئىچىدىن ئۆرلەپ چىققان يىغانىنى ئىچىگە يۇتۇۋەتتى . چۈنكى ، ئۇ هازىر ، شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە يىغلىسا بولمايتتى . ئازراقلا بىخەستەلىك قىلسا ، هاياتىنى نابۇت قىلىپ ، تۈزگەن پىلانلىرى بىتچىت بولۇپ كېتەتتى .

سالاۋات بىردىنلا توختاپ قالدى . ئالدىدىكى دوقمۇشتىن چىقىپ كەلگەن ئىككى ئاتلىقنى كۆرۈپ ، يۈرىكى ئەنسىز سىلىپ كەتتى . ئاتلىقلار نېمىدۇر بىرنەرسە توغرىسىدا دەتالاش قىلىشۋاتقاچقا ، ئالدىدىكى سوقماق يولدا كېتىۋاتقان ئادەمنى كۆرمەي قالدى .

مۈشۈككە ئوخشاش چاققانلىق بىلەن ئۆزىنى چاتقاللىق ئىچىگە ئالغان سالاۋات دېمىنى ئىچىگە يۇتتى . تۇرغان ئورنى بەكمۇ بىئەپ بولغاچقا ، بىر پۇتىنى ئېھتىيات بىلەن تۆۋەن تەرەپتىكى چوڭ بىر تاشقا تىرىدى . ئەگەر پەۋقۇلئاددە تاش قومۇرۇلۇپ كەتسە ، ئۇنىڭ تۆۋەنگە سىيرىلىپ كېتىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى . ئاتلارنىڭ تۇياق ئاۋازى بارغانسېرى يېقىنلاپ ، بىردىنلا توختاپ قالدى . «ئەمدى تۈگەشتىم» دەپ ئويلىدى سالاۋات دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ . چۈنكى ، ئاتلىقلار ئۇنىڭ بېشىدىلا توختىغانىدى . ئاتتىن چۈشكەن بىرى چاتقاللىققا كىچىك تەرەت قىلدى . ئەگەر ئۇ يەنە بىرقەدەم ئالدىغا ئۆتكەن بولسا ، سالاۋاتنىڭ بېشى سۈيدۈك بىلەن نەمدەلگەن بولاتتى . ئاتلىقلار مەستتەك قىلاتتى . ئۇلار هاراقنىڭ پايدا - زىيىنى توغرىسىدا بەس - مۇنازىرە قىلىپ يولغا چۈشتى . قورققىنىدىن لاغ - لاغ تىترىگەن سالاۋات ئۇلار يىراقلاپ كەتكەندىن كېيىنمۇ ، خېلى ئۇزاق ۋاقىتقىچە جايىدا ياتتى . يۈرىكى ئورنىغا چۈشۈپ ، كىچىككىنە غەيرەت پەيدا بولغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ ، چاتقاللىقتىن چىقتى .

ئۇ ئەمدى يۈگۈرۈپ دېگۈدەك مېڭىپ كېتىۋاتاتتى . ئۇ تېز ماڭمىسا بولمايتتى . قورقۇنچتىن پەيدا بولغان شىجائەت ئۇنى بوراندەك ئېلىپ كەتتى . بىر غولدىن ئېشىپ تۆپىلىك ئۈستىگە چىققاندا ، ئۇنىڭ ئالدىدا نامايان بولغىنى چەكسىز كەتكەن ئورمانلىق بولدى . تېرەك ھەم جىغانلاردىن تەركىب تاپقان ئورمانلار بىر - بىرى بىلەن گىرەلىشىپ ، يىراقتىن قارىغان ئادەمگە زور توسۇق هاسىل قىلغاندەك كۆرۈنەتتى . ئورماننىڭ ئۇ تەرىپى ئۇ تۈگۈلۈپ ئۆسكەن يەر . تېزرەك ماڭسا بىر سائەتلەر چامىسىدا

مەھەللىگە يېتىپ بارغىلى بولىدۇ .
سالاۋاتنىڭ يۇرەكلىرى ئويناپ ، قانلىرى ئوخچۇپ كەتتى . ئۇ كېتىۋاتاتتى . ئۇنىڭغا بۇرۇنقى ئىشلار يېقىندىلا بولۇپ ئۆتكەندەك تۇيۇلاتتى . خۇش چاقچاق ، ئوت يۇرەك ياشلار تېخى يېقىندىلا ناخشا ئېيتىپ ، توقايلىقنى بېشىغا كىيگەنىدى . شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ ئۇ تېخى يېقىندىلا بىر ئاغىنىسىگە قىز ئەپقېچىپ بەرگەنىدى . ئۇ چاغلاردا ھەممە نەرسە شۇنداق قىزغىن ، شۇنداق ئاددىي بىلىنگەنىدى . مانا ئەمدى بولسا ئۇنىڭغا ئىلگىرىكى شوخ ئاۋازلار ، توخۇلارنىڭ قاقاقلاشلىرى ، ئىتلارنىڭ ئۇستىخان تالىشىپ بىر - بىرى بىلەن پوملاقلىششلىرى ، ئاتلارنىڭ كىشنەپ ، كالىلارنىڭ مۆرەشلىرى ، مەستلەرنىڭ ئاغىل - تاغىل ۋارقىراپ ، جېنىنىڭ بارىچە ئېيتقان ناخشىلىرى خۇنۇكلىشىپ ، دەريانىڭ ئۇزۇلمەي ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان شاۋقۇنىمۇ يوقاپ كەتكەندەك بىلىندى .
سالاۋاتنىڭ بوينىغا بىرنەرسە چۇشكەندەك قىلدى . ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ ، قۇرۇپ قاقشال بولۇپ قالغان يوپۇرماقلارنىڭ قېيىن دەرىخىدىن ئاربلاپ - ئاربلاپ چۇشۇۋاتقانلىقىنى كۆردى . ئۇنىڭ ئىچى بىردىنلا سىقىلىپ ، چىرايىدا ئازابلىنىش ئالامەتلىرى پەيدا بولدى . ئۇ ئالدىدىكى قېيىن دەرىخىنى تونۇغانىدى . بىر قېتىملىق يازلىق لاگېر پائالىيىتىدە ئۇ مۇشۇ قېيىننىڭ ئۇستىگە چىقىۋېلىپ ، ساۋاقداشلىرىنى ئەنسىرەتكەنلىكىنى يادىغا ئالدى . قېيىن ئۇ چاغدىكىدىن چوڭىيىپ ، ھەيۋەتلىك تۇسكە كىرگەنىدى . سالاۋات قولى بىلەن ئۇنىڭ يۇمشاق پوستىنى ئۇزاق سىلىدى . ئۇنتۇلغان ھايات خاتىرىلىرى كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ ، كۆڭلى ئازاب ئىچىدە تېپىرلاپ كەتتى…
يازلىق لاگېرغا ماڭغان بالىلارنىڭ خۇشاللىقى ئىچىگە پاتمايتتى . بايراقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ سەپنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان سالاۋات يوغان - يوغان چامدايتتى .
— ھازىر ئىختىيارىي ھەرىكەت . يەنە يېرىم سائەتتىن كېيىن

مۇشۇ يەرگە يىغىلىپ ، پىلان بويىچە پائالىيەتنى باشلايمىز ، تارقىلىڭلار ! — دېدى ئوتتۇرا بويلۇق ، كەڭ گەۋدىلىك ئوقۇتقۇچى پاراسەت . ئوقۇغۇچىلار مەڭزى تولۇپ پىشقان بۇغداينىڭ رەڭگىدەك قىزغۇچ ، چاچلىرى بۇدۇر ، پېشانىسى كەڭ ھەم دوقا ، كۆزلىرىدىن بىر خىل قەتئىيلىك چىقىپ تۇرىدىغان بۇ قارا قاشلىق ئوقۇتقۇچىسىدىن ھەم ئەيمىنەتتى ، ھەم ئۇنى ياخشى كۆرەتتى . ئۇ تازا جىددىيلەشكەن چاغدا ئوڭ قېشىنى لىك - لىك كۆتۈرۈلۈپ ، كۆزىنىڭ قۇيرۇقىنى تاتىلاپ قويىدىغان ئادىتى بار ئىدى . ئاۋازى تولىمۇ جاراڭلىق بولۇپ ، ئادەمگە گۈلدۈرماما گۈلدۈرلىگەندەك تۇيغۇ بېرەتتى . مەيدانغا چۈشۈپ پۇتبول ئوينايدىغان بولسا ، قۇيۇنغا ئوخشاش يۈگۈرۈپ ، ئادەملەرنى جىددىيلەشتۈرۈۋېتەتتى . مەكتەپ ئىچىدە ئۇنى ئوقۇغۇچىلارلا ئەمەس ، يەنە ئوقۇتقۇچىلارمۇ ھۆرمەتلەيتتى .

سالاۋات بىرقانچە ساۋاقداشلىرى بىلەن مۆكىمۆكىلەڭ ئوينىدى . مۆكىدىغان يەر تاپالماي تازا جىددىيلىشىپ تۇرغاندا بىردىنلا خىيالىغا دەرەخ ئۈستىگە مۆكۈش كېلىپ قالدى . ئۇ ئويلىنىپ تۇرمايلا ئالدىدىكى قېيىن دەرىخىنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالدى . قېيىنىنىڭ باراقسان ئۆسكەن يوپۇرماقلىرى دالدىسىغا جايلىشىپ مۆكۈنگەندىن كېيىن ، پەسكە يوپۇرماقلار ئارىسىدىن قارىدى . ئۇنى ئىزدىگەن ساۋاقداشلىرى قېيىن ئاستىغا بىرقانچە قېتىم كەلگەن بولسىمۇ ، ئۇنى تاپالمىدى . سالاۋاتنىڭ بىردىنلا كۈلگۈسى كەلدى . ئۆزى ئويلاپ تاپقان ئامالدىن مەست بولۇپ ، لەۋلىرىنى يالاپ قويدى .

كۆپ ئۆتمەستىن ئوقۇغۇچىلارنى يىغقان ئوقۇتقۇچى سالاۋاتنى سورىدى .

— سالاۋات كۆرۈنمەيدىغۇ ؟

— بىز ئۇنىڭ بىلەن مۆكىمۆكىلەڭ ئوينىغانىدۇق . شۇنچە ئىزدەپمۇ ئۇنىڭ نەگە مۆكۈۋالغانلىقىنى تاپالمىدۇق . ئۇ يوقاپ كەتتى ، — دېدى چىرايىدىن ئوماقلىقى چىقىپ تۇرىدىغان بىر

ئوغۇل ئوقۇغۇچى جاۋاب بېرىپ . ئوقۇتقۇچىنىڭ چىرايى بىردىنلا تاتىرىپ كەتتى . ئانچە يىراق بولمىغان يەردە دەريا تۇرسا بۇ قانداق گەپ؟ دېگەنلەرنى ئويلاپ ، توقاي ئىچىنى ئاختۇرۇشقا ئاتلاندى .
قېيىن يوپۇرماقلىرى ئارىسىغا يوشۇرۇنغان سالاۋات شۇنچە ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆزىنى خۇددى قۇش بالىسىنى ئىزدىگەندەك ئىزدەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، قىن ـ قىنىغا پاتماي قالدى . ئۇنىڭ ئەقلى ئىشلىگەندىمۇ شۇنداق ئىشلەپ قالغاندىكى ، ئۇلار قاراڭغۇ چۈشكۈچە ئىزدىسىمۇ ئۇنى تاپالماسلىقى مۇمكىن ئىدى . چۈنكى ، يوپۇرماق قېلىن . ئۇنىڭ ئولتۇرغان ئورنىمۇ ئالاھىدىرەك ئىدى . سالاۋاتنىڭ بەزى چاغلاردا راستىنىلا ئەقلى ئىشلەپ قالاتتى . ئۇنىڭ ئويلاپ تاپقان ئاجايىپ ـ غارايىپ ئويۇنلىرىدىن ساۋاقداشلىرى ھەيران قالاتتى . كېتىۋېتىپ قىزلارنىڭ كەينىگە قەغەزلەرنى يېپىشتۇرۇپ قويىدىغان ، يانچۇقىغا قوڭغۇز ، چېكەتكە دېگەندەك نەرسىلەرنى سېلىپ قويىدىغان ، بەزىدە ھەتتا قىزلارنىڭ چېچىنى بىر ـ بىرىگە تۈيدۈرماي چېتىپ قويىدىغان ئويۇنلارنىڭ كەشپىياتچىسىمۇ سالاۋات ئىدى .
سالاۋات دېمىنى ئىچىگە يۇتقىنىچە تۆۋەنگە قارىدى . ساۋاقداشلىرى توختىماستىن بىر خىل ئەنسىز ئاۋازدا «سالاۋات !» دەپ ۋارقىراپ يۈرەتتى . ئۇ يوشۇرۇنغان قېيىن دەرىخى ئاستىغا كەلگەن پاراسەت مۇئەللىممۇ ئىككى قولىنى كاناي قىلىپ :
— سالاۋات ، سەن قەيەردە؟ تېز قايتىپ كەل . پائالىيەتنى باشلايدىغان ۋاقىت بولدى . بىزنى تولا ئەنسىرەتمە ! — دەپ ۋارقىرىدى . سالاۋات شۇ چاغدىلا قاباھەتلىك چۈشتىن ئويغانغان ئادەمگە ئوخشاش جىددىيلىشىپ كەتتى . ئوقۇتقۇچىنىڭ قېيىن دەرىخى ئاستىدىن كەتمەي تۇرۇۋېلىشى ئۇنى تېخىمۇ ساراسىمىگە سالدى . ئوقۇتقۇچى قېيىن دەرىخى ئاستىدىن كەتكەن بولسا ياخشى بولاتتى . شۇنداق بولغاندىلا ئۇ قېيىن دەرىخىدىن بىمالال چۈشۈپ ، ساۋاقداشلىرىنىڭ سېپىگە قوشۇلۇۋالايتتى . ئەمما ، ئوقۇتقۇچى

قىرىشقاندەك تىخىچىلا قىيىن دەرىخنىڭ ئاستىدا تۇراتتى.
سالاۋات مىدىرلىدى. قىيىن دەرىخنىڭ شاخلىرى پۇلاڭلاپ كەتتى. ئوقۇتقۇچى بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنى كۆرۈپ قالدى.
— زوۋانىڭ تۇتۇلۇپ قالدىمۇ سىنىڭ. شۇنچە ۋارقىرىساق نىمىدەپ مۆرمەيسەن؟! سەن دەرەخ شېخىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ تاماشا كۆر. بىز بولساق بۇ يەردە سىنى ئىزدەپ سەرسان بولايلى! يەنە نىمىگە قاراپ تۇرىسەن هاماقەت، تېز قايتىپ چۈشمەمسەن.
سالاۋاتنىڭ تومشۇقلىرى ئۈمچەرەپ كەتتى. ئۇ قىيىن دەرىخنى قۇچاقلاپ ئاستا سىيرىلىپ يەرگە چۈشۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئاخىرقى قېتىم دەسسىگەن شېخى بەك ئاجىز بولغاچقا سۇنۇپ كېتىپ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئالدىغا دومىلاپ چۈشتى.
ئۇ كۆزىنى ئاچقاندا ئوقۇتقۇچىسى بىلەن ساۋاقداشلىرى بېشىدا قاراپ تۇراتتى. ئوقۇتقۇچى ئۇنىڭغا قاراپ كۈلدى.
— بىزنى بەك قورقۇتۇۋەتتىڭ شاكىچىك. بىر يەرلىرىڭ ئاغرىۋاتامدۇ؟ — دەپ سورىدى مېھرىبانلىق بىلەن قولىنى ئۇنىڭ پېشانىسىگە قويۇپ. سالاۋات بىردىنلا ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى...
بۇ ئىش ئۇ ئۈچىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتقاندا يۈز بەرگەنىدى. بىر چاغلاردا كۆزىدىن ياشلىق شىجائىتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ئاشۇ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ مانا ئەمدى يۈزلىرىگە قورۇق چۈشۈپ، چاچلىرى ئاپئاق ئاقىرىپ كەتتى. رەھىمسىز يىللار ئۇنىڭ ئەڭ قىممەتلىك نەرسىلىرىنى ئوغرىلاپ كەتكەنىدى.
سالاۋات كۆزىنى يۇمدى. ئۇنىڭ كۆڭلى خۇددى ئاشۇ غەمسىز چاغلىرىغا قايتقاندەك تىپچەكلەپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنى قانچە ئەيىبلىگەنسىرى كۆز ئالدىدا پاراسەت مۇئەللىمنىڭ سىيماسى شۇنچە روشەن گەۋدىلىنەتتى. بۇ ئوبراز كاللىسىدا بارغانسىرى زورىيىپ، ئۇنى باغرىغا بېسىۋاتقاندەك، ئالقىنى بىلەن يۈز - كۆزلىرىنى سىلاۋاتقاندەك بىلىنەتتى. ئاشۇ هېچنىمىگە ئوخشاتقىلى بولمايدىغان ئۇلۇغ ئادەمنىڭ ئۆزىدىن كۈتكەن ئارزۇ - ئارمانلىرى بەربات

بولۇپ ، بارغانسېرى غۇۋالىشىپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ ، ئۇ يەنىلا سالاۋاتنىڭ يېنىدا تۇرغاندەك ، قولىقىغا پىچىرلاپ «ياخشى ئوقۇپ ، ياخشى ئادەم بولغىن سالاۋات !» دەۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى .

سالاۋات خورسىندى . يىغىنە سانجىغاندەك ئېچىشىۋاتقان يۈرىكىنىڭ ئاغرىقىغا بەرداشلىق بېرەلمەي ئىڭراپ كەتتى . بۇ هال تەلەي بىلەن ئىككىسى قوغلاشقان يەرگە كەلگەندە تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى . مانا بۇ ئورمانلىق ئاشۇ بىغۇبار شادلىقنىڭ گۇۋاهچىسى . بۇ يەردە ئىككىسى كۈلۈشكەن ، بىر - بىرىنى قوغلاپ ئورمانلىقنى بېشىغا كىيىشكەن . دۇنيانىڭ گۈزەللىكىنى چىن قەلبىدىن هېس قىلىشقان .

شۇ ئىشلار سالاۋاتنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىشى بىلەن ئۇنىڭغا ، يۈرىكىنى لەختە - لەختە قان قىلىۋاتقان دەهشەتلىك ئىشلار پەقەتلا يۈز بېرىپ باقمىغاندەك ، سۇرلۇك چىرايلار كەينىگە چۇشۇپ ئۆزىنى قوغلاپ يۈرمىگەندەك ، هەممە نەرسە شۇ بۇرۇنقىدەك گۈزەل هەم سۆيۈملۈك ، قايناق هايات هېلىمۇ باغرىنى كەڭ ئېچىپ ئۆزىنى چاقىرىۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى . ئۇلار شۇ كۈنى توقايلىقنى لەرزىگە سېلىپ كۈلۈشكەن ، ئۆزئارا گىرە سېلىپ تولىمۇ تاتلىق پىچىرلاشقانىدى . بۇلارنىڭ هەممىسى يۈرەكنى هاياجانغا سالىدىغان ، هېچقانداق خەتىرى يوق خۇشاللىقلار ئىدى .

مانا بۇ تەلەي بىلەن توي قىلىشقا بىر هەپتە قالغاندا كېلىپ هاياتنىڭ پەيزىنى سۈرگەن توقايلىق . ئۇ چاغدا ئۇنىڭ يېنىدا پەقەت تەلەيلا بار ئىدى . سالاۋات تىل بىلەن ئىپادىلەش قىيىن بولغان بىر خىل هېسسىيات ئىچىدە تەلەينى باغرىغا بېسىپ ، ئاچ كۆزلۈك بىلەن سۆيگەن . تەلەيمۇ ئەندىشە ئىچىدە ۋۇجۇدىنىڭ غال - غال تىترەۋاتقانلىقىغا قارىماي ئۇنىڭ باغرىغا مەهكەم يېپىشقان . هەر ئىككىسى هوشسىزلاندۇرۇش دورىسى ئىچكەندەك مۇهەببەتنىڭ كۈچىدىن مەست بولۇپ ، بىر - بىرىگە هەشقىپىچەكتەك يۆگىشىپ كەتكەن...

سالاۋات كۆزىدىن ئىختىيارسىز ئېتىلىپ چىققان ياشنى

سۇرتتى . ئاندىن ئەتراپقا ئەنسىزلىك ئىچىدە قاراپ قويۇپ ، ئىغىرلىشىپ كەتكەن ئاياغلىرىنى تەستە يۆتكىدى . ئۇنىڭغا تولىمۇ يىراقتا قالغان كۆچۈللۈك چاغلارنى ئەسلەش تولىمۇ ئىغىر كەلگەندى .

## 19

كۇنلەر ئالدىرىماي ، ئىغىر ـ بىسىق ھەم سۆرەلمىلىك بىلەن ئۆتۈۋاتقاندەك قىلاتتى . ئانا ھەر كۇنى سىقىلىش ئىچىدە كۇنلەرنى ناھايىتىمۇ تەستە ئۆتكۈزۈۋاتاتتى . ئۇنىڭ ئەمدى دۇنيادا بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەر بىلەن ، مەھەللىدىكى يىڭىلىقلار بىلەن كارى يوق ئىدى . ئولتۇرسا ـ قوپسا ئەس ـ يادى بالىسىدا بولۇپ ، «ئۇ ھازىر نەدىدۇر ، نىمە كۇنلەرنى كۆرۈۋاتقاندۇ» دىگەنلەرنى ئويلايتتى . سالاۋاتنىڭ چىرايىدا قان يوق مۆكۈنۈپ يۇرگەنلىكىنى كۆز ئالدىغا كەلتۇرۇپ «ئەبلەخلەر بالامنى تۇگەشتۇرۇۋىتىدىغان بولدى» دەپ نىدا قىلاتتى . ئۆزىنىڭ كىملەرنى تىللاپ ، كىملەردىن ئاغرىنىۋاتقانلىقىنى ئىنىق ھىس قىلالمىسىمۇ ، شۇنداق دەيتتى . ئاندا ـ ساندا كۆچۈل سوراپ كىرگەن قولۇم ـ قوشنىلارغىمۇ شۇنداق دەيتتى . ئۇنىڭ نەزىرىدە بىرى ئوغلىغا زىيانكەشلىك قىلغان . شۇنداق بولمىسا ئوغلى ھەرگىزمۇ تاپتىن چىقىپ ، مۇنداق قورقۇنچلۇق ئىشلارنى قىلىپ يۇرمىگەن بولاتتى . ئۇرۇق ـ تۇغقان ، قولۇم ـ قوشنىلار پاتەمخاننىڭ بىكاردىن ـ بىكار ئاغرىنىپ يۇرۇشىنىڭ ئۇنىڭغا قىلچىمۇ پايدىسى يوقلۇقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ ، پەقەت ئۇنىڭ ھالىغا ئىچىنىش بىلەنلا چەكلىنەتتى . بۇ ئاق كۆچۈل ئايالنىڭ كۇنلەرنىڭ بىرىدە نىرۋىسىدىن ئادىشىپ ، سۆزلەپ قىلىشىدىن ئەنسىرەيتتى .

ئانا ھويلىغا بىرقانچە قىتىم چىقىپ كىردى . نىمىدۇر بىر نەرسىنى تاپالمايۋاتقاندەك پىرقىراپ يۇردى . كىچە ياغقان يامغۇر بىلەن نەمدەلگەن يەر ئەينەكتەك پارقىراپ تۇراتتى . ئانا ئىغىر

خورسىنىپ قويغاندىن كېيىن ، ساندۇقنى ئاختۇرۇشقا كىرىشتى . ئېرى تۇنۇگۈن سەھەر چىقىپ كەتكەن پېتى قايتىپ كەلمىدى . ئۇنىڭ نەگە بېرىپ ، نەدە قونۇپ قالغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى . مۇشۇ كۈنلەردە ئۇنىڭغىمۇ ئاسان ئەمەس . گەپ ـ سۆزلىرىمۇ بۇرۇنقىدىن ئازلاپ كەتتى . توساتتىن كەلگەن ئېغىر زەربە ئۇنى گاڭگىرىتىپ قويدى . ھېچكىمنى ئۆزىگە تەڭ قىلماي ، مەيدىسىنى كېرىپ يۈرگەن بۇ ئادەم ھازىر سىرتتىن كەلگەن مۇساپىردىنمۇ بەتتەر ھالغا چۈشۈپ قالدى . جىنايەتنى گويا ئۆزى ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك ئەندىشە ئىچىدە تىمىسقىلىغىنى تىمىسقىلىغان .

ئانا ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆزىدىكى ياشنى سۈرتتى . ئۇ ئەسلىدە ساندۇقتىن سالاۋاتقا مۇناسىۋەتلىك نەرسىنى ئىزدىگەنىدى . ئەمما ، خىيالى رېئاللىقتىن ھالقىپ كەتكەچكە ، تۇرۇپلا ئېرىنىڭ غېمىنى يېيىشكە باشلىدى . ۋاققاسىنىڭ بۇرۇنقى چاقناپ تۇرىدىغان كۆزى ئەمدى بولسا كۆيۈپ تۈگەي دەپ قالغان شامغا ئوخشاش پىلدىرلاپ قالغانىدى . دائىم دېگۈدەك مەزمۇت تۇرىدىغان گەۋدىسى ئېگىلىپ ، چاچلىرىمۇ پۈتۈنلەي ئاقىرىپ كەتتى . يول ماڭسا دېمى قىسقانىنى ئاز دەپ ، پۇت ـ قوللىرى تىترەپ كېتەتتى . بىر چاغلاردا قىپقىزىل تۇرىدىغان ئىككى مەڭزى تاتىرىپ ، ياداڭغۇ ھەم ھارغىن كۆرۈنەتتى . ئۇنىڭ تۇرمۇشىدىكى خاتىرجەملىك ئۈزۈل ـ كېسىل بەربات بولغان بولۇپ ، قولىدىكى مال ـ دۇنياسى ئەمدى ئۇنىڭغا كۈچ ـ قۇۋۋەت بېغىشلاشتىن قالغانىدى . ئۇ ناھايىتى تېزلا جىسمانىي ھەم روھىي جەھەتتىن تۈگىشىپ كېتىۋاتاتتى . دائىم دېگۈدەك گاراڭ ھەم خارامۇش يۈرەتتى . ئادەملەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ، پىنھان يەرلەردە سائەتلەپ خىيال سۈرەتتى . «مەن نېمە بولدۇم؟ ماڭا خۇدايىم نېمە ئۈچۈن بۇنداق ئاپەتلەرنى ، تارتقۇلۇقلارنى بېرىدىغاندۇ؟ ئەمدى قانداق قىلارمەن؟ بۇ ھەسرەتلەرنى كۆتۈرۈپ نەلەردىمۇ يۈرەرمەن؟» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ ، ئۈن ـ تىنسىز ياش تۆكەتتى . ھەددىدىن زىيادە قايغۇ ـ ئەلەم ئۇنى تېزلىكتە كاردىن چىقىرىۋاتاتتى...

دەرۋازا ئېچىلىپ هويلىغا ئىككى ئادەم كىرىپ كەلدى . ئۇلارنىڭ بىرى ئېگىز ، ئاق سېرىق كەلگەن ، يەنە بىرى زىلۋا ، تۇرقىدىن چاققانلىقى چىقىپ تۇرىدىغان يىگىتلەر ئىدى . ئۇلار هويلىغا كىرگەندىن كېيىن بىر - بىرىگە كۆز ئۇرۇشتۇرۇپ ئىشىككە قاراپ ماڭدى . ئۇلارنىڭ تۇرقىدىن قاتتىق ئوڭايسىزلىنىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى .

ئۇلار ئۆيگە كىرگەندە ئانا يەنىلا ساندۇق ئاختۇرۇش بىلەن ئاۋارە ئىدى . ئۇ ئۆيگە كىرگەنلەرنى تۇيمىغاندەك ساندۇق ئاختۇرۇشنى داۋاملاشتۇرىۋەردى . ئۇنىڭ پۈتۈن ئەپتىدىن هارغىنلىق بىلەن تەرسالىق چىقىپ تۇراتتى .

ئارمان بۇ ئۆيگە ئەزەلدىن كېلىپ باقمىغاندەك ئەتراپقا قاراپ چىقتى . ئاندىن كېيىن قەددىنى رۇسلاپ كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىنى ، كاستۇمىنىڭ پېشىنى ئوڭلاپ قويدى . قارا تۈك باسقان قولى بىلەن ئېڭىكىنى سىلاپ ، كۆزىنى ساندۇق بىلەن هەپىلىشىۋاتقان ئانىغا تىكتى . ئۇنىڭ تۇرقىدىن بىر خىل خەيرخاھلىق ، تىل بىلەن ئىپادىلەپ بولماس ئېچىنىش تۇيغۇسى چىقىپ تۇراتتى . ئۇ كەينى - كەينىدىن بىرقانچىنى يۆتىلىپ قويدى . ئانا بېشىنى كۆتۈرۈپ بۇ چاقىرىلمىغان مېهمانلارغا بىرپەس قارىدى . ئۇنىڭ بۇ خىل قارىشىدىن هەيرانلىق هەم ئەجەبلىنىش چىقىپ تۇراتتى .

— ئانا ، بىز سىزنى يوقلاپ كەلدۇق ، — دېدى ئۇزۇنتۇرا يىگىت قولىدىكى سوۋغات سېلىنغان خالتىنى سۇپىنىڭ چېتىگە قويۇپ ، — ئىشىكىڭىزغا دەخلى قىلىپ قويدۇق . ئالدىڭىزدا تولىمۇ خىجىلمىز .

ئانا ساندۇقنى يېپىپ ئورنىدىن تۇردى . ئاندىن ئوڭايسىزلانغان هالدا :

— هېچقىسى يوق ، بالىلىرىم ، — دېدى . ئانا زىلۋا بويلۇق يىگىتنى بىر يەردە كۆرگەندەك قىلدى . تازا زەن سېلىپ قاراپمۇ نەدە كۆرگەنلىكىنى ئېنىق ئېسىگە ئالالمىدى . ئېسىگە ئالالمىغانسېرى يوقلاڭ خىياللار چىرمىۋېلىپ بىئارام بولدى .

بەلكىم ئۇنى كۆرگەندۇ ياكى كۆرمىگەندۇ ، ياكى بولمىسا كۆرگەن شۇنچە نۇرغۇن ئادەملەر ئىچىدىكى بىرىدۇ .

— ئانا ، مەن ئارمان . سالاۋاتنىڭ دوستى . قولىڭىزدىن تالاي قېتىم تۇز - تەم تېتىغان . ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ ؟ — دېدى ئانىنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىۋالغاندەكلا زىلۋا بويلۇق يىگىت كۇلۇمسىرەپ . ئانا پېشانىسىگە ئۇردى :

— ئېسىم قۇرۇسۇن بالىلىرىم ، كاللام بىر يەردە ئەمەس بولغاچقا پەقەتلا تونۇماپتىمەن . ئالدىڭلاردا تولىمۇ خىجىلمەن ، — ئانىنىڭ كۆڭۈل كۆيلىرى داۋالغۇپ كەتتى . ئوغلىنىڭ ئەڭ يېقىن ئاغىنىسىنى كۆرگەندە خۇددى ئوغلىنى كۆرگەندەك بولۇپ پايپاسلاپ كەتتى . كەلگەنلەر نۇرغۇن ئۆزرىخاھلىق قويۇپ ، ئۇنى داستىخان سېلىشتىن ئاران توسۇپ قالدى . شۇنداقتىمۇ ئانا ئۇلارنىڭ ئالدىغا بىر چىنىدىن قېتىق قويدى .

— ئالدىڭىزدا تولىمۇ خىجىلمىز ، ئانا . شۇنچە ئىشلار بولۇپ كېتىپتۇ . ئالدىڭىزغا كېلىپ ئەھۋال سورايدىغان يولىمىز بار ئىدى . ئەپسۇس ، ۋاقتىدا كېلەلمىدۇق . بىزنى كەچۈرۈڭ .

ئارمان سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە قولىنى تىزى ئۇستىگە قويۇپ يۆتەلدى . ئانا بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ جىددىيلىك چىقىپ تۇرغان يۈزىگە يەر ئاستىدىن قاراپ قويدى . ئارمان يۆتىلىنى زورىغا توختىتىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، — كۆڭلىمىزگە ئايان ، بۇ ئىش ۋاققاس ئاكا بىلەن ئىككىڭلارغا ئېغىر كەلدى . كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز دەرد - ئەلەملەرگە مۇپتىلا قىلدى . سىلەر ھازىر تەسەللىگە ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ بەكرەك موھتاج . بۇ ئىشلاردىن بىزمۇ بەك ئېچىندۇق . قانداق قىلىمىز تەقدىرنىڭ مانا مۇشۇنداق قىسمەتلىرىگە . غەيرەت قىلىڭلار ، بۇ ئىشلارمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ .

ئانىنىڭ لەۋلىرى تىترەپ كەتتى . ئىچ - ئىچىدىن چىققان پىغاندىن يۈرىكى لەختە - لەختە قانغا تولدى . ئوغلىنىڭ ئاغىنىلىرى دوستلۇقنى يەتكۈزۈۋاتاتتى . ئۇلارنىڭ چىن كۆڭلىدىن

چىقىرىپ ئېيتقان سۆزلىرى ئۇنىڭ كۆڭۈل كۈيلىرىنى داۋالغۇتۇپ، ئېچىشقان يەرلىرىگە مەلھەم بولدى. شۇ تاپتا يىغلىسا، دەرد ـ ئەلەملىرىنى تۆكۈپ ئىچىنى بوشىتىۋالسا يېنىكلەپ قالاتتى. چۈنكى ئوغلىنىڭ دوستلىرى ئۇنىڭغا تەسەللى بېرەلەيدۇ. ئەڭ ياخشى سۆزلەرنى ئېيتىپ، كۆڭلىدىكى قايغۇ تۇمانلىرىنى ھەيدىۋېتەلەيدۇ.

ئانا يىغلىمىدى. نېمە ئۈچۈندۇر ئىچىدىن ئۆرلەپ چىققان يىغانلىرى يىتىراپ كەتتى. ئۇ باللارنىڭ ياخشى نىيەتلىرىگە پەقەت ئۆز رەھمىتىنى بىلدۈرۈش بىلەن كۇپايىلەندى.

— ئارمان توغرا دەيدۇ، چوڭ ئانا، — دېدى ئۆزىنى باسىت دەپ تونۇشتۇرغان ئېگىز يىگىت گەپكە ئارىلىشىپ، — سىلەرگە ھازىر ھەممىدىن مۇھىمى سالامەتلىك. قاتتىق ھەسرەت چېكىش سالامەتلىككە زىيانلىق. سىلەر ئەمدى سالاۋات ئۈچۈن بولسىمۇ سالامەتلىكىڭلارنى ئاسرىماسىڭلار بولمايدۇ. سالاۋاتنىڭ ئىشىغا كەلسەك، ئەلۋەتتە بۇ ئىش ھەركىم ئۆزىلا بىر تەرەپ قىلىۋېتەلەيدىغان ئىش ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر سىلەرلا ئەمەس، سالاۋاتمۇ ياردەمگە موھتاج.

ئۇ سۆزىنى توختىتىپ ئانىغا ئويچان كۆزلىرى بىلەن تىكىلدى. ئۇنىڭ كۆزىگە ئانا ھاياجانلىنىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇ بىرپەس تۇرۇۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — گەپنىڭ راستىنى ئېيتساق، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى سالاۋاتنىڭ دېرىكىنى قىلىمىز دەپ بۇياقلارغا ئۆتەلمىدۇق. ھەممە تىرىشچانلىقلىرىمىز بىكارغا كەتتى. ھەرقانچە قىلساقمۇ ئۇنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى ئالالمىدۇق. بۇنىڭ بىلەن بىزمۇ ئۇنىڭغا ياردەم قىلىشقا ئامالسىز قالدۇق.

باسىت بېشىنى كۆتۈرۈپ ئانىغا قارىدى. ئانىنىڭ كۆزىدىن ھارغىنلىق چىقىپ تۇراتتى. ئارمان بولسا بىر خىل رازىمەنلىك تۇيغۇسى ئىچىدە قاراپ تۇراتتى. ئانا نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي بىرھازا تۇرۇپ كەتتى. شۇئان ئارمان ئۇنى قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇردى.

— سىزمۇ بىلىسىز ، ئانا ، سالاۋات شۇ تاپتا بىزنىڭ ياردىمىمىزگە موھتاج . مۇشۇنداق ۋاقىتتا ياردەم قولىنى سۇنمىغان دوستنى ئۇ ھەرگىز كەچۈرمەيدۇ . شۇڭا ، بىز بۈگۈن سىزدىن ياردەم سوراپ كەلدۇق .

ئانىنىڭ چىرايىدىكى غەمكىنلىك يوقاپ ، ئۇنىڭ ئورنىنى بىر خىل ھەيرانلىق ئىگىلىدى . ئۇنىڭ ئارمانغا تىكىلگەن كۆزىدىن : «بۇ نېمە دېگىنىڭلار بالام ، مېنىڭ قولۇمدىنلا كېلىدىغان ئىش بولسا ياردەم سىلەردىن ئايلانسۇن» دېگەن مەنە چىقىپ تۇراتتى . ئارمان بۇنى دەرھال ھېس قىلىپ يەتتى .

— دېمەكچىمەنكى ، بىزنى سالاۋات بىلەن كۆرۈشتۈرگەن بولسىڭىز ، قانچە تېز بولسا شۇنچە ياخشى .

— نېمە دېسەم بولار جېنىم باللىرىم ، سىلەرنى شۇ تاپتا ئوغلۇم بىلەن كۆرۈشتۈرگەن بولسام مېنىڭ بېشىممۇ ئاسمانغا تاقاشقان بولاتتى . مەن مەقسىتىڭلارنى چۈشەندىم . سىلەر مېنى سالاۋاتنىڭ يوشۇرۇنغان يېرىنى بىلىدۇ دەپ ئىزدەپ كەلدىڭلار . ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنىڭغا ياردەم بەرمەكچى بولۇۋاتىسىلەر . ياخشى نىيىتىڭلارغا كۆپ رەھمەت . ئەپسۇس ، ھازىر مەن ئۇنىڭ نەلەرگە يوشۇرۇنۇپ ، نەلەردە يۈرۈۋاتقانلىقىنى بىلمەيمەن . كېچە - كۈندۈز ئويلايدىغىنىم ئۇنى بىر كۆرۈش . قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەم بېرىش . ئەمما ، ھازىرغىچە بۇنداق تەلەي ماڭا نېسىپ بولمىدى ، — ئانا خىجىللىق ئىچىدە قىزىرىپ كەتتى .

باللارنىڭ تەلىپىنى قاندۇرالمىغانلىقىدىن ئۆكۈنۈپ ، ئۆزىگە ئۆزى كايىپ كەتتى . ئەگەر سالاۋاتنىڭ نەگە يوشۇرۇنغانلىقىنى بىلگەن بولسا ئۇلارغا ئىككىلەنمەي دەپ بەرگەن بولاتتى . چۈنكى ، ئۇلار ئوغلىغا ياردەم بەرمەكچى . مەيلى قانداق ئىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، ئۇلار دېگەن سالاۋاتنىڭ جانجىگەر ئاغىنىلىرى . ئۇلارنىڭ ياردىمى چوقۇم ئۇنداق - مۇنداق ياردەم ئەمەس ، بەلكى ئوغلىنىڭ خەتەردىن قۇتۇلۇشىغا يول كۆرسىتەلەيدىغان قالتىس ياردەم .

— كۆڭلىڭىزنى چۈشىنىپ تۇرىمىز . بۇنداق ۋاقىتتا قاتتىق ئېھتىيات قىلمىسا بولمايدۇ . ھازىرقى ئادەملەرنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ . ئەمما ، بىز بۇنىڭ سىرتىدا . بىزنىڭ سالاۋات بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىزنى سىزمۇ بىلىسىز . شۇڭا ، سالاۋاتنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈن چۈشكەن مۇشۇنداق ۋاقىتتا سىز ماڭا يۈزدەيۈز ئىشەنسىڭىز بولىدۇ .

ئانا ئارماننىڭ ئىشەنمەيۋاتقانلىقىنى سەزدى . ئۇ سالاۋاتنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى ، يوشۇرۇنغان يېرىنى بىلىپ تۇرۇپ ، ئېيتىپ بېرىشنى خالىمايۋاتىدۇ ، دەپ ئويلاپ قالدى . ئانا ئۇنىڭغا ئەمەلىيەتتە يۈرەك سۆزىنى قىلدى . ئەگەردە راستىنلا بىلىدىغان بولسا چوقۇم ئېيتىپ بەرگەن بولاتتى .

— جېنىم بالىلىرىم ، سىلەرنى كۆرۈپ يۈرەك پارەم سالاۋاتنى كۆرگەندەك بولدۇم . سىلەرگە ئىشەنمەسلىككە ھەددىممۇ ؟ ئۇ تاكى ھازىرغىچە بىز بىلەن ئالاقىلىشىپ باقمىدى ، نەچچە كۈندىن بېرى دادىسىمۇ ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي ئۇنى تاغۇتاشتىن ئىزدەپ يۈرىدۇ . سىلەر ياشلار دوستلۇقنى ھەممىدىن بەكرەك قەدىرلەيسىلەر ، ئەگەر شۇنداق بىر كۈنلەر كېلىپ قالغۇدەك بولسا ، سالاۋاتتىن ياردىمىڭلارنى ئايىماڭلار . ئۇ ياخشىلىقىڭلارنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايدۇ .

ئارمان يېلىنىش نەزىرى بىلەن ئانىغا قارىدى . ئۇنىڭ تۇرقىدىن ئادەمنىڭ ئىچىنى ئاغرىتقۇدەك ئىلتىجا چىقىپ تۇراتتى . ئۇ ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلگەندە ئانا ئۇنى يەرگە تىزلىنىپ ، يالۋۇرامدىكىن دەپ قالدى . ئۇلار ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا ماڭدى . ئانا ئۇلارنىڭ قەدەم تاشلىشىغا قۇلاق سالغاچ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىۋاتقان نەرسە ئۈستىدە ئويلىنىپ قالدى .

سالاۋاتنىڭ ئاغىنىلىرى كەتتى . ئانا شەھەردىكى قايسىبىر ئورۇندا ئىشلەيدىغان ئارماننى ياخشى بىلەتتى . بىر توپ ياشلار ئۆينى بېشىغا كىيىپ ، شادلىق ئىچىدە قىن ـ قىنىغا پاتماي قالغان كۈنى سالاۋات ئۇنى ئانىسىغا ماختاپ بەرگەنىدى .

ئـانا ئالدىراپ قالدى . سالاۋاتنىڭ دوستلىرىنىڭ كېلىپ ـ كـېـتـىـشـى ئـۈنـىـڭ يـېـلىنجاپ تۇرغان جاسارىتىنى گۈلخانغا ئـايـلاندۇرۇۋەتتى . بىر ئانا ئۇچۇن قاچقۇنلۇق ھاياتنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقان بالىسىنىڭ ئەھۋالىنى بىلمەسلىك نېمىدىن دېرەك بـېـرىدۇ ؟ يىگىتلەرنىڭ ئىشەنمەسلىك نەزىرى بىلەن قارىغانلىقى ھەرگىز خاتا ئەمەس . چۈنكى ، ئۇلار ئانىنىڭ قەلبىنى چۈشىنىدۇ . شۇڭا ، ئانا كىشىلەر قەلبىدە ئۇلۇغ ئىنسان .

پـاتەمخاننىڭ كۆزىگە سالاۋات مۇشۇ يېقىن ئەتراپتا مۆكۈپ يـۈرۈۋاتـقـانـدەك كۆرۈنۈپ كەتتى . ئۇ ئۇمىدكە تولغان كۆزىنى مەھەللىگە تىكىپ ، ئانىسىنى كۈتمەكتە...

پـاتـەمخان بېشىغا ياغلىقىنى چىگىپ ، بوسۇغىدىن ئاتلىغان ۋاقىتتىن ئەھۋال سوراشقىمۇ ئۈلگۈرمەي ئۆيدىن چىقتى .

بۈگۈن ھاۋا ئوچۇق بولسىمۇ ، ئەمما ئاپتاپنىڭ ئانچە بەك تاۋى يوقتەك قىلاتتى . غەرب ـ جەنۇب تەرەپتىن سوقۇپ تۇرغان سالقىن شـامـالـنـىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك ، قۇياش يەر ـ زېمىننى ئىللىتالماي روھسىز كۆرۈنەتتى . يۇمران ئوت ـ چۆپلەر ، ھارارەت قالمىغان قۇياشنى زاڭلىق قىلىۋاتقاندەك توختىماستىن ئىككى ياققا ئىرغاڭلايتتى . پايانسىز بوشلۇقتا ئېسىلىپ تۇرغان قۇياش ئېغىر نەپەس ئېلىۋاتقاندەك بىلىنەتتى .

ئانا كېتىۋېتىپ يولنىڭ چېتىدىكى كۆچەتلىككە قاراپ قويدى . قۇياش نۇرىدا قەددىنى رۇسلاپ تۇرغان يۇمران نوتىلار ھۇرۇنلۇق بـىلەن تەۋرىنىپ تۇراتتى . يازمۇ تۈگىدى . ئېگىزلىقتا ئايلانغان ئـېـتىزلار ئۆگدەۋاتقاندەك بىر خىل ھالەتـتە قارىيـىپ ، كۆزگە تاشلىـناتتى . ۋاقـىت دېـگەن ئەنە شۇنـداق . باغلاپ قويساڭـمۇ ئۆتكىنى ئۆتكەن . ئۇ ھەرگىزمۇ سېنىڭ ئىرادەڭگە باقمايدۇ .

كېچە ياغقان يامغۇر تەسىرىدىن توپىلىق يوللار چىڭدالغان . بەزى يەرلەرگە يىغىلغان يامغۇر سۈيىدىن كۆلچەكلەر ھاسىل بولغان بولۇپ ، پۈتكۈل ئەتراپ تىمتاس ئىدى .

ئانا ساپ ھاۋادىن قانغۇچە نەپەس ئالدى . بۈگۈن ئۇنىڭ روھى

كۆتۈرەڭگۈ ئىدى. ئازراقمۇ هارغىنلىق هېس قىلمايتتى. خۇددى ياش قىزلاردەك قەدەم تاشلاپ ئالدىغا قاراپ ماڭاتتى. چۈنكى، ئۇنى ئالدىدا، ئاشۇ توقايلىقتا بالىسى كۈتمەكتە. بەلكىم، ئۇلار بۈگۈن تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. چۈنكى، ئانىنىڭ تۈيغۇسى شۇنداق. بۇ خىل تۈيغۇ ئۇنى ئەزەلدىن ئالداپ باقمىغان.

ئانا چۆچۈپ كەتتى. قاياقتىندۇر قېچىپ چىققان بىر توشقان يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا چىقىپ، بىرپەس تۇرغاندىن كېيىن يۈگۈرگىنىچە ئورمانلىقنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

ئانا توشقاننى ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ قورقۇنچاقلىقىنى ئەمەس، بەلكى سەزگۈرلۈكىنى، ئەقىللىقلىقىنى ياخشى كۆرەتتى. «توشقان جېنىدا ئۆزىنىڭ ئۇۋىسى ئەتراپىدىكى چۆپنى يېمەيدۇ» دېگەن تەمسىل قۇلىقىغا ئورۇنلىشىپ كەتكەچكە، بەزىدە تېخى ئۇنىڭ پاراسىتىگە قولمۇ قوياتتى. ئۇنىڭ ئادەمنى جەلپ قىلىدىغان، بولۇپمۇ ئوخشاش سۈپسۈزۈك بىر جۈپ كۆزى ئانىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ گۈزەللىكنىڭ سىمۋولى ئىدى.

ئانا يەڭگىل دەسسەپ توشقان ماڭغان يول بىلەن توقايلىققا كىردى. ئاندىن ئەتراپقا سەگەكلىك بىلەن كۆز يۈگۈرتتى.

يامغۇر سۈيى بىلەن يۇيۇپ تازىلانغان دەل - دەرەخلەر تولىمۇ سۆيۈملۈك كۆرۈنەتتى. ئارىلاپ - ئارىلاپ ئۇچراپ قالىدىغان ئاق قېيىنلار گويا گۈللۈك خالات كىيىۋالغاندەك ئادەمنىڭ زوقىنى كەلتۈرۈپ، كۆڭلىدە ئاللىقانداق تۈيغۇلارنى پەيدا قىلاتتى.

ئانا توختىدى. ئالدى تەرەپتە بىرى پەس ئاۋازدا «ئانا» دېگەندەك قىلدى. ئانا شۇنچە تىڭشاپمۇ بۇنىڭ تۈيغۇ ياكى راست ئاۋاز ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدى. كەينىدىنلا ئاتلارنىڭ پۇشقۇرغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ياندىق ئات قوشۇلغان هارۋا كۆپ ئۆتمەيلا، ئىككى تەرىپى ئېگىز ئۆسكەن جىغانلىققا كىردى. كەڭرى كەتكەن توقايلىق جىمجىتلىققا چۆككەندى. دائىم سايرايدىغان قۇشلارنىڭ ئاۋازىمۇ بېسىقىپ، ئازراقمۇ غەيرىي ئاۋاز ئاڭلانمايتتى.

يولنى تۈيۈقسىز كېسىپ ئۆتكەن تولكىدىن چۆچۈگەن ئاتلار

قۇلاقلىرىنى يوپۇرۇپ، پۇشقۇرتتى. بوجىنىڭ تارتىلىشى بىلەن هارۋىنىڭ بىر چاقى چۇمۇلە ئۇۋىسىغا كىرىپ قېلىپ هارۋا توختاپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن ئاتلار بىر ئورنىدا تېپىرلاپ كەتتى. توقايلىقنىڭ جىمجىتلىقىنى هارۋىكەشنىڭ «تىرد» دېگەن قوپال ئاۋازى بۇزدى.

— هارۋىنى مۇشۇ يەردە توختىتايلى! — دېدى گەۋدىلىك كەلگەن هارۋىكەش ئۇنلۇك ئاۋازدا. ئانا ئۇلارنىڭ ئوتۇن ئالغىلى كەلگەنلەر ئىكەنلىكىنى بىلدى. تەڭرى ئىلتىپات قىلغان بۇ پايانسىز توقايلىق بۇ يەردىكىلەرگە ساپ هاۋا بىلەن كۆپكۆك ئوت - چۆپ ئاتا قىلىپلا قالماي، يەنە تېخى قالايدىغانغا ئوتۇنمۇ ئاتا قىلغانىدى.

پاتەمخان ئوتۇن ئالغىلى كەلگەنلەرنى كۆرۈپ ئورنىدا داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى. چۈنكى، قېلىن جىغان كەينىدىكىلەر ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ ئىسمىنى چىقىرىپ قالدى.

— سالاۋاتنى هازىرغىچە تۇتالماپتۇ، دەپ ئاڭلىدىم. بۇ راستمۇ؟ — دېدى ئۇلارنىڭ بىرى.

— بۇنىمۇ سوراش كېتەمدۇ. بىزنىڭ بۇ يەردىكى تاغدىن هېلىغۇ بىر ئادەم ئىكەن، ئۇنىڭدىنمۇ جىق ئادەم بولسا تۇتماق ئاسان ئەمەس، — دېدى يەنە بىرى جاۋاب بېرىپ.

— كىم بىلىدۇ، ئۇ هازىر مۇشۇ توقايلىقتىمۇ؟ مەن دەيمەن، خۇدايىم تاسادىپىي ئۇنى بىزگە ئۇچرىتىپ قالسا، خەق دەپ يۈرگەن ئەللىك مىڭ يۈەن پۇل قولىمىزغا گاچچىدە تېگەتتى - دە، ئۇنى ئوتتۇرىدىن ئىككىگە بۆلۈپ يېرىمىنى سەن ئالغان، يېرىمىنى مەن ئالغان بولاتتىم. شۇنداق بولۇپ قالسا باشقىلارنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىپ كېتەر هەرقاچان.

— قۇرۇق گەپنى ئاز قىلىپ تېزرەك بول. بەڭگىنىڭ خىيالىنى ئازراق قىل. پۇلنىڭ، كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرسەڭ سالاۋاتتەك ئاقىۋەتكە قالىسەن. قانداق يىگىت ئىدى - هە، قاراپ تۇرۇپ ئۇنىڭ هالىغا ئادەمنىڭ ئىچى ئاغرىيدۇ.

— بىر دەمنىڭ ئىچىدە ئالىيجاناب بولۇۋالغىنىڭنى قارا. قېنى دەپ باقىنا، ئەگەر سالاۋات مۇشۇ توقايلىقتا ئۇچراپ قالسا،

تۇتامسەن ـ تۇتمامسەن ؟
— ئەلـۋەتـتە تۇتىمەن ـ دە ، چۈنكى ئۇ بىگۇناھ ئادەمنى ئـۆلتۈرۈۋەتتى . بۇنداق ئادەملەر سىرتتا قىچىپ يۈرسە باشقىلار قانداقمۇ خاتىرجەم ياشىيالايدۇ .
— ھەببەللى ، بۇ گېپىڭ يارايدۇ . ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا سەنمۇ ئەللىك مىڭ يۈەن پۇلنىڭ ئىگىسى بولىسەن ـ دە ، جۇلىقى چىققان بۇ هارۋاڭنى تاشلاپ ، تراكتوردىن بىرنى ئالىسەن .
— ئەجەب كوتۇلداپ كەتتىڭغۇ ، مېنىڭ ئۇنداق پۇلدىن تەمەيىم يوق . هازىرچە ئۆزۈمنىڭ ئۆزۈمگە يېتىدۇ .
ئۇلارنىڭ پارىڭى ئۈزۈلۈپ قالدى . پاتەمخان خۇدىنى يوقاتقان ئـادەمــدەك نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالدى . قەلبىدە توختىماي كـۆتـۈرۈلـۈۋاتـقـان ئانلىق مېھرى قىساس تۇيغۇسى ئارىلاشقان ئــۇمىدسىزلىككە ئايلىنىپ كەتتى . ئۇنىڭغا ئەمدى ھېچنېمىنىڭ كـېـرىكى قالمىدى . ئۇنىڭ بىر چاغدىكى ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ، تۈزگەن پىلانلىرى بىرلا يۇمىلاپ قورقۇنچلۇق مەخلۇققا ئايلاندى . ۋۇجـۇدىدىكى ئوتلۇق هارارەت سوۋۇپ كەتتى . يۈرىكى چوڭقۇر قايغۇ ـ ھەسرەتكە تولدى . ھەممە نەرسە كۆزىـگە بىردىنـلا سوغۇق ھەم يـىـرگـىـنىشـلـىك كۆرۈنـدى . يۈرىكـىـنى غاجاپ كېتـىـۋاتـقان قايغۇ ـ ئەلەم ئەمـدى تاغدىن چۈشكەن قىيان سۇدەك باستۇرۇپ كـېلىۋاتاتتى . ئانا ئېغىر تىنىدى . پۈكۈلۈپ كېتىۋاتقان قەددىنى ئاران رۇسلاپ ئاستا قەدەم تاشلاپ ، جىمجىت ئورمان ئىچىدە پەقەت ئۇنىڭ ھەسرەت بىلەن ئېغىر تىنىقى ئاڭلىنىپ تۇراتتى . مېڭىسىدە جـاۋابـسـىـز قـېلىۋاتقان ھەددى ـ ھېسابسىز سوئاللار قەلبىنى مۇجۇپ ، ۋۇجۇدىنى گۈلخان كەبى كۆيدۈرەتتى .

## 20

سـالاۋات تـۆپىلىك ئۇستىدىكى قويۇق چاتقاللىقتىن بېشىنى كـۆتـۈرۈپ ، تـوقايلىقنىڭ ئىچىدىكى بوشلۇققا قارىدى . پۈتكۈل تـوقايلىقنى ئوتتۇرىدىن ئىككىگە بۆلۈپ تۇرغان بوشلۇق ئادەمگە

ئورمانلىقتا چىگىپ قويۇلغان بەلۋاغدەك تۇيغۇ بېرەتتى . سالاۋات ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلىۋېتىپ توختاپ قالدى . بوشلۇقتا چىققان بىــر ئايال قاياقتا مېڭىشىنى بىلەلمەيۋاتقاندەك ئۇياق ـ بۇياقتا قارىدى . سالاۋاتنىڭ يۈرىكى پۇلاڭلاپ ، ۋۇجۇدى هاياجاندىن تىترەپ كەتتى . ئۇ ئانىسىنى تونۇدى . ئانا كىمنىدۇر بىرىنى ئىزدەۋاتقاندەك قىلاتتى . سالاۋاتنىڭ ئارزۇسى ئاخىر ئەمەلگە ئاشتى . ئۇ نېمىلا قىلغان بىلەن ئانىسىنى كۆردى . ئەتراپقا بىرپەس قارىغان ئانا يەنە ئورمانلىقتا كىرىپ كەتتى .

«تــېز بول ! نېمىگە هاڭۋېقىپ تۇرىسەن ؟ مىڭ بىر تەستە كەلگەن پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويساڭ ، ئۆمۈر بويى پۇشايماندا قالىسەن » دېگەن بىر سادا قۇلاق تۈۋىدە ياڭراش بىلەن تەڭ سالاۋات ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى . ئۇ ئەمدى ئالدىغا قاراپ ماڭاي دېيىشىگە بوشلۇقتا يەنە بىر ئادەم پەيدا بولدى . سالاۋات هەيران قالدى . ئۇ ئادەم نېمىدۇر بىرنەرسىدىن ئېهتىيات قىلىۋاتقاندەك پۈتىنىڭ ئۇچى بىلەن ئاۋايلاپ دەسسەپ ماڭاتتى . سالاۋات دېمىنى ئىچىگە يۇتقان هالدا مۆككەن يېرىگە چۆكتى .

هايال ئۆتمەي بوشلۇقتا يەنە بىر ئادەم پەيدا بولدى . بۇ ئادەممۇ ئالدىدىكى ئادەمگە ئوخشاش پۈتىنىڭ ئۇچىدا ئاۋايلاپ دەسسەيتتى . سالاۋاتنىڭ ۋۇجۇدى بىردىنلا قوقاستا پۇچۇلانغاندەك كۆيۈپ كەتتى . ئانىسىنى ئاران بىر قېتىم ئۇچراتقاندا نەس باسقاندەك ئادەملەرنىڭ پەيدا بولۇشى ئۇنىڭ زەردىسىنى ئۆرلىتىۋەتتى . ئۇ تېخى بىر قارارغا كەلمەي تۇرۇپلا بوشلۇقتا يەنە بىر ئادەم پەيدا بولدى . سالاۋات ۋارقىرىۋېتىشتىن ئۆزىنى ئارانلا تۇتۇۋالدى . ئۇ دادىسىنى تونۇپ قــالــغانىدى . ئۇلارنىڭ قاتارلاشقان هالدا ئىز بېسىپ مېڭىشى ، ئۇنىڭغا تولىمۇ غەلىتە تۇيۇلۇپ كەتتى . ئويلىغانسېرى كاللىسى ئۇماچ بولۇپ ، هەممە نەرسە ئارىلىشىپ كەتتى . توپان سۈيىدەك باستۇرۇپ كەلگەن پەرىشانلىق بىلەن غەم ـ قايغۇ ئۇنى باشقىلا بىر ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويۇۋاتاتتى . شۇنداق بولغاچقا ئۇ ئۆزىنىڭ

نىمە ئۈچۈن بۇ يەردە ئوغرى مۈشۈكتەك ماراپ تۇرغانلىقىنى چۈشىنەلمىدى. قەلبىدىن چىققان بىر سادا «تېز بول! يوشۇرۇنۇپ تۇرغان ئورنۇڭدىن چىقىپ، ئالدىڭغا قاراپ ماڭ. ئۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى سېنىڭ قېرىنداشلىرىڭ. ئۇلار ساڭا ياردەم قىلسا قىلىدۇكى، ھەرگىز ساتقۇنلۇق قىلمايدۇ. بەلكىم سېنى باغرىغا بېسىپ، خېيىمخەتەردىن ساقلايدۇ. تېز بول ئەخمەق» دەيتتى. شۇنداقتىمۇ سالاۋات يوشۇرۇنغان ئورنىدىن چىقسا بولمايدىغانلىقىنى، مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ يەرگە بېرىپ، ئۇلار بىلەن كۆرۈشسە بولمايدىغانلىقىنى خىرە - شىرە ھېس قىلدى. ئۇنىڭ كاللىسى ئاستا - ئاستا ئەسلىگە كېلىپ، كۆز ئالدىدىكى مەنزىرىلەرمۇ روشەنلەشتى. ئۇ ئاتا - ئانىسى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ئارىسىدىن ئاللىقاچان قاڭقىپ چىقىپ، باشقا بىر دۇنياغا تەۋە بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئويلىغىنىدا، پۈتۈن ۋۇجۇدى ئازابتىن كۆيۈشۈپ كەتتى. ئۇ «ئۇلارنىڭ يېنىغا بارسام بولمايدۇ. مېنىڭ ئەمدى باشقىلارغا ئاۋارىچىلىك تېپىپ بېرىدىغانغا ھەددىم يوق!» دەپ پىچىرلايتتى.

شىمالدىن چىققان سەلكىن شامال يۈزلەرنى سىلاپ ئۆتتى. تۇشمۇتۇشتىن باستۇرۇپ كەلگەن ئاچچىق پىغان دەستىدىن سالاۋاتنىڭ يۈرىكى ئېزىلدى. ئۇنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىش ئالدىدا تۇرغان ئارزۇسى ئويلىمىغان يەردىن بىتچىت بولدى. ئۇ قانداق قىلىشنى، نەگە بېرىشنى بىلمەيتتى. ئۆزىنى بولۇشىغا كاچاتلىسا، ھۆڭگىرەك ئېتىپ يىغلىسا ياخشى بولاتتى. ئەمما، ھالا بۇگۈنگە كەلگەندە يىغىمۇ ئۇنىڭدىن بەزگەندەك قىلاتتى.

ئۇنىڭ خىيال ئېكرانىدا دادىسى يەنە بىر قېتىم پەيدا بولدى. دادا نىمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭغا بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك سۈرلۈك بىلىنىپ كەتتى. «نېمە ئۈچۈن، نېمە ئۈچۈن؟» دېگەن سوئاللار يامغۇردەك يېغىپ، يۈرىكىنى مۈجۈپ ئۆتتى. ئۇ دادىسىنى ياخشى كۆرسىمۇ، بۇ ياخشى كۆرۈشنىڭ زادى قايسى دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى

بىلمەيتتى . گاھىدا چۈشىنىمەنغۇ دەپ ئويلىسىمۇ ، بەزىدە پەقەتلا چۈشەنمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلاتتى . ئۇ نېمىشقىدۇر دادىسى بىلەن ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەقەت يوقاتقىلى بولمايدىغان ئارىلىقنىڭ بارلىقىنى ، بۇ ئارىلىقنىڭ يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تېخىمۇ كېڭىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلەتتى . دادا پەقەت بېقىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان يات بىر ئادەمدەك ، ئەزەلدىن ئۇنىڭ ئىشلىرى بىلەن كارى يوق ئىدى . ئۇنىڭ بالىسى قاتارىدا بوينىغا مىندۈرۈپ ، باشقا بالىلارنىڭ دادىلىرىدەك ئەركىلەتكىنىنى ، ئويناتقىنىنى ، كۆڭۈل بۆلۈپ مېھرىبانلىق قىلغىنىنى بىلمەيتتى . پەقەت ئەتىۋارلىق قۇش بالىسىنى باققاندەك باقسىلا ، ئۈچ ۋاخ تاماق بېرىپ ، يەر دەسسەپ تۇرغىنىنى كۆرسىلا خاتىرجەم بولاتتى . «مەنمۇ ئۆزۈم مۇستەقىل ياشاپ مۇشۇ ھالەتكە كەلگەن . ھېچكىم ماڭا كۆڭۈل بۆلۈپ ، ئىشلىرىمغا ياردەم قىلمىغان . نېمىنى قىلسام بولىدۇ ، نېمىنى قىلسام بولمايدۇ ، بۇ توغرىسىدا ھېچكىم كۆرسەتمە بېرىپ باقمىغان . شۇنداق تۇرۇقلۇق ، مانا مەن ئىگىلىك تىكلەپ ، ھەممە ئادەمنىڭ نەزىرىدىكى قالتىس ئادەم بولۇپ چىقتىمغۇ ؟ بۇ دۇنيادا ھېچكىم ھېچكىمگە باقمەندە بولغان ئەمەس . ئەڭ ياخشىسى ئۆزىنىڭ يولىنى ئۆزى تېپىپ ماڭسۇن » دەيتتى خۇددى مۇشۇ بىر سۆزنىلا يادلىۋالغاندەك .

سالاۋاتقا دادىسى باشقىلارنىڭ ئىشىغا پەقەتلا كۆڭۈل بۆلمەيۋاتقاندەك ، ئۆزىنىڭ ئىشىغىلا كۆڭۈل بۆلۈپ ، ئۆزىنىڭ سۆزىنىلا راست قىلىدىغاندەك تۇيۇلاتتى . سالاۋاتنىڭ كۈنلىرى ئەنە شۇنداق ئۆتتى . ھەرقانداق ئىشقا يولۇققاندا ھەل قىلىش چارىسىنى ئۆزى ئىزدىدى . ئانىسىنىڭ ئانچە ـ مۇنچە تەربىيىسىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، ئۇ ئاساسىي جەھەتتىن ئائىلە تەربىيىسىدە بولۇپ باقمىدى .

ئۇ ئازابلانغان ھالدا داۋاملىق ئالدى تەرەپكە قاراپ تۇرىۋەردى . بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار كۆز ئالدىدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتكەندە ، ئۆكۈنۈش ھەم پۇشايمان دەستىدىن ئۆرتىنىپ كەتتى . ئۇ ھەسرەتكە

چۆككەنسېرى، كۆڭلىدىن پەقەت چىقىرىۋېتەلمەيدىغان بىر خاتالىققا يول قويغانلىقىنى ھېس قىلاتتى. ئىش بولۇپ ئۆتتى. مانا ئەمدى ئۇنى چۈشەندۈرمەن دەپمۇ چۈشەندۈرۈپ بولالمايتتى. ئۇ ئىشەنگەن نەرسىلەر كۆزىنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە غايىب بولدى. ئۇ كىچىكىدىن ياخشى بىلىدىغان ئىلى دەرياسى بىر خىل نەپرەت بىلەن، ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان سوغۇق كەيپىيات ئىچىدە ئېقىپ ئۆتمەكتە. تاغلار، ئېدىرلىقلار، چەكسىز كەتكەن داللار ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالسا بولمايدىغاندەك، قاپاقلىرىنى ساڭگىلاتقىنىچە سوغۇق نەزىرى بىلەن قاراپ تۇراتتى. سالاۋاتقا ئۇ ياخشى كۆرىدىغان مەھەللىلەر، ئۇ ياخشى كۆرىدىغان جان ـ جانىۋارلار، ئۇ ياخشى كۆرىدىغان ئادەملەر ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىپ، ئۇنىڭ تېزرەك بۇ دۇنيادىن يوقىلىشىنى، مەڭگۈ كۆزگە كۆرۈنمەسلىكىنى ئۈمىد قىلغاندەك بىلىندى…

سالاۋات ئىچىدىن ئۆرلەپ چىققان ئاچچىق پىغانلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي ئىڭراپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تولىمۇ تۇتۇق بولغان بىر مەنزىل سوزۇلۇپ ياتاتتى.

ئۇ ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ ئەمدى بۇ يەردە داۋاملىق تۇرۇۋېرىشىنىڭ ئورنى قالمىغانىدى. ئۇ كېتىۋېتىپمۇ كۆز ئالدىدا يۈز بەرگەن ئىشلار ھەققىدە ئويلاپ ماڭدى. ئويلىغانسېرى كۆڭلىدىكى ئەندىشىسى كۈچىيىپ، قەلبىنى قارا تۇمانلار قاپلىۋالدى. ئانىنىڭ ئۇنى ئىزدەپ چىققانلىقى ئېنىق. ئەمما، ئۇنىڭ كەينىدىكى ئىككى ئادەم زادى كىمدۇ؟ ئۇلار نېمە ئۈچۈن بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى تىمىسقىلاپ يۈرىدۇ؟ بۇ يەردە چوقۇم بىر سىر بار. ئۇنداقتا دادىچۇ؟ ئۇ نېمە ئۈچۈن ئاپىسى بىلەن بىللە ماڭماي، ئەكسىچە ھەممىنىڭ كەينىدىن تىمىسقىلايدۇ؟

كاج تەلەي ئۇنى كولدۇرلىتىۋاتقانىنى ئاز دەپ، يەنە تېخى زاڭلىق قىلىۋاتاتتى. ئۇ كېتىۋاتقاچ ئانىسىنى ئويلىدى. ئانىنىڭ مۈكچەيگەن قىياپىتى، ياشلانغان تۇرقى كۆز ئالدىدىن نېرى كەتمەيتتى. تەلەينىڭ غەم ـ قايغۇغا تويۇنغان قاراشلىرى يۈرىكىگە

نەشتەر بولۇپ سانجىلاتتى . ئۆزى تېرىغان بالاغا سۆيۈملۈك ئادەملەرنىڭ بىلىپ - بىلمەي چېتىلىپ قېلىشى ھەسرىتىنى ئۇلغايتىپ ، غەملىرىنى كۆپەيتتى .

سالاۋات كېتىۋېتىپ مۇدۇرۇپ كەتتى . تەلپىگە غەيرەت قىلىپ ، سايىنىڭ تاپىنىغا دومىلاپ كېتىشتىن ساقلىنىپ قالدى . ئېگىز - پەس ئېدىرلىقلار ، ئۇزۇنغا سوزۇلغان سوقماق يوللار ، زىچچىدە ئۆسكەن چاتقاللار «قانداق قىلىسەن ؟» دېگەندەك كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى . «ئۆزۈڭگە ئاز ، كۆرىدىغان كۈنۈڭ تېخى ئالدىڭدا» سالاۋات ئۆزىگە ئۆزى پىچىرلىدى .

قەيەردىندۇر پەيدا بولغان بىر قۇرغۇي قۇلاق تۇۋىدىن دېگۈدەك ۋىژىلداپ ئۇچۇپ ئۆتتى . سالاۋات بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قارىدى . ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولغان قۇرغۇينى كۆرگەن ياۋا كەپتەرلەر توپى تىرىپىرەن بولۇپ كەتتى . قۇرغۇينىڭ ھەرىكىتى شۇنچىلىك چاققان ئىدىكى ، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بىر كەپتەرنى چاڭگىلىغا ئالدى . بىچارە كەپتەر جېنىنىڭ بارىچە تېپىرلاپ كەتتى . ئۇنىڭ بەدىنىدىن توزۇغان يۇمشاق پەي ئاسمان بوشلۇقىنى بىر ئالدى . سالاۋات تۇرۇپ قالدى . يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپ ، ئىچى قاراڭغۇلاشقاندەك بولدى . شۇ تاپتا قاناتلانسا ، ئۇچۇپ بېرىپ قۇرغۇينىڭ كانىيىدىن ئالسا ، ئۇنىڭ مۇدھىش چاڭگىلىدىن بىچارە كەپتەرنى قۇتۇلدۇرسا...

توساتتىنلا كەپتەر قۇرغۇينىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ ، ئۆزىنى يەرگە ئاتتى . ئۇ پۇلاڭلىغىنىچە يەرگە چۈشۈپ ، سالاۋاتتىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردىكى قېلىن چاتقاللىق ئارىسىغا كىرىپ كەتتى . ئۇ ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان قەيسەرلىك بىلەن قۇرغۇينىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ قالغانىدى . بۇنىڭ بىلەن سالاۋات يەڭگىل نەپەس ئالدى . قۇرغۇي يېڭىلگىنىگە تەن بېرىپ كۆزدىن غايىب بولدى . سالاۋات ئۆز يولىغا راۋان بولغان بولسا ، ھەممە ئىش چىرايلىق ئاياغلاشقان بولاتتى . بىراق ، سالاۋات يولغا چۈشمىدى . بىر كۈن كەچكىچە ئاغزىغا گىياھچىلىك بىرنەرسە سېلىپ باقمىغان

قورسقى مانا ئەمدى قاتتىق ئېچىپ كەتتى . ئۇنىڭ غەيرەت ـ شىجائىتى ، ئويلىغان ئاجايىپ گۈزەل ئويلىرى ، ئاچلىق ئازابى ئالدىدا ھېچ نەرسىگە دال بولمىدى . سالاۋات خۇددى نەچچە كۈنلەپ ئاچ قالغان ئىتقا ئوخشاش چاتقاللىقنى تىمىسقىلاپ ، قۇرغۇي سوققان كەپتەرنى ئىزدەشكە باشلىدى . كەپتەر بىر جۈپ كۆزىنى پارقىرىتىپ ، قېلىن چاتقال ئىچىدە ياتاتتى . تولىمۇ قورقۇنچلۇق بىر گەۋدىنىڭ باستۇرۇپ كېلىشى بىلەن ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئۈمىدسىزلىك ئۇچقۇنلىرى «يالت» قىلىپ قالدى . سالاۋاتنىڭ تاقىلداپ كېتىۋاتقان نەپسىگە ئالۋاستىنىڭ چېچىدىنمۇ قېلىن چاتقاللار دال بولالمىدى . جېنىنى ساقلاپ قېلىشقا كۆزى يەتمىگەن بىچارە كەپتەر يوشۇرۇنغان ئورنىدىن ئاخىر قېچىپ چىقتى .

كەپتەر جېنىنىڭ بارىچە پالاقلاپ قاچاتتى . سالاۋات ھەرقاچان يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان خەۋپ ـ خەتەرنى ئۇنتۇپ قوغلايتتى . نەچچە چامدام ئالدىدا قېچىپ كېتىۋاتقان كەپتەرنى تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن جان ـ جەھلى بىلەن يۈگۈرەيتتى . ئۇ تېخى نەچچە مىنۇتنىڭ ئالدىدا ئادەم ئىدى . ئىنسانغا خاس تۇيغۇ بىلەن كەپتەرنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرىگە ئىچ ئاغرىتقانىدى . مانا ئەمدى بولسا ئاچلىق ئازابى ، ھاياتقا بولغان ئوتتەك قىزغىن ئىستىكى ئۇنى ئادەم سىياقىدىن چىقىرىپ ، ۋەھشىي مەخلۇققا ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى .

سالاۋات ئۆزىنى ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن كەپتەر ئۈستىگە تاشلىدى . ئۇنىڭ ئاچ بۆرىدەك بارماقلىرى ئارىسىدا سىقىلغان كەپتەر جان ـ جەھلى بىلەن تېپىرلاپ كەتتى . ھەم ئىسسىق ، ھەم يۇمران گۆش سالاۋاتنىڭ ئېزىق چىشىنىڭ ئارىسىدا يانجىلىشقا باشلىدى . سالاۋات گويا ئېچىرقاپ كەتكەن گۆشخور ھايۋانغا ئوخشاش كەپتەرنى يۇلقۇشلاپ ، بىردەمدىلا يەپ قويدى . قۇياشنىڭ ئاخىرقى نۇرىدا ئۇنىڭ قانغا بويالغان ئاغزىدىكى پەيلەر قىزىل رەڭدە جۇلالىنىپ تۇراتتى .

سالاۋات يېڭى بىلەن ئاغزىنى سۈرتتى . كېيىمىگە يېپىشقان پەيلەرنى بىر ـ بىرلەپ تەردى . ئاندىن ئىككى قولى بىلەن بېشىنى

چاڭگاللاپ زوڭ ئولتۇرغىنىچە ، بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى . تىمتاسلىقتا چۆككەن پايانسىز دالىدا ، كىشىنىڭ باغرىنى ئېزىدىغان يىغا ئۇزاققىچە ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇردى .

سالاۋاتنىڭ باغرى ئېزىلىپ كېتىۋاتاتتى . ئۇ پەقەت ياخشىراق ياشاپ بېقىش ئۈچۈن ، كىنو - تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىدىكى رومانتىكىلىق تۇرمۇشنىڭ تەمىنى تېتىپ بېقىش ئۈچۈن ئۇرۇنۇپ باقتى . ئۇ بۇنداق بولۇشنى پەقەتلا ئويلاپ باقمىغانىدى . پەلەك تەتۈر چۆرگىلەپ ئۇنىڭ شېرىن خىياللىرى بىتچىت بولغاننى ئاز دەپ ، يەنە تېخى ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىلغا ئايلىنىپ قالدى . توسۇۋالغىلى بولمايدىغان ئاچچىق ھەسرەت توپان سۈيىدەك ئۆركەشلەپ ، مەۋج ئۇرماقتا ئىدى . بەلكىم كونىلارنىڭ «ئويلىماي ئىش قىلساڭ ، ئايىماي تاياق يەيسەن» دېگەن سۆزى مانا مۇشۇنداق ئىشلارغا قارىتىلغان بولسا كېرەك . ئۇ بۇلارنى نېمىدەپ بۇرۇنراق سەزمىگەندۇر .

سالاۋاتنىڭ قۇلىقىغا يىراقتىن ئاتلارنىڭ دۈپۈرلىگەن ئاۋازى ئاڭلانغاندەك قىلدى . ئۇ بېشىنى كۆتۈردى . يىراقتىن ، جىلغىنىڭ ئۇ بېشىدىن نۇرغۇن ئاتلىقلار بۇ تەرەپكە قاراپ چېپىپ كېلىۋاتاتتى . سالاۋات ئالدىراپ قالدى . قاياققا قاچسا ياخشى بولىدىغانلىقىنى بىلەلمەي ، ئۇياق - بۇياققا جىددىي قارىدى . ئاتلىقلار كېلىۋاتاتتى . سالاۋات ئۇلارنىڭ چىرايىنى ، قولىدىكى كالتەك - توقماقلارنى كۆرگەندەك قىلدى . ئۇ بۇنداق مەنزىرىنى پەقەت كىچىك چاغلىرىدىلا كۆرگەن . چوڭلار ئۇنى «ئوغلاق تارتىش» دەپ ئاتايدۇ . توي باشلىغان ئائىلە ئالدىدىن تەييارلاپ قويغان ئوغلاقنى بوغۇزلاپ ، ئىشىك ئالدىغا توپلاشقان چەۋەندازلارغا تاشلاپ بېرىدۇ . چەۋەندازلار ئىچىدىكى بىرى ئوغلاقنى ئېلىشىپ ئالدىغا ئالغاندىن كېيىن ، توپنى يېرىپ ئوغلاقنى ئەپقاچىدۇ . ئەنە شۇ چاغلار قانداق ئېسىل چاغلار ئىدى - ھە ؟ بىراق ، بۇ كېلىۋاتقان ئاتلىقلارنىڭ قولىدا كالتەك - توقماق تۇرىدۇ . ئوغلاق تارتىشقا ھېچبىر ئوخشىمايدۇ . ئۇلار زادى نېمە ئادەملەردۇر ؟

سالاۋات كېلىۋاتقان ئاتلىقلار توپىغا يەنە بىر قېتىم قارىغاندا ، ئۇلار كۆرۈنمىدى . ئۇنىڭ ئالدىدا پەقەت تىمتاسلىققا چۆمگەن دالا ئاۋۋالقىدەك سوزۇلۇپ ياتاتتى . ھەددىدىن زىيادە جىددىيلىكتىن پەيدا بولغان خاتا تۇيغۇ ئۇنى يەنە بىر قېتىم ئالدىغانىدى .

سالاۋات ئۇھ تارتتى . توساتتىن پەيدا بولغان ئەندىشە يوقالغاندىن كېيىن ، پۇت - قوللىرى جانلىنىپ ، ۋۇجۇدىمۇ تېتىكلىشىپ قالدى . ھەيۋەتلىك تاغ تىزمىسى گارمون تىلىدەك بىر - بىرىگە يانداشقان ، ئۆمۈچۈك تورىغا ئوخشاش گىرەلىشىپ كەتكەن چىغىر يول نەپىس سىزىلغان ماي بوياق رەسىمگە ئوخشاش كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ .

سالاۋات كېتىۋېتىپ ئەتراپقا سەگەكلىك بىلەن قاراپ قويدى . بۇ قېتىم ئانىسىنى كۆرگەندە قېلىپ قالغان تەسىرات يۈرەك قېتىدىن ئورۇن ئېلىپ ، مۇۋاپىق پۇرسەت تېپىلغاندا ئېتىلىپ چىقىپ ، ئۆزىنى بەكرەك قىينايدىغاندەك قىلاتتى . ئۇ پەقەت قەدىردان ئانىسىنى يىراقتىن ساراسىمە ئىچىدە كۆردى . ھەش - پەش دېگۈچە قەلبلەرنى ھاياجانغا سالىدىغان دەقىقىلەر ئۆتۈپ كېتىپ ، ھەممە نەرسە ئاۋۋالقىدەك سوغۇق ھەم رەھىمسىز ھالىتىگە قايتتى . ئانا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن كېچىسى يانغان ئوت يۇلتۇزدەك «لىپ» قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى . ئۇ شۇنچە تىرىشقان بولسىمۇ ئانىسىنىڭ پەرىشتىگە ئوخشايدىغان سىيماسىنى مېڭىسىدە قايتىدىن ئەكس ئەتتۈرەلمىدى . ئۇنىڭ «ئانامنى كۆرسەم چوقۇم تېتىكلىشىپ كېتىمەن . قايغۇ - ھەسرەتلىرىممۇ يېنىكلەپ ، ۋۇجۇدۇمدا كۈچ - قۇۋۋەت پەيدا بولىدۇ . مەن ئاشۇ كۈچ - قۇۋۋەت ئارقىلىق يولۇمدىكى بارلىق توسالغۇلارنى بىر - بىرلەپ سۆپۈرۈپ تاشلايمەن » دېگەن ئويلىرى سۇنىڭ كۆپۈكىدەك يېرىلىپ كەتتى . ئۇ خاتالاشقانىدى . ئانىسىنى كۆرگەندىن كېيىنكى ئەھۋالى پۈتۈنلەي ئويلىغىنىنىڭ ئەكسىچە بولۇۋاتاتتى .

تۇيۇقسىز ئۇنىڭ يۈرىكىگە سانجىق تۇرۇپ قېلىپ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ ، پۈتۈن بەدىنى سوۋۇپ كەتتى . شۇنداقتىمۇ ئۇ

زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، غەيرىتىنى يىغدى. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ ئانىسىنى يېقىنلا يەردىن كۆردى. ئۇ ئارزۇسىغا يەتتى. ئەمدى كېيىنكى ئىشلارغا تەقدىردىن باشقا ھېچكىم بىرنەرسە دېيەلمەيدۇ.

ئانا كېتىۋېتىپ توختاپ قالدى. يۆگىمەچ تاللار بىلەن چىرمىشىپ كەتكەن چاتقاللىق ئۇنىڭ يولىنى توسۇپ تۇراتتى. بىردىنلا ئانىنىڭ يۈرىكى بىرنېمىنى تۇيغاندەك قىلدى. ئۇ سەگەكلىشىپ ئەتراپقا قۇلاق سالدى. يېقىنلا بىر يەردە بىرىنىڭ ئىمىسقىلاپ ماڭغان ئاياغ تىۋىشى ئاڭلانغاندەك قىلدى. يېقىمسىز بىر خىل تۇيغۇ ۋۇجۇدىغا بۆسۈپ كىرگەن ئانا مەڭدەپ كەتتى. كۆڭلىدىن ئويلىمىغان ئىشلار كېچىپ، زېھنىنى بىر يەرگە يىغدى. ئاندىن مۇشۇككە ئوخشاش چاققانلىق بىلەن ئالدىدىكى بۈككىدە چاتقاللىق ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

ئاياغ تىۋىشى يېقىنلاپ توختىدى. ئانا تەرلەپ كەتتى. دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ، بارلىق كۈچى بىلەن ئاۋاز چىقارماسلىققا تىرىشتى. ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ كەلگەن ئادەم بىرپەس تۇرغاندىن كېيىن، ئورمانلىق ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئانىنىڭ يۈرىكى ھازىرلا قېپىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەكلا دۈپۈلدەپ كەتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلىۋېتىپ يەنە توختاپ قالدى. ئەمدى ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئىككىنچى ئادەمنىڭ ئاياغ تىۋىشى ئاڭلانغانىدى. توساتتىنلا پەيدا بولغان بۇ ئاۋاز بىلەن تەڭ ئۇنىڭ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئانا ئويلىنىپ قالدى. جاۋابسىز قالغان نۇرغۇن سوئاللار مېڭىسىدە ئۆركەشلەيتتى. ئانا ئولتۇراتتى. قېلىن چاتقالنىڭ دالدىسىدا ئىچىدىن چىققان پىغانلىرىنى زورىغا بېسىپ، بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە مىدىر - سىدىر قىلماي ئولتۇراتتى.

قەيەردىندۇر بىر يەردىن پەيدا بولغان بىر چىۋىن ئۇنىڭ يۈزىگە كېلىپ قوندى. چىۋىندىن پەيدا بولغان يېقىمسىز تۇيغۇ ئۇنىڭ جاسارىتىنى يالماپ كەتتى. ئانا مىدىرلىدى. قولىنى كۆتۈرۈپ يۈزىنى سىلىدى. ئۇنىڭ مىدىرلىشى بىلەن چاتقالنىڭ شاخلىرى

شىلدىرلاپ كەتتى . ئانا «ئاشكارىلىنىپ قالدىمۇ نېمە» دېگەن خىيال بىلەن ئىككى پۇك بولۇپ قالدى . كۆپ ئۆتمەيلا يەنە بىرىنىڭ شىپىرلىغان ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى . ئۈچ ئادەم نېمە ئۈچۈندۇر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئەگىشىپ ، ئۇنىڭ كەينىگە چۈشكەندەك قىلاتتى . ئەگەر بۇنىڭدىن كېيىن دىققەت قىلمىسا ، ئۆمۈرلۈك پۇشايمانغا قالىدىغانلىقى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى .

ئانا ئولتۇرغان ئورنىدا ئۇزاق ئولتۇردى . ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ئاخىرقى ئۈمىدىمۇ كەچكى شەپەقتەك ئوخشاش خىرەلىشىپ كېتىۋاتاتتى .

ئەتراپ تىنچىدى . ئورنىدىن دەس تۇرغان ئانا چاتقاللىقتىن چىقتى . ئۇ ئەمدى ئۆيگە قايتمىسا بولمايتتى . ئانا كېتىۋېتىپمۇ ئۆزىگە ئەگەشكەنلەرنىڭ ئەگىشىش سەۋەبى ئۈستىدە ئويلاندى . ئوتتۇن ئېلىۋاتقانلارنىڭ قىلىشقان سۆزلىرى ئېسىگە چۈشۈشى بىلەن تەڭ ، يۈرىكى پىچاق تىلغاندەك ئېچىشىپ كەتتى . ئۇلار نۇرغۇن پۇلنىڭ گېپىنى قىلدى . ئانىنىڭ قۇلاق تۈۋىدە «پۇل ! پۇل ! پۇل !» دېگەن دەھشەتلىك ئاۋاز دالىدىكى گۈلدۈرمامىدەك گۈلدۈرلەپ كەتتى .

ئانا بىردىنلا ئولتۇرۇپ قالدى . تۇشمۇتۇشتىن يوپۇرۇلۇپ كەلگەن ھەسرەتكە بەرداشلىق بېرەلمەي ئۆكسۈپ ــ ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى . تىمتاسلىقتا چۆككەن چاتقاللىقتا ئۇزۇنغىچە ئېچىنىشلىق يىغا ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇردى .

بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار قانداق بولۇپ كېتەر ؟ سالاۋات قانداقمۇ قىلار ؟ كىمگىمۇ تايىنار ؟ ئانا بۇلارنى بىلمەيتتى . ئۇنىڭ بىلىدىغىنى پەقەت بىرلا . ئۇ بولسىمۇ بىر ئانا بولۇش سۈپىتى بىلەن ئوغلىنى بۇرۇنقىدەك ئىزدىيەلمەيدۇ . خالىغان ۋاقىتتا ياردەم بېرەلمەيدۇ .

بىرى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويدى . ئانا چۆچۈپ كەتتى . بېشىنى كۆتۈرۈپ ھەيران قالدى . ئۇنىڭ ئالدىدا سالاۋات تۇراتتى . جۇدەپ قالغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، كۈچكە تولۇپ ،

قەيسەرلىشىپ قالغاندەك قىلاتتى . ئانا ئىككى قولىنى كەڭ يېيىپ تـوختاپ قالدى . ئۇنى دەرھال يولغا سېلىۋەتمىسە كەچۈرگۈسىز گۇناھقا پاتىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئەتراپقا قارىدى . زىچچىدە ئۆسكەن چاتقال بىلەن قاپلانغان توقاي تىمتاسلىق ئىچىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى . ئانىنىڭ كۆڭلى كىچىككىنە ئىزىغا چۈشتى . ئەمدى ئۇ بـالىسىنى بىمالال باغرىغا باسسا بولاتتى . ئانا بۇرۇلۇپ ئوغلىغا قـارىغاندا ، سالاۋات كۆرۈنمىدى . ئانىنىڭ تۇيغۇسى ئۇنى ئالداپ قــويغـانــدى . شـۇنـداقــتــمـۇ ئۇنىڭ ئانىلىق مېھرى بىردىنلا دولقۇنلىنىپ ، يۈرىكىدىكى قايغۇ ـ ھەسرەت تىنچىپ قالدى . تېخى بـايـىـلا قـەلـبـىـنـىـڭ چوڭقۇر يېرىدە ئېلىشىۋاتقان ۋەھىمىلىك تەشۋىشلەر مانا ئەمدى قاياقلارغىدۇر غايىب بولغان بولۇپ ، ئانىلىق مـېـھـرى بـىـلەن يۇغۇرۇلغان ئىنسانىي تۇيغۇ ئۇلارنى ۋاقىتلىق بـولـســمـۇ ئانىنىڭ قەلبىدىن سىقىپ چىقارغانىدى . ئانا ئېغىر خورسىنغاندىن كېيىن قەدىمىنى ئاستا يۆتكىدى .

تاغ چوققىسىدىن كۆتۈرۈلگەن قاپقارا بۇلۇت ناھايىتى تېزلىك بــىلەن كېلىۋاتاتتى . شىمالدىن سوقۇپ تۇرغان سەلكىن شامال بىردىنلا بوران بىلەن ئالماشتى . سالاۋات ھودۇقۇپ قالدى . تاغنىڭ ئۆزگىرىشچان ھاۋاسى بىردەمدىلا پۈتكۈل دالىنى قاپلىدى . بوران ئەزۋەيلەشكە باشلىدى . سالاۋاتنىڭ ماڭغانسېرى كۆزى تورلىشىپ ، يولـنـى پەرق ئېتەلمىگىلى تۇردى . شۇنداقتىمۇ ھۆكۈم قىلىش كـۈچـىـگـە تايىنىپ يول تېپىپ مېڭىۋاتاتتى . بوران كۈچەيدى . بـورانـىـنـىـڭ كـۈچىدىن يول مېڭىش تېخىمۇ تەسلىشىپ كەتتى . كـۈچـلـۈك بوران ئېقىمى سالاۋاتنىڭ تاقابىل تۇرۇشىغا پىسەنت قــىـلـمـايـۋاتـقـانـدەك يۆنىلىشىنى ئېنىق پەرق قىلىشقا كاشىلا قىلىۋاتاتتى . ناۋادا ئۇ بوران تۈپەيلىدىن نىشانىنى يوقىتىپ قويۇپ ، باشقا ياققا كېتىپ قالسا ، بۇنىڭ ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى .

سالاۋات شۈركۈنۈپ كەتتى . كۆڭلىدىكى ئەندىشىسىنى بارلىــق كۈچــى بىلەن ھــەيدەپ ، ئۆزىنى تەمكىــن تۇتۇشـقا تىرىشــتى .

ئاستا - ئاستا ئۇ بەلگە قىلىپ كېلىۋاتقان چىغىر يولمۇ يوقاپ، ھەممە نەرسە بىر پۈتۈن تەكشىلىككە ئايلاندى. ئۇ ئەندىشە قىلىۋاتقان ئىش ئاخىر يۈز بەردى. كۆز ئالدىدا باش - ئاخىرى يوق پايانسىز دالا سوزۇلۇپ ياتاتتى. سالاۋات ئېڭىشتى. بويىنىنى مىدىرلىتىپ، تۆت ئەتراپقا سەپسېلىپ چىقتى. ئۇنىڭ كۆزىگە ئۇ ئىزدىگەن بەلگە چېلىقمىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنىلا تۈيغۇسىغا تايىنىپ ئىلگىرىلەۋەردى. بىر چاغدا ئۇ چاتقالنىڭ دالدىسىدىكى چىغىر يولنى كۆردى. يول ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك تاغ تەرەپكە سوزۇلۇپ كەتكەنىدى. سالاۋاتنىڭ روھى بىردىنلا كۆتۈرۈلۈپ، ئىچىدىكى قورقۇنچمۇ تارقاپ كەتتى. ئۇ غەيرىتىنى يىغىپ، قەدىمىنى تېزلەتتى. بوران كۈچىيىۋاتاتتى. پۈتۈن ئەتراپ بوراندىن پەيدا بولغان چاڭ - توزان ئىچىدە قالدى.

## 21

پاتەمخان كېلىپ كەتكەندىن كېيىن تەلەينىڭ ئارامى بۇزۇلدى. كېچىسىمۇ كۆزىگە تۈزۈكرەك ئۇيقۇ كەلمەي، تورۇسقا قاراپ ياتتى. ئىككى قولىنى بېشىنىڭ ئاستىغا قويۇپ، نېمە قىلىش لازىملىقى ئۈستىدە ئۇزاق ئويلاندى. بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن يوللار، ئىشلىتىپ باقسا بولىدىغان نۇرغۇن ئامال - چارىلەر كۆز ئالدىدا يېيىلىپ ياتاتتى. ئۇ ئاخىر بىر قارارغا كەلدى. ئورنىدىن تۇرۇپ، ئېھتىيات بىلەن سىرتقا چىقتى. قاراڭغۇدا تىمىسقىلاپ يۈرۈپ ئۆيىنىڭ كەينىدىكى چىغىر يولغا چۈشكەندىن كېيىن، ئىلدام - ئىلدام يۈرۈپ كەتتى.

تاڭ سۈزۈلۈش ئالدىدا تۇراتتى. ئۇ باشقىلار ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆزىنىڭ سىرتقا چىقىپ كەتكەنلىكىنى سېزىپ قالغۇچە، ئۆيگە قايتىپ كەلمىسە بولمايتتى. مانا مۇشۇنداق جىددىيلىك ئىچىدە تەلەي قورقۇنچنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، توقاينى كۆزلەپ يۈرۈپ كەتتى. توقاينىڭ چېتىدىكى كونا كۆۋرۈك يېنىغا كېلىپ

«سالاۋات !» دەپ توۋلىدى. تاڭ ئالدىدىكى سۇرلۇك ئورمان كىشى قەلبىگە ۋەھىمە سېلىپ، قارىيىپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. تەلەي ئۆزىگە بۇنداق كۈچ ـ قۇدرەتنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى بىلمەيتتى. ئۇنىڭ هازىر بىلىدىغىنى پەقەت سالاۋات. ئۇ مۇشۇ ئەتراپتا، كۆۋرۈكنىڭ ئاستىدا، قېلىن چاتقاللار ئارىسىدا. ئۇ هازىر تەلەيگە موهتاج. تەلەي بولسا ئۇنىڭ غەم ـ ئەندىشىسى تۈگەيدۇ. تەلەي بولسا هاياتقا بولغان ئىشەنچى ئاشىدۇ. باشقا كۈن چۈشكەندە بېرىلگەن ياردەم ئەبەدىلئەبەد ئۇنتۇلمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار قانداقلا بولسۇن، بىر مەزگىل ئەر ـ خوتۇن بولۇشقان...

تەلەينىڭ ئىلتىجاسى جاۋابسىز قالدى. قەيەردىدۇر بىر يەردە تورغايلار چۇرۇقلاپ كەتتى. سۇبھى كۆتۈرۈلۈش ئالدىدا تۇراتتى. تەلەينى بىردىنلا سۇر باستى. شۇنداقتىمۇ ئۇ پۈتۈن غەيرىتىنى يىغىپ يەنە بىر قېتىم توۋلىدى. «سالاۋات !» دېگەن بىر سادا تاڭ ئالدىدىكى ئورمانلىق ئۈستىدە ياڭراپ كەتتى. تەلەي شۇنداق بىر جاۋابنىڭ «مانا مەن، تەلەي، ئېغىر كۈنگە قالغان چېغىمدا، خەۋپ ـ خەتەرگە قارىماي ئىزدەپ كەلگىنىڭنى قارا. ساڭا كۆپ رەھمەت. مەن سېنىڭ بۇ ياخشىلىقىڭنى هەرگىز ئۇنتۇپ قالمايمەن. مەن سېنى بۇنداق قىلىدۇ دەپ پەقەت ئويلاپ باقمىغان» دېگەن سادانىڭ چىقىشىنى ئارزۇ قىلاتتى.

تەلەي پۈتۈن دىققىتىنى يىغىپ، ئەتراپتىكى نەرسىلەرگە سەپسالدى. تۆت ئەتراپنىڭ ھەممىسىدىن ئادەمنىڭ تېنىنى شۈركۈندۈرىدىغان ۋەھىمە كېلەتتى. قاياقتىندۇر چىرايلىرى بەتبەشىرە، كۆزلىرىدىن شۇملۇق يېغىپ تۇرىدىغان، تىرناقلىرى ئۆسۈپ، بىلەكلىرىنى يۇڭ باسقان، قورقۇنچلۇق بىرنەرسە ئېتىلىپ كېلىپ، ئۆزىنى ئېلىپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى. ئۇ بۇ خىل تۇيغۇنىڭ نەدىن كېلىۋاتقانلىقىنى بىلمىسىمۇ، ئەنە شۇنداق خىيالدا دېمىنى ئىچىگە يۇتتى. مەيلى ئۆزۈڭدىن ـ ئۆزۈڭ سوزۇلۇپ ياتقان توقاي ئورمانلىقى بولسۇن، مەيلى قاپاق تېرەك ئۈچىغا قونۇپ جىننىڭ بارچە سايراۋاتقان پاختەك بولسۇن،

ھەممىسى ئۇنى ئەس - ھوشىدىن مەھرۇم قىلىپ، بىر خىل يېڭىپ بولماس ۋەھىمىگە سالاتتى. ئۇ ئەنە شۇنداق خىياللار دۇنياسىدا ئۈزۈپ يۈرۈپ، بىردىنلا ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە قانداقلارچە كېلىپ قالغانلىقىغا ھەيران قالدى. ئۇ بۇلارنى ئۆز كۆڭلىدە روشەن بىلىپ تۇرسىمۇ، بىلىدىغانلىرى ئۇنى قانائەتلەندۈرۈپ، كۆڭلىنى تىندۇرالمىدى. ئۇ ئۆزى ئارزۇ قىلغان، ئەمما كۆڭلىدە ئۇزۇندىن بېرى ساقلىنىپ كېلىۋاتقان بىر مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىش ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلىۋاتقانلىقىنى خىرە - شىرە ھېس قىلدى. بۇ مەجبۇرىيەت ئىختىيارسىز ئۇنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىپ، مانا مۇشۇ يەرگە ئەكەلگەنىدى.

تەلەي يىغلىۋەتمەسلىك ئۈچۈن لېۋىنى چىشلىدى. تىمتاسلىقتا چۆككەن چەكسىز ئورمانلىق ئۇنى زاڭلىق قىلىۋاتقاندەك قارىيىپ تۇراتتى. ئۇ ئاغزىنى يوغان ئېچىپ چوڭقۇر نەپەس ئالدى. ئاندىن ئورمانلىققا قاراپ يەنە بىر قېتىم توۋلىدى. ئۇنىڭ ئىلتىجاسىغا جاۋابەن بۇ قېتىم ئۇچار قۇشلارنىڭ زوق - شوق بىلەن سايرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئىشەنچ ئۈمىدسىزلىك بىلەن ئالماشتى. ھەممە نەرسە ئۇنىڭ كۆزىگە ئۆزىنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك كۆرۈندى. قاراپ تۇرۇپ ئۇنىڭ ئەقىدىسى، ياخشى كۆڭلى يەردە قالدى. ئىشلار ھەقىقەتەنمۇ ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك ئاددىي ئەمەس ئىدى. ئۇ گەرچە تېخى ياش بولسىمۇ، نۇرغۇن ئىشلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. تۇرمۇش ئۇنىڭغا نۇرغۇن تەجرىبە - ساۋاقلارنى ئاتا قىلدى. ئۇ قىز چېغىدا ھايات يولىنى داغدام، ھېچقانداق جەبىر - جاپاسى يوق دەپ بىلەتتى. ئەمما، ئويلىغانلىرىنىڭ بالىلارچە ئوي، ناھايىتى ساددا خىيال ئىكەنلىكىنى توي قىلىپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي بىلدى. ئائىلىنىڭ گاھ ئۆرلىسە، گاھ پەسىيىپ تۇرىدىغان دولقۇنلىرى ئۇنىڭ كۆڭلىگە پۈككەن ئىستەكلىرىنى بىتچىت قىلىۋەتتى. ئۇ تۇرمۇشنىڭ ئۆزى بەرپا قىلغان يول بىلەن ماڭمايدىغانلىقىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلغاندا، ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە بىر كېچە ياش تۆكۈپ چىقتى. ئۇ تۇرمۇشنى ئەمەس، بەلكى تۇرمۇش ئۇنى ئاستا - ئاستا

تاۋلاپ سوكۇت قىلىشقا ، پىكىر قىلىشقا كۆندۈردى . گەرچە تۇرمۇش جاپالىق بولسىمۇ ، يەنىلا قايناق ئىدى . كۆڭۈلسىزلىكلەر پات - پات يۈز بېرىپ تۇرسىمۇ ، سۆيگۈ ۋىسالىغا يەتكەندە ، ئادەمنى ئەندىكتۈرىدىغان تۈگىمەس - پۈتمەس لەززەت بېغىشلايدىغان ئاجايىپ شېرىن نەرسىگە ئايلىناتتى . بۇنداق چاغلاردا ئۇ ھاياتقا تېخىمۇ ھېرىسمەن بولۇپ ، ئۇنىڭغا تېخىمۇ مەھكەم چاپلىشاتتى . تەلەي ئاستا - ئاستا پىشتى . ئارقىسىغا قارىماسلىقنى ، پۇشايمان يەپ يوقىلاڭ خىياللاردا بولماسلىقنى ، تىرناقتىن كىر ئىزدەپ ، بىر ئۇبدان تۇرمۇشقا ئاۋارىچىلىك تېپىپ بەرمەسلىكنى ئۆگىنىۋالدى . ئۇ ھامان سۆيگۈ ئۈچۈن ھەممىنى قۇربان قىلىشقا تىرىشاتتى .

تەلەي ئىككى قولى بىلەن چېچىنى جۆندەپ قويدى . ئۇنىڭ كۆڭلىگە پۈككەنلىرى بىلەن ئويلايدىغانلىرى جىق ئىدى . ئۇ بالىلىق دەۋرىدىن باشلاپ ھەممە ئادەمگە ئوخشاش بەختكە تەلپۈنگەنىدى . گەرچە شۇ چاغلاردا بەختنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى بىلمىسىمۇ ، ئۇنى چوقۇم ھېچقانداق نۇقسانى بولمىغان ، يوپيورۇق باغچىدەك ھېس قىلاتتى . ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۇنىڭ نەزىرىدىكى «بەخت» ئاخىر ھەقىقىي قىياپىتىنى ئاشكارىلىدى . ۋۇجۇدىغا ئارام بەرمەيۋاتقان سۆيگۈ توختىماستىن ئۇ ئىزدەۋاتقان «بەخت»تىن خەۋەر بېرىپ تۇراتتى . ئۇ ھېس قىلدى . «بەخت» ناھايىتى گۈزەل بىر قۇشقا ئوخشاش ئۇنىڭ بېشىدا ئەگىپ يۈرەتتى . بېشىغا كېلىپ قونۇشقىمۇ ئانچە ئۇزۇن ۋاقىت قالمىغانىدى .

تەلەي شۇلارنى ئويلىدى . قىلىن ئورمانلىق يەنە شۇ بىر خىل ھالەتتە گۈركىرەپ تۇراتتى . سۇبھىنىڭ ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈلۈشى بىلەن ئورمانلىق ئىچىدە تۈرلۈك - تۈمەن قۇشلارنىڭ نەغمە - ناۋاسى قايناپ كەتتى . ئەمدى تەلەينىڭ بۇ يەردىن ئايرىلماسلىققا ئاساسى قالمىغانىدى . ئۇ ئەلەم ئىچىدە قەدىمىنى يۆتكىدى . ئۇ كېتىۋېتىپ سالاۋات توغرىسىدا ، ئائىلىسى توغرىسىدا ئويلىدى . ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى ئائىلە بەختنىڭ كىچىكلىتىلگەن كارتىنىسى ئىدى . ئۇ ئاشۇ ئائىلىنىڭ يۈكىنى خۇشاللىق بىلەن ئۈستىگە

ئېلىپ، ئۇنى تېخىمۇ جۇلالاندۇرۇپ، ۋايىگە يەتكۈزۈشكە بەل باغلاپ قويغانىدى. ئەجىرسىز بەخت ئۇنىڭ كۆزىگە پەقەتلا سىغمايتتى. ھەرقانداق جاپا ـ مۇشەققەت ئاشۇ ئائىلىدە بەختكە ئايلىنىپ، تۇرمۇشقا كۆڭۈلسىزلىك ئەمەس، بەلكى يېڭى مەزمۇنلارنى ئېلىپ كېلىشى كېرەك ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇلار توي قىلىپ، بىر ياستۇققا باش قويغاندىن كېيىنمۇ، ياشلىقنىڭ ئاجايىپ شېرىن ھېس ـ تۇيغۇلىرى ئىچىدە بىر ـ بىرىگە كۆڭۈل بەردى. باشقىلارنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان دەرىجىدە بىر ـ بىرىنى ھۆرمەتلەپ، كۆڭلىگە پۈككەنلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا قول تۇتۇشۇپ يۈرۈپ كەتتى. پەۋقۇلئاددە كۆڭۈلسىز ئىشلارغا دۇچ كېلىپ قالغان چاغلىرىدا، بارلىق كۆڭۈلسىزلىكلەرنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، بەختلىك تۇرمۇشنى مەڭگۈ داۋاملاشتۇرۇش توغرىسىدا بىر ـ بىرىگە ۋەدىلەرنى بېرىشكەنىدى. ئەمما...

تەلەينىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى. كاللىسىدا ئەگىپ يۈرگەن شۇنچە نۇرغۇن سوئاللارغا جاۋاب تاپالماي ئېغىر تىنىدى. ئۇنىڭچە بولغاندا ئەر كىشى دېگەن سىرتنىڭ ئادىمى. شۇنداق ئىكەن، سىرتلاردا ئانچە ـ مۇنچە باشقىلارغا ئارىلىشىپ، ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىشى تۇرغان گەپ. بۇنى توغرا چۈشىنىشكە، ھەتتا بەزىبىر ئىشلىرىنى كەچۈرۈۋېتىشكە تامامەن بولىدۇ. دۇنيادا ئازمايدىغان بىرلا ئاللا بار. بۇ گەپلەرنى تەلەينىڭ ئاپىسى كىچىك چېغىدىن باشلاپ قۇلىقىغا قۇيۇۋەتكەن. دېمىسىمۇ بۇ بىر پاكىت. ئۆزئارا ئەپۇ قىلغاندىلا ئاندىن ئەپ ئۆتكىلى، ھاياتنىڭ شېرىن ـ شەربەت لەززىتىدىن بەھرە ئالغىلى بولىدۇ. بولۇپمۇ ئەر ـ خوتۇنلار ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق...

توقايلىقتىن قايتىپ كەلگەن تەلەينىڭ بىر كۈنى ئەنە شۇنداق خىياللار بىلەن ئۆتتى. كۈن كەچ كىرىۋاتاتتى. ئۇ ئارىلىقتا ئۆزىنى تۇختىتىۋېلىپ، قېينانىسىنىڭ قېشىغا بېرىپ كەلدى. ئۇنىڭ خۇددى چۆچەك ئېيتىۋاتقاندەك سۆزىنى ئاڭلىغان ئانا ئۇنى باغرىغا بېسىپ ئۇزاق يىغلىدى. «رەھمەت بالام، خۇدا سىزنى ئۆز پاناھىدا

ساقلىغاي . مۇراد ـ مەقسەتلىرىڭىزگە يەتكۈزگەي . بىرىڭىزنى مىڭ قىلىپ ، باللىرىڭىزنىڭ قىزىقىنى كۆرۈشكە نېسىپ قىلغاي . بۇ ئالەمدىمۇ ، ئۇ ئالەمدىمۇ ھېچ نەرسىگە موھتاج قىلمىغاي» دەپ دۇئا قىلدى . ئانىنىڭ يۈرەكتىن چىقىرىپ قىلىۋاتقان سۆزلىرى ، كۆزىدىن تۆكۈلۈۋاتقان ھەسرەتلىك ياشلىرى تەلەينىڭ يۈرەك ـ باغرىنى ئېزىپ ئۆتتى . شۇ تاپتا ئۇ ئانىنىڭ نەزىرىدە پەرىشتىگە ، ھېچ نەرسىگە تەڭ قىلىپ بولمايدىغان مۇقەددەس ئايالغا ئايلانغانىدى .

تەلەي ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ ، قېينانىسىنىڭ ئۆزىنى ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق باغرىغا باسقانلىقىنى ، مەڭزلىرىگە ، پېشانىسىگە قايتا ـ قايتىلاپ سۆيگەنلىكىنى پەقەتلا كۆزىدىن نېرى قىلالمىدى . قانداقتۇر بىر سېھرىي كۈچ ئۇنى ساماغا ، ئەرشئەلاغا كۆتۈرۈپ چىقىپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى . «باتۇر قىزىم ، مەردانە قىزىم ، ۋاپادار قىزىم ، ئانىڭىزنى كەچۈرۈڭ . ئانىڭىز سىزگە ھېچ ياردەم قىلالمىدى . مەن سىزگە قەرزدار ، مەڭگۈگە قەرزدار .»

ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە قېينانىسىنىڭ ئاۋازى يەنە بىر قېتىم ياڭرىغاندەك قىلدى .

تەلەي ئۆيلەرنى بېسىقتۇرۇۋاتقاندىمۇ ، كالا سېغىپ ، ئۇلارغا يەم بېرىۋاتقاندىمۇ بۇگۈنكى ئىش توغرىسىدا ئويلىنىپ كۆردى . ئويلىغانسېرى چىگىشلىشىپ ، كۆڭۈل كۈيلىرى داۋالغۇپ كەتتى . ئۇ بىلمەيتتى . سالاۋاتقا قايسى خىل ئۇسۇل بىلەن ياردەم بەرسە تېخىمۇ ئۇنۇملۇك بولىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى .

قۇياش ئاستا ـ ئاستا ئولتۇرۇۋاتاتتى . بۇ كۆرۈنۈش خۇددى ئادەملەرگە قۇياشمۇ ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىغا قوشۇلۇپ كەتمەكچى بولىۋاتقاندەك ، قاينام ـ تاشقىنلىق تۇرمۇشتىن مېھرىنى ئۈزەلمەيۋاتقاندەك تۇيغۇ ئاتا قىلاتتى . كىشىلەرمۇ كۈن ئولتۇرغۇچە بىر كۈنلۈك ئىشلىرىنى يىغىشتۇرۇۋېلىشقا ئالدىراۋاتاتتى . قۇياش پۈتۈنلەي ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن چىققان شامال دالىلارنى ، ئورمانلارنى سۆيۈپ ئۆتۈپ ، مەھەللىلەرگە كىرىپ كەلدى . تەلەي

ئىشىك ـ دېرىزىلەرنى ھىملەپ ئەتكەندىن كېيىن ، ئۆزىنى ئورۇنغا تاشلاپ سوُنايلىنىپ ياتتى . ئوُ موُشوُ بىرنەچچە كوُن ئىچىدە خېلى خوپلا يادىغان ، روھىي جەھەتتىمۇ ئېزىلگەنىدى . شوُڭلاشقىمۇ پوُتوُن ۋوُجوُدىدىن قايغۇ ـ ھەسرەت تۆكوُلوُپ توُراتتى .

— تەلەي !

ئوُ چۆچۈپ كەتتى . كىمدوُر بىرى ئوُنى چاقىرىۋاتقاندەك قىلاتتى . ئوُ ئىختىيارسىز ئورنىدىن توُروُپ ، دېرىزە ئالدىغا باردى . سىرتتا شامال گوُركىرەۋاتاتتى . ئوُ شوُنچە قوُلاق سېلىپمۇ ئۆزى تەقەززا بولغان ئاۋازنى ئاڭلىيالمىدى . قاراڭغۇلوُقتا چۆككەن كېچە ئەينەك سىرتىدا كۆزگە تاشلىنىپ توُراتتى .

ئوُ ھازىر نەدىدۇ ؟ بوُنداق قاراڭغۇ ، بورانلىق كېچىدە نېمە كوُنلەرنى كۆروُۋاتقاندۇ ؟ بىر چاغلاردىكى توُرموُش قانداق ياخشى ئىدى ـ ھە ؟ ھەممە نېمە تەلتۆكوُس ، قايناق سوُ ئىچسىمۇ كۆڭوُل توق . مانا ئەمدى ھەممە نەرسە ئاستىن ـ ئوُستوُن بولغان . دەھشەتلىك توُس ئالغان . ۋەھىمە سايىغا ئوخشاش ئەگىشىپ ، كۆڭۈلنىڭ ئارامىنى بوُزغىنى بوُزغان . كونىلارنىڭ «بارىغا پەيغەمبەر رازى» دېگەن سۆزى نېمىدېگەن دانا سۆز . رېئاللىقتىن ھالقىغان تەلەپ ، ئويلىماي ئۆتكوُزگەن سەۋەنلىك كاساپىتىدىن موُشوُنداق بىرتالاي كۆڭۈلسىزلىكلەر يوُز بەردى . بەلكىم ئوُ ھازىر تاغنىڭ كامېرىدا ، قاتتىق تاشنىڭ ئوُستىدە ياتقاندۇ . بەلكىم ئوُ ھازىر توقايلىقنىڭ ئىچىدە ، تىكەنلىك زەي يەردە ياتقاندۇ . بەلكىم ئوُ قاتتىق ئازاب ئىچىدە قىلغانلىرىغا مىڭ بىر پوُشايمان قىلىۋاتقاندۇ . بەلكىم ئوُ ئىللىق ئائىلىدە ئۆتكوُزگەن ئاشوُ كۆڭۈللۈك چاغلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتوُروُپ ، ئازاب ئىچىدە مىڭ ئۆلوُپ ، مىڭ تىرىلىۋاتقاندۇ .

تەلەي دېرىزە تۈۋىدىن قايتىپ كەلدى . بىر كوُن چېپىپ يوُروُپ ھېرىپ كەتكەچكە ، ئاستا ـ ئاستا ئوُيقۇغا كەتتى . جىمجىتلىقتا چۆككەن ئۆينىڭ ئىچىدە نەپەس ئالغاندىن پەيدا بولغان تىنىق ئاۋازى ئاستا ـ ئاستا ئاڭلىنىشقا باشلىدى... تەلەي ھەيران

قالدى . كۈمۈش جابدۇقلار بىلەن ئېگەرلەنگەن تورۇق ئات ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى . ئۇنىڭ قاپقارا كۆزلىرىدىن بىر خىل سېھىرىي كۈچ «لىپ» قىلىپ ئۆتكەندەك قىلدى . تەلەي بۇ ئاتنى قاچاندۇر بىر چاغدا ، نەدىدۇر بىر يەردە كۆرگەندەك قىلدى . ئۇ ئۇزەڭگىگە پۇتىنى ئىلىۋېتىپ ، ئۆزىنى پەيدەك يەڭگىللەپ كەتكەندەك سەزدى . ئات بىردىنلا قاناتلىنىپ هاۋاغا كۆتۈرۈلدى . بۇلۇتلار قاتلىمىنى يېرىپ ئۆتكەندە تەلەي شۇنچىلىك هاياجانلىنىپ كەتتىكى ، يۈرىكى شۇرۇرىدە ئېرىپ كەتكەندەك بولدى . كۆپكۆك ئاسمان . پارچە - پارچە بۇلۇتلار گويا چۆچەكلەردىكىدەك ئاجايىپ مەنزىرە هاسىل قىلغان . هەممە نەرسە يېپيېڭى ، خۇددى خىرۇستالدەك سۈزۈك ، گويا ئۇنىڭ ئۈچۈنلا ئاپىرىدە بولغاندەك…

— تەلەي !

تونۇش ئاۋاز گۈلدۈرمامىدەك گۈلدۈرلەپ كەتتى . تەلەي سالاۋاتنى كۆردى . سالاۋات پۇتلىشىپ - سۈرۈلۈپ كېلىۋاتاتتى . ئۇنىڭ چاچ - ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن ، كىيىملىرى يىرتىلغان ، پۇتۇن ۋۇجۇدىدىن بىر خىل چۈشكۈنلۈك تۆكۈلۈپ تۇراتتى .

تەلەي ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتتى . ئات ئورنىدا تېپىرلاپ توختىدى . تەلەي ئاتنى قاڭتۇرۇپ ، سالاۋاتقا قاراپ يۈگۈردى . ئۇنىڭ ئىككى قولى غاز قانىتىدەك كېرىلگەن ، يۈرىكى بىر ئوتلۇق ئىستەك يولىدا ئويناقلىماقتا . ئون قەدەم ، بەش قەدەم ، بىر قەدەم… مانا چاڭقىغان قەلبلەر سۆيگۈ ۋىسالىغا يېتىش ئالدىدا . تەلەي بۇنداق بولار دەپ ئويلىمىغانىدى . ئۇنى يانداپ ئۆتكەن سالاۋات قاڭتۇرۇلغان ئاتنى مىنىپ ، هەش - پەش دېگۈچە كۆزدىن غايىب بولدى . تەلەي هاڭ - تاڭ قالدى . ئۇنىڭ ياخشى كۆڭلى ، ئەقىدىسى يەردە قالدى . ئۇ ئەلەم بىلەن لېۋىنى چىشلەپ ، قەدىمىنى يۆتكىدى . ئاپئاق بۇلۇتلار گويا ئۇنىڭغا هېسداشلىق قىلىۋاتقاندەك ، ئايىغىدا ئۈزۈپ يۈرەتتى . بىردىنلا هاۋا ئۆزگەردى . توساتتىن بوران چىقىپ ، چاقماق چاقتى . هاۋانىڭ دەهشەتلىك گۈلدۈرلىشى بىلەن ، ئەتراپ گۆرگە ئوخشاش قاراڭغۇلاشتى . تەلەي ئالدىراپ قالدى .

يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن سوغۇق تەر چىقىپ كەتتى. چاقماق يەنە چاقتى. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ئەتراپ كۈندۈزگە ئوخشاش يورۇپ كەتتى. بۇلۇتلار قاتلىمىدىن چىققان غايەت زور بىر مەخلۇق ئۇنىڭغا قاراپ ئۆمىلەپ كېلىۋاتاتتى. تەلەي پۈتلاشتى. يىقىلغان ئورنىدىن تۇرالماي، جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىراپ كەتتى. ئۇ چۆچۈپ ئويغانغان چاغدا قارا تەردىن پۈتۈن ئەزايى چىلىق - چىلىق سۇ بولۇپ كەتكەنىدى.

تەلەي ماڭلىيىدىكى تەرنى سۈرتۈپ، نەپەس ئالدى. قاباھەتلىك ئىمىشلار ئاخىر چۈش بولۇپ چىقتى. ئۇ كۆرگەن چۈشلىرىنى ئويلاۋېتىپ، قاراڭغۇدا بىرىنىڭ تىمىسقىلاپ كېلىۋاتقانلىقىغا ئانچە بەك دىققەت قىلىپ كەتمىدى. ئىشىك بىردىنلا مۈشۈك تاتىلىغاندەك تىرنىلاپ كەتتى. بۇ ئاۋازدىن چۆچۈپ كەتكەن تەلەي نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالدى. ئىشىك يەنە تىرنىلىدى. كەينىدىنلا بىرىنىڭ تۇتقۇچنى تۇتۇپ تارتقان ئاۋازى ئاڭلاندى. تەلەينى سۈر باستى. قاباھەتلىك چۈشكە ئۇلاپلا كەلگەن بۇ ئىش ئۇنى راستىنلا ساراسىمىگە سېلىپ قويغانىدى. بۇنداق كېچىدە كەلگەن زادى كىمدۇ؟ تەلەي ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ۋارقىرىدى:

— كىم؟!

— بۇ مەن، ئىشىكنى تېز ئېچىڭ!

تەلەي ئەندىكىپ كەتتى. ئۇ ئىشىكنى ئاچقاندا بوسۇغىدا ئارمان تۇراتتى.

ئۆيگە كىرگەن ئارمان بىر خىل ئەندىشە ئىچىدە خېلى ۋاقىتچە ئۈنچىقمىدى. يانچۇقىدىن تاماكا چىقىرىپ، ئالدىرىماستىن تۇتاشتۇردى. ئاندىن ئىسنى ھالقا چىقىرىپ پۈۋلىدى. كۆز ئالدىدا پەيدا بولغان ئۇششاق ھالقىلارغا قاراپ ئېغىر تىنىدى. ئۇنىڭ تۇرقىدىن ناھايىتى مۇھىم بىر سۆزنى ئېيتىشقا تەييارلىنىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— مەن سالاۋاتنىڭ يېنىدىن كەلدىم. ئۇ سىزنىڭ ياردىمىڭىزگە موھتاج. ئۇ سىزنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈۋاتىدۇ. بىچارىگە نېمە كۈندۇ دەيمەن. كۆزىدىن ئاققان ياشلىرىغا ئادەمنىڭ

ئچى سىيرىلىدۇ . سىز بىرىڭ . ئەڭ بولمىسا يۈز كۆرۈشۈپ ، ئۇنىڭغا تەسەللى بىرىڭ ، نەسىھەت قىلىڭ . بەلكىم بۇ قېتىمقىسى ئىككىڭلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۆرۈشۈشى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن .

تەلەينىڭ يۈرەكلىرى ئويناپ كەتتى . ئۇ ئاخىر ئۆز ئارزۇسىغا يېتىش ئالدىدا تۇراتتى . مانا ئارمانمۇ ئاغىنىدارچىلىقنى يەتكۈزۈپ ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرۇپتۇ . ئۇ دېگەن سالاۋاتنىڭ جانجىگەر ئاغىنىسى . ئىككىلەنگۈدەك نېمىسى بار ؟ !

تەلەي چاپىنىنى كىيىپ ، ياغلىقىنى چىگدى . ئۇنىڭ كۆزىگە نە قاراڭغۇلۇق باسقان كېچە ، نە تەنھالىقنىڭ ۋەھىمىسى كۆرۈنمىدى . بىر ـ بىرىگە ياندىشقان ئىككى گەۋدە تۈن قوينىغا سىڭىپ كەتتى .

مەھەللىدىن چىقىپ ، توقايلىققا ئاز قالغاندا تەلەينىڭ يۈرىكى نېمە ئۈچۈندۇر قاتتىق سېلىپ كەتتى . بەرداشلىق بېرىش تەس بولغان بىر خىل ۋەھىمە ۋۇجۇدىنى ئىسكەنجىگە ئالدى . بىردەملىك ھېسسىياتتىن پەيدا بولغان قىزغىنلىقنىڭ سوۋۇشى بىلەن ، تەلەينىڭ كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ ، پۇت ـ قولىدا جان قالمىدى . ئۇنىڭغا ئەمدى بېشىغا كەلگەننى كۆرمەكتىن باشقا ئامال قالمىغاندى .

تەلەي كېتىۋېتىپ ئارماننىڭ بىردىنلا ئۆزىچىلا ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ، گەپ ـ سۆزلىرىنىڭمۇ تازا قولاشمايۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدى . ئۇنىڭ كۆڭلىدە يەنە دېيىشكە تېگىشلىك ، ئەمما دېيىش ئەپسىز بولۇۋاتقان نۇرغۇن سۆزلىرى باردەك قىلاتتى .

ئارمان كېتىۋېتىپ ئۇشتۇمتۇت تەلەينى قۇچاقلىۋالدى . بۇنىڭدىن قاتتىق چۆچۈگەن تەلەي بارلىق كۈچى بىلەن يۇلقۇندى :

— مېنى قويۇۋېتىڭ ، ئارمان ، سىز دېگەن سالاۋاتنىڭ ئاغىنىسى !

— سالاۋات دېگەن ئۇزۇل ـ كېسىل تۈگەشتى . سىز ئەمدى ئۇنى ئۇنتۇپ كېتىڭ . مەن سىزنى چىن دىلىمدىن ياخشى كۆرىمەن . ماڭا سىز بولمىسىڭىز بولمايدۇ ، تەلەي . مېنىڭ سىزنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى بىلگىنىڭىزدە ئىدى... — ئارمان

پچىرلايتتى . تەلەينى ئۆزىگە تارتىپ ، سۆيۈشكە ھەرىكەت قىلاتتى .

— ئىپلاس ، ھايۋان ! ئادەم قىلىپىدىن چىققان مۇناپىق . مەن دېگەن ھامىلىدار ، ئىككىقات ئايال . سېنىڭ ئىپلاسلىقىڭنى تەگرىمۇ ، قانۇنمۇ كەچۈرمەيدۇ ! مەن ھاياتلا بولىدىكەنمەن ، سەن ھەرگىزمۇ مەقسىتىڭگە يېتەلمەيسەن ...

تەلەي ئۇنىڭغا بوي بەرمەي يۇلقۇندى . بىلىكىنى چىشلەپ ، يۈزلىرىنى ، بويۇنلىرىنى تاتىلىدى . ئىچ - ئىچىدىن ئۆرلەپ چىققان پۇشايمان يۈرىكىنى گۈلخانغا ئوخشاش كۆيدۈرەتتى . ئۇ چارچىدى ، ھاردى . ئۇ بوشىشىپ كېتىۋاتاتتى .

غالجىرلاشقان ئارمان ئۇنى كۆتۈرۈپ باستى . ئادەمزاتسىز ئايدالىدا تەلەينىڭ ئېچىنىشلىق نالىسى قۇمغا سىڭگەندەك سىڭىپ كەتتى . مەڭگۈ يۇيۇپ چىقىرىۋەتكىلى بولمايدىغان ئېچىنىشلىق خورلۇق يۈز بېرىش ئالدىدا تۇراتتى . تەلەينىڭ يۈرەكنى ئېزىدىغان نالىسىگە چىدىمىغاندەك زېمىننى يورۇتۇپ ئاي چىقتى . غەزىپىگە ھاي بېرەلمەيۋاتقاندەك يېقىنلا بىر يەردە ھۇۋقۇش سايراپ كەتتى . تەلەي ھەيران قالدى . «توك !» قىلغان ئاۋاز بىلەن ئۇستىدىكى ئېغىر گەۋدە غۇلاپ چۈشتى . قىيىنانا ئاسماندىن چۈشكەندەكلا تەلەينىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى . تەلەي بىردىنلا ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى . ئۇنىڭ ھەسرەتكە تولغان يىغىسى كېچە ئاسمىنىدا ياڭراپ كەتتى .

— بۇ مۇناپىقنى باغلاپ قانۇنغا تاپشۇرۇپ بېرەيلى ، — دېدى قىيىنانىسىنىڭ كەينىدىنلا پەيدا بولغان قىيىناتىسى ، ئېسىنى يىغقان ئارماننىڭ گەجگىسىدىن تىزلاپ تۇرۇپ . ئۇ شۇنداق دەپلا يانچۇقىدىن شوينا ئېلىپ ئارماننىڭ قولىنى باغلىدى . ئانا بىر خىل تەئەججۈپ ئىچىدە ئېرىگە قاراپ قويدى . «ئەسلىدە ئۇلار مېنى سىرتتىن قوغداپ يۈرگەن ئىكەن - دە» دەپ ئويلىدى تەلەي كىيىملىرىنى جۆندەشتۈرۈۋېتىپ . ئۇ قايغۇ - ھەسرەت دەستىدىن مۆكچىيىپ كەتكەن بۇ سۆيۈملۈك ئادەملىرىگە قانداق رەھمەت ئېيتىشنى بىلمەيتتى .

— سەن مۇناپىق ئەسلىدە قوي تېرىسىگە ئورىنىۋالغان بۆرە

ئىكەنسەن ـ دە؟ نومۇس قىلماي قارا قولۇڭنى ئۆز دوستۇڭنىڭ ئايالىغا ئۇزاتقىنىڭنى قارا، ئىپلاس. سەن دۆيۈزلەرنىڭ يامان نىيىتىنى ھېلىقى بىرنېمە بىلەن بىزنىڭ ئۆيگە سالاۋاتنىڭ دېرىكىنى قىلىپ كەلگەن چېغىڭدىلا بىلگەن. ھۇ ھايۋان، — ئانا ئۆزىنى كونترول قىلالماي قالدى. «چاڭ!» قىلىپ تەگكەن شاپىلاق بىلەن تەڭ ئارماننىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چىقىپ كەتتى، — شۇ تاپتا سېنى دەسسەپ چەيلىۋەتسەممۇ دەردىم چىقمايدۇ. سەن خەقنىڭ كاساپىتى بىلەن بالام يولدىن چىقتى. سەن تۇزكورلار ئۇنى يولدىن چىقىرىشتىڭ...

ئانا ئولتۇرۇپ قالدى. كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز دەرد ـ ئەلەم ئۇنى ھالىدىن كەتكۈزۈۋاتاتتى. تەلەي قېينانىسىنى يۆلىدى. ئۇنىڭ كىشى ئەقلى يەتمىگۈدەك ئازابلارنى يۇدۇپ يۈرۈۋاتقانلىقىنى بىلگىنىدە، ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆرتىنىپ، يۈرىكىنى غايەت زور ھېسداشلىق چۇلغىۋالدى.

ئانىنىڭ يۈرىكى پىچاق تىلغاندەك ئېچىشىپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇنى يەنىلا تېگى يوق چىگىش خىياللار ئازابلاۋاتاتتى. كېلىنى كېلىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ يەلكىسىدىن ئېغىر يۈك ئاغدۇرۇلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى كېلىنىنىڭ قاراملىقى ئەنسىرىتىپ قويدى. ئۇ ئويلىغانلىرىنى كېلىنىگە قانداق دېيىشنى بىلمەيتتى. ئانىنىڭ ئۇيقۇسى قاچتى. ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، ئويلىغانلىرىنى ئاخىر كېلىنىگە دېيىش نىيىتىگە كەلدى. بىر شەيتىنى توختىماي بۇ ئىشنى ئەتىگە قويماي، بۈگۈنلا دېگىن، دەۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ ئاخىر تاقەت قىلالمىدى. پۈتۈن كائىنات ئېغىر ئۇيقۇغا چۆككەن چاغدا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆيدىن چىقتى. تەلەينىڭ ئىشكى ئالدىغا ئاز قالغاندا، كېلىنىنىڭ بىرى بىلەن ئۆيدىن چىققانلىقىنى، ئالدىراپ مەھەللىنىڭ سىرتىغا ماڭغانلىقىنى كۆردى. بۇنىڭ بىلەن يېقىمسىز بىر تىترەك يۈرىكىنى مۇجۇپ ئۆتتى. غايىبتىن پەيدا بولغان بىر كۈچ ئۇنى كېلىنىنىڭ كەينىدىن ئېلىپ كەتتى. ئانا ئېرىنى ئۇخلاپ قالدى دەپ ئويلىغانىدى. شۇنچە يىل بىللە ئۆتۈپ، قەدىناس بولغان چاغدا پىكرى بىر يەردىن

چىقماي، پەيدا يورۇشى ئۇنى توختىماستىن سارامسىغا سالاتتى...

ئاي كۆتۈرۈلۈپ ئەتراپ سۈتتەك يورۇپ كەتتى. ئارمانىنى ئالدىغا سالغان ئۈچ ئادەم ئاينىڭ يورۇقىدا مەھەللىگە قاراپ كېتىۋاتاتتى...

## 22

ئەتراپ قاراڭغۇ ئىدى. ئۇ شۇنچىلىك قاراڭغۇ ئىدىكى، قول سۇنسا يەتكۇدەك يەردىكى نەرسىلەرنى كۆرگىلى بولمايتتى. پۈتۈن ئەتراپ دۇم كۆمتۈرۈلۈپ قويۇلغان قازان ئاستىدا قالغاندەك بىلىنەتتى. شەرق قايسى تەرەپتە، غەرب قايسى تەرەپتە ئىلغا قىلغىلى بولمايتتى. پەقەت گۇركىرەپ چىقىۋاتقان بوراننىڭ ئاۋازىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. قەيەردىدۇر بىر يەردە ئوتنىڭ يورۇقى كۆرۈنۈپ يوقاپ كەتتى. ئوت كىملەر تەرىپىدىن يېقىلدى، نېمە ئۈچۈن يېقىلدى، يەنە قاچان يېقىلىدۇ، ئۇ بىلمەيتتى. مانا شۇنداق ۋەھىمىلىك كېچىدە غىل - پال قىلىپ قالغان ئوتنىڭ پەيدا بولۇشى سالاۋاتنى ئەنسىرىتىپ قويدى. ئۇ ئۆزىنى ئىزدەپ يۈرگەنلەرگە يولۇقۇپ قالماسلىق ئۈچۈن، يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ، مۈشۈككە ئوخشاش تىمىسقىلىغىنىچە يورۇپ كەتتى. قاياقتىندۇر بوران ھەيدەپ كەلگەن سېسىق پۇراق دىماغقا ئۇرۇلدى. سالاۋات ئۇنىڭ يېقىن ئەتراپتىكى ئۆلۈك مالنىڭ چىرىگەن تېنىدىن كېلىۋاتقانلىقىنى جەزم قىلدى. ئۇنىڭ يۈرىكى بىردىنلا ئېزىلىپ، قەلبىنى ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز دەرد - ئەلەم ئىگىلىدى. بەلكىم ئۇنىڭ كېيىنكى تەقدىرىمۇ ئاشۇ سېسىق پۇراق چىقىپ تۇرغان ئۆلۈك مالنىڭ تەقدىرىدەك بولۇپ قالار. چىرىگەن جەستى ئايدالىدا ئىگىسىز قالار...

سالاۋات كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئوي - پىكىرلىرى شۇنچىلىك مۇرەككەپ ئىدىكى، ئويلىغانسېرى مۇرەككەپلىشىپ، باش - ئاخىرى يوق بىر نەرسىگە ئايلىنىپ كېتەتتى. بوران

گۆركىرىمەكتە . هارغىنلىق دەستىدىن كۆزلەر يۇمۇلماقتا . بىر ۋاخ ئىسسىق تاماق ، يۇمشاق ئورۇن بولغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى ـ هە؟ !

سالاۋات بىردىنلا مۇدۇرۇپ كەتتى . ئۇ زور غەيرەت كۆرسىتىپ ئاخىر يىقىلىپ چۈشۈشتىن ئامان قالدى . ئاچلىق زەربىسىدىن تىترەپ كېتىۋاتقان ئىككى پۇتىنى بىر ـ بىرىگە جۆيلەپ ، ئېھتىياتچانلىق بىلەن نەپەس ئالدى . ئۇ مۇشۇنداق ئاچ قورساققا قاتتىق نەپەس ئېلىشنىڭمۇ تەسىر كۆرستىدىغانلىقىنى ، ماغدۇرىدىن تېخىمۇ كەتكۈزۈۋېتىدىغانلىقىنى هېس قىلغانىدى . ئاچلىق دەستىدىن يوغىناپ كەتكەن بىر جۈپ كۆزى ئەتراپقا تىكىلدى . ئۇنىڭغا هەممە نەرسە ئېچىرقاپ كەتكەندەك ، يەر يۈزىدىكى يېگىلى بولىدىغان نەرسىلەرنىڭ هەممىسىنى يەپ تۈگىتىۋەتكەندەك بىلىندى . دېمىسىمۇ بۇ ئەتراپتا ئۇ يېگۈدەك هېچ نەرسە يوق ئىدى . سالاۋات چوڭقۇر نەپەس ئالغاندىن كېيىن ، ئېغىر خورسىنىپ ئاستا قوزغالدى .

بوران ئاستا ـ ئاستا پەسلەپ ، يىراقتىن هاۋانىڭ گۈلدۈرلىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى . يامغۇر شەپىسى كېلىۋاتاتتى . سالاۋات بېشىنى پەرۋاسىزلا كۆتۈرۈپ قويدى . پۇتىنى قويۇپ ، بېشىنى تىققۇدەك ماكان بولمىغاچقا ، ئەمدى ئۇنىڭ بۇلارنى ئويلاشقا چولىسى تەگمەيتتى . بىر ۋاخ تاماق ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر چاغلاردا هېچ گەپ ئەمەس ئىدى . «كۆڭلۈمدىكى تاماقنى ئەتمەپسەن» دەپ چالۋاقىغان ، ئانىسىغا ۋارقىراپ ، بوسۇغىدىن بوراندەك چىقىپ كەتكەن چاغلىرى بولغان . هېلىمۇ ئېسىدە ، تامىقىنى ئېتىنىڭ قاچىسىغا تۆككەنلىرى ، هېلىمۇ ئېسىدە چىنىنى يەرگە ئاتقانلىرى . مانا ئەمدى بىر چىنە تاماق تۈتىيا بولماقتا . مانا ئەمدى بىر چىنە تاماق جانغا ئارا تۇرماقتا…

ئۇ ئەمدى تەقدىرنىڭ جازاسىدىن قۇتۇلالمايتتى . كۆرىدىغان كۈنلىرى تۇغۇلغان چاغدا پېشانىسىگە پۈتۈلۈپ كەتكەن بولۇپ ، ئۇنى ئۆزگەرتىشكە هېچكىمنىڭ چامىسى يەتمەيتتى . شۇنداق ئەھۋال


ئاستىدا ئۇنىڭغا ھېچكىممۇ ياردەم بېرىپ ھۆددىسىدىن چىقالمايتتى. سالاۋات قايتا ـ قايتا ئويلىنىش ئارقىلىق مۇشۇلارنى يەكۈنلىدى. بىر ئىزدا كېتىۋاتقان كۆكۈللۈك تورمۇشنى ئۇ ئۆزى يولدىن چىقاردى. ئەگەر كۆنۈلمىگە شۈكۈر قىلىپ، تەقدىرىنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنمىغان بولسا بەلكىم ھازىرقىدەك كۆنلەرگە قالماس ئىدى. مانا ئەمدى ھەممە نەرسە قاراپ تۇرۇپ ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كەتتى. ئۇ ئاخىر بېرىپ بۇ دۇنياغا ئادىشىپ كېلىپ قالغاندەك ھالەتكە چۈشۈپ قالدى...

ھاۋا گۈلدۈرلەۋاتاتتى. سالاۋاتنىڭ كۆزلىرىدىن ھەسرەت ياشلىرى ئېتىلىپ چىقتى. ئىچ ـ ئىچىدىن قايناپ چىققان پىغاننىڭ ئاۋازىنى گۈلدۈرمامىنىڭ كۈچلۈك ئاۋازى يالماپ كەتتى. ئۇ ھازىر چەكسىز دېڭىزنىڭ قەھرلىك دولقۇنلىرىدىكى يالغۇز قولۋاققا ئوخشاپ قالغانىدى.

ئۇ بىردىنلا توختاپ قالدى. تېخى يېڭىراقتىلا يېنىپ ئۆچكەن يورۇقلۇق يەنە پەيدا بولدى. بۇ قېتىم ئۇ يوقاپ كەتمىدى. سالاۋات «تۇيغۇم مېنى يەنە ئالداۋاتامدۇ، قانداق» دېگەندەك كۆزىنى قولى بىلەن ئۇۋۇلاۋېتىپ، ئاشۇ يورۇقلۇققا سىنچىلاپ قارىدى. تۇيغۇسى ئۇنى بۇ قېتىم ئالدىمىغانىدى. سالاۋات بىر خىل ئازاب ئىچىدە تولغىنىپ كەتتى.

سالاۋات ئېسىنى يىغىپ نەدە ياتقانلىقىنى بىلگەن چاغدىلا، ئۆزىنىڭ بەكمۇ زەئىپلىشىپ كەتكەنلىكىنى، پۇت ـ قوللىرىنىڭ تىترەپ ئورنىدىن تۇرۇشقا ئىمكان بەرمەيۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ بۇنداق يېتىۋەرسە بولمايتتى. كەينىدىن سايىغا ئوخشاش ئەگىشىپ يۈرگەن خېيىمخەتەر ئۇنىڭغا ئېچىنمايتتى. ئىچ ئاغرىتىپ، پەپىلەپمۇ يۈرمەيتتى. شۇلارنى ئويلىغاندا سالاۋاتنىڭ ۋۇجۇدىدا ۋەھىمە پەيدا بولۇپ، پۇت ـ قوللىرى ھەرىكەتكە كەلدى. قورقۇنچ تۈرتكىسىدە پەيدا بولغان غەيرەت بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، قەددىنى رۇسلىدى. دادىسىنىڭ دائىم «قورقۇنچمۇ بەزى چاغلاردا ئادەمگە كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاتا قىلىدۇ» دەيدىغان سۆزى قۇلاق

تۇۋىدىن جاراڭلاپ ئۆتتى .
ئۇ راستتىنلا يولدىن ئېزىپ كەتكەنىدى . بىر قارىسا تونۇشتەك ، بىر قارىسا تونۇش ئەمەستەك مەھەللە ئۇنىڭ ئالدىدا قارىيىپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى . ۋەھىمە بىلەن ئاچلىق گىرەلىشىپ كەتكەن چىگىش ئوي - خىياللىرى توختىماستىن داۋالغۇيتتى . سالاۋات ئەتراپقا ئەندىشە ئىچىدە قاراپ چىقتى . تېزرەك بىر قارارغا كەلمىسە بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ ، لېۋىنى چىشلىدى . بەلكىم يەنە بىرنەچچە سائەتتىن كېيىن تاڭ ئاتار . بەلكىم هازىرنىڭ ئۆزىدە تونۇش - بىلىشلەردىن بىرەرى يولۇقۇپ قالار .
ئۇياققا تارتسا ئۆكۈز ئۆلىدىغان ، بۇياققا تارتسا هارۋا سۇنىدىغان تولىمۇ چىگىش ئىش سالاۋاتنى قىيناۋاتاتتى . ئۇ ئىچىدە خۇداغا نالە قىلغاچ ، چوڭقۇر بىر نەپەس ئالدى . قۇلاق تۇۋىدە بىردىنلا غايىبتىن «نېمىگە هاڭۋېقىپ تۇرىسەن ، كونىلار ‹باشقا كەلگەندە باتۇر › دېگەن . كۆمسەم پىشارمۇ ، ياقسام پىشارمۇ دەپ ئولتۇرغۇچە ، مەھەللىگە كىرگەندە ، ئۇدۇل كەلگەن ئىشىكتىن بىرنى قاق . تەلىيىڭ ئوڭدىن كېلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس » دېگەن ئاۋاز ئاڭلانغاندەك قىلدى . سالاۋات ئويلىنىپ قالدى . ئىش بۇ دەرىجىگە يەتكەندە ، شۇنداق قىلماقتىن باشقا ئامالمۇ يوق ئىدى .
ئۇ مىڭ بىر جاپالار بىلەن ئاخىر مەھەللىگە كىردى . پۇت - قولىدا پەقەتلا جان قالمىغاچقا ، سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ توختاپ قالدى . ئۆزى يۆلەنگەن تامنىڭ ئۇدۇلىدىكى دەرۋازىنىڭ قىيا ئوچۇق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ يەڭگىل نەپەس ئالدى . ئۆي ئىگىسىنىڭ كىچىككىنە سەۋەنلىكى ، ئۇنىڭ غەم - قايغۇسىنى كۆتۈرۈۋەتتى . دەرۋازا قېقىپ ، خەقنىڭ دىققىتىنى بۆلۈشتىن ئازاد بولغان سالاۋات هويلىغا كىرىپ دەرۋازىنى ياپتى . سالاۋات بېشىنىڭ قېيىۋاتقانلىقىنى ، بەدىنىنىڭ بوشاپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ ، غەيرەت قىلغان بولسىمۇ بەرداشلىق بېرەلمەي يەرگە «گۈپ ! » قىلىپ يىقىلدى .
قەيەردىدۇر بىر يەردە خوراز چىللىدى . سەهەرنىڭ تەننى



شـۇركـۈنـدۈرـدىغان سوغۇقى سالاۋاتنى هوشىغا كەلتۈردى . ئۇ كۆزىنى ئېچىپ ، بېشىدا تۇرغان بىر ئايالنى كۆردى .

— هەدە ، ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن ، مەن يامان ئادەم ئەمەس . خاپا بولماي ماڭا يېگۈدەك ئازراق بىرنەرسە بەرگەن بولسىڭىز . تـويـغـۇدەك تـاماق يېمىگەنگە قانچە كۈنلەر بولغىنىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن ، — ئۇ شۇنداق دېدى . ئاغزىدىن بۇ سۆزلەرنىڭ قانداق چىققانلىقىغا ئۆزىمۇ هەيران قالدى . ئايال نېمىدۇر بىرنەرسىنى سەزگەندەك ئېڭىشتى ۋە تىترىگەن ئاۋازدا :

— ۋاي خـۇدايـىمەي ، سىز سالاۋاتقۇ ؟ — دېدى . سالاۋات هەيران قالدى . تونۇشلا بىر ئاۋاز قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلاپ ، جانغا ئارام بېرىۋاتاتتى . ئۇ كىمدۇ ؟ ئاۋازى نېمىشقا شۇنداق تونۇش ، شـۇنـداق يـېـقـىـمـلـىـق ؟ ئـانىسىمىكىن دېسە ئانىسى ئەمەس ، هامىسىمىكىن دېسە هامىسى ئەمەس . زادى كىمدۇ ؟

ئايال ئېڭىشىپ ئۇنىڭ قولتۇقىدىن يۆلىدى . سالاۋات هاياتىدا تـۇنـجـى قـېـتـىـم بـاشقىلارنىڭ هېسداشلىقىغا ئېرىشىۋاتقاندەك هاياجانلىنىپ كەتتى . ئۇنىڭ قەلبى شېرىن بىر تۇيغۇنىڭ ئىلكىدە دېڭىز دولقۇنىدەك ئۆركەشلەۋاتاتتى . بېشىغا ئېغىر كۈنلەر كېلىپ ، بـارـدىغانغا يەر تاپالماي قالغاندا ئۇنى تونۇيدىغان بىرى چىقىپ قالدى . خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن ئۇنىڭ يەنە بىر قېتىم تەلىيى ئوڭ كەلدى .

سالاۋات بىردىنلا پىغانلىرى تېشىپ ئۆكسۈپ كەتتى . ئۇنىڭ هـەسـرەتـلـىك كۆز يېشى ئۆيگە كىرگەندىمۇ يامغۇرغا ئوخشاش تۆكۈلۈپ تۇردى . ئۇ شۇ تاپتا تەسەللىگە ، ياخشى سۆزگە هەممىدىن بەكرەك موهتاج ئىدى .

ئـايـال ئـۇنىڭغا لۆڭگە سۇندى . سالاۋات بېشىنى كۆتۈرۈپ داڭقېتىپ قالدى . ئۇنىڭ ئالدىدا ئاسىيە تۇراتتى . تەقدىر ئۇلارنى مـانـا مـۇشـۇنـداق هـالـقـىـلـىق پەيتتە ئۇچراشتۇردى . بۇنداق ئـۇچـرىـشـىـشنىڭ خەيرلىك بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىنى ئۇ بىلمەيتتى .

سالاۋاتنىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى . بىر چاغلاردا ۋۇجۇدىدىن كۈچ ـ قۇۋۋەت ئۇرغۇپ ، كۆزلىرى چاقناپ تۇرىدىغان بۇ ئايالنىمۇ رەھىمسىز تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتى بوش قويۇۋەتمىگەنىدى . قاپقارا چاچلارغا ئاق سانجىلغان ، مەرۋايىتتەك گۈزەل چىرايلارنى قورۇق باسقان .

سالاۋات تاڭنىڭ سۈس يورۇقىدا ئۆزى تونۇيدىغان بۇ ئايالغا ئىختىيارسىز سەپسېلىپ چىقتى . ئۇ چاي ئىچىۋاتاندىمۇ ، پاراڭ سېلىشىۋاتاندىمۇ ناھايىتى يىراقتا قالغان خاتىرىلەرنى ئەسلىدى .

— تـوۋا ، بـۇ ئىش راست ئىكەن ـ دە ، — دېدى ئاسىيە سالاۋاتنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئېغىر زەربىگە بەرداشلىق بېرەلمەيۋاتاندەك بىر خىل ئاھاڭدا ، — ئەمدى قانداق قىلاي دەۋاتىسىز ؟ ئاتا ـ ئانىڭىزنى ئىزدەپ ئۇلارنىڭ مەسلىھەتىنى ئېلىپ باقتىڭىزمۇ ؟

سالاۋات جىمىپ قالدى . نېمە دېسە ياخشى بولىدىغانلىقىنى بىلەلمەي بوغۇلۇپ كەتتى . كاللىسىدا ئۇ مېنى تۇتۇپ بېرەرمۇ ؟ دېگەن بىر دەھشەتلىك ئوي ئەگىپ يۈرەتتى . ئاھ خۇدا !

— مـەندە ھازىر ئۇلار بىلەن كۆرۈشكۈدەك يۈز قالمىدى . ئۇلارغا يەنە ئاۋارىچىلىك تېپىپ بەرگۈم يوق . بېشىمغا كەلگەننى كـۆرەرمەن ، — دېدى ئۇ بـىـرپەسـتـىـن كـېـيـىـن تولـىمۇ زەئىپ ئاۋازدا ، — ھازىر مېنىڭ تەقدىرىم سىزنىڭ قولىڭىزدا قالدى . مەن تېخى ياش . مېنىڭ مۇشۇنداقلا ئۆلۈپ كەتكۈم يوق . ماڭا رەھىم قىلىڭ ، جېنىم ھەدە ، مېنى ساقچىغا مەلۇم قىلىپ قويماڭ ، ماڭا قىلغان ياخشىلىقىڭىزنى ئۇ دۇنيا ـ بۇ دۇنيا ئۇنتۇمايمەن . مېنىڭ ئـۆلگۈم يوق ! — سالاۋات بىردىنلا تىزلىنىپ قالدى . كۆزىدىن تـاراملاپ تۆكۈلۈۋاتقان مونچاق ـ مونچاق ياشلاردىن ئاسىيەنىڭ يۈرىكى لەرزىگە كەلدى . ئۇنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بېرى تىنچلىنىپ قالغان قـەلبى ، مـانا بۇگـۈن سالاۋاتنـىـڭ پەيـدا بولۇشى بىلەن ئوڭتەي ـ توڭتەي بولۇپ كەتتى . ئۇ قانداق قىلىشنى بىلمەيتتى . نـېـمـىـنـىـڭ تـوغرا ، نېمىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىپ

تـۇرسـىـمـۇ ، غايىبتىن پەيدا بولغان بىر خىل كۈچ ، ھەممىنى بـىـلـمـەسلىككە سېلىشقا ئۇندەيتتى . تەقدىرنىڭ بىمەنە چاقچىقى تۇپەيلىدىن ئۇنىڭ يۈرىكى پارە ـ پارە بولۇپ كېتىۋاتاتتى .
ئاسىيە ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزدى .
— مـەن چۈشـەنـدىم ، قالايمىقان خىياللارنى كاللىڭىزدىن چىقىرىۋېتىپ ياخشى ئارام ئېلىڭ . مەن سىزنى ئىچكەركى ئۆيگە سولاپ قويمەن . مەندىن ئەنسىرىمىسىڭىزمۇ بولىدۇ . ئەكرەم تاڭغا يـېـقـىـن قايتىپ كەلگەن بولسا كېرەك . ئۇ ھازىر ھۇجرىسىدا ئۇخلاۋاتىدۇ . قانداق قىلىش لازىملىقىنى كەچكە يېقىن بىرنەرسە دېيىشەيلى ، ئەمىسە شۇنداق بولسۇن .
ســالاۋات رازىــلــىق بـىـلــدۈرگـەنـدەك بېشىنى يەڭگىلگىنە لــىڭـشـىـتـىــپ قـويـدى . ئـەمـدى ئـۇنـىـڭ ئـۆي ئىگىسىنىڭ ئـورۇنـلاشـتۇرۇشىغا بويسۇنماقتىن باشقا ئامالىمۇ قالمىغانىدى . دېرىزىلەرنىڭ پەردىسى چۈشۈرۈلۈپ ، ئىشىك قۇلۇپلاندى . سالاۋات ئۆيقۇغا كېتىۋېتىپ ھاياتىدا يەتكۈچە جاپا تارتقان بۇ ئايال ھەققىدە ئويغا پاتتى . ئاسىيە مۇلايىم ، ئاق كۆڭۈل ئايال ئىدى . تۇرمۇشىدا شـۇنـچـە كـۆپ بەختسىزلىكلەرگە ئۇچرىغان بولسىمۇ ، ھەسرەت چېكىپ ، ۋايسىغىنىنى ھېچكىم بىلمەيتتى . چىرايىدىن ھەر دائىم خـۇشـاللىق ئەكـس ئېتىپ تۇرمـىـسىمۇ ، ھـەر قـاچـان ، ھـەر ۋاقىــت قايغۇ ـ ھەسرىتىنى ئۇن ـ تىنسىزلا ئىچىگە يۇتۇۋېتەتتى . بولۇپمۇ ئۆيگە سىرتتىن مېھمان كەلگەندە شۇنداق . ئۇنىڭغا قارىغان ئــادەم خــاپـىــلــىــق ئۇنى تۇگەشتۈرمەي بەلكىم گۈلگە ئوخشاش ئېچىلدۇرۇپ ، ئۆي ئىچىنى شادلىققا تولدۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قـىلاتتى . شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈنمىكىن ، بۇ ئايالنى كۆرگەن ھەرقانداق بىر ئادەم كۆڭۈل ئازادىلىكىگە چۆمۈپ ، ئەڭ يېقىن ئادىمىگە يولۇقۇپ قالغاندەك ھېسسىياتتا بولاتتى . گەرچە سالاۋات بـۇلارنـى بـاشـقـىلارنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغان بولسىمۇ ، كېيىنكى كۈنلەردە بۇ سۆزنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە ئىشەندى . مانا ئەمدى بولسا بۇنى رېئاللىق ئىچىدە ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزمەكتە…

سالاۋات ئويلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئۇلگۇرمەيلا يەڭگىل تىنىپ ئۇيقۇغا كەتتى . ئاجايىپ لەززەتلىك چاي ، ماۋۇقتەك يۇمشاق ئورۇن جەننەت ھۆزۈرىنى بېرىپ ، ئۇنى ساماغا ئاچىقىپ كېتىۋاتاتتى . قالغان ئىشلار ئۆي ئىگىسىنىڭ ئىنساپىدا قالدى .

بۇ چاغدا قاتتىق زىددىيەت ئىچىدە قالغان ئاسىيە ساقچىخانا ئالدىدىن بىرقانچە قېتىم ئۆتتى . ئۇنىڭ ۋاققاستىن ئۆچىنى ئالمىدىغان ، سالغان زۇلۇملىرىنى ئۆزىگە قايتۇرۇپ بېرىدىغان پەيتى كەلگەنىدى . ۋاققاس ئۇنىڭ ئىستىقبالىنى ۋەيران قىلدى . ئەمدىلا ئوقۇش پۇتتۇرۇپ كەلگەن دېھقان قىزى غايەت زور ھوقۇق ئالدىدا ئامالسىز قالدى . ھەممىنى ئۆزىنىڭ دېگىنى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئادەتلەنگەن ۋاققاس پۇتۇن يېزا قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەن بىر كۈنى ئۆز مەقسىتىگە يەتتى . بىر گۈل ئېچىلماي تۇرۇپ باشقىلار تەرىپىدىن رەھىمسىزلەرچە دەپسەندە قىلىندى . ئاسىيە ئۆيدە داۋالىنىشنى تۈت كۆزى بىلەن كۈتۈپ ياتقان ئانىسىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن خورلۇقلارنى ئىچىگە يۇتۇپ ، ۋاققاسنىڭ ئىچى پۇشقاندا كۆڭۈل ئاچىدىغان ئويۇنچۇقىغا ئايلىنىپ قالدى . ۋاقىت سۈدەك ئۆتۈۋاتاتتى . كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاسىيە ۋاققاسقا باغلىنىپ قالدى . ئۇ بۇنداق بولار دەپ پەقەتلا ئويلىمىغانىدى . ۋاققاسنىڭ ياخشى مۇئامىلىسى ، شېرىن ـ شەربەت سۆزلىرى ئۇنىڭ گۆدەك قەلبىدە يىلتىز تارتىپ ، ئاجايىپ گۈزەل بىر مەنزىل تامان باشلاپ باراتتى . بىراق ، بۇ كۈنلەرمۇ ئۇزاققا بارمىدى . «خۇش خەۋەر» يەتكۈزۈلگەن شۇ كۈنى ، ئۇنىڭ شېرىن ئارزۇ ـ ئارمانلىرى بىتچىت بولۇپ كەتتى .

— قانداق قىل دەيسەن؟ بالىنى دەرھال كۆزدىن يوقات ! — ۋاققاس ئادەم قېلىپىدىن چىققان ھالدا ۋارقىراپ كەتتى . ئاسىيە ھەيران قالدى . ئارىلىقتا ئۇقۇشماسلىق بولۇۋاتسا كېرەك ، دەپ ئويلاپ ئەركىلىدى :

— نېمانچىلا چېچىلىسىز ؟ ئۇ سىزنىڭ بالىڭىز...

ئاسىيە قالغان سۆزلىرىنى دېيىشكە ئۈلگۈرمىدى .

«چاڭ !» قىلىپ تەگكەن شاپىلاق بىلەن كۆزىدىن ئوت چىقىپ كەتتى .
— ئاغزىڭنى يۇم ، قانجۇق ! مېنىڭ بالام دەيدىغانغا قانداق پاكىتىڭ بار ؟ ئۆزۈڭچە ماڭا تۆھمەت قىلىپ قارا چاپلىسام ، شەرمەندىلىكلىرىمدىن قۇتۇلۇپ قالىمەن دەپ ئويلىغان ئوخشىمامسەن ؟ ئەگەر شۇنداق ئويلىغان بولساڭ ، چۆچۈرىنى خام ساناپسەن . مەن كىم ؟ مەن دېگەن ۋاققاس . مۇشۇ سۆزۈڭ ئۈچۈنلا سېنى ئۆمۈر بويى تۈرمىدە ياتقۇزۇۋېتەلەيمەن . بۇ مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدۇ . ئىشەنمىسەڭ سىناپ باق !
ئاسىيە شۇمشەرەپ قالدى . ئۇ ۋاققاسنى بۇنداق يۈزسىزلىك قىلىدۇ ، دەپ ئويلىمىغانىدى . ئۇ توغرا دەيدۇ ، بۇ يېزىدا ئۇنىڭ دېگىنى دېگەن ، قىلغىنى قىلغانىدى . ئۆز پۇشتىدىن بولغان بالىغا بۇنداق مۇئامىلە قىلىشۋاتقان يەردە ، باشقا ئادەمگە نېمە قىلمايدۇ . جاھاننىڭ ئىشلىرى نېمىشقا بۇنداق مۇرەككەپتۇر ، نېمىشقا بۇنداق سىرلىقتۇر ؟ بەزى ئادەملەرنىڭ نېمە ئۈچۈن تېشى باشقا ، ئىچى باشقا بولىدىغاندۇ ؟ ئۇلار نېمە ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ يۈزسىزلىكىدىن نومۇس قىلمايدىغاندۇ ؟… جاۋاب تېپىش تەس بولغان ئەنە شۇنداق خىياللار ئۇنى قىيناپ ، يۈرەك ـ باغرىنى توختىماستىن تىلغايتتى .
ۋاققاس كەتتى . ئۇ چۈمپەردىسىنى يىرتىپ تاشلاپ ، ھەقىقىي قىياپىتىنى ئاشكارىلاپ كەتتى . ئۇنىڭ كېتىشى بىلەن ئاسىيەنىڭ قەلبىدىكى چەكسىز سۆيگۈ ئورنىنى يېڭىپ بولماس بىر خىل نەپرەت ئىگىلىدى . ۋۇجۇدىدا پەيدا بولغان جاھىل كۈچ ئۇنى توختىماستىن ۋاققاس بىلەن قارشىلىشىشقا ئۈندەيتتى . رىشتە ئۈزۈلدى . شۇ كۈندىن باشلاپ ئاسىيە باشقىلا بىر ئادەم بولۇپ قالدى . ئۇ كۈلەتتى . مەھەللىدىكى توي ـ تۆكۈنلەردە بولۇشىغا ئوينايتتى . ۋاققاس بار سورۇنلاردا يىگىتلەرگە يېقىنچىلىق قىلىپ ، ھەممە ئادەمنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋېتەتتى . ئۇ مۇشۇ ئۇسۇل ئارقىلىق ئۆزىنىڭ چەيلەنگەن بەختىنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولاتتى . ئۇنىڭ ئۇسۇلى ئاخىر ئۈنۈم بەردى . بۇ خىل ئۇسۇل بىلەن

بىرىلگەن زەربىگە بەرداشلىق بېرەلمەي قالغان ۋاققاس قىلغانلىرىغا توۋا قىلىپ ئۇنىڭغا يېلىندى .

— ئاسىيە ، مەن سىزگە يۈز كېلەلمەيمەن . مەن ئادەم ئەمەس . مۇشۇ كۈنلەردە سىزگە قىلغانلىرىم يۈرىكىمگە خەنجەردەك سانجىلىپ ھېچ ئارامىمنى قويمايۋاتىدۇ . مەن ئالدىڭىزدا بەك خىجىل . مېنى كەچۈرۈڭ . ماڭا يەنە بىر قېتىم پۇرسەت بېرىڭ . مېنى قىينىماڭ ، ماڭا بۇ دۇنيادا سىز بولمىسىڭىز بولمايدۇ...

ۋاققاس ئاسىيەگە شۇنداق دېدى . ئۇنىڭ ئاغزىدىن ھاراقنىڭ سېسىق ھىدى گۇپۇلدەپ پۇراپ تۇراتتى . ئۇ ئاسىيەنى يۈگۈرۈپ كېلىپ بوينىغا گىرە سالىدۇ دەپ ئويلىدى . ئۇ خاتالاشقانىدى . بۇ قېتىم ھەممە نەرسە ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك بولماي قالدى . ئاسىيەدىكى تۇنجۇقتۇرۇش مۇمكىن بولمايدىغان سېھرىي كۈچ تېخىمۇ جۇلالىنىپ كەتتى . ئۇ سۈكۈت ئىچىدە بىرپەس تۇرغاندىن كېيىن بۇرۇلۇپلا چىقىپ كەتتى . ۋاققاس خوددى شىۋىرغاندا قالغاندەك ئەندىكىپ كەتتى . ئىش بۇنىڭ بىلەن تۈگىمىدى . ئاسىيەگە غايىبتىن بىر كۈچ پەيدا بولغاندەك ئۇنىڭ سۆلىتىگە ، ئىلتىجا ئىچىدىكى قاراشلىرىغا پىسەنت قىلماي يۈرۈشلىرى ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇردى . ۋاققاس سەۋدايىدەك بولۇپ قالدى . تەڭرى ئۇنى جازالاۋاتقاندەك قىلاتتى . ھېلىمۇ ياخشى تەلىيىگە ئاسىيە كۆپ ئۆتمەيلا بۇ يەردىن يىگىرمە كىلومېتىر يىراقتىكى سالغا كەنتىگە توي قىلىپ كەتتى . توي قىزىدى . قىزنى كۆچۈرۈپ ماڭغان كۈنى ۋاققاس ئىشخانىسىغا بېكىنىۋېلىپ ، يۈرەك ـ باغرى ئېزىلگۈدەك يىغلىدى .

ئاسىيە ئاخىر بەختىنى تاپتى . ئېرى ئاق كۆڭۈل ، باغرى يۇمشاق ئادەم بولغاچقا ، ئىككىسى ئىجىل ـ ئىناق ئۆتەتتى . قورساقتىكى بالا تۇغۇلغاندىن كېيىنمۇ بۇنداق ئىناقلىق تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى . ئائىلە شادلىققا چۆمۈپ ، كۈلكە ئاۋازى توختىماي ياڭراپ تۇردى . ئەمما ، بۇ خۇشاللىق كۈنلەر ئۇزاققا بارمىدى . ئۇشتۇمتۇت «قىل تاماق» بولۇپ قالغان ئېرى

ئۆزاق ياتمايلا تۇگەپ كەتتى . مۇسىبەتكە تولغان چوڭ هويلا هۇۋلاپ قالدى .

ئاسىيە كۆڭۈل توختىتالمايۋاتاتتى . ئۇ ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە تۇساتتىنلا سالاۋاتنىڭ بىر يەرلىرىنىڭ ئەكرەمگە ئوخشايدىغانلىقىنى هېس قىلىپ قالدى . تەقدىر ئۇنى ئەخمەق قىلىپ ، كولدۇرلىتىۋاتقاندەك قىلاتتى . ئۇنىڭ مېڭىسىدە بىر دىنلا «قېنى قايسىسىغا تۇرسەن ؟ » دېگەن سادا ياڭراپ كەتتى . ئۇزۇل - كېسىل ئۇنتۇلدۇم ، دەپ يۈرگەن رېئاللىق كۆز ئالدىدا يەنە بىر قېتىم پەيدا بولغاندا مېڭىسى خىرەلىشىپ ، يۈرىكى تولىمۇ ئاجىز سوقۇپ كەتتى .

— بىرىنى ئىزدەمسىز ، ئاسىيە هەدە ؟ — ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ئالدىدا پەيدا بولغان ساقچىخانا باشلىقى شۇنداق دېدى . ئاسىيە چۆچۈپ كەتتى . ئۇ ئۆزىنى دەرهال ئوڭلاپ :

— شۇنداق ، بالام كەلمەكچىدى . شۇنى ساقلاۋاتىمەن ، — دېدى جاۋابەن . ئۇ بۇ سۆزلەرنى دېگۈچە تەرلەپ كەتتى . ساقچىخانا باشلىقى كەتتى . ئاسىيە تۇرغان جايىدا بىرهازاغىچە تۇرۇپ قالدى .

كوچا سوزۇلۇپ ياتاتتى . ئۇنى كۆرگەن تونۇش - بىلىشلەر تەئەججۇپ ئىلكىدە سالاملاشتى . ئاسىيە تۇنجى قېتىم بۇ دۇنياغا خاتا تۆرىلىپ قالغانلىقىنى ئويلاپ ، ئۆز - ئۆزىدىن نەپرەتلەندى . ئۇنىڭ ئەمدى بۇ يەردە داۋاملىق تۇرۇۋېرىشىنىڭ ئورنى قالمىغانىدى .

ئورنىدىن ئەمدىلا تۇرغان ئەكرەم ئانىسىنى هويلىدا كۇتۇۋالدى . ئۇنىڭ كۆزىدىن بىر خىل هەيرانلىق چىقىپ تۇراتتى .

— ئۆيدە كىم بار ؟

ئانا چۆچۈپ كەتتى . قۇلۇپلانغان ئىشىككە «لەپپىدە» قاراپ قويغاندىن كېيىن ئوغلىغا يۈزلەندى :

— بۇ نېمە دېگىنىڭ ؟

— ئورنۇمدىن تۇرۇپ هويلىغا چىقىشىمغا خورەك ئاۋازى ئاڭلاندى . كەينىدىنلا بىرى جۆيلۈگەندەك قىلدى . دېرىزە تۇۋىگە

كېلىپ قۇلاق سالسام جىمجىت . مەن تېخى سېنى ئۆيگە بىرىنى سولاپ قويغان چېغى دەپتىمەن .

— قارا دەۋاتقان گېپىڭنى ، بالام . ئاناڭ بۇ ياشقا كەلگەندە ئۆيگە كىمنىمۇ سولاپ قوياتتى . قۇلىقىڭغا شۇنداق ئاڭلانغان بولسا كېرەك . كۈنمۇ بىر ۋاخ بوپتۇ . ئۆيگە كىرىپ چېيىڭنى ئىچۋال .

— چاي ئىچكۈم يوق ، ئاپا ، بۈگۈن كىرىمنىڭ مەسلىھەت چېيى . ئەتىگەنرەك بېرىپ قارىشىپ بېرەي ، ئەمىسە مەن ماڭدىم ، — ئەكرەم شۇنداق دېگەندىن كېيىن ، بۇرۇلۇپلا دەرۋازىدىن چىقتى . ئانا يەڭگىل نەپەس ئالدى . بۇ چاغدا دېمىنى ئىچىگە يۇتقان سالاۋات دېرىزە تۈۋىدە تۇرۇپ ، ئۇلارنىڭ قىلىشقان پارىڭىنى ئاڭلاۋاتاتتى .

ئۇ ئاسىيەنى ئۆيگە كىرىدۇ ، ئويلىغانلىرىنى بىر - بىرلەپ دەپ بېرىدۇ . مەنمۇ چۈشۈمدىن قانداق چۆچۈپ ئويغانغانلىقىمنى دەپ بېرىمەن ، دەپ ئويلىغانىدى . ئەمما ، ئاسىيە ئۆيگە كىرمىدى . سالاۋات دېرىزىنىڭ يوچۇقىدىن ، ئۇنىڭ دەرۋازا سىرتىغا چىققانلىقىنى ، دەرۋازىغا شاراقلىتىپ قۇلۇپ سالغانلىقىنى كۆرۈپ تۇردى . ئاسىيە قاياقىدۇر بىر ياققا كەتتى . كۆڭلىگە يەتمىگەن ئىشلار يەتكەن سالاۋات كارىۋاتقا چىقىپ ، بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلىش مەقسىتىدە كۆزىنى يۇمدى ۋە ھايال ئۆتمەي ئۇيقۇغا كەتتى . ئۇ ئويغانغان چاغدا يەرگە ئاللىقاچان قاراڭغۇ چۈشكەن بولۇپ ، ئاسىيە ھويلىدا نېمىدۇر بىرنەرسە بىلەن ئالدىراش يۈرەتتى . سالاۋات كېرىلدى . ئاز كەم بىر سوتكا ئۇخلىغاچقا ، ئۇستىخانلىرى يەڭگىللەپ ، ۋۇجۇدىمۇ كۈچ - قۇۋۋەتكە تولغاندەك بىلىندى .

— مېنى كەچۈرۈڭ ، سىزگە كېرەكلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى تەقلەپ قويدۇم . قورساقنى ئوبدان تويغۇزغاندىن كېيىن دەرھال يولغا چىقىڭ . مەن سىزگە بۇنىڭدىن ئارتۇق ياردەم بېرەلمەيمەن .

سالاۋاتنىڭ ئالدىغا تاماق قويغان ئاسىيە توغرىدىن - توغرا شۇنداق دېدى . سالاۋاتنىڭ يۈرىكى بۇ قېتىم نېمىشقىدۇر كۈز

شاملىدا قالغان يوپۇرماقتەك تىترەپ كەتتى . ئاسيە ئېغىر تىنىپ قويغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، — ھازىرچە ئەتراپ تىپتىنچ . سىز تامىقىڭىزنى ئالدىرىماي يەڭ ، مەن چىقىپ يەنە بىر قېتىم قاراپ باقاي . كونىلار «ساقلىقتا خورلۇق يوق» دېگەن .

سالاۋاتنى بىردىنلا خىجىللىق تۇيغۇسى چۇلغىۋالدى . بېشىغا ئېغىر كۈنلەر چۈشكەندە ، خەۋپ - خەتەرگە قارىماي ئۆزىگە مېھىر - شەپقەت يەتكۈزگەننى ئاز دەپ ، بىرمۇنچە لازىمەتلىك تەييارلىغانلىقىنى ئاڭلاپ ، ئىچ - ئىچىدىن سۆيۈنۈپ كەتتى . ئۇ بۇ ئايالغا نېمىدەپ رەھمەت ئېيتىشنى بىلمەيتتى .

پۈتۈن ئەتراپ تىپتىنچ ، قەيەردىدۇر بىر يەردە بىر ئىت قاۋاپ توختاپ قالدى . ئېغىر سومكىنى ئۆشنىسىگە ئارتقان بىر گەۋدە تىمىسقىلاپ ماڭغىنىچە قاراڭغۇلۇق ئىچىگە كىرىپ كۆزدىن غايىب بولدى .

## 23

ئويلىمىغان يەردىن كۈز ناھايىتى تېزلا ئاياغلاشتى . دەل - دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى شېخىدىن ئاجراپ چۈشۈشكە باشلىدى . ئوت - چۆپلەر سارغىيىپ سولاشتى . جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان يېزا تاشيولىدا بىر ماشىنا كېلىۋاتاتتى . ماشىنىدىكىلەرنىڭ ھېچقايسىسى زۇۋان سۈرمەيتتى . ئۇلارنىڭ كەيپىياتى بارسا كەلمەس يولغا كېتىۋاتقاندەك پەرىشان ئىدى . ماشىنىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان ۋاققاس گويا ئۇزۇن يىل ئۇخلىمىغان ئۇيقۇسىنى ئۇخلىماقچى بولغاندەك كۆزىنى يۇمغان ھالدا تىپتىنچ ئولتۇراتتى . ئۇنىڭ كەينىدە ئولتۇرغان قىزى بولسا ، يوقىتىپ قويغان نەرسىسىنى ئىزدەۋاتقان ئادەمدەك ئۇياق - بۇياققا ، دالىغا ، ئورمانلارغا قارايتتى . كۆيئوغلى مەڭلىك بولسا كۆڭلىدىكى غەم - غۇسسىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن پات - پات يۆتىلىپ قويۇۋاتقان بولسىمۇ ، ئەمما قەلبىدە كەينى - كەينىدىن پەيدا بولۇۋاتقان

ئەندىشىلەردىن قۇتۇلالماي ، ئۇياق ـ بۇياققا مىدىرلاپ قوياتتى . ئۇلارنىڭ كەيپىياتىدىكى پەرىشانلىققا جور بولغاندەك ماشىنا بىر خىلدا گۈركىرەپ ، ئاندا ـ ساندا گۈدۈك بېرىپ قوياتتى . پەقەت شوپۇرلا دىمىغىدا ناخشا ئېيتقاچ ، ئارىلاپ ـ ئارىلاپ ئىسقىرتىپ قوياتتى . ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغا سوزۇلغان يېزا يولى سارغايغان ئېتىزلىقلاردىن ، ئېدىرلىقلاردىن ئۆتۈپ ، كىشىگە تاغ ئىچىگە شۇڭغۇپ كىرىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى . يىراقتىن تۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان قاپقارا بۇلۇتلار جۇدۇن بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىپ ، تېز سۈرئەتتە سۈرۈلۈپ كېلىۋاتاتتى .

زەينەپ قولىنى ئاستا سۇنۇپ دادىسىنىڭ مۈرىسىگە قويدى . بۇ ئۇنىڭ غەيرەت قىل ، دېگىنى ئىدى . بوۋاي ياداڭغۇ قولى بىلەن قىزىنىڭ قولىنى سىلاپ قويدى . ئۇ قىزىنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنەتتى . ئائىلىدە شۇنچە چوڭ ئىش يۈز بەرگەن تۇرۇقلۇق ، ئۇلارنىڭ ئەمدى كېلىشى ئۇنىڭ غۇرۇرىغا قاتتىق تەگكەن بولسىمۇ ، بالىلىرىنى كۆرگەندە ئاچچىقى يېنىپ ، كۆڭلىدىكى خاپىلىقلىرىمۇ كۆتۈرۈلۈپ كەتتى . ئۇ شۇنداق ئادەم ئىدى . ئاچچىقى كەلگەندە گۈلدۈرلەپ كېتەتتى . شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە گۈلدۈرلىيەلمىسە ، يىلى چىققان توپقا ئوخشاش بوشاپ كېتەتتى . بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى . قىزىنىڭ كېلىدىغان خەۋىرىنى ئاڭلاپ ئالدىغا چىققاندا ، كۆڭلىگە ئەدەپلەشتە ئىشلىتىدىغان نۇرغۇن گەپلەرنى پۈكتى . ئەمما…

زەينەپ ئېغىر تىندى . ئۇنىڭ كۆڭلى شۇ تاپتا تولىمۇ غەش ئىدى . بىر چاغلاردا قەددىنى تىك تۇتۇپ ، گىگانت ئادەمدەك يۈرىدىغان دادىسىدىن مانا ئەمدى ئەسەرمۇ قالمىغانىدى . ئۇ مۈكچەيگەن . كۆزلىرىنىڭ نۇرى قېچىپ ، چاچ ـ ساقاللىرى ئۇچتەك ئاقىرىپ كەتكەن ، ئاچچىق ھەسرەتتىن يۈرەك ـ باغرى ئېزىلگەنىدى .

ماشىنا يەڭگىل سىلكىنىپ توختىدى . دەرۋازا ئالدىدا خېلىدىن بېرى ساقلاپ تۇرغان ئانا قىزىنى باغرىغا باستى . ئانىسىنى يىغلاپ

جاھاننى بېشىغا كىيىدۇ ، دەپ ئويلىغان زەينەپ ھەيران قالدى . ئۇ ئانىسىنى بۇنچىلىك غەيرەت قىلار دەپ ئويلىمىغانىدى . ئانا ئۆيگە كىرگەندىمۇ ، داستىخان سېلىپ چاي قۇيغاندىمۇ ، بۇ ئۆيگە ئادەمنى قاتتىق ئازابقا سالىدىغان بىرەر ئىش بولۇپ ئۆتمىگەندەك بىر خىل ھالەتنى ساقلىدى . گەپنى ئاخىر زەينەپ تەشتى :

— ئىچىم سىقىلىپ كېتىۋاتىدۇ ، ئاپا ، ئۆيدە زادى نېمە ئىش يۈز بەردى ؟ سالاۋاتقا زادى نېمە بولدى ؟ كوچا - كويدا گەپ تولا . بۇنىڭ زادى قانچىلىكى يالغان ، قانچىلىكى راست ؟

ئانا قىزىغا بىرھازا تىكىلىپ قارىدى . ئۇ گويا ئۇنىڭغا ۋاقىتسىز كېلىپ قالغان مېھمانغا قارىغاندەك سوئال نەزىرى بىلەن قاراپ تۇراتتى . زەينەپنىڭ ۋۇجۇدى قورۇلۇپ كەتتى . ئانىنىڭ بۇنداق قارىشىغا بەرداشلىق بېرەلمەي يەرگە قارىدى ، — بىلىپ تۇرىمەن ، ۋاقتىدا كەلمىدىڭ ، دەپ ماڭا ئاچچىقىڭ بار . بۇنىڭغا كەلگەندە ئالدىڭدا مەن ئەيىبلىك . سالاۋاتنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ ئۈچۈپ كەلگۈم كەلدى . بىراق ، تەشكىلى بار ئادەمگە ئامال يوق ئىكەن . جېنىم ئاپا ، مېنىڭ ھەقىقىي ئىشنى بىلگۈم بار .

ئانىنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ ، چىرايىدا تولىمۇ سوغۇق بىر خىل كەيپىيات پەيدا بولدى . بۇنى كۆرگەن ۋاقىاس قىمچىلىپ كەتتى . ئۇ ئايالىنىڭ زەينەپنى بوش قويۇۋەتمەيدىغانلىقىنى سېزىپ قالدى . ئىشلارنى دائىم لىللا قىلىشقا ئادەتلەنگەن پاتەمخان باشقىلارنىڭمۇ ھەرقاچان ئەستايىدىل بولۇشىنى تەلەپ قىلاتتى . شۇنداق بولغاچقا ، بۈگۈن ئۇ شۇنچە يىراقتىن كەلگەن قىزىغا ئازراقمۇ يۈز - خاتىر قىلمىدى :

— بۇ گەپلەرنى ماڭا قايسى يۈزۈڭ بىلەن قىلىۋاتىسەن ؟ سەن خەقنى مىڭ بىر جاپالار بىلەن بېقىشىم مۇشۇنىڭ ئۈچۈنمىدى ؟ ئىنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈپ ، جان ھەلەكچىلىكىدە قېچىپ يۈرسۇن ، قېرىندىشى ، ھەدىسى بولغان سەن ئائىلىمىزگە كەلگەن بالا - قازانى ئاڭلاپ تۇرۇپ ئەمدى كەلدىڭ . شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە تېخى ئۆزۈڭگە تۇشلۇق باھانە - سەۋەبلىرىڭ بار ئىكەن ، خۇددى

سىنىڭدىن باشقا ئادەمنىڭ تەشكىلى يوقتەك . ھەدەڭ تۇغۇتلۇق ، ئۇنىڭغا ئامال يوق . قېنى سەن دەپ باققىنا ، ھازىر باھانە ـ سەۋەب كۆرسىتىدىغان ۋاقىتمۇ ؟ ھېلىمۇ ياخشى سىنىڭ نەزىرىڭدە بۇ ئۆي بار ئىكەن . داداڭ بىلەن ئاناڭ بار ئىكەن . مەن نېمىشقىمۇ بۇنداق ھاڭۋاقتىلارنى تۇغقاندىمەن ؟ ئاھ خۇدا ! مېنى بۇنداق قىينىغۇچە ئالىدىغان ئامانىتىڭنى ئالساڭ بولمامدۇ ؟...

ئانا يىغلاپ تاشلىماسلىق ئۇچۇن شۇنچە تىرىشقان بولسىمۇ ، ئىچ ـ ئىچىدىن ئېتىلىپ چىققان ھەسرەتكە پەقەتلا ئىگە بولالماي قالدى . ئۇنىڭ كۆزىدىن ئېتىلىپ چىققان ياش مەڭزىنى بويلاپ ئېقىپ كەتتى . شۇنداقتىمۇ ئۇ سۆزلەشنى داۋام قىلدى . ئۇ ھەر دائىم ھەسرىتىنى ئىچىگە پاتۇرالماي قالغان چاغدىلا مانا مۇشۇنداق ئېسەدەپ كېتەتتى . ۋاققاس بېشىنى يەرگە سالغىنىچە ئاپىسىنىڭ سۆزىنى جىمجىت ئولتۇرۇپ ئاڭلىدى . ئۇنىڭمۇ تىترەۋاتقان مۇرىسىگە قاراپ ، ئۇن ـ تىنسىز ياش تۆكۈۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى .

— قېنى دەپ باققىنا ، مېنىڭ شۇنچە كۆپ جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى تارتىشىم زادى نېمە ئۇچۇن ؟ ھازىر سالاۋات يوق . ئۇنىڭ ئۆلۈك ـ تىرىكلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ . بەلكىم ياردەمسىز قېلىپ ئاچلىقتىن ئۆلگەندۇ . بەلكىم ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغاندۇ ۋە ياكى...

ئانا سۆزلىيەلمەي قالدى . ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆرلەپ چىققان ئاچچىق دەستىدىن پۈتۈن ۋۇجۇدى تىترەپ كەتتى . ئۇنىڭ دەيدىغان نۇرغۇن سۆزلىرى بولسىمۇ ، كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ دېيەلمىدى . ئانىسىنىڭ سۆزى بىلەن ئىككى پۈك بولۇپ قالغان مەڭلىك بېشىنى يەردىن كۆتۈرمەي ئولتۇراتتى . زەينەپ ئانىسىغا ئىچ ئاغرىتىش نەزىرى بىلەن قاراپ قويغاندىن كېيىن سۆز قاتتى :

— ئۆزۈڭنى بېسىۋالغىن ، ئاپا . بولغۇلۇق بولدى ، ئەمدى مىڭ دېگەنبىلەن ئورنىغا كەلمەيدۇ . ھازىرقى مۇھىم مەسىلە سالاۋاتقا قانداق ياردەم بېرىش ، ئۇنى ئىزدەپ تېپىش .

ئانا بېشىنى كۆتۈردى . ئۇنىڭ ياشلانغان كۆزىدە ئانىلىق مېھرى «يالت» قىلىپ قالدى . زەينەپ كىچىككىنە دېمىنى ئىلىنۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى :

— بەلكىم ئۇنىڭ جىنايىتى ئۇنچىلىك ئېغىر ئەمەستۇ . بەلكىم ئۆزىنىڭ سايىسىدىن ئۆزى قورقۇپ قېچىپ يۈرگەندۇ ، بەلكىم مۇئاۋىن شەھەر باشلىقىنىڭ ئايالىنىڭ باشقا كېسىلى باردۇ . بەلكىم شۇنداق توغرا كېلىپ قالغاندۇ ؟ مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، بىز ئۇنى ئىزدەپ تېپىشىمىز ، ئۇنىڭ ئاغزىدىن ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇقۇشىمىز لازىم .

كۆڭۈل دېگەن ئاجايىپ نەرسە . بەزىدە تاسادىپىي ئېيتىلىپ قالغان بىرنەچچە ئېغىز سۆز كىشىگە ئىلھام بېرىپ ، دىللاردىكى غەم - قايغۇنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ . مانا بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى . زەينەپنىڭ بىلىپ - بىلمەي ئېيتقان سۆزلىرى بىلەن ئانىنىڭ قەلبى «ۋاللىدە» يورۇپ كەتكەندەك بولدى . ئۇنىڭ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى باشقىلاردىن كۈتۈۋاتقىنىمۇ مانا مۇشۇنداق سۆزلەر ئىدى .

ئۆيدىكى كەيپىياتنىڭ ئازراق جانلانغانلىقىنى كۆرگەن ۋاققاس سۆزگە ئارىلاشتى :

— زەينەپ توغرا دەيدۇ . سالاۋات نېمىلا قىلغان بىلەن بالا . نۇرغۇن نەرسىلەردە ئويلايدىغىنى چالا . شۇڭا ، چوڭلار «بالا ، قىلغان ئىشى چالا » دەپ بىكار ئېيتمىغان . مەنمۇ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بۇ ئىش توغرۇلۇق كۆپ ئويلاندىم . قانۇنغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن ماتېرىياللارنى كۆردۈم . بەزى ئەھۋاللارنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، زەينەپنىڭ پىكرى ئورۇنلۇق . بىز ئۇنى تاپساقلا كۆڭلىمىزدىكى تۈگۈن يېشىلىپ ، ھەممە ئىش ئايدىڭلىشىدۇ . ۋاققاس بىرپەس تىنىۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، — سالاۋاتنىڭ خاراكتېرىدىن ئالغاندا ، ئۇ ئاسانلىقچە بەل قويۇۋېتىدىغانلاردىن ئەمەس . ئۇ ھېلىمۇ ھايات . پەقەت بىزگە يۈز كېلەلمەيدىغانلىقى ئۈچۈنلا ، ھازىرغىچە ئۆزىنى كۆرسەتمەي

يۇرىدۇ . ئەگەر بىز تەشەببۇسكار بولمىساق ، ئۇ بىز بىلەن مەڭگۇ ئالاقىلەشمەسلىكى مۇمكىن .

— ئۇنداق بولسا نېمىگە قاراپ ئولتۇرىسىلەر ؟ ئۇنى ئىزدەپ تاپمامسىلەر . ئۇنى ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا ئىزدەيلى . ئىككىگە بۆلۈنۈپ تەرەپ - تەرەپتىن ئىزدەيلى . قانچە تېز بولسا شۇنچە ياخشى ، — ئانا بىردىنلا ھاياجانلىنىپ كەتتى . ئۇنىڭ تورۇلگەن قوشۇمىسىدىن ، ھازىرلا جەڭگە ئاتلىنىدىغاندەك بىر خىل ھالەت چىقىپ تۇراتتى . ھەممە ئۇنىڭغا تىكىلدى . ئانا بىرپەس تورۇۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، — بۇ يەردە سىلەرنىڭ سەمىگىلارغا سېلىپ قويىدىغان مۇنداق مۇھىم بىر ئىش بار . ئۇ بولسىمۇ سالاۋاتنى ئىزدەش ئىشى مۇتلەق مەخپىي بولسۇن . ھېچكىم بىلمىسۇن . پېيىمىزگە بىرى چۈشكەن ھامان ئۇنى ئىزدەشنى توختىتايلى . بىزنىڭ سەۋەبىمىز تۈپەيلىدىن ئۇ ساقچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالمىسۇن . يەنە بىر ئىش ، ئۇنى تاپقاندىن كېيىن كاللىمىزدا پەقەت ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدىغانلا ئوي بولسۇن . ئارتۇقچە خىياللارغا بېرىلمەيلى . قالايمىقان نەسىھەتلەرنىمۇ قىلىپ يۈرمەيلى .

ئانىنىڭ ئاۋازى گۈلدۈرمامىدەك گۈلدۈرلەپ كەتتى . ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ كۆزىنىڭ قۇيرۇقى بىلەن ئېرىگە قاراپ قويدى . ۋاققاسنىڭ كۆڭلى بۇ گەپ بىلەن بىر قىسما بولۇپ قالدى .

تەييارلىقلار پۈتۈپ ، ئاتلار تەق قىلىندى . يولۇققانلارغا «كۈيئوغلۇمنى ئايلاندۇرۇپ كېلەي دېدىم» دەيمەنغۇ دېگەنلەرنى پۈككەن ۋاققاس ئاتقا مىندى . بىراق ، بۇنداق دېيىشكە پۇرسەت چىقمىدى . بۈگۈن ئۇنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كەلگەندەك قىلاتتى . چۈنكى ، ئۇ مەھەللىدىن چىقىپ توقايلىققا يېتىپ بارغۇچە ، ئېقىنلاردىن ئۆتۈپ ، تۆپىلىككە ياماشقۇچە ھېچكىم ئۇچرىمىدى . پەقەت كۆز ئالدىدا چەكسىز دالا ، تاغ باغرىغا باش قويغان ئېدىرلىقلارلا سوزۇلۇپ ياتاتتى . ۋاققاس ئېغىر تىنىپ ، نۇرى قاچقان كۆزلىرىنى يىراقلارغا تىكتى . ئۇنىڭ مەغرۇر گەۋدىسىنى

قـايغۇ ـ ئەلەم ئەگكەندى . پۈتۈن تۇرقىدىن ھارغىنلىق بىلەن چۈشكۈنلۈك تۆكۈلۈپ تۇراتتى . ئۇ بېشىنى بۇرىدى . ئاندىن ئەلەم ئىـچىدە ھۇۋلاپ قالغان ھويلىسىغا كۆز تىكتى . ھويلا دەرد ـ ئەلـەمـلـەرنـى كـۆتـۈرەلمەيۋاتقاندەك ، سۈكۈت ئىچىدە قارىيىپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى . ۋاققاسنىڭ لەۋلىرى تىترەپ كەتتى . ئەمدى ئۇنىڭ بۇرۇنقىدەك ئائىلە ئۈستىدە باش قاتۇرغۇسى ، بار بىلەن يـوقـنىڭ غېمىنى يېگۈسى كەلمەيتتى . ھەممە نەرسە ئىسكەتىنى يوقىتىپ ، ئەھمىيەتسىز بىرنەرسىدەك كۆز ئالدىدا قېتىپ تۇراتتى . ۋاققاس ئەلەمگە تولغان كۆزىنى يۇمۇپ پىچىرلىدى :

— ئـاھ خـۇدا ، ئۇلـۇغ پەرۋەردىگارا ! ئىشلىرىمنى ئاسان قىلغايسەن . بېشىمىزغا چۈشكەن كۈلپەتلەرنى كۆتۈرۈۋەتكەيسەن . شـەپـقـىـتىڭنى بىزدىن ئايىمىغايسەن . ئۇلۇغ تەڭرىم ، ئۆزۈڭگە ئـاسـان ، بـەنـدەڭـگـە قىيىن . ئاسان يوللىرىڭنى بەرگەيسەن...

ۋاقـقـاس ئۆزىـنـى توختىتالماي يىغلاپ كەتتى . ئۇنىڭ كۆزىدىن ئـېـتـىلـىپ چىققان ياش ئۆسۈپ كەتكەن ساقىلىنى بويلاپ ئېقىپ كەتتى . مەڭلىك بىردىنلا ھەيران قالدى . چۈنكى ، ئۇنىڭ نەزىرىدە قـېـيـنـاتـىـسى ئەزەلدىن باغرى قاتتىق ئادەم ئىدى . ھەرقانداق ئـېـچـىـنـىشلىق ئىشلاردىمۇ ياش تۆكمەيتتى . مانا ئەمدى بولسا يـاشـلىرى تاراملاپ تۆكۈلۈپ ، كىچىك بالىغا ئوخشاش ئېسەدەپ يـىـغلىماقتا . ئىچىدىكى ھەسرەتلىرىگە ھاي بېرەلمەي ، ئىنسانىي تۇيغۇسىنى ئاشكارىلىماقتا .

مەڭلىكنىڭ بىردىنلا يۈرىكى تۆۋەن تارتقاندەك قىلىپ ، كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى . ئۇنىڭ قېيناتىسىغا بىرنەچچە ئېغىز تەسەللى سۆز ئېيتقۇسى بولسىمۇ ، ھېچ نەرسە دېيەلمىدى .

ۋاقـقـاس كـۆزىـدىكـى ياش يۇقىنى سۈرتۈۋېتىپ ، بېشىنى كۆتۈردى . ئۇ مەڭلىكنىڭ كۆزىگە بىردىنلا كىچىكلەپ كەتكەندەك كـۆرۈنـۈپ كەتتى . ۋاققاس دېمىسىمۇ ئىككى پۈك بولۇپ ، بىر چـاغـلاردىـكى مەغرۇر گەۋدىسى ئوقيانىڭ كىرىچىدەك ئېگىلىپ كـەتكەندى . ۋاققاسنىڭ دەريا تاشقىنىدەك كۆۋەجەپ كېتىۋاتقان

ھەسرىتى مانا ئەمدى ئۇنىڭ ھەممە غەيرەت - شىجائىتىنى يالماپ كېتىۋاتاتتى . ئۇ بىردىنلا ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ توختىدى . ئۇنچە يىراق بولمىغان يەردىكى چاتقاللىق ئادەمنىڭ يۈرىكىنى لەرزىگە سېلىپ ، ئازراقلا مىدىرلاپ توختاپ قالدى . بۇ چاغدا مەڭلىكنىڭمۇ كۆز قارىچۇقى چانىقىدا توختاپ قالغانىدى . ئادەم ئۆلتۈرۈپ تاغۇتاشتا قېچىپ يۈرگەن قېيىنىنىسىنىڭ قولىدىن ھەربالا كەلمەيدۇ ، دەپ ھېچكىممۇ كاپالەت بېرەلمەيدۇ . قانداق قىلىش كېرەك ؟ يىغىشتۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان خەۋپ - خەتەر قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا تۇراتتى . ئۇ تۆت ئەتراپقا سەپسالدى . ھەممە ياق ئوچۇقچىلىق ، ئايدالا . مۆكۈنگۈدەك ئازراقمۇ دالدا يوق . «ۋاڭ !» قىلغان ئاۋاز چىقسىلا بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىدىغان گەپ . مانا ئەمدى ، ھەي !...

ئۇ بىر خىل ۋەھىمە ئىچىدە قېيناتىسىغا قاراپ قويدى . بۇ چاغدا ۋاقىتنىڭ چىرايىغا تىل بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدىغان بىر خىل شادلىق تەپچىپ چىققانىدى . ئۇ ھازىر ئوغلىنى ئايالىدىن بۇرۇنراق تېپىشقا ھەممىدىن بەكرەك ئالدىراۋاتاتتى .

مەڭلىك قېيناتىسىنىڭ ئىشارىتى بويىچە چاتقاللىقنى يۇقىرىسىدىن قىستاپ كەلدى . ئۇ تەرلەپ كېتىۋاتاتتى . گويا بىرى بەدىنىدىكى ئىسسىق قاننىڭ ھەممىسىنى سۈمۈرۈۋالغاندەك ، پۇت - قولىمۇ مۇزلاپ كەتتى . ئۇ بىكاردىن - بىكار ئەنسىرەۋاتاتتى . چاتقاللىقتىن يارىلانغان بىر بۆرە قېچىپ چىققاندا ، خۇشاللىقتىن ۋارقىرىۋېتىشكە تاس قالدى . ئەلىمنى ئىچىگە يۇتقان ۋاقىتقا ئاسقاقلىغىنىچە قېچىپ كېتىۋاتقان بۆرىنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدى .

تاغ تەرەپتىن ئۇرغان سەلكىن شامال بىلەن تەڭ ، دەل - دەرەخلەر جانلىنىپ كەتتى . بىپايان زېمىن مەمنۇن بولۇپ يېنىك نەپەس ئالغاندەك بولدى . تۇرلۇك - تۈمەن قۇشلار سايرىشىپ ، جاھاننى بېشىغا كىيدى . ئۇلارنىڭ يېقىملىق ئاۋازى شامال

تەسىرىدە شۇنداق ئېنىق، شۇنداق جاراڭلىق ئاڭلىناتتىكى، گويا قـولاق-تۈۋىدە سايراۋاتقاندەك بىلىنەتتى. ھاۋانى يېرىپ ئۇچقان قۇرغۇيىنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن، بۇ ئاۋازلار سۇغا چۈشكەن تاشقا ئوخشاش جىمىپ كەتتى.

قاراڭغۇ چۈشۈۋاتاتتى. ھەممە نەرسە بىر كۈنلۈك شاۋقۇنلۇق ھـايـاتـنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، تىمتاسلىقتا چۆكۈش ئالدىدا تۇراتتى. تاغ تەرەپتىن كېلىۋاتقان سوغۇق شامال ئاستا ـ ئاستا كۈچىيىپ، بوراننىڭ شەپىسى كەلدى.

زەينەپ ئانىسىغا قارىدى. پۈتكۈل توقاينى ئالا قويماي دېگۈدەك ئـاخـتـۇرۇپ چـىـقـقـان ئانا قەددىنى تىك تۇتۇپ، تۆت ئەتراپقا قارىغىنىچە مەزمۇت دەسسەپ كېلىۋاتاتتى. زەينەپنىڭ كۆزىگە ئۇ تـېـخـىـمـۇ قەيسەرلىشىپ كەتكەندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. زەينەپ ئويلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ دادىسى تەرسا ھەم ئۆزىنىڭ دېگىنىنى قىلىدىغان ئادەم بولسىمۇ، ئەمما ئائىلە ئىشلىرىنى يەنىلا ئانىسى بـاشقۇراتتى. مەھەللىدىكىلەرمۇ ئۇنى چوڭ بىلىپ، ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشـلـرىنىڭ ھەمـمـىـسـىـدە ئۇنىڭ مەسلـھەتىنى ئالاتتى. ئـانـىـمـۇ پـۈتـۈن ۋۇجـۇدى بـىـلـەن ئۇلارنىڭ بېشىغا چۈشكەن ئـېـغىرچىلىقلىرىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن ياردەملەرنى بېرەتتى. شۇنداق بولغاچقا، پۈتۈن مەھەللىدىكىلەرنىڭ نەزىرىدە پاتەمخاننىڭ ئىناۋىتى ۋاققاسىنىڭكىدىن ئۈستۈن تۇراتتى. بۈگۈن زەينەپ بۇنى تېخىمۇ ئېنىق ھېس قىلدى.

ئـانـا بېشىنى كۆتۈردى. ئورمانلار گويا ئۇنىڭ ھەسرىتىگە ياردەم قىلالمىغانلىقىدىن خىجىل بولغاندەك، تىمتاسلىق ئىچىدە قارىيىپ تۇراتتى. ئانا خورسىنىپ قويدى. ئۇ ئورمانلارنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ ھاياتىدىكى نۇرغۇن قىسمەتلەر مۇشۇ ئورمانلىق بـىـلـەن چـەمـبـەرچاس باغلانغاچقا، پۈتۈن ئۆمرىنى مۇشۇ يەردە ئـۆتكۈزدى. بۇ يەرنىڭ باھاردىكى مەنزىرىسى ئاجايىپ يېقىملىق ئـىـدى، تاڭ سەھەردىكى بۇلبۇللارنىڭ خەندان ئۇرۇپ سايرىشى ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ رومانتىكلىق تۇيغۇسىنى يۇقىرى پەللىگە

كۆتۈرەتتى . بۇنداق ۋاقىتلاردا ئادەم ئۆزىنى رېئال دۇنيادا ئەمەس ، بەلكى جەننەتتە ، ھۆر - پەرىلەرنىڭ ماكانىدا تۇرغاندەك سېزەتتى...

ئانا گويا خۇدىنى يوقىتىپ قويغاندەك ئالدىدىكى قاپاق تېرەككە سىنچىلاپ قارىدى . بۇنىڭ بىلەن تولىمۇ ئۇزاقتا قالغان بىر تارىخنىڭ كارتىنىسى كۆز ئالدىدا ئاستا - ئاستا روشەنلىشىشكە باشلىدى...

پاتەمخان خۇدا ئاتا قىلغان جەننەتكە ئوخشاش مۇشۇ زېمىندا تۇغۇلۇپ چوڭ بولدى . ساپ ھاۋا ، سۈزۈك تاغ سۈيى ، ھەيۋەتلىك ئىلى دەرياسى ئۇنى قورقۇمسىز قىلىپ تەربىيىلىدى . ئۇ ئەرلەرگە ئوخشاش ئات مىنەتتى . ئەرلەرگە ئوخشاش تام سوقۇپ ، چالغا چاپاتتى . كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان جاراڭلىق كۈلكىسى بىردەم مەھەللىدە جاراڭلىسا ، بىردەم ئېتىزلىقتا ، تاغنىڭ باغرىدا جاراڭلايتتى . ئۇنىڭ گۈزەللىكى بىلەن بىرلەشكەن جاسارىتى ، يىگىتلەر قەلبىدە گۈلخان پەيدا قىلاتتى . ئۇنىڭ نامىغا توقۇلغان ناخشا - قوشاقلار يىراق - يېقىنغا تارالدى . يىگىتلەر ئەس - ھوشىنى يوقىتىۋاتاتتى . پاتەم توغرىسىدىكى جەڭگى - جېدەللەر كۆپىيىپ ، يىگىتلەر نەچچە توپقا بۆلۈنۈپ كەتتى . ئاشىقلىق كوچىسىدا سەۋدايى بولغان بەزىلەر پاتەمنىڭ ھويلىسىغا تاش ئېتىپ ، ئۇلارغا ئاراملىق بەرمىدى .

— بۇنداق كېتىۋەرسەك بولمىغۇدەك ، خوتۇن ، — دېدى بىر كۈنى پاتەمنىڭ دادىسى ئىچى پۇشقان ھالدا . پاتەم ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئىشىكتىن كىرىۋېتىپ ئاڭلاپ قالدى ، — قارىغاندا قىزىمىزنى ئۇزاتمىساق بولمىغۇدەك . سەن سوراپ باققىن ، ئۇنىڭ كۆڭلىگە پۈككىنى بارمىكىن ؟

— نېمىلەرنى دەيدىغانسىز دادىسى ؟ قىزىمىز تېخى كىچىك تۇرسا . ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەردىكى باللارنىڭ ھەممىسى ئاتا - ئانىسىنىڭ ئاغزىغا قارايدىغان تۇرسا .

پاتەم ئانىسىنىڭ ھودۇقۇۋاتقانلىقىنى سەزدى .

— نەدىكى گەپنى قىلىدىكەنسەن؟ مەن سەن بىلەن توي قىلغاندا ئون بەش ياشتا ئىدىڭ . قىزىمىز بۇ يىل توپتوغرا ئون سەككىز ياشقا كىردى . ئۇنىڭ غېمىنى يەپ ، قەرزىمىزنى ، پەرزىمىزنى ئادا قىلىدىغان ۋاقتىمىز بولدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ كونا جەمئىيەت ئەمەس . بالىلارنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلىگىنى تۈزۈك . بۇنىڭغا كەلگەندە بىز باشقىلارغا ئۈلگە بولايلى .

ئانا ئۈنچىقمىدى . پاتەمنىڭ ۋۇجۇدىغا بۆسۈپ كىرگەن ئىسسىق ئېقىم تەسىرىدىن يۈرىكى لەرزىگە كەلدى . ئۇ دادىسىنى ياخشى كۆرەتتى . يىراق - يېقىنغا داڭقى كەتكەن بۇ ناخشىچى ئادەمنىڭ ئىدىيىسى ئەنە شۇنداق ئىلغار ئىدى . شۇنداقتىمۇ پاتەم ئاتا - ئانىسىغا ئىتائەت قىلاتتى . دادىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بىر تەرەپتىن خۇشال بولسا ، بىر تەرەپتىن ساراسىمىگە چۈشتى . چۈنكى ، ئۇ تا بۈگۈنكى كۈنگىچە بىرەر يىگىتكە كۆڭۈل بېرىپ باقمىدى . شۇنداق قىلىشنى ئاتا - ئانىسىغا قىلىنغان ھاقارەت دەپ بىلگەچكە ، يىگىتلەرنىڭ ئوتلۇق مۇھەببىتىگە پىسەنت قىلمىغانىدى . ئەمدى بولسا...

دادا يەنىلا ئەقىللىق چىقىپ قالدى . شەھەردە ئېچىلغان كەچ كۇرسىغا قىزىنى ئەۋەتىپ ، يېزىدىكىلەرنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋەتتى . تەرەپ - تەرەپتىن كەلگەن كۇرسانتلارنىڭ كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچى ئېشىپ تۇراتتى . ياشلىق ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان پاتەم كوللېكتىپ پائالىيەتلەرگە بېشچىلا كىرىپ كەتتى . ھايات ئۇنىڭغا بۇرۇنقىدىنمۇ سۆيۈملۈك ، بۇرۇنقىدىنمۇ گۈزەل بىلىنىپ كەتتى .

ئوقۇتقۇچى ياش ئىدى . ئۇنىڭ جاراڭلىق ھەم پاساھەتلىك سۆزلىرى پاتەمنىڭ دولقۇنلىنىپ كېتىۋاتقان يۈرىكىنى ئەسىر قىلىۋالدى . ئەسكەرلىكتە چېنىققان ، پىشىپ يېتىلگەن بۇ ياشنىڭ ئۆز قەلبىگە بۇنداق تېز بۆسۈپ كىرىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغاچقا ، خىجىل بولغىنىدىن تەمتىرەپ قالدى . كېچىلەر ئۇزىراپ

كەتكەندەك ، كۈنلەرنىڭ مەنىسى قالمايۋاتقاندەك بىلىنىدى . كونىلار «رىزقى غايىب ، دىدار غايىب ، نىكاھ غايىب» دەپ بىكار ئېيتماپتىكەن . نىكاھ ئوقۇلغان كۈنى پاتەم قاتتىق ھاياجانغا چۆمدى . ئۇ ئاخىر مۇراد - مەقسىتىگە يېتىپ ، قىزلىق دۇنياسى بىلەن خوشلاشتى . كۈنلەر تولىمۇ مەنىلىك ئۆتۈۋاتاتتى . ئۇرۇمچىگە بېرىپ بىلىم ئاشۇرۇپ كەلگەن ۋاققاس كۆپ ئۆتمەيلا پاتەمنىڭ يېزىسىغا يېزا باشلىقى بولۇپ كەلدى . گۈل ئۈستىگە گۈل چېكىلىۋاتاتتى . پاتەم باشقىلارنىڭ نەسىھەتلىرىگە پىسەنت قىلماي ، ئاياللار مۇدىرلىقىدىن ئىستېپا بەردى . ئۇنىڭچە بولغاندا يېزىنىڭ چوڭ ھوقۇقىنى ئەر - ئايال ئىككىسى چاڭگاللىغا ئېلىۋالسا بولمايتتى . شۇ ئىشتىن كېيىن ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇغانلارمۇ ، خاپا بولغانلارمۇ بولدى . ئاشۇ خاپا بولغانلارنىڭ ئىچىدە دادىسىمۇ بار ئىدى . پاتەم ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۆزىنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى بىلدى . ئۇنىڭ ئائىلىسى ئۇچۇن تۆلىگەن بەدىلى بەكمۇ چوڭ بولۇپ كەتكەنىدى . بىر يېزىنىڭ تىزگىنىنى ئۆز قولىدا چىڭ تۇتۇپ تۇرغان ۋاققاسنىڭ كېيىنكى كۈنلەردىكى بەزى ئىشلىرى پاتەمنىڭ شېرىن خىياللىرىنى بىتچىت قىلىپ ، دادىسىنىڭ دېگەنلىرىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى .

قاپاق تېرەك مۆكۈلىنىپ تۇراتتى . ئۇزاق تارىخنىڭ گۇۋاھچىسى بولغان بۇ تېرەك ئانىنىڭ خاتىرىسىنى ۋاراقلىغىنى بىلەن ، نېمە ئۈچۈندۇر يۈرىكىنى بۇرۇنقىدەك ھاياجانغا سالالمىدى .

كۈرس ئاياغلاشقاندا تەشكىل پراكتىكىنى توپتېرەك يېزىسىغا ئورۇنلاشتۇردى . پراكتىكا ئاياغلاشقاندا يېزا خۇلاسىنى مۇشۇ توقايلىقتا ئورۇنلاشتۇرۇپ ، ياشلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلىرىغا ياخشى تىلەكلىرىنى بىلدۈردى . خۇلاسىدىن كېيىنكى زىياپەت قىزىپ كەتتى . جاھانغا گۇگۇم پەردىسى يېيىلغاندا ، دالىدا گۈلدۈرماما گۈلدۈرلىگەندە ۋاققاس «گېپىم بار» دېگەننى باھانە قىلىپ ، مۇشۇ قاپاق تېرەكنىڭ ئاستىدا پاتەمنى سۆيۈۋالغانىدى...

پاتەمخان خورسىندى . ئۇزاق ئۆتمۇشنى ئەسلەش ئۇنىڭغا

ئېغىر كەلگەندى . بۇرۇنقىسىنى قويۇپ تۇرغاندىمۇ ، ئۆز ئوغلىنىڭ ئىشىغا كەلگەندە ۋاقىقاسىنىڭ قارشى مەيدانىغا ئۆتۈۋېلىشى ئۇنىڭغا ئەلەم قىلاتتى .

يېراقتىن بىرىنىڭ ئېيتقان ناخشىسى ئاڭلاندى . ئاجايىپ لەرزان ھەم يېقىملىق بۇ ناخشا ئانىنىڭ يۈرىكىنى ئېزىۋەتتى .

مەن ئۆزۈم بۇرۇسۇللۇق ،
كۆڭلۈم تارتىدۇ قاشنى .
ئۆلتۈرسەڭمۇ ئىچمەيمەن ،
يارىم ئەتمىگەن ئاشنى .

تاغدا ئېچىلىپ قاپتۇ ،
سېرىق سەبدە بىلەن چوغلۇق .
يارنى كۆرمىدىم كۈندە ،
مېنىڭ كۆڭلۈم سۇنۇق ، مۇڭلۇق

يارىمنى كەپتۇ دېسە ،
يۈگۈرۈپ چىقاي باشىم بىلەن .
يارىم يۈرگەن كوچىلارغا ،
سۇ سېپەي ياشىم بىلەن .

يېرىم كۈنلۈك ئاختۇرۇش نەتىجىسىز ئاياغلاشتى . مەھەللىگە يېقىنلاشقانسېرى ئانىنىڭ بايامقى غەيرەت ـ شىجائىتى تۈگەپ ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئادەمنىڭ ئىچىنى ئاغرىتقۇدەك پەرىشانلىق ئىگىلىدى . ئايرىم ئەھۋالنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئانا تۈگىشىپ كېتىۋاتاتتى .

زەينەپ خورسىندى . شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئىچىنىمۇ بىرنەرسە غاجاپ كېتىۋاتاتتى . ئۇ شۇنچە ئويلاپمۇ يۈز بەرگەن ئىشلارنى كاللىسىدىن ئۆتكۈزەلمىدى . مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى ، پۇل ، شەھەرگە يۆتكىلىش ئىشى ، مۇئاۋىن شەھەر باشلىقىنىڭ ئايالىنىڭ

ئۆلتۇرۇلۇشى ، مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى دېلو بىلەن پاش بولغان ھەددى ـ ھېسابسىز مال ـ دۇنياغا مۇناسىۋەتلىك ئىدى . بۇلار زادى نېمىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ؟ ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا زادى قانداق ماھىيەتلىك باغلىنىش بار؟ زەينەپ تىت ـ تىت بولاتتى . ئۇنىڭغا نىسبەتەن بۇ ئىشلار قايسى ياقتىن قارىسا ئوخشاش كۆرۈنىدىغان قىرلىق ئەينەكتەك تۇيغۇ بېرەتتى . ئۇ ئويلا ـ ئويلا ئاخىر بۇنىڭغا جاۋاب تاپقاندەك بولدى . ئىش بۇ دەرىجىگە يەتكەندە شۇنداق قىلمايمۇ بولمايتتى .

ئۇ بېشىنى بۇراپ ئانىسىغا قارىدى . ئانىسىنىڭ يولغا چىقىشنىڭ ئالدىدا دېگەنلىرى ئېسىگە چۈشۈپ توختاپ قالدى . ئانا گويا ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىپ قالغاندەكلا :

— كۆڭلۈڭگە كەلگەن ئىش بولسا ئېيتمۇەرگىن . مەن ھەممىدىن بەك «كۆمسەم پىشارمۇ ، ياقسام پىشارمۇ» دەپ ئەزمىسىنى ئەزگەن ئادەمگە ئۆچ ، — دېدى . زەينەپ تەمتىرەپ قالدى . شۇنداقتىمۇ ئۆزىنى دەرھال ئوڭلاپ جاۋاب بەردى :

— كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلمىغىن ، ئاپا . قىلىۋاتقان ئەجرىمىز ھەرگىز بىكارغا كەتمەيدۇ . بۈگۈن دېرىكىنى ئالالمىغىنىمىز بىلەن ، ئەتە چوقۇم ئالىمىز . كونىلار «سەۋەب قىلساڭ سېۋەتتە سۇ توختايدۇ» دېگەن ئەمەسمۇ . بىز سالاۋاتنى چوقۇم تاپىمىز .

ئانا «رەھمەت» دېگەندەك ئۇنىڭغا ئىللىق قاراپ قويدى .

شامال كۈچىيىشكە باشلىدى . دالىدا ئۇچۇپ يۈرگەن تورغايلار شامالنىڭ ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي ، قاناتلىرىنى كېرىپ جىنىنىڭ بارىچە كۆزلىگەن يېرىگە چۈشۈشكە ئۇرۇناتتى . پەقەت يولنىڭ بويىغا قونغان قاغىلارلا پەيلىرىنى ھۈرپەيتىپ ، شامالنى زاڭلىق قىلىۋاتقاندەك ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى . زور ئۈمىدكە تولغان يېرىم كۈن ناھايىتى تېزلا ئۆتۈپ كەتتى .

ۋاقىت دالىدىن ئۆيگە قايتىپ كېلىۋاتقان چاغدا ، قۇياش ئولتۇرۇشقا باشلاۋاتاتتى . ۋاقىتنىڭ ئېگىلگەن قەددى خۇددى يەردىن بىرنەرسە ئىزدەۋاتقاندەك ھالەتكە چۈشۈپ قالغانىدى . قېيىناتىسىغا قارىغان مەڭلىكنىڭ ئىچى سىيرىلىپ كەتتى .

پۈتۈن جاھان تىمتاسلىقتا چۆمگەندى، تاغ كەينىدىن كۆتۈرۈلگەن ئاي زېمىننى يورۇتۇشقا باشلىدى. ئۇيقۇسى قاچقان زەينەپ تورۇسقا قارىغىنىچە خىيالغا پاتتى. ئاچا بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىنىسىگە ياردەم بېرەلمىگەنلىكىگە ئىچ - ئىچىدىن ئۆكۈنەتتى. ئۇ ئۆزى ئاڭلىغان ھەم قىياس قىلغانلىرىغا ئاساسەن سالاۋاتنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولىنىڭ ئۆزىنى مەلۇم قىلىش ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ئانىسىغا دېيىشكە پېتىنالمىدى.

زەينەپ ئۆرۈلدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئىنىسى كېلىش بىلەن يۈرىكى تىترەپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى قوقاستا كۆيگەندەك پۇچىلىنىپ كەتتى. ئۇ ئىنىسىنى ياخشى كۆرەتتى. ئىنىسى ئەقىللىق ئىدى. جاپالىق ئاشۇ يىللاردا ئۇنىڭمۇ كۆرمىگەن كۈنى ئاز قالغانىدى. دادىسى كوممۇنانىڭ ئىشى بىلەن ئالدىراش يۈرگەن، ئاپىسى ئېتىزغا ئىشلىگىلى كەتكەن كۈنلەردە كۈن بويى ئىنىسىنى ھاپاش قىلىپ يۈرگەنلىرىنى قانداقمۇ ئۇنتۇيالىسۇن؟

سالاۋات كىچىكىدىن زېرەك، باغرى يۇمشاق، كۆيۈمچان ئىدى. ھېلىمۇ ئۇنىڭ ئېسىدە، ئۇلار مەھەللىنىڭ سىرتىدا ئويناۋاتاتتى. توساتتىنلا ئەترەتنىڭ نار تۆگىسى پەيدا بولدى. ئۇ خۇددى غالجىرلاشقان ئىتقا ئوخشاش شۆلگىيىنى ئاققۇزۇپ، بېشىنى ئىككى ياققا چايقىغىنىچە يۈگۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. زەينەپنىڭ قورقىنىدىن ئاغزى گەپكە كەلمەي قالدى. ئەھۋال تولىمۇ خەتەرلىك ئىدى. دەل شۇ چاغدا مۆجىزە يۈز بەردى:

— تېز بول، ھەدە، مۈرەمنى دەسسەپ تامدىن ئارتىلىپ چۈش. تېز بول!

ئەمدىلا سەككىز ياشقا كىرگەن سالاۋات تامنىڭ تۈۋىدە زوڭزايغىنىچە ۋارقىراۋاتاتتى. زەينەپ ئۇنىڭ مۈرىسىنى دەسسەپ، ئۆزىنى تامنىڭ ئۇ تەرىپىگە تاشلىدى. ئۇ قۇتۇلۇپ قالدى. ئەمما...

زەينەپ بىردىنلا ھۆكىرەپ يىغلاپ كەتتى. ئۇ بوغىرىغا كىرگەن ھېلىقى تۆگە سالاۋاتنى پارە - پارە قىلىۋەتتى دەپ ئويلاپ قالغانىدى. تامنىڭ شورىسىدىن سالاۋاتنىڭ بېشى كۆرۈنگەندە، كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى. ئىشەنگەندىن كېيىن بولسا ئۇنى

باغرىغا بېسىپ مۇشتلاپ كەتتى . بۇ ئىشلارنىڭ بولۇپ ئۆتكىنىگە تالاي يىللار بولغان بولسىمۇ ، ئۇنىڭ ئېسىدە شۇنداق ئېنىق ساقلىنىپ قالغانىدى . سالاۋاتنىڭ بوغىرىغا كىرگەن تۆگىگە چاپىنىنى تاشلاپ بېرىپ قۇتۇلغانلىقىنى ئاڭلىغىنىدا ، ئۇنىڭغا چەكسىز پەخىرلىنىش تۇيغۇسى بىلەن ئۇزاق قارىغانىدى . ئىنىسىنىڭ مانا ئەمدى قورقۇنچلۇق پېشكەللىككە يولۇققانلىقىغا ئۇنىڭ پەقەتلا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى . بىراق ، رېئاللىق بەربىر رېئاللىق . ئۇ ئادەملەرنىڭ ئىرادىسىگە باقمايدۇ .

زەينەپنىڭ كۆڭلىگە پۈككەنلىرى جايىدا قالدى . ھەش ـ پەش دېگۈچە بىر ھەپتە ئۆتكەن بولسىمۇ ، سالاۋاتنىڭ دېرىكى بولمىدى . زەينەپ رۇخسەت ۋاقتىنىڭ توشقانلىقىنى دادىسى بىلەن ئانىسىغا قانداق دېيىشنى بىلمەيتتى . ئۇنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلىپ قالغاندەكلا ئانا كەچقۇرۇن بولغاندا مۇنداق دېدى :

— ئەمدى سالاۋاتنى ئىزدەشنى توختىتايلى . قاراپ باقسام بىزنىڭ بالىلارچە ھەرىكىتىمىزدىن ھېچ نەتىجە چىقمىغۇدەك . بىر ھەپتىدىن بۇيان سىلەرمۇ كۆپ جاپا چەكتىڭلار . ئۇنىڭ ئۈستىگە سىلەرنىڭمۇ خىزمىتىڭلار ، تەشكىلىڭلار بار . بىز سىلەردىن رازى . ئارتۇق تەكەللۇپنى قويۇپ ، ئەتىلا يولغا چىقىڭلار .

تۇيۇقسىز ئېيتىلغان بۇ سۆزدىن ۋاققاس ئويلىنىپ قالدى . ئۇنىڭ كۆزىگە پاتەمخان ئۆزىدىن بارغانسېرى يىراقلاپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى . شۇ كېچىسى جۇدۇن بولۇپ ، ھەممە يەر نېپىز قار بىلەن قاپلاندى .

## 24

سالاۋات يوشۇرۇنغان ئورنىدىن سىرتقا چىقىپ ، ئىختىيارسىز كۆزىنى پۇرۇشتۇردى . ناھايىتى كۆچلۈك يورۇقلۇق ئۇنىڭ كۆزىدىن ئۆتۈپ ، مېڭىسىگە سانجىلغاندەك بولدى . قۇياش بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەسسە يورۇپ ، باش ئۈستىگىلا كېلىپ

قالغاندەك بىلىندى . كىچە ياغقان قار ئۈستىدە رەڭدار نۇرلار چاقنايتتى . پۈتۈن زېمىن بىردىنلا ئۆزگىرىپ ، ئاپئاق كىمخاب كىيىۋالغاندەك كۆرۈنەتتى . كۆزنىڭ جانغا ئارام بېرىدىغان ھاۋاسىنىڭ ئورنىنى تەنگە نەشتەردەك سانجىلىدىغان سوغۇق ئىگىلىگەنىدى . گۈزەل ياز ئايلىرى تۈگىدى . سالاۋات بۇنى ئويلاپ باقمىغاندەك بەكمۇ تاسادىپىيلىق ھېس قىلدى . ئۈزۈندىن - ئۈزۈنغا سوزۇلغان زېرىكىشلىك قىش كېچىسىنى قانداق تۈگىتىدىغانلىقىنى ئويلاپ خىيالغا پاتتى . ئۇنىڭ ئالدىدا چوقۇم بېسىپ ئۆتمىسە بولمايدىغان ئېگىز داۋاندىن يەنە بىرى پەيدا بولدى . تىك قىيا باغرىغا جايلاشقان بۇ يەردىن ھەممە يەرنى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى . ئۆڭكۈر چوڭ بولغىنى بىلەن سوغۇق ئەمەس ئىدى . ئاغزى تار بولغاچقا قوغدىنىشقىمۇ ئاسان ئىدى . ئۇ بۇ ئۆڭكۈرنى دادىسى بىلەن مال ئىزدەپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە پەۋقۇلئاددە ئۇچرىتىپ قالغانىدى . ئۆڭكۈرنىڭ ئورنىمۇ ناھايىتى ياخشى بولۇپ ، كەينى تەرىپىنى ئېگىز تاغ چوققىسى توسۇپ تۇراتتى . ئالدى تەرىپىدە بۈككىدە قارىغايلىق بولۇپ ، پەۋقۇلئاددە ئەھۋالدا ئادەم كەلمىسە ، ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا ئادەم كەلمەيتتى . ئوت يېقىشقا توغرا كەلسىمۇ كەينى تاغ ، ئالدى قېلىن ئورمانلىق بولغاچقا ، ئوت يورۇقىنى باشقىلار ئاسانلىقچە بايقىۋالالمايتتى . سالاۋات شۈركۈنۈپ كەتتى . سوغۇق ئۇنىڭ گەجگىسىدىن قورۇۋاتاتتى . قىش بىلەن قورساقنىڭ غېمى ئۇنى ھالىدىن كەتكۈزۈۋاتاتتى . ئۇ ئىككى قولىنى بىر - بىرىگە جۈپلەپ ئۇۋۇلىدى . ئاندىن ئاغزىغا يېقىن ئاپىرىپ ھوردىدى . تۇشمۇتۇشتىن يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان غەم - غۇسسىگە بەرداشلىق بېرەلمەي ئىڭراپ كەتتى .

— سەن كىم ؟

— مەن سالاۋات .

— قىزىق ، سەن سالاۋات بولساڭ بۇ يەردە نېمىش قىلىسەن ؟

پۈتۈن يېزا ئەمەس ، بەلكى پۈتۈن شەھەر بويىچە نام ـ ئاتىقى بار ئائىلىنىڭ بەگزادىسىنىڭ ئۆگىكۈرلەردە يېتىپ ، غەم ـ ئەندىشە ئىچىدە يۈرگىنى نېمىسى؟ مۇشۇمۇ كۈنمۇ؟

— راست دەيسەن ، بىراق مەندە نېمە ئىلاج؟ ھازىر نەق پۇشايماننى ئالىدىغانغا قاچا يوق بىر چاغ ، نېمە دېسەم بولار ، ئەڭ ياخشىسى يېغىرىمنى تاتىلاپ ، ھەسرىتىمنى قوزغىما .

— بۇ گەپچە زىتىڭغا تەگكەن ئوخشىمامدىمەن؟ ياخشى كۆڭلۈمنى چۈشەنمىگەن بولساڭ بوپتۇ ، ئىسىت ئاغزىم ساڭا گەپ قىلىپ يۈرگەن .

— خاپا بولما ، مەن ئۇنداق دېمەكچى ئەمەس . ئۆزۈڭمۇ كۆرۈۋاتىسەن ، كەيپىياتىم تازا ياخشى ئەمەس ، بەزى چاغدا ئۆزۈممۇ نېمىدەپ قويغىنىمنى بىلمەيمەن . رەنجىگەن يېرىڭ بولسا مەن ناماقۇل...

ئۇ پاراڭلىشاتتى . ئادەمزاتسىز ، ھەتتا ئۇچار قۇشلارمۇ يوق پىنھان يەردە ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەپ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىراتتى .

ئۇ بىردىنلا ئاسىيەنى ئەسلەپ قالدى . دادىسى تەرىپىدىن يەتكۈچە خورلانغان ئۇ ئايالنىڭ ئىككىلەنمەي ياردەم قىلغانلىقىنىڭ تېگىدىكى سىرلارنى يېشەلمەي ھەيران بولاتتى . ياردەم ئىشەنگەن ئادەملەردىن ئەمەس ، بەلكى خەۋپسىرىگەن ئادەملەردىن كەلدى . بەلكىم بۇمۇ تەقدىرنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان چاقچىقىدۇر ، بەلكىم بۇمۇ ئۇ چۈشىنىشكە ئامالسىز قىلىنىۋاتقان جاۋابى يوق ئىشلارنىڭ بىرىدۇر . مەيلى نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، ئۇ ئايال باشقا غەم چۈشكەن ئېغىر كۈنلەردە ياردەم قىلدى . ئۆز ئاپىسىدەك كۆيۈنۈپ ، بىر ئاي يەتكۈدەك ئوزۇق ـ تۈلۈك بەردى . ئاشۇ ئايالنىڭ شاراپىتىدىن ئۇ بىر ئاينى بەخۇدۇك ئۆتكۈزۈۋالدى . ئۇ بۇ ئىشلارنى ئۆمۈرۋايەت ئۇنتۇيالمايدۇ ، قەلبىنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىدە ساقلايدۇ . سالاۋات ئورنىدىن تۇردى . ئۇنىڭ ئالدىدا قىلمىسا بولمايدىغان بىر مۇنچە ئىشلار تۇراتتى . قىشمۇ كىردى . قىش دېمەك ئازاب دېمەك .

بولۇپمۇ ھېچقانداق تەييارلىقى يوق ، تاغۇتاشتا قېچىپ يۈرگەن سالاۋاتقا ئوخشاش ئادەمگە تېخىمۇ شۇنداق . كونىلار «قىشتا ئوزۇق ، يازدا يېپىنچا» دەپ بىكار ئېيتمىغان . ياز دېگەندە ئۇستۇڭگە يېپىنچا بولسىلا ، ياۋا مېۋە يېسەڭمۇ كۈنۈڭ ئۆتۈپ كېتىدۇ . ئەمما ، قىش ئوخشىمايدۇ . ئۆڭكۈردىكى ئوزۇق كۆپ بولسا بىر ھەپتە يېتەر . ھازىرچە يەيدىغاننىڭ غېمى يوق . سوغۇق مۇشۇنداقلا بولسا توڭلاپ قالمىغان ھالەتتىمۇ ، ئۆپكىسىدىن ئايرىلىپ قېلىشى تۇرغان گەپ . ئۇنىڭغا نىسبەتەن كونىلار ئېيتقان «قىشتا ئوزۇق ، يازدا يېپىنچا» دېگەن سۆزنىڭ قىلچە رولى يوق .

سالاۋات مۇزلاپ كېتىۋاتاتتى . شۇنداقتىمۇ ئۆڭكۈرگە كىرىپ كەتمەي ، تۇرغان ئورنىدا تۇرىۋەردى . تېزرەك بىر قارارغا كېلىش مەقسىتىدە زېھنىنى يىغىپ ، توڭلاشقا باشلىغان دەريا ئېقىنىغا قاراپ خىيالغا پاتتى . ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيىدىكى شۇرمەللەر كۈندىن - كۈنگە قويۇقلىشىپ ، قىرغاقتىكى مۇز قاتلاملىرىمۇ ئاستا - ئاستا دەريا ئوتتۇرىسىغا قاراپ سۇرۇلۇۋاتاتتى . يۇقىرى ئېقىندىن ئېقىپ كەلگەن مۇز پارچىلىرى قىرغاققا ئۇرۇلۇپ ، گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز چىقىراتتى . قىشنىڭ بىلىپ بولماس سوغۇق ھاۋاسىدىنمۇ ياكى كۈندىن - كۈنگە قويۇقلىشىۋاتقان شۇرمەل تەسىرىدىنمۇ ، سۇنىڭ يۈزىدە قويۇق تۇمان كۆتۈرۈلۈپ ، يېقىن ئەتراپتىكى دەل - دەرەخلەرگە ئاپئاق قىرو چۈشۈشكە باشلىدى . ئۆڭكۈر ئالدىدا تۇرغان سالاۋات ئەتراپتىن كېلىۋاتقان تۈرلۈك ئاۋازلارنى پەرقلەندۈرۈپ ، خېيىمخەتەرنىڭ بار - يوقلۇقىغا ھۆكۈم قىلىشقا چېۋەر بولۇپ كەتكەنىدى . ئۇنىڭ ئاۋازلارنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارىغا ئادەمنىڭ راستىنلا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى . بەزى چاغلاردا ئۇخلىيالماي سىرتقا چىقىپ ، ئاي يورۇقىغا كۆز تىككىنىچە ئىككى قىرىدىكى قىسىلغان ئېقىندىكى دەريا سۈيىنىڭ رىتىملىق گۈلدۈرلىشىدىن پەيدا بولغان لەرزان ئاۋاز بىلەن ئۇگدەشكە باشلايتتى .

سالاۋات خىيالدىن بىشىنى كۆتۈرۈپ ، مۇزلاپ كەتكەن يۈزىنى ئالىقىنى بىلەن سىلاپ قويدى ، ئۇ بىر چاغلاردىمۇ مانا مۇشۇنداق مۇزلىغانىدى . ئۇ چاغدىكى مۇزلاش بىلەن هازىرقى مۇزلاش ئاسمان ـ زېمىن پەرق قىلاتتى . بىر قېتىم تاغىسى ئۇنى ئاتقا مىندۈرۈپ تاغقا ئېلىپ باردى . بۇ ئون نەچچە يىلنىڭ ئالدىدىكى ئىش ئىدى . رەڭگارەڭ ئېچىلىپ كەتكەن يايلاقتىكى گۈللەر سالاۋاتنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالدى . ئۇ چاپاتتى ، موللاق ئاتاتتى ، تايچاقتەك قىيغىتىپ ئۇياق ـ بۇياققا سەكرەيتتى . ئۆز ئالدىمغا ئات مىنىمەن دەپ جېدەل قىلاتتى . چارۋىچىلار ئۇنى ئەۋلىيانى كۆتكەندەك كۈتۈۋالدى . شەرىپىگە مەخسۇس زىياپەت بېرىپ ، مەشرەپ ئورۇنلاشتۇردى . تاغىسى ئاق كۆڭۈل ، مەردانە ئادەم بولغاچقا ئىناۋىتى دادىسىنىڭ ئىناۋىتىدىن قېلىشمايتتى . شۇغىنىسى هاراقنى كۆپ ئىچەتتى . شۇ كۈنىمۇ ئۇ هاراقنى بولۇشىغا ئىچتى . تازا قىزىغاندا ساھىبخانىنىڭ تۇتقىنىغا بوي بەرمەي يولغا چىقتى . ئۇلار يولغا چىقىپ كۆپ ئۆتمەيلا هاۋا ئۆزگەردى . كۈن سوۋۇپ ، ئەتراپنى تۇمان باستى . تىزگىن سېرىپ كېلىۋاتقان ئاتلارمۇ سۈرئىتىنى ئاستىلاتتى . ئۇلار قارىغايلىقتىن چىقىپ «ناماز تۆپە» دېگەن يەرگە كەلگەندە ، چاتقاللىقتىن بىر كېيىك چىقىپ قاچتى . تاغىسى سالاۋاتقا ۋارقىرىدى : «جايىڭدا مىدىر قىلماي تۇرۇپ تۇر ! مەن هازىرلا كېلىمەن» سالاۋات ئېغىز ئاچقۇچە ، تاغىسى كېيىكنىڭ كەينىدىن غايىب بولدى . ئەمدى سالاۋاتقا تاغىسىنىڭ بۇيرۇقىنى بەجا كەلتۈرمەكتىن باشقا ئامال قالمىغانىدى . قار ئۇچقۇنداپ چۇشۇشكە باشلىدى . تاغنىڭ ئۆزگىرىشچان هاۋاسى بىردىنلا سوۋۇپ ، شىۋىرغانغا ئايلاندى . كۈن پاتتى ، تاغىسى كۆرۈنمەيتتى . سوغۇق دەستىدىن سالاۋاتنىڭ بۇرنى ، يۈزى ، پۇت ـ قولى مۇزلىدى . قاراڭغۇ چۈشۈۋاتقان بولسىمۇ ، ئۇنى قورقۇنچتىن بەكرەك سوغۇق قىيناۋاتاتتى . كۆپ ئۆتمەيلا سوغۇق زەربىسىدىن كونترولluقنى يوقىتىپ ، قار ئادەمگە ئايلىنىپ قالدى . شۇ ئىشتىن كېيىن سالاۋات بىر ھەپتىگىچە

قىزىپ ياتتى . ئاپىسىدىن بولۇشىغا دەشنەم يېگەن تاغىسى ئۇنىڭ يېنىدىن بىردەممۇ نېرى كەتمىدى . سالاۋاتقا ئادەملەرنى ، هايۋانلارنى دوراپ بېرىپ ، ئۇچەيلىرىنى ئۈزۈۋەتكىلى تاس قالدى . تولا كۈلۈپ هالىدىن كەتكەن سالاۋات كۆزىدىن ئاققان ياشقا ئىگە بولالماي قالدى . تاغىسى ھەقىقەتەنمۇ ياخشى ئادەم ئىدى . سالاۋات ئۇنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى . بەلكىم ئۇ هازىرغىچە هايات بولغان بولسا ، بۇ ئىشلارمۇ مۇنداق بولۇپ كەتمەس ئىدى . «ياخشىغا كۈن يوق ، يامانغا ئۆلۈم» دېگەندەك ئۇنىڭ تاغىسى بىر قېتىملىق قاتناش ۋەقەسىدە قازا قىلدى . سالاۋات خېلى كۈنلەرگىچە بۇنىڭغا ئىشەنمەي يۈردى .

سالاۋات كۆزىدىكى ياشنى سۈرتتى . هاياتىدىكى كۆڭۈللۈك چاغلارنى ئەسلەپ ، روھى چىقىپ كەتكەندەك بولۇپ قالدى . هازىر ئۇنىڭغا هاياتىدا ئۆتكەن ھەرقانداق گۈزەل مىنۇتلارمۇ هېچقانداق شادلىق بېغىشلىيالمايتتى . بىر چاغلاردا يۈرىكىدە ئوتلۇق تۈيغۇلارنى ئويغاتقان تونۇش چىرايلار ئەمدى ئۇنىڭ خىيالىدا لايدىن ياساپ سىرلاپ قويغان گۈزەل نازىنىنغا ئوخشاش قېتىپ قالغانىدى . شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ يۈرىكىدە ئۈمىد ، قاينام - تاشقىنلىق هايات پۈتۈنلەي ئۆچۈپ كەتمىگەنىدى . ئۇ بىر خىل خاراموشلۇق ئىچىدە ئالدىدىكى قار باسقان يىلان باغرى تاغ يولىغا كۆز تىكىپ ، نېمىدۇر بىرنەرسىنى كۈتۈۋاتقاندەك تۇراتتى . ئالدىدىكى يول ئۇنىڭ ھەسرەتلىرى بىلەن ئورتاقلىشىۋاتقاندەك تىمتاسلىق ئىچىدە مۆڭگىنىپ تۇراتتى . تۇۋەندە توساتتىنلا بىر توپ ئاتلىقلار كۆرۈندى . ئۇلار شوخلۇق ئىچىدە بىر - بىرى بىلەن ئېلىشىپ كېلىۋاتاتتى . سالاۋات گويا ئۇلارنىڭ توپىغا قوشۇلۇپ كەتمەكچى بولغاندەك ، ئالدىغا بىر قەدەم چامدىدى . ئاتلىقلار بىر - بىرىنى قوغلاشقىنىچە ناھايىتى تېزلا بەلدىن ئېشىپ كەتتى . سالاۋات خورسىنىپ قويغاندىن كېيىن ، ئۆڭكۈر ئىچىگە كىردى . ئۆڭكۈر ئۇنىڭغا هازىرچە دۇنيادىكى ئەڭ بەختەر جاي بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ ھامان قاباھەتلىك چۈشلەرنى كۆرەتتى . ئۆزىنىڭ شۇنداق بىر

كۆڭلەرگە قالغانلىقىغا ئىچىنىپ ، ئۆز ـ ئۆزىدىن نەپرەتلىنەتتى ، ئۆز ـ ئۆزىنى ئەيىبلەيتتى ، يەنە تېخى ئۆزى ئۈچۈن ۋايىم يەپ ، ئۆزى ئۈچۈن ھەسرەت چېكەتتى . ئۇنىڭ ئالدىدا دەھشەتكە تولغان بىر يول سوزۇلۇپ ياتاتتى . بۇ يول شۇنچىلىك تار ، شۇنچىلىك قاراڭغۇ ئىدىكى ، ئۇ يەردە سان ـ ساناقسىز زەھەرلىك يىلانلار لۆمۈلدىشىپ يۈرگەندەك بىلىنەتتى . غايىبتىن توختىماي كېلىۋاتقان بىر سادا يۈرىكىنى غاجاپ «ئەمدى قېچىپ ھېچ يەرگە بارالمايسەن ، ۋاقتىڭ توشۇپ قالدى . سەن ئۆلىسەن ، ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان چاشقانغا ئوخشاش ئۆلۈپ تۈگىشىسەن» دەپ تەھدىت سالاتتى . ئۇنىڭ مىجەزىمۇ چۈسلىشىپ كەتتى . نېرۋىلىرىمۇ كاردىن چىقىۋاتاتتى . گاھىدا ئەقلىدىن ئازغان ئادەمگە ئوخشاش ئۆزىگە ئۆزى گەپ قىلىپ ، ئىككى قولى بىلەن بېشىنى مۇشتلاپ كېتەتتى .

سالاۋات ئېڭىشتى . ئاستىغا سېلىپ ياتقان چۆپ ئارىسىدىكى پىچاقنى ئېلىپ بېلىگە قىستۇردى . ئاندىن شوينىنى ئېلىپ ئۆڭكۈردىن چىقتى . ئۇ بۇ ئامالنى نەچچە كۈن باش قاتۇرۇپ تاپقانىدى . شوينىغا تايىنىپ سەكرىگەندە يىراققا چۈشكىلى ، شۇ ئارقىلىق ئىزىنى يوقاتقىلى بولاتتى . ئۆڭكۈر ئېغىزىنى پۈختىلاپ ئەتكەن سالاۋات شوينىغا تايىنىپ تولىمۇ تەستە پەسكە چۈشتى . يىراقتىن قارىغان ئادەمگە ئۇنىڭ ھەرىكىتى ھەم قىزىق ، ھەم غەلىتە تۇيۇلاتتى . ھەربىر قېتىم سەكرىگەندە بېلىدىكى پىچاق پۇتلىشىپ ئاۋارە قىلاتتى . ئۇ دەسلەپتە سومكىدىكى پىچاقنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى . «ئۇ خوتۇن مېنى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالسۇن دەپ سېلىپ قويغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ قاتتىق بىئارام بولدى . بىراق ، سومكا ئىچىدىكى شۇنچە كۆپ نەرسىلەرنى كۆرۈپ بىئاراملىقى خۇشاللىق بىلەن ئالماشتى . ئاسىيەنىڭ يىراقنى كۆرەرلىكىگە چىن قەلبىدىن ئاپىرىن ئوقۇدى . دېمىسىمۇ پىچاق ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئاۋارىچىلىكلەرنى ئېلىپ كەلدى . ئاسماننى قارا بۇلۇتلار قاپلىغىنى بىلەن قار ياغمىدى . بۇ ھال سالاۋاتنى ئەنسىرىتىپ قويدى . ئەسلىدە قار ياغقان بولسا ياخشى بولاتتى . قار ياغسا ھېچبولمىغاندا

ئاياغ ئىزى قار ئاستىدا قالاتتى . يول مېڭىشمۇ ئانچە بەك قىيىنغا توختىمايتتى . مىڭ سەكرىدىم دېگەنبىلەن يول بويىدا ئۇنىڭ يەنە نۇرغۇن ئاياغ ئىزلىرى قالدى .

قاتتىق قىينالغان سالاۋات بىرپەس دېمىنى ئالغاندىن كېيىن ، قولىدىكى شوينىنى تاشلىدى . ئۆڭكۈردىن خېلى يىراقلاپ كەتكەچكە ئەمدى يەنە سەكرەپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى قالمىغانىدى . كەچ كىرىۋاتاتتى . سالاۋاتنىڭ كۆڭلىدە قانداق قىلىش توغرىسىدا تېخى بىرەر سان بولمىسىمۇ ، ئۇ يەنىلا ئالدىغا قاراپ كېتىۋاتاتتى . قاراڭغۇ بولغاچقا يول مېڭىشمۇ ئاسانغا چۈشمەيۋاتاتتى . شۇنداقتىمۇ سالاۋات يول مېڭىشنى داۋام قىلدى . شۇنچە ئېھتىيات قىلغىنىغا قارىماي بىرنەچچە قېتىم تېيىلىپ يىقىلدى . ھاياتقا بولغان ئىنتىلىش ، ئۆلۈمگە بولغان تەرسالىق ئۇنى ھەددىدىن زىيادە سەزگۈر قىلىۋەتكەنىدى . ئۇ كېتىۋېتىپمۇ ئىككى قۇلىقىنى دىڭ قىلىپ ، ئەتراپتىكى غەيرىي ئاۋازلارغا قۇلاق سالاتتى . تۇمشۇقىنى سوزۇپ ، خۇددى يىرتقۇچ ھايۋانلاردەك ئۇنى - بۇنى پۇراپ قوياتتى . كۆزىنىڭ نۇرىنى بىر يەرگە يىغىپ ، ناھايىتى يىراقتىكى قارا - قۇرا كۆرۈنگەن نەرسىلەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتەتتى . بەزى چاغلاردا ئۆزىنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرىگە ھەيران قېلىپ «ئەگەر مۇشۇنداق كۈنگە قالمىغان بولسام ، بۇ ھۈنەرلەرنى ئۆگىنىمەن دەپمۇ ئۆگىنەلمەس ئىدىم» دېگەنلەرنى ئويلاپ قالاتتى . ھەربىر قەدىمىنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن يۆتكەپ ، غەيرىي شەپە ئاڭلانغان ھامان ئۆزىنى دالدىغا ئالاتتى . ھوشيارلىقىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇپ ، پەۋقۇلئاددە ئەھۋاللارغا تاقابىل تۇرۇشقا ئۇرۇناتتى . ئىش ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن بولسا قاتتىق ئۆكۈنۈش ئىچىدە رېئاللىققا قايتىپ ، ئۆزىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەقدىرى ئۈستىدە خىيالغا چۆكەتتى . ئۆزىنىڭ بىر چاغلاردا ئۆزى ھازىر ئېھتىيات قىلىپ يۈرگەن ئادەملەر بىلەن مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ بىرلىكتە ھايات كەچۈرگەنلىكىگە ، ئىسسىق - سوغۇققا بەرداشلىق بېرىپ ، ھايات دولقۇنلىرىدا ئۈزگەنلىكىگە ئىشەنمەيتتى . ئۆزىنىڭ ھامان

بىر كۈن باشقىلار تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىپ، جازا مەيدانىغا ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىنى ئويلىغىنىدا «نېمىشقىمۇ تۇغۇلۇپ قالغان بولغىيدىم» دەپ زارلىنىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ كۈنلىرى راستتىنلا ئادەم بالىسىنىڭ بەرداشلىق بېرىشى تەس بولغان ئازاب - ئوقۇبەت ئىچىدە ئۆتۈۋاتاتتى. بەزى كۈنلىرى ھۆڭ - ھۆڭ يىغلاپ، بەزى كۈنلىرى ساراڭ ئادەمدەك قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتەتتى.

قاراڭغۇ چۈشۈپ كۆز باغلانغاندا توقايلىققا يېتىپ كەلگەن سالاۋات قېلىن چاتقاللىق ئارىسىغا كىرىپ كۆزدىن غايىب بولدى. كۈن تۇتۇق بولغاچقا ئەتراپ قازاننى دۈم كۆمتۈرۈپ قويغاندەك كۆرۈنەتتى. سالاۋات دىمىنى ئېلىپ كۆزىنى يۇمدى. ئىللىق ئائىلە مېھرىسىدە ئەكس ئېتىش بىلەن يۈرىكى ئاغرىپ كەتتى. بىر چاغلاردا ئۇنى ھەممە ئادەم ھۆرمەت قىلىپ ئىززەتلەيتتى. كوچا - كويدا كۆرسە سالاملىشىپ، بىرھازاغىچە پاراڭلىشاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ ئۆزىنى ئاسماندا پەرۋاز قىلىۋاتقاندەك سېزەتتى. تۇرمۇش ئۇنىڭغا چېكى يوق دېڭىزدەك بىلىندى. ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ يۈرگەن قىزلار ئەقلىنى ئازدۇردى. ئۇ ھەممىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئۈپىقۇنلۇق ھايات دېڭىزىغا ئۆزىنى تاشلىدى. شادلىققا تولغان ئولتۇرۇشلار، ئەس - ھوشىنى يوقىتىدىغان تانسىخانىلار، تۈگىمەس پىچىرلاشلار...

ئۇ پۈتكۈل ئۆمرىدىكى خۇشاللىقلىرىنى پەقەت شۇنچىلىكلا ئەسلىيەلىدى. دىلارەنىڭ تەقى - تۇرقى، ئاياللارغا خاس جازىبىدارلىقى كۆز ئالدىدا پەيدا بولۇشى بىلەن قەلبى «يالت» قىلىپ چاقماق تېزلىكىدە يورۇدى. بۇ خىل يورۇش ئۇنىڭغا خۇشاللىق ئاتا قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى ئاچچىق ھەسرەت ئاتا قىلىپ، كۆڭلىنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەب بولدى.

سالاۋات كىچىك بالىغا ئوخشاش ئۆمچىيىپ كەتتى. گېلىغا كېلىپ توختىغان قاتتىق بىرنېمىنىڭ سەۋەبىدىن ھۆكرەپ يىغلىغۇسى كەلدى. ئەگەر تەلەيىنى رەنجىتىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئادا - جۇدا بولمىغان بولسا مۇشۇ كۈنلەردە ئەسقاتقان بولاتتى.

ئۇ مۇشۇ بىر ئىشقا كەلگەندە خاتا قىلدى، خاتا قىلغاندىمۇ ئۇتقا سېلىپ قۇيقا قىلسا ئارتۇق كەتمىگۈدەك خاتا قىلدى. تەلەي ئۇنى ياخشى كۆرەتتى. ۋاقتى كەلگەندە جېنىنى تىكىپ قوغداشتىنمۇ يانمايتتى. ئۇنىڭدا ھەقىقىي ئاياللارغا خاس پەزىلەت بار ئىدى.

سالاۋات ياقىسىنى كۆتۈرۈپ، تۇمشۇقىنى ئورىدى. يول يۈرۈپ قىزغان قانىنىڭ سوۋۇشى بىلەن، سوغۇق نەشتەردەك سانجىلىشقا باشلىدى. گەرچە توقاي ئىچى جىمجىت ھەم ئىللىق بولسىمۇ، قارنىڭ سوغۇقى جاندىن ئۆتەتتى. تۇمشۇقىنى ئورىۋالغاندىن كېيىن سالاۋات كىچىككىنە ئارام ئالغاندەك بولدى. نەپەس ئالغاندا چىققان تىنىقىنىڭ ھارارىتى ئۇنى ئىللىتقانىدى. ئۇ قاتتىق نەپەس ئالغاچ قانداق قىلىش توغرىسىدا ئويغا پاتتى. سۆيۈملۈك مەھەللىسى، ئۆيى يېقىنلا يەردە تۇراتتى. قاچقۇنلۇق ھاياتقا قەدەم قويغان نەچچە ئايدىن بېرى تۇنجى قېتىم ئۆيىگە ئەڭ يېقىن ئارىلىقتا ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئۆيىگە شۇنچىلىك بارغۇسى بولسىمۇ، ھېلىقى كۇندىكى مەنزىرە كۆز ئالدىدا پەيدا بولۇشى بىلەن بۇ ئويىدىن دەرھال يالتايدى. ئەنە، ئانا بالا دەردىدە سەرسان بولۇپ توقايلىقنى ئاختۇرۇپ يۈرمەكتە. ئۇنىڭ بىردىنبىر ئارزۇسى بالىسىنى تېپىش، ئانىلىق مېھىر - مۇھەببىتىنى يەنە بىر قېتىم ئاتا قىلىپ ياردەم بېرىش. بىراق، ئۇنىڭ پېيىگە ئادەم چۈشكەن. ئۇلار ئانىسىنى يەمچۈك قىلىپ ئۆزىنى تۇتماقچى. ھېلىمۇ ياخشى ئۇ بۇلارنى كۆرۈپ قالدى. ئەمدى ھەرگىز بۇ تۇزاققا چۈشمەيدۇ. بۇ يەردە ئۇنى ھەممىدىن بەك ئازابلاۋاتقان بىر تۈگۈن بار. ئۇ بولسىمۇ دادا. ئۇ شۇنچە ئويلاپمۇ بۇنىڭ تېگىگە يېتەلمىدى. «بەلكىم ئاپامنى قوغداپ يۈرگەندۇ؟» دەپ ئۆز - ئۆزىگە تەسەللى بەرگەن بولسىمۇ پايدىسى بولمىدى. قۇلاق تۈۋىدە بىر ئاۋاز توختىماستىن «ئىش ئۇنداق ئاددىي ئەمەس، داداڭ راستتىنلا ئاپاڭنى قوغداپ يۈرگەن بولسا، ئاپاڭنى بۇ ئىشتىن خەۋەرلەندۈرۈپ، سېنى ئىزدەشتىن توسۇشى كېرەك» دەپ جاراڭلايتتى. سالاۋات ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى.

قار ئۇچقۇنداپ چۇشۇشى بىلەن سوغۇق يېنىپ كەتكەندەك تۇيۇلدى . ئۇزۇن يول يۈرۈپ ھاردۇق يېتىپ كەتكەچكىمۇ سالاۋات ئۇگدەشكە باشلىدى . ئۇ ئۇخلاپ قالسا بولمايتتى . شۇڭا ، تۇمشۇقىنى چاپىنىدىن چىقىرىپ قاراڭغۇلۇق باسقان ئورمانلىققا قارىدى . ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك ؟ ئۆيگە بارغىلى بولمىسا ئاغىنىلىرىچۇ ؟ راست ، ئۇنىڭ نۇرغۇن ئاغىنىلىرى بار . باشقا كۇن چۇشكەندە بىرى بولمىسا ، بىرى ئەسقېتىپ قالسا ئەجەب ئەمەس . سالاۋات ئۆزى بىلەن ياخشى ئارىلاشقان ئاغىنىلىرىنى بىر - بىرلەپ كۆز ئالدىدىن ئۆتكۇزۇۋىدى ، ئۇنىڭغا ئاغىنىلىرى قول پۇلاڭلىتىپ چاقىرىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى . ئۇزۇن يىل بىللە ئويناپ ، ئىچ - سىرلىرىنى تۆكۇشكەن ئاغىنىلەرنىڭ ئۆزىنى كۆرگەندە قانداق تەسراتتا بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ خىيالغا پاتتى . چۇنكى ، ئۇ ھازىر بۇرۇنقى سالاۋات ئەمەس . ئۇنى قارشى ئېلىپ يوشۇرغان ھەرقانداق ئادەمنىڭ قانداق كۇنگە قالىدىغانلىقىنى كىچىك بالىمۇ ئوبدان بىلىدۇ . ئاسىيە ئۇ باشقا دۇنيا . ئۇلارنىڭ ئۇچرىشىشى غايىبتىن ، ھازىرقىسى بولسا باشقا ئىش .

سالاۋاتنىڭ مېڭىسى ئۇماچ بولۇپ كەتتى . ئاخىرى يوق تۇيۇق يوللار ئۇنىڭ خاتىرجەملىكىنى بۇزۇپ ، ئارامىدا قويمايۋاتاتتى . ئەمدى زادى قانداق قىلىش كېرەك ؟

ئۇچقۇنداپ يېغىۋاتقان قار ئاستىدىكى پۇتكۇل تەبىئەت شۇنداق جىمجىت ئىدىكى ، چىقىۋاتقان يەڭگىل شامالنىڭ ئاۋازىنىمۇ روشەن ئاڭلىغىلى بولاتتى . ئاسماندىن چۇشۇۋاتقان قارغا ئوخشاش باستۇرۇپ كېلىۋاتقان شېرىن ئۇيقۇ سالاۋاتنى ئالقىنىغا ئېلىپ ئاستا - ئاستا ئەللەيلەشكە باشلىدى...

## 25

ئانا بۇگۇنمۇ سەھەر تۇرۇپ كەتتى . ئۇنى سىرتتا ، ئۆينىڭ كەينىدە ، ناھايىتى يىراق بىر يەردە بىرى چاقىرىۋاتقاندەك قىلاتتى .

ئانا سىرتقا چىقىپمۇ زادى نېمە قىلسا ياخشى بولىدىغانلىقىنى بىلەلمىدى . چوڭ ھويلىنىڭ ئىچىدىكى ھەممە نەرسە ئۆز پېتىچە تۇراتتى . ئۇ چىن كۆڭلىدىن خالىغان ، يۈز بەرسە ئىكەن ، دەپ ئۈمىد قىلغان ئىشنىڭ بىرىمۇ يۈز بەرمىگەنىدى . ئۇنىڭ تىلىكى ، ئارزۇ ــ ئارمانلىرى تاڭنىڭ ئېتىشى بىلەن يوققا چىقتى . ئۇ داۋاملىق ئويلاشقا جۈرئەت قىلالماي ، ئامبار ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئاچتى . ھېچبىر مەقسەتسىزلا ئۆي ئىچىگە كۆز يۈگۈرتۈۋېتىپ چۆچۈپ كەتتى . يۈرىكىنىڭ ئوتلۇق سېلىپ سوقۇشىغا بەرداشلىق بېرەلمەي ۋارقىرىۋېتىشكە تاس قالدى . كىيىلمىگىنىگە ئۆزۈن يىل بولغان ئاق تاشلىق جۇۋا قوزۇقتا يوق تۇراتتى . ئۇزاق ئۆتمۈشنى ئەسلىتىدىغان بۇ جۇۋىنى ئۇ بىرنەچچە قېتىم باشقىلارغا بېرىۋەتمەكچى بولغاندا ، ئېرى بەرگىلى قويمىغانىدى . مانا ئەمدى بولسا ئۇ جۇۋىنى بىرى قوزۇقتىن ئەكەتكەنىدى . ئانا ئىچىدىكى ھاياجىنىنى تەستە بېسىپ ، ئامبار ئىچىگە تەپسىلىي قاراپ چىقتى . مۇنداق چاغدا ، بولۇپمۇ بۇگۈنكىدەك كۈندە ئازراقمۇ بىپەرۋالىق قىلىشقا بولمايتتى . پەۋقۇلئاددە ئېسىدە يوق ئۆزى ياكى ئېرى باشقا يەرگە قويۇپ قويغان بولسىچۇ ؟ بىراق ئانا ھەرقانچە ئىزدەپمۇ كىچىككىنە ئامباردىن جۇۋىنى تاپالمىدى . جۇۋىنىڭ نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا ئاشۇ قوزۇقتا ئېسىقلىق تۇرغىنىنى كۆرگەن تۇرسا . ئۇنىڭدىن باشقىچۇ ؟ ئامباردىن يوقالغان يالغۇز جۇۋىلا ئەمەس . كىمدۇر بىرى يۈرىكىنى قاپتەك قىلىپ بۇ يەرگە كىرگەن . ئورۇندۇق ئۈستىدىكى يېرىم خالتا ئۇن بىلەن بىر كاللەك قوي مېيىمۇ يوقىلىپتۇ . تورۇسقا ئېسىپ قويۇلغان نەيزىمۇ ئوغرىلىنىپتۇ . ئوغرى بۇ نەرسىنى نېمە قىلىدىغاندۇ ؟ ئانىنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ ، پۇت ــ قولىدا جان قالمىدى . ئۇ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى تىلىگەن تىلىكى ئىجابەت بولغاندا ئۆزىنى مۇنداق ھالەتتە كۆرەرمەن دەپ ئويلىمىغانىدى . ئۇنىڭ دەرۋازىنى يالغان تاقىغانلىقى ، ئامبار ئۆيگە قۇلۇپ باسمىغانلىقى ئاخىر ئۇنۇم بەردى .

كــمــدۇر بــىرى گــويا مــۇشۇنى كۇتۇپ تۇرغاندەكلا ئامبارغا كىرگەنىدى .

ئــانــا ئــامــبــاردىــن گــويا تورۇس ئۆرۈلۈپ چۈشىدىغاندەك ئالدىرىغىنىچە قايتىپ چىقتى . قار لەپىلدەپ يېغىۋاتاتتى . قىش كىرگەندىن بىرى ياغقان قېلىن قار مۇشۇ بولغاچقا ، ئانا ئامبارغا كــىرگەن «ئوغرى» نىڭ ئىزىنى تېپىشقا ئامالسىز قالدى . بىر ھېسابتا بۇمۇ ياخشى بولدى . قار قانچە كۆپ ياغسا شۇنچە ياخشى بولاتتى . ئاياغ ئىزى كۆمۈلۈپ كەتسە سالاۋاتقا خەۋپ يەتمەيتتى . ئــانــىــنــىڭ يۈرىكى ئويناپ كەتتى . چۈنكى ، ئوغلى تېخى ھايات ئىكەن . ئۇ ئۆزلــىرىنى ئۇنتۇپ قــالماپتۇ . ئۇ نېمە دېگەنىبىلەن ئــەپچىل ـ ھــەــ؟ ھــەتتا كېلىــپ كەتكىنىــنى ئاتا ـ ئانىسىغا تــۇيدۇرماپتۇ . ئانا خۇشاللىقىدا ھويلىدىكى قارنى پاك ـ پاكىز سۈپۈرۈپ ، تازىلىۋەتكىنىنى تۇيماي قالدى . قار يېغىۋاتاتتى . ئانا كــوچىغا چىقىپ گويا بىرنەرسىنى چۈشۈرۈپ قويغاندەك ئەتراپقا ســىــنــچــىلاپ قارىدى . ئۇ ئاغزىدا قارنىڭ تېخىمۇ كۆچىيىشىنى تىلىسىمۇ ، ئەمما كۆڭلىدە سالاۋاتنىڭ ئاياغ ئىزىنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلاتتى . تۇتاش تەكشىلىككە ئايلانغان كوچىدا ئاپئاق قاردىن باشقا ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى . شۇنداقتىمۇ ئانا كىچىك بالىدەك قولىنى سوزۇپ ، يېغىۋاتقان قاردىن ئالىقىنىغا يىغدى . ئۇنىڭ ۋارقىراپ ناخشا ئېيتقۇسى ، گۇس ـ گۇس دەسسەپ ئۇسسۇل ئوينىغۇسى كــېلــەتــتــى . بــۇ خــىــل خــۇشاللىق ئۆينىڭ ئىچىنى سۈپۈرۈپ تازىلىغاندىمۇ ، جوزا قويۇپ چاي ئىچكەندىمۇ بېسىقمىدى . ۋاققاس ھەيران قالدى . ئېغىز ئېچىپ بىرنەرسە دېيىشكە بىرقانچە قېتىم تەمشىلىپ يەنە توختاپ قالدى . ئېرىدىكى بۇ خىل ھالەتنى سەزگەن ئانا دەرھاللا :

— كېچە شۇنداق ياخشى چۈش كۆرۈپتىمەن . مەرۋايىتتەك سۈپــســۈزۈك ئــالــمىلارنىڭ ئىچىدە يۈرگۈدەكمەن . ئالما دېگەن ئادەمنىڭ يۈزى . ئادەم چۈشىدە ئالما كۆرۈپ چۈشىسە ، بۇ يۈز كــۆرۈشۈش ئالامىتى . بىزگە چوقۇم ياخشىلىق بار ، — دېدى .

ۋاققاس ئويلىنىپ قالدى. دېمىسىمۇ خەلق ئىچىدە «ئالما ئادەمزاتنىڭ يۈزى» دەيدىغان گەپ بار. ئەگەر شۇنداق بولسا بۇ ياخشىلىق زادى قانداق ياخشىلىقتۇ؟ ۋاققاس ئويلاپ بۇنىڭ تېگىگە يېتەلمىدى. كۆز ئالدىغا سالاۋات كېلىشى بىلەن يۈرىكى «قارت» قىلىپ كەتتى. بۇ مۇمكىنمۇ؟...

ئانىمۇ ئۆزگىرىپ كېتىۋاتاتتى. ئۆمرىدە يالغان سۆزلەشنى بىلمەيدىغان ئانا مانا ئەمدى يالغان دېگەننى قويمىدىغان بولدى. ئۇنىڭ ئۇستىلىق بىلەن توقۇپ چىققان يالغان چۆشىگە ۋاققاس ئىشىنىپ قالدى. بۇنى پۇتۇنلەي ئانىدىن كۆرۈشكىمۇ بولمايتتى. ئانا ئېرى بىلەن قىزىنىڭ قىلىشقان سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قالمىغان بولسا، بەلكىم ئېرىگە بۇنچىۋالامۇ رەھىمسىزلىك قىلمىغان بولاتتى.

— مەن سالاۋاتتىن ئەنسىرەپ قالدىم. قانۇن قارشىلاشقانلارنى ئەزەلدىن بوش قويۇۋەتكەن ئەمەس. ئاپامنىڭ مەيلىگە قويۇۋەتسەك سالاۋات تۈگىشىدۇ، — بۇ قىزىنىڭ ئاۋازى ئىدى. سىرتتىن كىرىۋاتقان ئانا ئىشىككە قۇلىقىنى ياقتى. زەينەپ بىر ئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — دادا، سىزمۇ ئەينى ۋاقىتتا يۇرت سورىغانلارنىڭ بىرى، ئۆزىنى مەلۇم قىلمىغانلارنىڭ قانداق ئاقىۋەتكە قالىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىسىز. سالاۋاتنىڭ گۇناھىنى يەڭگىللىتىمىز دەيدىكەنمىز، ئۇنى ئۆزىنى مەلۇم قىلىشقا كۆندۈرۈشىمىز لازىم، شۇڭا سىزنى چاقىرتتىم.

— كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلدىڭىز، قىزىم. ئاپىڭىز ئوقۇمىغان قارا تۇرۇك ئايال. ئەنئەنىۋى كۆزقارىشى كۈچلۈك بولغاچقا بەزىدە ئاق بىلەن قارىنى تازا پەرق ئېتەلمەي قالىدۇ. بۇ سالاۋاتنىڭ ئىشىدا تېخىمۇ گەۋدىلىك بولدى. ئۆزىنى مەلۇم قىلىش سۆزى چىقتىمۇ بولدى، قۇيقا چېچى تىك تۇرىدۇ. بۇنى سىزمۇ بايقىدىڭىز، قىزىم. ئۇنىڭ پىكرى باشقا، ئۇ ھەرگىزمۇ بۇ يولدا ماڭمايدۇ، — دادا سۆزىنى تۈگىتىپ جىمىپ قالدى.

— ئۇنداقتا قانداق قىلىمىز؟ بۇ ئىش بىلەن كارىمىز بولمامدۇ؟



— نېمىشقا كارىمىز بولمىغۇدەك ، قىزىم ، ئەلۋەتتە كارىمىز بولىدۇ . بۇنىڭ بىردىنبىر چارىسى ئاپىڭىزغا ئۇقتۇرماي ھەرىكەت قىلىش . شۇنداق بولغاندىلا كۆزلىگەن مەقسىتىمىزگە يېتەلەيمىز .

— ئەمىسە شۇنداق قىلايلى . ئىش تۈگىگەندىن كېيىن ، ئالدىرىماي چۈشەندۈرۈپ قويارمىز ، بۇ بولمىغان ياخشى چارە ئىكەن .

— ئۇغۇ شۇنداق ، بىراق سالاۋاتنى تېپىش ئۇنداق ئاسان ئەمەس . بۇ يەردىكى تاغ يوللىرىنىڭ مەن بىلمەيدىغىنى يوق . لېكىن ، شۇنچە ئىزدەپمۇ ئۇنى تاپالمىدىم . ئۇنى تاپساق ياخشى بولاتتى . ئاپىڭىزدىن بۇرۇنراق تاپساق ياخشى بولاتتى ، ئەمما…

ئانىنىڭ كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ ، يۈرىكى شىددەت بىلەن سېلىپ كەتتى . ئۇ مۇنداق بولار دەپ ئويلىمىغانىدى . قىزى كېچىكىپ كەلگەننى ئاز دەپ ، بۇ يەردە شۇملۇقلارنى ئويلاپ يۈرۈپتۇ . دادىسى بىلەن بىرلىشىپ ، سالاۋاتنى تۇتۇپ بەرمەكچى بوپتۇ . توۋا ! بۇ قانداق زامان بولۇپ كەتتى ؟ چوڭ شەھەردە يۈرسە كۆڭۈل بۆلۈنۈپ كەتكەننى ئاز دەپ ، رەھىمسىز بولۇپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ . ئانا ھاياتلا بولىدىكەن ، ئۇلارنىڭ سۆيىقەستى ھەرگىز ئىشقا ئاشمايدۇ…

ئانا دېگىنىنى قىلدى . ئۇ ئۇشتۇمتۇتلا قىزىنى يولغا سېلىپ ، ئېرىنى «يېتىم» قالدۇردى . ئۇستىلىق بىلەن تۈزگەن پىلانىنى ھېچكىم بىلمەي قالدى…

ۋاقىت ئۇنچىقمىدى . چېيىنى ئالدىرىماستىن ئىچتى . بىر ھازاغىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغاندىن كېيىن :

— سىرتتا قېلىن قار ياغقان ئوخشايدۇ ، خورجۇنغا بىرئاز يەيدىغان نەرسە سېلىپ قوي ، تاغقا چىقىمەن . ماللارنى كۆرگەچ ، سالاۋاتنى ئىزدەپ باقاي . مۇنداق قارا قىشتا توڭلاپ قالمىغان ھالەتتىمۇ چوقۇم ئۆپكىسىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ . شۇڭا ، ئۇ ھازىر بىزنىڭ ياردىمىمىزگە موھتاج . بىر ئامال قىلىپ ئۇنى تاپساق

ياخشى بولاتتى ، هەي ! — دېدى . ئانا ئۇنچىقمىدى . شۇ تاپتا ئۇنىڭ كاللىسىدا نۇرغۇن خىياللار ئەگىپ يۈرەتتى . ئۇ ئېرىنى يولغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن ياغلىقىنى چىگىپ ئۆيدىن چىقتى . ئۇ خۇش خەۋەرنى تەلەيگە يەتكۈزۈش قارارىغا كەلگەنىدى .

— ئىشىكنى يېپىڭ ، سىزگە خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلدىم ، قىزىم ! — دېدى ئۇستۇپشىدىكى قارنى قاققاندىن كېيىن پەس ئاۋازدا ، — سالاۋات تېخى هايات ئىكەن . راست دەۋاتىمەن ، ئۇ ئاخشام ئۆيگە كېلىپ كەتتى .

تەلەي تۇرۇپ قالدى ، خۇشاللىقتىنمۇ ياكى ئەندىشىدىنمۇ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى . ئۇ بىرنەرسە دېيىشكە تەمشەلگەن بولسىمۇ ، خېلى هازاغىچە هېچ نەرسە دېيەلمىدى . بىرنەرسە دېسە خۇددى ئەڭ قىممەتلىك نەرسىسىدىن ئايرىلىپ قالىدىغاندەك تۇرغان ئورنىدا تۇرۇپ قالدى .

— ئۇ نېمە دەيدۇ ؟ مېنى سورىدىمۇ ؟ — دېدى ئۇ ئېسىنى تەستە يىغىپ .

ئانا كۈلۈۋەتتى . ئاندىن بىر خىل خۇشخۇيلۇق بىلەن :

— ئەخمەق قىز ، گېپىمنىڭ ئاخىرى تېخى تۈگىمىدى . سەھەر ئورنۇمدىن تۇرۇپ سىرتقا چىقسام ئامبار ئۆينىڭ ئىشىكى قىيا ئوچۇق تۇرىدۇ…

ئانا كۆرگەنلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلدى . بۇلارنى ئاڭلىغان تەلەي هاياجىنىدىن ئولتۇرالماي قالدى . قېينانىسىنىڭ ئۆزىگە ئىشىنىپ شۇنداق مۇهىم گەپنى دېگەنلىكىدىن دىلى يايراپ كەتتى . دېمەك ، سالاۋات هايات ئىكەن ، قورساقتىكى بالىنىڭ دادىسى تېخى هايات ئىكەن . ئۇ ئۆز بالىسىنىڭ پات ئارىدا يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچىدىغانلىقىنى ئاڭلىسا چوقۇم خۇشال بولىدۇ . هاياتقا بولغان ئىشەنچى هەسسىلەپ ئېشىپ ، بولمىغۇر ئىشلارنى قىلىشتىن ساقلىنىپ قالىدۇ .

تەلەينىڭ قۇلىقىغا ئانىنىڭ كېيىنكى سۆزلىرى كىرمىدى . ئانا كەتتى . شۇنىڭدىن كېيىنكى بىرنەچچە كۈن ئىچىدە ئۇ غەم -

ئەندىشىدىن قۇتۇلالمىدى. ئولتۇرسا ـ قوپسا خىيالى بىر يەردە بولماي، غېمى كۆپىيىپ كەتتى. كەلكۈن سۈيىدەك كېلىۋاتقان خىياللار ئۇنى تۇنجۇقتۇراتتى. قايغۇ ـ ھەسرىتىنى كۈچەيتىپ، قەلبى خەنجەر بىلەن تىلغاندەك ئېچىشىپ تۇراتتى. نەچچە كۈن تىرىشىپ خىيالدىن قۇتۇلۇشقا ئۇرۇنۇپ باققان بولسىمۇ، ئۈنۈمى بولمىدى. ئەنسىزلىك قاپلىغان قەلبى ھامان شامال تەگكەن يوپۇرماقتەك تىترەپ تۇردى. ئۇ ھاياتلىق يولىدا مۇنچىلىك جاپا چېكەرمەن دەپ ئويلىمىغاچقا، ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ يولىنى تاپالماي قىينالدى. ئۇ ئويلايتتى. ھامان بىر كۈن تۇرمۇشنىڭ ئۆزلىرىگە كۈلۈپ باقىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. تۈيۈق يول تۈگەپ، داغدام يول چىقىپ قالىدىغاندەكلا بىلىنەتتى. چاۋاكمۇ ئىككى قولدىن چىقىدۇ. ھەرقانداق نەرسە ئىككى ياقلىمىلىققا ئىگە بولىدۇ. كۆپ بولسا ئون يىل ياكى يىگىرمە يىل كېسىلىپ كېتەر. بىز تېخى ياش. كۆرىدىغان كۈنلىرىمىز تېخى ئالدىمىزدا، — دەپ قارايتتى. مانا ئەمدى سالاۋات پەيدا بولۇشى بىلەن ئۈمىدى غۇۋالاشقاندەك بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ تۈيۈق يولغا كىرىپ، نىشاندىن يىراقلاپ كەتكەنلىكىنى ئەلەم ئىچىدە ھېس قىلدى. ئەمدىلىكتە بۇ تۈيۈق يولدىن چىقىپ كېتىشكە ئۇنىڭ راستىنلا كۆزى يەتمەي قالدى. قاتمۇقات قۇرۇلغان خەتەرلىك توسۇقلار ئۇنىڭ ئالدىنى ئاشقىلى بولمايدىغان ئېگىز داۋاندەك توسۇپ تۇراتتى. قانداق قىلىش كېرەك؟

تەلەي ئويلىغانسېرى ئۆزىنى كىمگىدۇر بىرىگە يۈز كېلەلمەيۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى. قېينانىسى كۆز ئالدىدا پەيدا بولۇشى بىلەن كۆڭۈل كۈيلىرى داۋالغۇپ، غەيرەت ـ شىجائىتى ئاستا ـ ئاستا ئەسلىگە كېلىۋاتقاندەك بىلىندى.

ئۇنىڭ خاتىرجەملىكىنى بىر خىل توسۇۋالغىلى بولمايدىغان تىت ـ تىتلىق ئىگىلىدى، كۆڭلى بىر يەردە بولمىغاچقا بەزىدە ھەتتا قىلىۋاتقان ئىشىنى ئۇنتۇپ، باشقا ئىشلارنى قىلىپ كېتەتتى. ھەر قېتىم ئۆگزىگە ياكى تونۇر بېشىغا چىققاندا خۇددى سېھىرلىنىپ

قالغاندەك توقايلىقنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى تاغ چوققىسىغا قاراپ تۇرۇپ قالاتتى. قىلىۋاتقان ئىشىنىڭ ئىنتايىن خەتەرلىكلىكىنى ئويلاپ، ئۆزىنى شۇنداق قىلىشتىن توساق بولالتىيۇ، لېكىن زېھنىنى يىغىشقا ئامال قىلالمايتتى. ھەرقانداق قىيىنچىلىق ھەم ئازاب - ئوقۇبەتلەرگە بەرداشلىق بېرىپ ئۆگىنىپ قالغان تەلەي مۇشۇ ئىشقا كەلگەندە ئۆزىنى كونترول قىلالماي قالدى. مانا بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى. ھويلىدىكى قىغنى كوچىغا توشۇپ تۈگەتكۈچە ھېرىپ - ئېچىپ، ئۆرە تۇرغۇدەك مادارى قالمىدى. نەچچە كېچىدىكى ئۇيقۇسىزلىق تەسىرىدىن ئۆيگە كىرىپلا ئۇخلاپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل قورۇ ئىمتاسلىققا چۆمدى.

ئۇ نۇرغۇن چۈش كۆرگەن بولسىمۇ، ئېسىدە ھېچنېمە قالمىغانىدى. شۇڭا، خىيال سۈرۈشتىن ۋاز كېچىپ، قورسىقىغا ئازراق بىرنەرسە يېدى. ئاندىن قازان بېشىنى بىرقۇر ئايلىنىپ «غىپپىدە» كوچىغا چىقتى. ئۇ تۇرمۇشتىكى كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئۇنتۇپ، ئىچ - پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن قولۇم - قوشنىلىرىنىڭكىگە، چاقىرغان يەرلەرگە بېرىپ، ئۇزاقتىن - ئۇزاق ئولتۇرۇپ كېلەتتى. بولۇنۇۋاتقان پاراڭلارغا ئارىلىشىپ، بولۇشىغا كۈلەتتى. مۇنداق چاغلاردا غەم - غۇسسىدىن خالىي بولۇپ، ئۆزىنى قايناق ھايات ئىچىدە تۇرۇۋاتقاندەك، ھاياتىدا ھېچقانداق كۆڭۈلسىزلىكلەر يۈز بەرمىگەندەك، ھاياتتىن قانغۇچە بەھرە ئېلىپ پەيزىنى سۈرۈۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى. مانا ئەمدى بولسا ئۇنىڭ ئەكسىچە ئادەم توپلاشقان ئورۇنلارغا بارمايدىغان، بارسىمۇ ئۇزۇنراق ئولتۇرغۇسى كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ئۆزىنى ئۈن - تىنسىز بىر چاقىرىقنىڭ تۈرتكىسىدە ياشاۋاتقاندەك، ئۆتمىسە بولمايدىغان بىر مەجبۇرىيەتنى ئۆتەۋاتقاندەك، ۋىجدانى گۇلخان بولۇپ يالقۇن ئىچىدە كۆيۈۋاتقاندەك سېزىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرى ئاستىدا تاشلىنىۋېتىلگەن بوۋاقنىڭ نالىسىدەك بىر ئاۋاز توختىماستىن چىقىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ بۇ نالىنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى تولۇق

چۈشىنىپ كەتمىسمۇ ، ئەمما ئۇ نالىنى بېسىشقا ، يۈرىكىدىن چىقىرىۋېتىشكە ئامال قىلالمايۋاتقاندەك ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي يۈرەتتى . ئۇ كوچىغا چىقىپ تۆت ئەتراپقا قاراپ قويغاندىن كېيىن ، مەھەللىنىڭ ئاياغ تەرىپىگە يۈرۈپ كەتتى . تالا ئەمدىلا يورۇۋاتقان بولغاچقا گۇڭگا كۆرۈنۈپ ياتقان كوچىدا ئادەم كۆرۈنمەيتتى . تەلەي قۇيۇندەك تېز مېڭىپ ، تۆپىلىك ئەتراپىدىكى ئورمانلىققا كېلىپ توختىدى . ئۆپكىسىنى بىرئاز بېسىۋېلىش ئۈچۈن زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ ئەتراپقا ئەنسىزلىك بىلەن قاراپ چىقتى .

تاغ كەينىدىكى سۇبھى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى . پۈتكۈل كائىنات چالا ئۇيقۇدا بولغاچقا ، ھەممە ياق سۈرلۈك كۆرۈنەتتى . ئاپئاق قارغا پۈركەنگەن ئورمانلىق بىر خىل سىرلىق قىياپەتتە قوينىنى كەڭ ئېچىۋاتقاندەك بىلىنەتتى . نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭغا بۇ قېتىم ئورمانلىق ئۇنچە بەكمۇ قورقۇنچلۇق بىلىنمىدى . شۇڭا ، قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان تاغلار ، كۆز يەتكۈسىز كەتكەن كەڭرى باغلار ، يىلان باغرى سوزۇلۇپ ، ھەر دائىم كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان يوللار ، دائىرىگە ئېلىنىپ ، چىتلاق بىلەن چىتلانغان ئوتلاقلارنىڭ ھەممىسى ئاپئاق قار ئاستىدا قالغانىدى . ھەممە نەرسە گويا ئاپئاق كىمخاب كىيىپ ، زور بىر ئىشقا تەرەددۇت قىلىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى . مال پادىلىرى ياكى ئادەملەرنىڭ مېڭىشىدىن ھاسىل بولغان چىغىر يوللارغا تازا سەپسېلىپ قارىمىغاندا پەرق ئەتكىلى بولمايتتى . بەزى چاغلاردا قارنىڭ قېلىنلىقى يېرىم مېتىرغا يېتەتتى .

تەلەي تۆپىلىك ئۈستىدە بىرپەس دېمىنى ئالغاندىن كېيىن ، قار باسقان چىغىر يولنى بويلاپ يۈرۈپ كەتتى . ئۇ خۇشال ئىدى . نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇنى ھېچكىم كۆرمىدى . نېمە ئۈچۈندۇر قار ياغقاندىن بۇيان قۇلاق تىنچىپ قالدى . سالاۋاتنى سۈرۈشتۈرىدىغانغا ئادەم چىقمىدى . قارىغاندا ھازىرغىچە بولدى قىلغاندەك تۇراتتى . شۇلارنى ئويلىغاندا تەلەينىڭ ئىشەنچى چىڭىپ ، غەيرىتى ئاشقاندەك

بىلىنەتتى . شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك ، ئۇنىڭ قەلبىنى چۇلغىغان تاتلىق سېزىم ئۇنى ھامان ئولتۇرغۇزمايتتى . غايىبتىن كېلىۋاتقان سىرلىق سادا توختىماي مېڭىشقا دەۋەت قىلاتتى . مۇنداق چاغلاردا پۈتۈن غەيرىتىنى يىغىپ ئالغا ئىلگىرىلەيتتى . بەزىدە كېتىۋېتىپ ، بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە يۈرەكنى ئېزىدىغان ئىشلارنى ئەسلەپ خورسىناتتى . ھەممە ئادەم بەھرىمەن بولىۋاتقان تىنچ تۇرمۇشقا ئېرىشەلمىگەنلىكىگە ئۆكۈنەتتى .

ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ، ئاپئاق قار ئاستىدا مۇگدەۋاتقان تاغقا قارىدى . تاغ گەرچە خېلى يىراقتا بولسىمۇ ، تەلەيىنىڭ ماغدۇرى ئۇ يەرگە بېرىپ كېلىشكە يېتەتتى . شۇ يەرگە بارسىلا چوقۇم سالاۋاتنىڭ دېرىكىنى ئالغىلى بولاتتى . چۈنكى ، ئۇ يەردە دائىم ئوقچۇپ تۇرىدىغان قايناق بۇلاق بار . چوڭ ئۆيدىكى ئامبارغا كىرىپ ، جۇۋىنى ئەكەتكەن ئادەم راستىنلا سالاۋات بولسا ، دېمەك ، ئۇ يېقىن ئەتراپتا . شۇڭا ، ئۇنىڭ بۇلاققا كەلمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس .

تەلەي شۇنداق ساددا خىياللارنى قىلاتتى . خىياللىرى قانچىلىك ساددىلاشقانسېرى ، غەيرىتى شۇنچىلىك ئۇرغۇپ كېتەتتى . ھەممە نەرسە گويا بۇرۇنقى ھالىتىگە قايتقاندەك گۈزەل كۆرۈنۈپ كەتتى .

ئۇ ھېرىپ ، پۈت ـ قولىدا جان قالمىغان بىر چاغدا تاغ باغرىغا يېتىپ كەلدى . بۇلاق ئەتراپىدىكى تاغدىن بوران ئۇچۇرۇپ چۈشكەن كۆلتۈك قار ئادەم بويىدىن ئېگىز دۆۋىلىنىپ كەتكەنىدى . پۈتكۈل ئەتراپ يالىڭاچلىنىپ قالغان بولۇپ ، كۆزگە سوغۇق تاشلىنىپ تۇراتتى . ئاسماندا بولسا پارچە ـ پارچە بۇلۇتلار ئۈزۈپ يۈرەتتى .

تەلەي ئۆزىنى ماغدۇرسىز يۇمشاق قار ئۈستىگە تاشلىدى . خېلىغىچە مىدىر ـ سىدىر قىلماي ياتتى . ئۆزىدىكى مۇنداق جۈرئەتنىڭ نەدىن پەيدا بولغانلىقىنى بىلەلمەي ھەيران بولدى . ئۆتكەن قېتىم بېشىدىن شۇنداق قاباھەتلىك ئىشلار ئۆتكەن بولسىمۇ ، شۇنى تەجرىبە ـ ساۋاق قىلماي ، ئادەمزاتسىز ئايدالىغا

يەنە چىقتى . بۇ قېتىممۇ يەنە ئۆتكەندىكىدەك ئەھۋالغا دۇچار بولسا قانداق قىلار ؟

تەلەي قويىنىدىكى بوتۇلكىنى سىلاپ قويدى . بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلى تېخىمۇ خاتىرجەم بولدى . بۇ ئامال ھەقىقەتەنمۇ ياخشى ئىدى . ئۆتكەنكى قېتىمقى ئىش بولۇپ ئۆتكەندىن كېيىن بىر دوستى كۆيۈنگەن ھالدا :

— بىز ئاياللار ئاجىز كېلىمىز . بۇ ئاجىزلىق بەزىدە كاللا ئىشلەتمەسلىكتىن كېلىدۇ . مەن دائىم سىرتقا يالغۇز ـ يېرىم چىقىپ قالغۇدەك بولسام ، يېنىمدىن كىسلاتا ئايرىمايمەن . پەقەت بولمىغاندا كىسلاتانى يۈزىگە چېچىپ ، ئۆزۈمنى قۇتۇلدۇرىمەن ، — دېدى . ئەتراپتىكىلەر ھەيران قالدى . بەزىلەر بولىدىغان ئامال ئىكەن دېسە ، يەنە بەزىلەر خېيىمخەتىرى چوڭ ، قورقۇنچلۇق ئامال ئىكەن ، بۇنى قانۇن چەكلەيدۇ دېيىشتى . مۇنازىرە قىزىپ خېلى ۋاقىتقىچە تالاش ـ تارتىش قىلىشتى . تەلەي ئۆزىنى قوغداش تەرەپدارى بولغاچقا ، پەۋقۇلئاددە كېرەك بولۇپ قالسا دەپ بىر بوتۇلكا كىسلاتا ئېلىۋالدى .

بولاق كۆنىنىڭ سوغۇق بولۇشىغا قارىماي قايناپ تۇراتتى . تەلەي ئەتراپتىكى قارنى چىڭداپ ، قانغۇچە سۇ ئىچتى . مۇزدەك بۇلاق سۈيى ئۇنىڭ چاڭقىغان يۈرىكىگە بېرىپ ، ۋۇجۇدىغا كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاتا قىلغاندەك بولدى . ئۇ نان يېگەچ قانداق قىلىش ئۈستىدە ئويلىنىشقا باشلىدى . پۈتۈن ئەتراپ بىر تەكشىلىكتە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى . ئۇ تەسەۋۋۇر قىلغان ئادەمنىڭ ئۆزى ئەمەس ، بەلكى ئۇچارقاناتنىڭ ئىزىمۇ كۆرۈنمەيتتى . دېمەك ، بۇ ئەتراپتا ئادەم يوق . سالاۋات بار دېگەن ھالەتتىمۇ ، بۇ ئەتراپتا ئەمەس . بۇ يەردە ئۇنى ساقلاش بىھۇدە ۋاقىت ئىسراپ قىلغانلىق...

مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، ئۇ ساقلاش قارارىغا كەلدى . ئۇنىڭ تۇيغۇسى ئۇنى ساقلاشقا ، قارنى كولاپ مۆكۈنۈشكە ئۈندەيتتى . تەلەي كىچىك چاغلىرىدا قاردىن «ئۆڭكۈر» ياساپ ئوينىغانلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ، ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۆزى

ياسىغان ئۆتكۈرگە مۆكۈندى . شامال بولمىغاچقا «ئۆتكۈر » نىڭ ئــىچى ئىللىق ئىدى . تەلەي ئۇگدەشكە باشلىدى . ئۇگدەۋېتىپ قــېــيــنــاچــىسـى بــىلەن بولغان بىر قېتىملىق كۆڭۈلسىزلىكنى ئەسلىدى . ئۇ كۈنى تەلەي قېيناىسىغا سالام بەرگىلى كىتىۋاتاتتى . گەرچە سالاۋات بىلەن ئاجرىشىپ كەتكەن بولسىمۇ «بىر كۈنلۈك يولداشقا مىڭ كۈنلۈك سالام» دېگەن تەقدىر ئۇنى شۇنداق قىلىشقا ئــۈندەپ تۇراتتى . ئويلىمىغان يەردىن ئۇلار ئۇچرىشىپ قالدى . تەلەي تېخى ئەمدىلا تىنچلىق سوراي دەپ تۇرۇشىغا زەينەپ تىل سالدى :

— بــۇ كــوچىدا نېمە قىلىپ يۈرسەن ؟ يۈزۈڭ ئېشەكنىڭ تېرىسىدىنمۇ قېلىن بىرنېمە ئىكەنسەن . يۈرىكىڭنى قاپتەك قىلىپ ، ماڭا گەپ قىلىشقا تەمشىلىۋاتقىنىڭنى قانداق قىلاي ؟ ! ئۆزۈڭچە تاماشادىن گۈلقەقەلىرىڭ ئېچىلىپ كەتكەندۇ ھەرقاچان . سالاۋاتنىڭ مۇشۇ كويغا چۈشۈپ قېلىشىغا سەنمۇ سەۋەبچى ، تولا كۆرەڭلەپ كــەتمە ، كالىنىــڭ بېــشىغا كــەلگەن كــۈن مــوزاينىــڭ بېشىــغىمۇ كېلىدۇ…

ئۇ يەنە نېمىلەرنىدۇر بىرنەرسىلەرنى دېدى . قاراپ تۇرۇپ ئاھــانــەتكە قالغان تەلەي كۆز ياشلىرىنى سۈرتكىنىچە يۈگۈرۈپ كەتتى . قېيناچىسى سالاۋاتنىڭ شۇنداق ھالغا چۈشۈپ قېلىشىنى ئۇنىڭدىن كۆرۈۋاتاتتى . دۇنيادا ئادەم ئۇچۇن بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق خــورلــۇق بــولامــدىغاندۇ ؟ «خۇدا ئۇرغاننى پەيغەمبىرىم قوشۇپ ئــۇرۇپــتۇ » دېگەندەك ، كەينى ـ كەينىدىن كەلگەن زەربە ئۇنى تۇگەشتۈرۈۋېتىشكە تاس قالدى . ھېلىمۇ ياخشى قېيناىسى بولۇپ قاپتىكەن .

— ئۇ ئىشلارنى كۆڭلىڭىزگە ئېلىپ كەتمەڭ . ئۇلارنىڭ نېمە دېــگــۈسى كەلسە دەۋەرسۇن . بۇمۇ خۇددى «ئىتلار قاۋاۋېرىدۇ ، كارۋانلار يۈرىۋېرىدۇ » دېگەندەك بىر ئىش . ئاڭلاپ قاتتىق خاپا بولدۇم . كىمنىڭ توغرا ، كىمنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئەمەلىيەت ئــىــســپــاتلىسۇن . بالام ، ھەرگىز خاپا بولماڭ . كېيىن سىزنى

چۈشەنگەندە چوقۇم پۇشايماننى ئالدىغان قاچا تاپالماي قالىدۇ. بۈگۈن مەن سىزدىن ئەپۇ سوراپ كەلدىم.

تەلەي قىيىنانىسىنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ ئۇزاق يىغلىدى. ئوغلىنىڭ دەردىدە ئوت ـ كاۋاپ بولۇۋاتقان ئانا، شۇ ئىشلار ئاز كېلىۋاتقاندەك ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ، يەنە تېخى ئۇنىڭدىن ئەپۇ سوراۋاتىدۇ...

تەلەينىڭ يۈرىكى سۇغۇرۇلۇپ كەتكەندەك بولدى. ئۇنىڭغا بۇنىڭدىن ئارتۇق يەنە نېمە كېرەك؟...

تەلەي چۆچۈپ كەتتى. ئىلىنىپ كەتكەن كۆزىنى تەستە ئېچىپ ئەتراپقا قارىدى. ئۇ ئۇخلاپ قالسا بولمايتتى. شۇڭا، ئۇ ئۆمىلەپ سىرتقا چىقتى.

بۇزۇلغان ھاۋا پات ئارىدا جۇدۇن بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. تەلەي بۇ يەردە تۇرىۋەرسە مۇزلاپ قېتىپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپ قەدەملىرىنى يۆتكىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆڭلى بەكمۇ يېرىم ئىدى. بىر كۈن كەچ كىرگۈچە ئاۋارە بولغانغا تۈشلۈق ھېچ نەرسىگە ئىگە بولالماي ھالىدىن كەتتى. پۇت ـ قوللىرىمۇ ھالسىزلىنىپ لاكاسلاپ قالدى. بۈلاق بېشىدا ئاغزىغا پەقەت بىر بۇردا ناندىن باشقا ھېچنېمە سالمىدى. ئانچە كۆپ ئۆتمەيلا ئۇ پەرەز قىلغان ئىش ئاخىر يۈز بەردى. ئۇنىڭ بىلەن قېرىشىۋاتقاندەك كۈچلۈك شىۋىرغان ئالدى تەرەپتىن ئۇرۇپ تۇراتتى. تەلەي شىۋىرغانغا بەرداشلىق بېرەلمەي ئېگىشتى. خىيالىدا نىشاننى ئوبدان بېكىتىۋالغاندىن كېيىن، بېشىنى ئىچىگە تىقىپ ئىلگىرىلەشكە باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ كىچىككىنە يەڭگىللەپ قالغاندەك بولدى. قۇترىغان شىۋىرغان يەر ـ جاھاننى يالماپ كەتمەكچى بولغاندەك ھۆركىرەيتتى. ئۇنىڭ كۈچىدىن پەيدا بولغان چىرقىراق ئاۋاز پۇتكۈل دالىنى بېشىغا كىيىپ، ئەنسىز ئاڭلىنىپ تۇراتتى. تەلەي ئاشۇ تۇتەك ئىچىدە ئىلگىرىلەۋاتاتتى. توزۇۋاتقان قار ئۇچقۇنلىرى دەستىدىن نەچچەم چامدام نېرىدىكى نەرسىنىمۇ ئېنىق كۆرگىلى بولمايتتى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا

بىر خىل روھ ، بىر خىل كۈچ ئۇنىڭغا مەدەت بېرىپ ، ئۇنى ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئۈندەيتتى . ئۇ ھازىر شىۋىرغاننىمۇ ، سوغۇقنىڭ ئازابىنىمۇ ئۇنتۇغانىدى . ئۇنىڭ كاللىسىدا پەيدا بولغان گۈزەل بىر دۇنيا ئۇنىڭغا پۈتمەس - تۈگىمەس كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلاتتى . ئۇنىڭ روھى ، ئۇنىڭ قەلبى ، ئۇنىڭدىكى سۆيگۈ تەشناسى شىۋىرغاننى ، سوغۇقنى ، تەڭرىنى تەسىرلەندۈردى . شىۋىرغان بىر پەستىلا توختاپ پۈتۈن جاھان تىنچىپ قالدى . ئۇنىڭ ئالدىدا ئەمدى گۈگۈم ، شىۋىرغاندىن پەيدا بولغان كۆلتۈك قارلا قالغانىدى . تەلەي چوڭقۇر نەپەس ئالغاندىن كېيىن قەددىنى رۇسلىدى . پۈتۈن غەيرىتىنى يىغىپ ، ئالغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى . بۇ چاغدا شېرىن ئۇيقۇدىن ئويغانغان سالاۋات راسا بىر كېرىلىۋېتىپ ، ئۆڭكۈر ئاغزىنى ئاچتى . قۇترىغان شىۋىرغاننىڭ ئېتىلىپ كىرىشى بىلەن ئەندىكىپ ، ئاق تاشلىق جۇۋىنىڭ ئالدىنى ھىملىدى ، تېپىلمايدىغان پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويماسلىق ئۈچۈن ، سۇدان بىلەن سۇلياۋ تۇڭنى ئېلىپ ئۆڭكۈردىن چىقتى . شىۋىرغان ئەزۋەيلەپ بوران ھۆركىرەيتتى ، قاياقلاردىندۇر قارلارنى ئۇچۇرۇپ كېلىپ ، يۈز - كۆزلىرىگە ئۇراتتى . تەلەي بىرئاز تەخىر قىلغان بولسا سالاۋاتنى كۆرەتتى . بىراق ، پەلەكنىڭ گەردىشى شۇنداق كېلىپ ئۇلار ئۇچرىشالمىدى . قار بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن بىر گەۋدە بولاق بېشىدا بىرپەس مىدىرلىغاندىن كېيىن بوران توزۇتۇپ كەلگەن قارنىڭ ئىچىدە كۆزدىن غايىب بولدى . ھايال بولماي شىۋىرغان توختاپ ، ھەممە يەر تىنچىپ قالغاندا بۇ ياققا پەقەتلا ئادەم كېلىپ باقمىغاندەك ئەتراپ تەكشىلىككە ئايلىنىپ كەتكەنىدى .

## 26

كۈنلەر سالاۋاتقا تولىمۇ ئۇزۇن ، تولىمۇ مۇشەققەتلىك بىلىنەتتى . تۈگىمەس ئۇزۇن كېچىلەردە ئۇيقۇسى ئېچىلىپ ، تاڭ ئاتقۇچە پارقىراپ ياتاتتى . ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلەش ، ھەربىر

دوقمۇش ئۈستىدە ئويلىنىش ۋاقتى ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرسىمۇ بۇ توغرىسىدا ئويلىنىشتىن ئۆزىنى قاچۇراتتى . ئۆزىنىڭ بەختسىز ھاياتىنى ، كۆڭلىنى غەم قىلىدىغان ئەھمىيەتسىز يىللارنى ، ۋەھىمىگە تولغان دەھشەتلىك ئىشلارنى ئەسلىگەن ھامان ئۇنىڭ قەلبى پىچاق تىلغاندەك بىئارام بولاتتى . ئۇنىڭ پۈتكۈل ھاياتى ئىنتايىن ناچار سىزىلغان بىر پارچە رەسىمگە ئوخشايتتى . قارىسا ـ قارىسا ۋاي دەپ كەتكۈدەك بىر يېرىمۇ يوق ئىدى . سالاۋات قىلىن ئورمان دالىسىدىكى ئۆڭكۈر ئېغىزىدا ئولتۇرۇپ ، سۈكۈنات ئىچىدە ئېغىر تىنىپ ياتقان چەكسىز بوشلۇققا كۆز تىكەتتى . يەنە بەزىدە ئۆڭكۈرنىڭ مۇزدەك سوغۇق تاملىرىغا قاراپ يىراقتا قالغان بالىلىق چاغلىرىنى ، غېمىنى يەپ سەرسان بولۇپ يۈرگەن ئاتا ـ ئانىسىنى ئويلايتتى . ئويلىغانسېرى ھەسرەتلىرى دەريا سۈيىدەك دولقۇنلاپ ، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ، كۆڭۈل ـ كۆيلىرىنى يالماپ كېتەتتى . بىر كېچە توختىماي چىققان بوران دەستىدىن سالاۋاتنىڭ خېلىغىچە ئۇيقۇسى كەلمىدى . تولا ئويلاپ مېڭىسى چارچىغاندىن كېيىنلا ئاستا ـ ئاستا ئۇيقۇغا كەتتى . ئۇ ئويغىنىپ ئەتراپقا قاراپ قويغاندىن كېيىن ئۆڭكۈردىن چىقتى . بۈككىدە ئۆسكەن قېلىن ئورمانلىق كىشىگە ئەزەلدىن بېرىپ باقمىغان بىر خىل كۆڭۈلسىزلىك تۇيغۇسى ئاتا قىلاتتى . ئورمانلار بىر كېچىدىلا شالاڭلاپ ، ئىسكەتىنى يوقاتقاندەك كۆرۈنەتتى . يوپۇرماقلىرى تۆكۈلگەن قېيىن دەرەخلىرى بەدىنى قىيما ـ چىيما قىلىنىپ تاشلانغان مەخلۇققا ئوخشاپ قالغانىدى . پۈتكۈل ئورمانلىق ئىچىنى دەرەخ يوپۇرماقلىرى بىلەن قېيىن قوۋزاقلىرى بىر ئالغان بولۇپ ، ئاجىز شامال تەسىرىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۇچۇپ يۈرەتتى . يېقىنلا يەردە قارىغاي دەرىخىنى كەسكەندە چىقىدىغان چۇچۇمەل پۇراق دىماغقا ئۇرۇلاتتى . قۇياشنىڭ ئاجىز نۇرى شالاڭلاپ قالغان دەرەخ شاخلىرىدىن ئۆتۈپ ، ئورمانلىق ئىچىدىكى كۆڭۈلسىز مەنزىرىنى يورۇتۇپ تۇرغاچقا ، يەرنىڭ ئويمان ـ دۆڭنى روشەن سېلىشتۇرۇپ تۇراتتى .

كۆن چىقتى. بوران تەسىرىدىن بولسا كېرەك، جان ـ جانىۋارلار ئۆزىنى دالدىغا ئالغان بولۇپ، پۈتكۈل ئورمانلىق ئادەمنىڭ ئىچى سىقىلغۇدەك دەرىجىدە تىمتاسلىققا چۆككەنىدى. ۋاقىت ئۇچقۇر شامالدەك ئۆتۈپ كەتتى.

سالاۋات ئولتۇرۇشقان كۆزلىرىنى يىراقلارغا تىككىنىچە خىيالغا پاتتى. ئۇ شۇ تاپتا ئۆيىنى، بىر چاغلاردىكى قايناق ھاياتىنى سېغىنىۋاتاتتى. ئۇزۇنغا سوزۇلغان قارا قىشنىڭ زېرىكىشلىك كۈنلىرى ئاخىرلىششىش ئالدىدا تۇراتتى. تالاي پۇرسەتلەر ئۆتۈپ كەتتى. ئاتا ـ ئانىسىغا يەنە بىر قېتىم كۆڭۈل ئاغرىقى تېپىپ بېرىشىنى خالىمىغانلىقى ئۈچۈنلا ۋارقىرىسا ئاۋازى يېتىدىغان يەردىكى ئۆيگە كىرمىدى. مانا ئەمدى بولسا...

ئاسماندا بىر قۇماي ئۇچۇپ يۈرەتتى. تاغىسى «قۇمايغا قاراپ، نەدە ئادەم بارلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بېشىڭغا كۈن چۈشۈپ يولدىن ئېزىپ قالغۇدەك بولساڭ قۇمايغا قارا. ئۇ سېنى نەدە ئادەم بولسا شۇ يەرگە باشلاپ بارىدۇ» دېگەنىدى. دېمەك، ئۇ بۇ يەردە ئۇزۇن تۇرسا بولمايتتى. ھېلىمۇ ياخشى تاغىسى مۇشۇ كۈنلەرنى قىياس قىلغاندەك قۇماي توغرىسىدا سۆزلەپ بەرگەنىدى.

سالاۋات تاغدىن پەسكە چۈشتى. قۇياش بارغانسېرى يۇقىرى ئۆرلەپ ئۆز نۇرىنى زېمىنغا چېچىشقا باشلىدى. ئېتىز ـ ئېرىق بىلەن يول بويىدىكى قارلار ئېرىپ، تۇنجى قېتىم ئەگىز سۈيىنى ھاسىل قىلغانىدى. كىشىلەر تۆت كۆزى بىلەن كۈتكەن باھار ناھايىتى تېزلىك بىلەن كېلىۋاتاتتى. بىر ـ بىرىگە باش قويغان ئېدىرلىقلار باغرىدىكى قارلار يۇمشاپ، بىر كۈندىلا ئېرىپ كېتىدىغاندەك مىلىقلاپ كەتكەنىدى. قەيەردىندۇر بىر يەرلەردىن ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىنى روھلاندۇرىدىغان نەمخۇش ھاۋا دىماغقا ئۇرۇلاتتى.

ئۇ ھەربىر قەدەمدە ئەتراپقا سەگەكلىك بىلەن قاراپ قويغاندىن كېيىن، بورانغا ئوخشاش تېزلىكتە بىرمۇنچە يەرگە بېرىۋالاتتى.

ئاندىن ئەتراپقا ئەلەڭ - سەلەڭ قارايتتى. ئۆڭكۆردە يەنە بىرنەچچە كۆنگە يەتكۈدەك ئوزۇق قالدى. نېمىنى تېجىسە، شۇنىڭ تۈگەپ كېتىدىغانلىقىغا ھەيران بولاتتى. ئالاھىدە شارائىت ئۇنى تېجەشلىك بولۇشقا ئۆگەتتى. ئىمكان بار ئوزۇق تېجەش ئۈچۈن يېيىشكە بولىدىغانلىكى نەرسىنى يېدى. شۇنداقتىمۇ ئۆڭكۈر ئىچىدىكى ئوزۇق بىرى تەرىپىدىن ئوغرىلانغاندەك ئازىيىپ كېتىۋاتاتتى. تېز ئارىدا بۇنىڭ غېمىنى قىلمىسا تەسەۋۋۇر قىلىش تەس بولغان كۈنگە قالاتتى.

سالاۋات كېتىۋېتىپ شۇلارنى ئويلىدى. باش ئەتىيازلاردا بولىدىغان قەھەتچىلىك مانا ئەمدى ئۇنىڭغا خىرىس قىلىۋاتاتتى. بەلكىم ئۆيدىكىلەر ئۇنىڭ ئامبارغا كىرىپ جۇۋىنى، ئۇنىڭغا قوشۇپ باشقا نەرسىلەرنى ئالغانلىقىنى بىلگەندۇ، بەلكىم شۇنىڭدىن كېيىن سەگەكلىشىپ ئۇنىڭ يەنە كېلىشىنى كۈتكەندۇ؟ ئەمما ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن ئۆيگە بېرىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. سالاۋات كېتىۋاتقاچ كۆزىنى يۇمۇپ، ئانىسىنىڭ قورۇق باسقان چىرايىنى، ھازىر قىلغان ئىشىنى ھازىرلا ئۇنتۇپ ھويلا ئىچىدە پىرقىراپ يۈرگەنلىكىنى، قاپىقى تۈرۈلگەن دادىسىنىڭ قوللىرىنى شىلتىپ، ئانىسىغا تاپا - تەنە قىلىۋاتقانلىقىنى، توخۇلارنىڭ ھېچنېمىدىن غېمى يوق قاناتلىرىنى قېقىپ دانلاپ يۈرگەنلىكىنى، سۇر باسقان ھويلىنىڭ ئىمتاسلىققا چۆمگەن ھالدا ھومىيىپ تۇرغانلىقىنى، بىر چاغدىكى خاتىرجەملىكىنىڭ، شاد - خۇراملىقىنىڭ ئەمدى بۇ ھويلىغا مەڭگۈ قايتىپ كەلمەيدىغانلىقىنى، جەبىر - جاپانى يەتكۈچە تارتقان ئانىنىڭ پېشانىسىدىكى قورۇقلارنىڭ كۆپىيىپ، قەددىنىڭ ئىككى پۈك بولۇپ قالغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلدى. ئىچ - ئىچىدىن ئۆرلەپ چىققان ھەسرەت قەلبىنى مۇجۇپ، مېڭىسى ھازىرلا پارتلاپ كېتىدىغاندەك ئاغرىپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنى ئاللىقاچان روھى چىقىپ كەتكەندەك، كىمدۇر بىرى چىرىپ ئىسكىلىتقا ئايلانغان جىسمىغا قايتىدىن روھ كىرگۈزمەكچى بولۇۋاتقاندەك سەزدى. شۇ تاپتا ئۇ راسا بىر ئۈن سېلىپ يىغلىۋالغان بولسا ياخشى بولاتتى. ئەمما،

ئۇ قانداق يىغلاشنى پەقەت بىلەلمىدى . شۇ تاپتا ئىچىنى بىرنەرسە يەپ كېتىۋاتقاندەك بىئارام بولۇپ كېتىۋاتاتتى .
بۇلۇت قوينىدىن چاچراپ چىققان قۇياش نۇرى سالاۋاتنىڭ غەم - قايغۇسىنى سۈپۈرۈپ كەتتى . ئۇ قاچاندىن بېرى بۇ تۆپىلىك ئۈستىگە چىقىپ ، ئۆز ھاياتى ئۈستىدە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغانلىقىنى بىلەلمەي قالدى . بىردەملىك بوران - چاپقۇن ئۆتۈپ كېتىپ ، ھەممە نەرسە تىنچىپ قالدى . بۇلۇت قاتلىمى تاراپ ، قۇياش ئاۋۇالقىدىنمۇ بەكرەك قىزدۇرۇشقا باشلىدى . شىرتاندەك قىزغىن كەيپىيات ئۆتۈپ كېتىپ مانا ئەمدى ئەقىل بىلەن ئىدراك ئوتتۇرىسىدىكى ئېلىشىش باشلاندى . ئىدراك ئەقىلنى ئۆز چاڭگىلىغا ئېلىشقا ئۇرۇنسا ، ئەقىل - ئىدراكنى يېتەكلەشكە ھەرىكەت قىلاتتى . زىددىيەتكە تولغان ئوي - پىكىرلەر شىددەت بىلەن باستۇرۇپ كېلەتتى . يېقىنلا بىر يەردىن ئاتنىڭ پۇشقۇرغان ئاۋازى ئاڭلاندى . سالاۋات دەرھال سەگەكلىشىپ ئۆزىنى بىر تۈپ چاتقال دالدىسىغا ئالدى . ئاتلىق ئۇنىڭدىن ئانچە يىراق بولمىغان يەرگە چۈشۈپ ، ئاتنىڭ تارتمىسىنى بوشاتتى . قارىغاندا ئۇ مۇشۇ يەردە دېمىنى ئېلىپ ، ئېتىنى چالدۇرىدىغاندەك قىلاتتى .
سالاۋات يەرگە يېپىشقىنىچە دېمىنى ئىچىگە يۇتتى . ئاستا - ئاستا پەسكە سىيرىلىپ ، ئېڭىشكىنىچە قاپتالنى بويلاپ يۈگۈرۈپ كەتتى . ئۇ كېتىۋېتىپ پات - پات كەينىگە قاراپ قويياتتى . دۈپۈلدەپ سوقۇپ كېتىۋاتقان يۈرىكىنى قولى بىلەن بېسىپ پىچىرلايتتى :
— توغرا بالا - قازادىن ساقلا ، تەڭرىم ، سېنىڭ قۇدرىتىڭ چەكسىزدۇر . سەن مېھرىباندۇرسەن ، كۆيۈمچاندۇرسەن ، شەپقەتلىكتۇرسەن ، ئۆزۈڭگە ئاسان ، بەندەڭگە قىيىن يوللىرىڭنى بەرگەيسەن…
ئاجىزلاپ كەتكەن تەن تىترەيتتى . ئۇنىڭ ھېرىپ ھالى قالمىدى . تەسكەيدىكى قېلىن قار ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ بىر ھازاغىچە ياتتى . ئۇ نورمال ئادەمنىڭ بەرداشلىق بېرىشى قىيىن

بولغان تۇرمۇشنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈۋاتاتتى . بەزىدە نەچچە كۈنلەپ تاماق يېمەي يېتىپ كەتكەن كۈنلىرىمۇ بولدى . ئۆزى زەھەر ياكى زەھەر ئەمەسلىكىگە ھۆكۈم قىلالمايدىغان چۆپلەرنىڭ يىلتىزىنى يەپ ، ئاغزى - بۇرنىدىن كۆپۈك قايناپ قىينالغان كۈنلىرى ئېسىگە چۈشكەندە ، ھېلىمۇ ھايات تۇرۇۋاتقانلىقىغا ھەيران قالاتتى . ئۇزۇن مۇددەت داۋاملاشقان ئەنسىز تۇرمۇش نېرۋىلىرىنى جىددىيلەشتۈرۈۋەتكەچكە قۇلاقلىرى توختىماستىن زىڭىلدايتتى . يۈرەكنى ئەزگۈدەك نالىدىن تاغۇتاش لەرزىگە كەلگەندەك بولاتتى .

سالاۋات ئورنىدىن تۇردى . ئۆيىگە بىر بېرىپ كېلىش ئىستىكى ئۇنىڭ قەلبىدە ئوت بولۇپ يانماقتا ئىدى . ئۇنىڭغا نىسبەتەن مۇشۇنىڭدىن باشقا ئامال قالمىغانىدى . زىمىستان قىش تۈگەپ ئەتراپ يالىڭاچلىنىش ئالدىدا تۇراتتى . ھالقىلىق پەيتتە كۆپرەك ئوزۇق - تۈلۈك تەييارلىۋالمىغاندا تولىمۇ خەتەرلىك ئەھۋالدا قالاتتى . ئۇ كۆڭلىگە شۇلارنى پۈككىنىچە يولغا چىقتى . كۈن تۈيۈقسىز ئىسسىپ كەتكەچكە «قاش» دەرياسىنىڭ ئاجايىپ يېقىملىق مەنزىرىسى يوقىلىپ ، ئۇنىڭ ئورنىنى مەينەتچىلىك ئىگىلىدى . يول بويلىرىدا ، دەريا ياقىلىرىدا ، تام تۈۋلىرىدە ئېرىگەن قاردىن پەيدا بولغان توختام سۇلار بىلەن ھەممە يەر مىلىقلاپ كەتتى . دەريانىڭ كۈنگەي قىرغاقلىرىدىكى مۇزلار بارغانسېرى نېپىزلەپ ، بەزى يەرلىرىدىن دەريا سۈيى تېشىپ چىقتى . توشقان ، ياۋا ئۆردەك ، قىرغاۋۇل قاتارلىق جان - جانىۋارلار قىرغاق بويلىرىغا كېلىپ ، راھەت ئىچىدە ئاپتاپسىنىشقا باشلىدى . سېغىزغانلار شاراقلاپ ئۆزلىرىنىڭ شادلىقىنى نامايان قىلىدى . ئارالدىكى دەل - دەرەخلەر باھارنى كۈتۈۋېلىشقا تەييارلىق قىلىۋاتقاندەك قەددىنى رۇسلىدى . پۈتۈن ئەتراپ گويا كاتتا بايرامغا تەييارلىنىۋاتقاندەك ئاجايىپ جۇشقۇن كەيپىياتقا چۆمگەنىدى .

سالاۋات كەچ كىرگۈچە دەم ئالماي ئۆزىگە تونۇش بولغان تۆپىلىكلەرنى ئايلىنىپ يۈردى . دەم ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ ، دەم

ئوچۇقچىلىقلاردىن پاناھلىنىشقا بولىدىغان ئەپلىكرەك جاي ئىزدىدى . تونۇش ـ بىلىشلەردىن بىرەرى ئۇچراپ قالمىغىيدى دەپ ئېھتىيات قىلدى . ئۇ مانا مۇشۇ ئېگىز ـ پەس ئېدىرلىقلاردا سەرسان بولۇپ يۈرۈۋاتقىنىنى كىشىلەر بىلمەي قالسىكەن دەپ ئۈمىد قىلاتتى ، ھەتتا بۇلارنىڭ رېئاللىق ئەمەس ، بىر قاباھەتلىك چۈش بولۇپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى . بەزى چاغلاردا ئويلىمىغان يەردىن بىرەر يولۇچىنىڭ قارىسى كۆرۈنۈپ قالسا ، ۋەھىمىدىن پۇت ـ قولى تىترەپ ، ۋۇجۇدىنى سوغۇق تەر بېسىپ كېتەتتى . ئىشلار ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن بولسا «ئۇھ» دەپ دېمىنى ئېلىپ ، بېشى كۆككە يەتكەندەك خۇش بولۇپ كېتەتتى . ئۇ يولىنى داۋاملاشتۇردى . قۇياشمۇ بارغانسېرى قىزىپ ، پۇتكۈل دالا ئاستا ـ ئاستا كەچكى شەپەق قوينىغا كىرىپ كېتىۋاتاتتى . سالاۋات چارچىدى . ئاچلىق بىلەن قورقۇنچ ئۇنىڭ «ئۇھ» دېگۈدەك ماجالىنى قويماۋاتاتتى . ئۇ بىر يەردىكى شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان بۇلاق سۈيىدىن قانغۇچە ئىچتى . كەينىدىنلا كۆڭلى ئېلىشىپ ، ياندۇرۇۋېتىشكە تاس قالدى . كۆڭلى قاتتىق ئاينىغانلىقتىن بېشى قېيىپ ، كۆزىگە قىزىللىق تىقىلدى . بىر ـ بىرىگە مىنىگەشكەن كۆز يەتكۈسىز تاغ تىزمىسى قولىنى سوزسىلا يېتىدىغاندەك كۆرۈنگىنى بىلەن بىر قەدەم ماڭسا بىر قەدەم چېكىنەتتى . سالاۋاتنىڭ سەۋر ـ تاقىتى تۈگەپ ، بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى . ئۆزىنى چاتقال كەينىگە تاشلاپ ، پۇت ـ قوللىرىنى ئۇزۇن سوزدى . ئۇنىڭ ئەمدى ماڭغۇدەك ماجالى قالمىغانىدى .

يېقىنلا بىر يەردە پاختەك سايراپ كەتتى . ئۇنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى سالاۋاتنىڭ ھەسرىتىنى قوزغىدى . باھاردىن خەۋەر بېرىۋاتقان پاختەك ئۇنىڭ ئېسىگە نۇرغۇن ئىشلارنى سالدى . پاختەك ئادەمنىڭ يۈرەك ـ باغرىنى ئېزىپ بىر خىلدا سايراۋاتاتتى . سالاۋات ئىچىنىڭ سىقىلىپ كېتىۋاتقىنىغا بەرداشلىق بېرەلمەي كۆزىنى يۇمدى . ئىچىنى قانداقتۇر بىر ئىلاھىي كۈچ ئالىقىنىغا ئېلىپ سىقىۋاتقاندەك ، يۈرەك ـ باغرىنى مۇجۇپ سىرتقا

تـارتــــۋاتـقــانـدەك قــىلاتتى . ئۇ مۇھىم نەرسىسىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىنى بىلگەن چېغىدا بەكمۇ كىچىككەنىدى . شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ ئـۆز تـەقـدىـرىـگە ئانچە بەك ئېچىنىپ كەتمەسلىككە تىرىشىپ ، كـالــلىسىدىكى خىياللارنى بار كۈچى بىلەن ھەيدەيتتى . بىراق ، ئۇنىڭ مۇنداق ئۇرۇنۇشلىرى ھامان نەتىجىسىز ئاياغلىشاتتى .

ئۇ غەيرىتىنى يىغىپ ئورنىدىن تۇردى . قاراڭغۇ چۇشكۇچە مــەھەللىگە يېقىنلىشىۋېلىش ئۇچۇن ئاستا قەدەم تاشلاپ مېڭىپ كەتتى . ئۆزىگە تونۇش نامسىز تۆپىلىككە كېلىپ دېمىنى ئالدى ۋە بـۇ يـەردىــن ئـۆيـىــنـى ئـوچـۇق كـۆرگـىلــى بولىدىغان جايغا ئورۇنلىشىۋالغاندىن كېيىن ، ئىنتايىن سېغىنىش ھېسسىياتى بىلەن تـونـۇش ھـويـلــىغا سەپسالدى . بىر چاغلاردا ئۆزىگە پۇتمەس - تـۈگـمـەس كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلغان چوڭ ھويلا مانا ئەمدى جىمجىتلىق ئىچىدە چۆلدەرەپ قالغانىدى . ئۇ ئەمدى ئۆزىگە مېھىر - مـۇھــەبـبــەت ئاتا قىلغان ، شېرىن ئارزۇ - ئارمانلار قايىنىمىغا چـۆمــدۈرگەن مـېـھـرى ئـىـســســىـق ھـويلىسىغا ئىككىنچىلەپ قـايـتــالــمـايدىغانلىقىنى ، قەدىردان ئانىسىنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ ئەركىلىيەلمەيدىغانلىقىنى ، قولىغا سۇپۇرگە ئېلىپ چوڭ ھويلىنىڭ ئـىـچى - تېشـىـنى ئەركىن - ئازادە سـۇپۇرەلمەيـدىغانلىقىنى ، قـىــســقـىسى سىرتتا تۇرۇپمۇ قانغۇدەك كۆرۈۋېلىشقىمۇ پۇرسەت بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ ئىچ - ئىچىدىن ئۆرتىنىپ كەتتى . ئۇ ئالغا مـاڭغانسېرى ئۆزىگە يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان ۋەھىمىلىك يولدىن قـۇتـۇلالماي ئاغزىنى يوغان ئېچىپ تۇرغان دەھشەتلىك ئەجەلگە يېقىنلاپ كېلىۋاتقاندەك تۇيغۇغا چۆمدى . ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى تۇرقى ئېيىققا ياكى ئۇزۇن يىللار ئادەمزاتسىز ئورمانلىقتا ياشىغان ياۋايى ئادەمگە ئوخشاپ قالغانىدى . ساقال باسقان يۈزىدىكى جىددىيلىك ، ئـىـچـىــگە ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزىدىكى ئۈمىدسىزلىك ، بىر نۇقتىغا ئۇزۇندىن - ئۇزۇن تىكىلىپ قاراشلىرىنىڭ ھەممىسى بۇ نـۇقـتـىـنـى ئـىسپاتلاپ تۇراتتى . ئۇ گەرچە خىيال سۈرۈۋاتقان بولسىمۇ ، ھەر ۋاقىت ئۆزىگە يېقىنلاپ كېلىش ئېھتىماللىقى بولغان

خەۋپنى ئېسىدىن چىقارمىغانىدى . يىراقتىن شىپىرلاپ كېلىۋاتقان ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلىشى بىلەن دىمىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئەتراپقا قۇلاق سالدى . راستتىنلا بىرى يىراقتىن سالماق قەدەم تاشلاپ كېلىۋاتاتتى . سالاۋاتنىڭ يۈرىكى توختاپ ، قانلىرى ئۇيۇپ قالغاندەك بولدى . ئاياغ تىۋىشى بارا - بارا يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى . سالاۋات ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ «نەگە مۆكسەم بولار ؟ » دېگەندەك تۆت ئەتراپقا قارىدى . ھەممە يېرى ئوچۇقچىلىق بۇ يەردە دالدىلانغۇدەك يەرنىڭ تايىنى بولمىغاچقا ، ئۇ ئاخىر بارلىق دەسمايىسىنى دوغا تىكىش ئۈچۈن تەييارلاندى . دەل شۇ چاغدا كېلىۋاتقان ئادەم باشقا ياققا بۇرۇلغان چېغى ، ئاياغ تىۋىشى ئاستا - ئاستا يىراقلاپ كەتتى . سالاۋات ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتكەنلىكىنى چۈشىنەلمەي ھەيران قالدى . كاللىسىدا «ئادەم باشلاپ كېلىش ئۈچۈن بولسىچۇ ؟ » دېگەن خىيال پەيدا بولۇشى بىلەن يۈت - قولى تىترەپ كەتتى . خىيالنىڭ ئاخىرى تېخى چىقماي تۇرۇپلا :

— تۇرغان ئورنۇڭدىن مىدىرلىما ! — دېگەن خىرقىراق ئاۋاز ئاڭلاندى . ئەندىشە قىلغان ئىش ئاخىر يۈز بەردى . كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرمىسە بەلكىم مۇنچە تېز قولغا چۈشۈپمۇ قالماس ئىدى . ئەمدى ئۇنىڭغا بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىشتىن باشقا ئامال قالمىغانىدى .

سالاۋات خۇدىنى يوقاتقان ھالدا ئاستا - ئاستا بۇرۇلدى . ئۇ شۇ تاپتا بۇ ئىشلارنىڭ چۈش بولۇپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلاتتى . ئەگەر بۇ يەردىن ئامان - ئېسەن قۇتۇلغىلى بولسىلا ، ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالىدىغان ئىش بولسىمۇ ئۆكتۈردىن چىقماي ياتقان بولاتتى .

سالاۋات بېشىنى يەردىن كۆتۈرۈپ تۇرۇپ قالدى . ئۇنىڭ ئالدىدا بىر قولىدا بوتۇلكا ، يەنە بىر قولىدا ئوۋ مىلتىقى تۇتقان بىر مەست تۇراتتى . تاغ كەينىگە ئولتۇرغان قۇياشنىڭ ئاخىرقى نۇرىدا مەستنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ ، چىرايى بىر قىسما بولۇپ كەتتى . لەۋلىرى نېمىدۇر بىرنەرسە دېمەكچى بولغاندەك تىترىدى -

دە ، جىننىڭ بارچە ۋارقىراپ ، ئالدى ـ كەينىگە قارىماي بەدەر تىكىۋەتتى . مۆجىزە يۈز بەرگەندەك سالاۋات يەنە بىر قېتىم قۇتۇلۇپ قالدى .

تۇيۇقسىز پەيدا بولغان ئادەمنىڭ ئالدى ـ كەينىگە قارىماي قېچىشىدىكى سەۋەبنى ئويلاپ يەتكەندە ، يۈرىكى شىۋىرغاندا قالغاندەك مۇزلاپ ، كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ كەتتى . سالاۋاتنىڭ ئادەم دېسە ئادەمگە ، هايۋان دېسە هايۋانغا ئوخشىمايدىغان تۇرقىدىن قورقۇپ كەتكەن مەستىنىڭ يۈرىكى يېرىلىپ كېتىشكە تاس قالدى .

سالاۋات خۇددى روھى كۆتۈرۈلۈپ كېتىۋاتقان ئادەمگە ئوخشاش سايىنى بويلاپ قېچىپ كېتىۋاتقان قارا كۆلەڭگىگە قاراپ قالدى . ئۇنى ئازابتىن خالىي قىلىپ ، قەلبىگە شادلىق ئاتا قىلغان دەقىقە تۈگەپ ، ئۇنىڭ ئورنىنى يۈرەكنى غاجاپ ، قەلبىگە ۋەھىمە سالىدىغان تىمتاسلىق ئىگىلىدى . ئۇ كۆڭلىدە پەيدا بولغان هەسرەتنى بېسىش ئۈچۈن تىلىنى كۈچەپ چىشلىدى .

ئۇ ئولتۇرغان ئورنىدا ياغاچقا ئوخشاش قېتىپ قالدى . شۇ تاپتا ئۇنىڭ مېڭىسىمۇ ، قېنىمۇ ، تەپەككۇرىمۇ قېتىپ قالغانىدى . ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ، نەدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى . يەر يۈزىدە ئەمەس ، بەلكى مۇئەللەقتە ئېسىلىپ تۇرغاندەك ، ئايىغى ئاستىدىكى تۇپراقمۇ يۇمشاپ كەتكەندەك تۇيۇلدى . يىراقتىكى كۈمۈش لېپىنتىدەك كۆرۈنۈۋاتقان دەريا سۈيى ئاسماندا پەيدا بولغان هەسەن ـ هۈسەندەك كۆرۈنۈپ ، ئىچكى هېسسىياتلىرى قالايمىقانلىشىپ كەتتى . قەلبىدە ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئاچچىق هەسرەتلەر يۈرىكىنى مۇجۇپ ، ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز دەرد ـ ئەلەملەر قاينىمىغا سۆرەيتتى . ئۇ بۇ يەردە تۇرۇپ مەهەللىنى ، ئانىسى بىلەن دادىسىنى ، تەلەيىنى ، دىلارەنى يەنە نۇرغۇن ـ نۇرغۇن ئەهمىيەتلىك نەرسىلەرنى كۆرگەندەك قىلدى . ئۇنىڭ جىسمىدا كىشى ئاسانلىقچە بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان قورقۇنچلۇق ئىشلار يۈز بېرىۋاتاتتى . ئۇ ئېسىنى يىغىپ ، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا ئۇرۇنۇپ كۆرگەن بولسىمۇ چامىسى يەتمىدى . كۆن ئولتۇرۇپ ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق باستى .

ساالاۋاتقا مەست يولۇقۇۋىدى ، كۆڭلىنى غەش بىسىپ پىلانلىرى يوققا چىقتى . ئاران بىر غەيرەتكە كەلگەندە ، بوسۇغىدىن كەينىگە قايتىمىش ئۇنىڭغا تولىمۇ ئىغىر كىلىۋاتاتتى . شۇ تاپتا ئۇنىڭ خىيالىدا گاھ «هاماقەتلىك قىلما ، بوسۇغىدىن كەينىڭگە يانساڭ تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولىدۇ ، ئۇ دىگەن مەست ، يا خۇدىنى ئۇقىدۇ ، يا ئۇقمايدۇ . پۇرسەتنى قولدىن بىرىپ قويما ، ياخشىراق ئويلان» دىگەن ئوي هۆكۈم سۈرسە ، گاھ «ئەخمەق بولماي بۇ يەردىن كەت ، قانچە تىز بولسا شۇنچە ياخشى ، هازىرقى ۋەزىيەت سەن ئۈچۈن پايدىسىز . چۈنكى ، سەن ئاشكارىلىنىپ قالدىڭ . هىلىقى مەست مەهەللىگە يىتىپ بارغان هامان ئادەملەر بۇياققا سەلدەك ئاقىدۇ . سىنى تۇتۇش ئۈچۈن هەربىر چاتقالنى ئالا قويماي ئاختۇرىدۇ» دىگەن ئوي باش كۆتۈرۈپ چىقاتتى .

تاغنىڭ جاندىن ئۆتىدىغان سوغۇقى باش ـ كۆزلەرنى سىلاپ ئۆتتى . ساالاۋات ئاخىرقى قىتىم قاراڭغۇلۇقتا چۆككەن مەهەللىگە قاراپ قويغاندىن كىيىن قەدىمىنى ئارقىغا بۇرىدى .

## 27

ساالاۋات قۇياش چىققانلىقىنىمۇ تۇيماي قالدى . تاغ كەينىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان قۇياش كۆزلەرنى چاقنىتاتتى . ئەتراپتىكى هەممە نەرسە جانلىنىپ هەرىكەتلىنىشكە باشلىدى . بۇ ئۆز ۋۇندىن ـ ئۆز ۋۇنغا سوزۇلغان زىرىكىشلىك كىچە ئاياغلىشىپ ، كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولغان قۇياش نۇرىغا چۈمۈلگەن بىر كۈننىڭ باشلانغانلىقىدىن دىرەك بىرەتتى . ئاسمان شۇ قەدەر سۈزۈك ئىدىكى ، پايانسىز ئاسمان كۆكسىدە بىرەر پارچە بۇلۇتمۇ كۆرۈنمەيتتى . قۇياش ئەمدىلا كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغاچقا هاۋا يەنىلا سوغۇق ئىدى . قارنىڭ ئىرىشىدىن هاسىل بولغان تارام ـ تارام ئەگمىزلەر بىر ـ بىرىگە قوشۇلۇپ ئىقىن هاسىل قىلىپ ، شىلدىرلىغىنىچە ئىرىقلارغا قۇيۇلاتتى . قار ئاستىدا تولۇق بىر قىشنى ئۆتكۈزگەن ئوت ـ

چۆپلەر مۇشۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە يەرنى يېرىپ چىققاندەك باش كۆتۈرۈپ تۇراتتى . باھارنىڭ كۈچى بىلەن ھەممە يەر جانلىنىش ئالدىدا تۇراتتى . پەقەتلا ئورمانلار ، دەل - دەرەخلەر قىشنىڭ ئاخىرقى ئۇيقۇسىدىن تېخىچە باش كۆتۈرمىگەن بولسىمۇ ، ئەمما ئۇنىڭ شاخلىرى يامغۇر سۈيىدە يۇيۇنغاندەك رەڭ تۈزەپ ، پات ئارىدا يوپۇرماق چىقىرىدىغانلىقتىن بېشارەت بەرمەكچى بولغاندەك كۆكىرىپ تۇراتتى . ئۈزۈندىن - ئۈزۈنغا سوزۇلغان قەھرىتان سوغۇق ئۆز كۈچىنى يوقىتىپ ، تەبىئەتنى جانلاندۇرىدىغان ئىللىق ھاۋا جان - جانىۋارلارنى ئۆچەكلىرىدىن چىقىشقا چاقىراتتى . سالاۋات بىردىنلا ئۆزىنىڭ قىزىۋاتقانلىقىنى ، پۇت - قولىنىڭ تىترەپ ، يۈرىكىنىڭ توختاپ قالىدىغاندەك ئاجىز سوقۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدى . نەچچە كۈن داۋاملاشقان ئاچلىق ئۇنى ئاخىر يەڭدى . گۆرىستاندەك قاراڭغۇ ئۆڭكۈر ئۇنى سىرتتىكى خەۋپ - خەتەردىن ساقلىيالىغىنى بىلەن ، ئاچلىق ئازابىدىن ساقلاشقا ئاجىز كەلگەندى . سالاۋات غەيرەتكە كېلىپ تۇز ئولتۇرغان بولسىمۇ ، بېشى قېيىپ كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى . «مۇشۇنداق ئۆڭكۈرلەردە ، ئادەمزاتسىز ئايدالىدا ئۆلۈپ قالمىسام بولاتتىغۇ» دېگەن خىيال كاللىسىغا كېلىشى بىلەن تېخىمۇ قاتتىق ئازابلىنىپ كەتتى . بىر چاغلاردا ئۇمۇ بىر ئائىلىنىڭ ئەتىۋارلىق بالىسى ئىدى . ھەممىسى گويا ئۇ بولمىسا دۇنيا مەۋجۇت بولماي قالىدىغاندەك ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ كېتەتتى . يېمىگەننى يېگۈزۈش ، كىيمىگەننى كىيگۈزۈش كويىدا پايپېتەك بولۇپ كېتەتتى . ئۆيىدىكىلەرلا ئەمەس ، مەھەللىدىكىلەر ، ھەتتا پۈتۈن يېزىدىكىلەر مۇشۇنداق قىلاتتى . ئۇلار شۇنداق قىلمىغان بولسا ، ئۇنىڭ ئورنىغا قاتتىق تەلەپ قويۇپ ، نانىنىڭ كىيىمىنىڭ قانداق كېلىدىغانلىقىنى ئەمەلىي ئىشلار بىلەن ئىسپاتلاپ كۆرسەتكەن بولسا بەلكىم بۇ ئىشلار مۇنداق بولۇپ كەتمىگەن بولاتتى .

سالاۋات بىردىنلا شۇلارنى ئويلاپ قالدى . دېمىسىمۇ ئائىلىدىلا ئەمەس ، سىرتتىمۇ ئۇنىڭ دېگىنى ھېساب ئىدى . بىر قېتىم ئانىسى

ئۆنى يەرمەنكىگە ئاچىقتى . بۇ ئۇنىڭ توققۇز ـ ئون ياش ۋاقىتلىرى ئىدى . يەرمەنكە دەريا بويىدىكى تۇزلەڭلىككە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ ، لاپاس ھەم چېدىرلار تىكىلگەچكە ناھايىتى قىزىدى . تەرەپ ـ تەرەپتىن كەلگەن ئادەملەر دېڭىزغا ئوخشاش چايقىلاتتى . ئانا ـ بالا كېلىشى بىلەن يەرمەنكە ھەيئىتى ئالدىراپ قالدى . مەخسۇس تىكىلگەن چېدىرلارنىڭ بىرىنى بوشىتىپ ، ئۇلارنى ئورۇنلاشتۇردى .

تۈرلۈك مۇسابىقىلەر قىزىۋاتاتتى . بىرى ئۇنى «قول قايرىش» مۇسابىقە مەيدانىغا ئەكەلدى . سالاۋات چەك تارتىۋىدى ، رەقىبى چارۋا ئەترىتىنىڭ باشلىقى بولۇپ چىقتى . ئېيىققا ئوخشاش كېلەڭسىز بۇ ئادەم يەر تەۋرەۋاتقاندەك سىلكىنىپ كۈلگىنىچە :

— بۇ قانداق بولغىنى ، كۆردۈڭلارمۇ خالايىق ، بۇ پىستەكنىڭ مېنى تالىلىۋالغىنىنى؟ ئۆزى مۇشتتەك بولغىنى بىلەن يۈرىكى قاپتەك ئىكەن ئەمەسمۇ؟ ھاي ! بۇنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدىن كىم بار؟ كېلىپ مۇسابىقىنىڭ ئۇستىدە تۇرسۇن . شاكىچىك پالۋىنىغا ئىگە بولسۇن . ياچىۋەكنىڭ پۇتلىرىدەك قولى بىرنېمە بولۇپ كەتسە مەندىن كۆرۈپ يۈرمىسۇن ، ئۇنى مەن ئەمەس ، بەلكى ئۇ مېنى تالىلىۋالدى ، — دېدى . بۇ گەپ بىلەن مەيداندا كۈلكە ياڭرىدى .

سالاۋاتنىڭ ئاچچىقى كېلىپ ، غەزەپتىن تىترەپ كەتتى . شۇ ئەسنادا ئۇنى مەيدانغا ئەكىرگەن يىگىت سۆزلەپ قالدى :

— ئىگىسىنى ئىزدەپ قاپسەنغۇ غازى ئاكا ، ئۆزۈڭگە بەك تەمەننا قويۇپ كەتمە . قارىسام بويۇڭغا ئىشىنىپ كەتكەندەك قىلىسەن . ساڭا دېسەم بوي دېگەن تۆگىدىمۇ بار . كونىلار «ئەقىل ياشتا ئەمەس ، باشتا» دەپ بىكار ئېيتمىغان . جۇرئىتىڭ بولسا قېنى قول قايرىشنى باشلاۋەر . ئىگىسى مانا مەن ، — دېدى . بۇ سۆز سالاۋاتقا بەك ياقتى . قول قايرىش مۇسابىقىسى باشلاندى . كىچىك سالاۋات ئۆپكىدەك قىزىرىپ كۆچىدى . ئەتراپنى مەدەت بېرىپ : «غەيرەت قىل ، سالاۋات ، غەيرەت قىل !» دېگەن چۇقان ـ سۈرەن بىر ئالدى . سالاۋاتنىڭ چېكىسىدىن مونچاق ـ

مونچاق تەر تامچىلىرى پەيدا بولدى .
دەسلەپتە غازى ئاكىنىڭ قولى كۆچلۈك كەلدى . سالاۋاتنىڭ كىچىككىنە مۇشتۇملىرى يەرگە تېگىپ قالاي دېگەندە ، ئۇنىڭ ئامبۇردەك مەھكەم يۇمۇلغان مۇشتۇمى بىردىنلا بوشاپ تىترەپ كەتتى . پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن سالاۋات بىرلا كۆچەپ ئېيىقنىڭ قولىغا ئوخشاش يوغان قولنى بېسىۋالدى . بۇنىڭ بىلەن ئەتراپتا قىيقاس - سۈرەن كۆتۈرۈلدى .
— بۇ ھېساب ئەمەس ، — دېدى غازى ئاكا ئوڭايسىزلانغان ھالدا ، — قولۇمنىڭ ئاربلاپ - ئاربلاپ جانسىزلىنىدىغانلىقىنى ھەممىڭلار بىلىسىلەر ، بايام شۇنداق بولۇپ قالدى . قېنى كېلە شاكىچىك ، باشتىن بىر كېلەيلى .
كىمدۇر بىرى سالاۋاتنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا ئاتتى . غازى ئاكىنىڭ ئاۋازىنى ۋاراڭ - چۇرۇڭ بېسىپ كەتتى . سالاۋات شۇ كۈنى ھاياجان ئىچىدە ئۆزىنى كۆكتە پەرۋاز قىلىۋاتقاندەك ، كۆچ - قۇۋۋەتكە تولۇپ كەتكەنت ئادەمگە ئايلىنىۋاتقاندەك سەزدى . شۇ چاغدا ئۇ بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئالدىنئالا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئويۇن ئىكەنلىكىنى بىلگىنىدە قانداق قىلار بولغىيدى ؟ ئۇلار ئۇنىڭ دادىسىغا خۇشامەت قىلىش بەدىلىگە ئۇنىڭ سەمىمىيلىكىنى قۇربان قىلىشىۋاتاتتى . تېرىسىگە پاتماي قالغان سالاۋات توساتتىن سىنىپىدىكى ئەۋزەلنى كۆرۈپ قالدى . ئەۋزەل بىر دېھقاننىڭ بالىسى بولۇشىغا قارىماي ئۇنى پەقەت كۆزگە ئىلمايتتى . بۈگۈنكىدەك مۇشۇنداق سورۇندا ئۇنىڭ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇرۇشنى كۆڭلىگە پۈككەن سالاۋات ئۇنىڭ ئالدىنى توستى .
— كېلە ئوغۇل بالا بولساڭ قول قايرىشىمىز ؟
— مېنىڭ ۋاقتىم يوق .
ئەۋزەلنىڭ كۆزىدىن بىر خىل مەسخىرە چىقىپ تۇراتتى . سالاۋاتنىڭ «غۇزۇزىدە» ئاچچىقى كەلدى ، كۆزىگە قان تولۇپ ، گۆرەن تومۇرلىرى كۆپۈپ كەتتى .
— سېنىمۇ ئوغۇل بالا دېگىلى بولامدۇ ؟ توخۇ يۈرەك ! ئەگەر

مېنىڭ بىلەن ئېلىشقۇڭ بولمىسا كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا مېنى ئاكا دە .

ئەۋزەل گويا يەۋېتىدىغاندەك ئەلپاز بىلەن سالاۋاتقا بىرپەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن چاپىنىنى يەشتى .

— ئوغۇل بالا بولساڭ چاپىنىڭنى يەش ، چېلىشىمىز . كىمنىڭ كىمنى ئاكا دەيدىغىنىنى هازىرلار كۆرىمىز .

سالاۋات تېخىرقاپ قالدى . ئۇ مۇنداق بولۇشىنى پەقەتلا ئويلاپ باقمىغانىدى . چېلىشىشتا مەكتەپ بويىچە داڭقى بار ئەۋزەل ئۇنى يامان يەردىن تۇتۇۋالدى . سالاۋاتقا ئەمدى چېكىنگۈدەك ئازراقمۇ يول قالمىغانىدى . ئىرادىگە خىلاپ چېلىشىش باشلاندى . سالاۋاتنى ئىككى ئايلاندۇرغان ئەۋزەل ئۇنى كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇردى . شۇنداق قىلىپ ئەۋزەل ئۇنىڭ دادىسىنىڭ يۈز - خاتىرىنى قىلمىغان تۇنجى ئادەم بولۇپ قالدى .

سالاۋات يىقىلغان ئورنىدا مىدىر - سىدىر قىلماي ياتاتتى . كــــم كېلىپ يۆلىسە ۋاي - ۋايلاپ جاهاننى بېشىغا كىيەتتى . ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولغان ئەۋزەلنىڭ ئاپىسى بالىسىنىڭ كاچىتىغا نەچچىنى سىلىۋەتتى . ئاشۇ ئايالنىڭ ئۆزىنىڭ بېشىدا ياش تۆكۈپ ئەپۇ سورىغىنى هازىرمۇ ئۇنىڭ ئېسىدە تۇرۇپتۇ . ئۇنتۇلماس كۈنلەر ، ئۇنتۇلماس ئىشلار هامان يۈرەكنى رەهىمسىزلەرچە غاجايتتى . هەسرەتكە تولغان پۇشايمان سىم قامچىدەك ئۇنى ساۋايتتى . ئۇنىڭ مەيدىسىدىن خەپرۇك ئارىلاش خىرىلداش ئاڭلىنىپ تۇراتتى . ئاغرىق ئازابىدىن يۈزىنى مونچاق - مونچاق تەر باسقان بولۇپ ، دەرمانسىزلانغان قولىنى تەستە كۆتۈرۈپ ، ئالقىنى بىلەن پېشانىسىدىكى تەرنى سۈرتتى . ئۇ ئازراق مىدىرلىۋىدى ، مەيدىسىدىن خىرىلداق ئاۋاز يەنە چىقتى . ئىششىپ كەتكەن قاپاقلىرى ساقال باسقان چىرايىنى تېخىمۇ خۇنۇكلەشتۈرۈپ ، باشقىلا بىر نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى . پەقەت ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن بىر جۈپ كۆزىلا يەنە شۇ بۇرۇنقىدەك يېنىپ تۇراتتى . سالاۋات ئۆمىلەپ دېگۈدەك بېرىپ ، ئۆچكۈرنىڭ

بۇلۇڭىغا يوشۇرۇپ قويغان بىر پارچە ماي بىلەن يېرىم ناننى ئالدى . ئەڭ ئىغىر كۈنلەردە ئىشلىتىش ئۈچۈن ئېلىپ قويغان نان بىلەن ماينىڭ ئىشلىنىدىغان ، ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىدىغان ۋاقتى كەلگەنىدى . ئاچلىق تەرىپىدىن دەپنە قىلىنغان تاقەت ئۈنى قورقۇنچلۇق ئويقانغا ئايلاندۇرۇپ قويغاچقا ، ماي بىلەن نان كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە غايىب بولدى . قورساق ھەرھالدا تويدى . بىراق ، پۇت - قولىنىڭ تىترىشى بېسىلمىدى . ئۇ گاھىدا قىزىسا ، گاھىدا مۇزلايتتى . كېزىك ئارىلاش تەگكەن زۇكام ئۇنى بىئارام قىلىپ قىينايتتى . نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا مانا مۇشۇنداق ئاغرىغاچقا كۆڭلىگە يەتمىگەن ئىشلار يەتتى . دورا ئىچىپ ، ئوكۇل سالدۇرۇپمۇ ياخشى بولالمىغان سالاۋات ئانىسىنىڭ قاينىتىپ بەرگەن دورىلىق چۆپ سۈيىنى ئىچىپ ياخشى بولۇپ كەتكەنىدى .

پۈتۈن غەيرىتىنى يىغقان سالاۋات شۇلارنى ئويلاپ ئورنىدىن تۇردى . ئىككى ياقىقا سەنتۈرۈلگىنىچە ئۆڭكۈردىن چىقتى . كۆزلىرىنى مۇشۇككە ئوخشاش بىر نۇقتىغا تىكىپ ، ئېھتىياتچانلىق بىلەن قەدەم بېسىپ ، ھەربىر چاتقال ، ھەربىر گىياھنى بىرمۇبىر كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزەتتى . ئانىسى قاينىتىپ بېرىدىغان ئاشۇ دورىلىق چۆپ بىلەن ئۇچرىغانلىكى چۆپلەرنى سېلىشتۇرۇپ ، ئۇنىڭ ئاشۇ دورىلىق چۆپ ئىكەنلىكىگە ئىشەنچ قىلالمىغاندىن كېيىن ، قەدىمىنى يۆتكەپ باشقا ياققا يۈرۈپ كېتەتتى . ئەينى چاغدا ئۆزى ئاددىي چاغلىغان ، تازا دىققەت قىلىپ كەتمىگەن ئاشۇ دورىلىق چۆپنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئويلاپ ئىچ - ئىچىدىن ئۆزىگە ئۆچلۈكى كېلەتتى . ھەربىر تۈپ گىياھ ئۈستىگە ئېڭىشكەندە ئانىسىنى سېغىنىپ ، ئۇنىڭ باغرىغا يۆلەنگۈسى ، ئېغىناپ ئەركىلىگۈسى كېلەتتى . بىراق ، بۇ بىر خىيال ، ئەمەلگە ئاشمايدىغان خام خىيال…

ئۇ بىردىنلا ئولتۇرۇپ قالدى . كۆرۈۋاتقان كۈنلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ، تولغىنىپ كەتتى . ئۇ بۇنداق تۇرمۇش كەچۈرۈشتىن زېرىكتى . ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىكى تەقدىرى ئۈستىدە

داۋاملىق پىكىر يۈرگۈزۈشكە كۆڭلى بارمايتتى. پەقەت پۈتۈن بەدىنىنىڭ بوشىشىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلاتتى. پۇت ـ قولى، ئىككى مۈرىسى، ئىچكى ئەزالىرى، ھەتتا گاراڭلىق ئىچىدە ئاران ئىشلەۋاتقان مېڭىسىمۇ ئۆزىنىڭ ئەمەستەك قىلاتتى. ئۇ ئەمدى ناھايىتى يىراقتا قالغان قايناق تۇرمۇشىنى سېغىنىشنى ئاستا ـ ئاستا ئۇنتۇدى. تەقدىرنىڭ شەپقەتسىز جازالىرىغىمۇ كۆنۈپ قالدى. بۇ خۇددى دۇمبالاۋەرسە تاياق ئۆتمەس بولۇپ قالغانغا ئوخشاش بىر ئىش ئىدى. يۈرىكىدە نەچچە ۋاقىتتىن بېرى يۇلقۇنۇۋاتقان تۇيغۇمۇ سۇسلىشىپ، ھەممە نەرسە بىردىنلا تىنچىپ قالغاندەك ھالەتكە كەلدى. ئۇنىڭ ئەمدىكى غېمى قانداق قىلىپ بىر كۈنلۈك تۇرمۇشنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈشتە قالدى. شۇنداق بولغاچقا ئۇنىڭ ئىختىيارىدىكى بوش ۋاقىت كۆپىيىپ، ۋۇجۇدىنى غەمكىنلىك باستى. ئۇنىڭ كۆڭلىگە پۈككەن ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنىڭ ھەممىسى قەھرىتان قىشتا قاتقان شاۋقۇنلۇق دەريا سۈيىگە ئوخشاپ قالغان بولغاچقا، كۆزىگە بارلىق نەرسە بۇرۇنقىدەك سۆيۈملۈك، بۇرۇنقىدەك لەززەتلىك كۆرۈنۈشتىن قالدى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ نەزىرىدىكى بارلىق نەرسە ئۆڭمەكتە، خۇنۇكلەشمەكتە، غۇۋالاشماقتا ئىدى.

سالاۋات بۇ يەردە قانچىلىك ئولتۇرغانلىقىنى بىلمەيتتى. قىزىتمىسى سەل ـ پەل بېسىلغان بولسىمۇ، پۈتۈن ئەزايى يەنىلا سىرقىراپ ئاغرىۋاتاتتى. ئۇ ئىزدىگەن دورىمۇ تېپىلمىدى. مۇشۇ ھالەتتە ئۆڭكۈرگە قايتسا، ئورنىدىن قايتا تۇرالىشى ناتايىن. شۇڭا، غەيرەت قىلىپ داۋاملىق ئالغا مېڭىشى، مەھەللىگە، ئۆيىگە قايتىشى كېرەك.

ئۇ ئورنىدىن تۇردى. مەست ئادەمدەك دەلدەڭلەپ بېرىپ توختاپ قالدى. يەر ـ زېمىن چۆرگىلەۋاتاتتى. ھەممە نەرسە ئىككى كۆرۈنۈپ، بېشى قېيىۋاتاتتى. شۇنداقتىمۇ لېۋىنى چىشلەپ قەدەمنى يۆتكىدى. ئۇ كېتىۋېتىپ نېمىشقىدۇر ئاسىيە دېگەن ئايالنى ئويلاپ قالدى. بۇ سىرلىق تېپىشماق بەلكىم ئۆمۈر بويى

يېشىلمەس . بەلكىم ئۆزى بىلەن ئۇ دۇنياغا بىللە ئېلىپ كېتەر . چۈنكى ، بۇ ئىشلارنى بىردىنبىر سىردىشى بولغان ئانىغا ھەرگىز ئېيتىشقا بولماس . شۇ ئايالنىڭ شاراپىتىدىن ئۇ مۇشۇ كۈنلەرگە ئۇلاشتى . ئادەم دېگەن شۇنداق نەرسە ، بەزىدە ھەتتا ئۆزىنىمۇ چۈشىنىشكە ئامالسىز قالىدۇ . ئىشلار ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ، ھاماقەتلەرچە پۇشايمان قىلىدۇ ، ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆرتىنىپ ، ئۆز ـ ئۆزىدىن نەپرەتلىنىدۇ...

سالاۋاتنىڭ خىيالىدىن ئاشۇ ئايالنىڭ ئويچان كۆزلىرى خېلى ۋاقىتقىچە كەتمەي ، ئۇنىڭغا بولغان ھېسداشلىقى كۈچىيىپ كەتتى . دەممۇدەم كۆز ئالدىدا پەيدا بولغان دادىسى بىلەن ئاپىسىنىڭ چىرايى ئارىسىدا قېلىپ قاتتىق ئازاب چەكتى . ھەممىلا نەرسە ئۇنى بوزەك قىلىۋاتقاندەك ، ھومىيىۋاتقاندەك ، مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى .

سالاۋات تېپىلىپ بىرىپ ئولتۇرۇپ قالدى . يولنىڭ بەزى يەرلىرى پاتقاق بولغاچقا ، يول يۈرۈش قىيىنغا توختاۋاتاتتى . ئۇ بىر پەس دېمىنى ئېلىش مەقسىتىدە كۆزىنى يۇمدى . قۇياشنىڭ باش ئەتىيازدىكى كۈچلۈك تەپتى ئۇنىڭ دۈمبىسىگە خۇشىيىقىپ كەتتى ، بۇنىڭ بىلەن ئۇ مۈگدەشكە باشلىدى . ئاچلىقنى ، ھارغىنلىقنى ئۇنتۇلدۇرىدىغان شېرىن ئۇيقۇ ئۇنى ئاستا ـ ئاستا ئەللەيلىمەكتە ئىدى .

سالاۋات بىراۋنىڭ ئىسقىرتقان ئاۋازىدىن ئۇنىدەرەپ كۆزلىرىنى تەستە ئېچىپ ئەتراپقا قارىدى . ئېدىرلىق بۈرۈنقىدەكلا سوزۇلۇپ ياتاتتى . ئۇ پۈتۈن زېھنىنى يىغىپ تۆت ئەتراپقا قارىغان بولسىمۇ ، بىراۋنىڭ قارىسىنى كۆرەلمىدى . «تۇيغۇم بولسا كېرەك» دەپ ئويلىغان سالاۋات ئەمدىلا كۆزىنى يۇمۇشىغا بايامقى ئىسقىرتقان ئاۋاز يەنە ئاڭلاندى . ئۇمۇ بىر چاغلاردا تامنىڭ كەينىگە ، چىغنىڭ كەينىگە مۆكۈۋېلىپ ، دوستلىرىنى ئەنە شۇنداق ئالدايتتى . ئۇ كۆزىنى ئېچىش بىلەن كۆزىگە شۇ چاغدىكى دوستلىرى ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى .

ئـــســقـــرتقان ئاۋاز يەنە ئاڭلاندى . كۈننىڭ تەپتى بىلەن جـانلانغان بوز تورغاي ھاۋادا لەيلەپ ، خۇددى ئادەمگە ئوخشاش ئـــســقــرتىۋاتاتتى . سالاۋات ھەممىنى ئۇنتۇپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى . ئۇ گەرچە يېزىدا چوڭ بولغان بولسىمۇ ، تورغاينىڭ خۇددى ئادەمگە ئوخشاش ئىسقىرتالايدىغانلىقىنى ئاڭلاپ باقمىغانىدى . مانا بۈگۈن ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ ، ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىدى . ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان بۇ ماھارەت تۇخۇمچىلىك چوڭلۇقتىكى ئـاشـۇ جانىۋار تەرىپىدىن ئورۇندىلىۋاتاتتى . سالاۋاتنىڭ ئېسىگە بىردىنلا مۇنداق بىر ھېكمەتلىك سۆز كېلىپ قالدى .

كۆرگىنىڭدىن كۆپتۇر كۆرمىگىنىڭ ،
كۆرمىگەننى كۆرسەن ئۆلمىگىنىڭ .

راست ، ئۇ كۆرمىگەننى كۆرۈپ ، ئاڭلىمىغاننى ئاڭلاۋاتاتتى . سـالاۋات ئـەنە شۇنداق خىياللار بىلەن بېشىدا كۆيۈۋاتقان ئوتنى بىردەم بولسىمۇ ئۇنتۇپ قالدى . تورغاي ئىسقىرتىۋاتاتتى . سالاۋات يـېـشـىـلـىـپ كەتتى . تورغاينىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن ئۇيقۇسى ئېچىلىپ ، كۆڭلىمۇ بىرئاز كۆتۈرۈلۈپ قالدى . ئۇ ئىككى قولى بىلەن يەرنى تىرەپ «يا مەدەت» دېگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ ، ئاستا قەدەم تاشلاپ يۈرۈپ كەتتى . ئۇنىڭ پۈتۈن تۇرقى ھاراقنى ئۆلگۈچە ئىچىپ غەرق مەست بولغان ئادەمگە ئوخشاپ قالغانىدى . خۇدىنى بىر بىلىپ ، بىر بىلمەي سەنتۈرۈلگەن چاغدا ئوق تەگكەن قۇشقاچقا ئوخشاش پۇلاڭلاپ كېتەتتى ـ دە ، ئېسىنى دەرھال يىغىپ ، بىرپەس دېمىنى ئېلىۋالاتتى .
سالاۋات بېشىنى كۆتۈردى . ئانچە يىراق بولمىغان يەردە بىر تۇپ قېرى سۆگەت قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى . نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇ بـۇلاقـقـا يېـقىنلىشىپ قالغانىدى . ئۇ ئېڭىشىپ مۇزدەك بۇلاق سۈيىدىن قانغۇچە ئىچتى . ئاندىن ياندىكى تاش ئۇستىگە ئولتۇرۇپ چـوڭـقـۇر نـەپەس ئالدى . يول تېخى ئۇزۇن ئىدى . بۈگۈن ئۇ

نىمشقىدۇر «ماڭىدۇ ـ ماڭىدۇ ، قىردىن ئاشالمايدۇ» دېگەندەك ماڭغان يولى ئاۋۇمايۋاتقانىدى . سالاۋاتنىڭ بىردىنلا ئىككى قولى كۆيۈشۈپ ، بەدىنى قىزىشقا باشلىدى . بۇ ئۆزگىرىشتىن چۆچۈگەن سالاۋات نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالدى . پۈتۈن زېھنىنى يىغقاندىن كېيىن بەدىنىنى ، ئىككى پۇتىنى ئۇۋۇلاپ ، سوغۇق سۇ بىلەن بوينىنى ، مەيدىسىنى ، دۈمبىسىنى يۇدى . ئاندىن قەدىمىنى مەھەللە تەرەپكە يۆتكىدى . باش باھارنىڭ ئىللىق ھاۋاسىغا چۆمگەن زېمىندىن ئادەمنى روھلاندۇرىدىغان بىر خىل ھىد كېلىپ تۇراتتى . قۇياش قىزدۇرۇپ تۇرغاچقا ھەممە نەرسە جانلىنىۋاتقاندەك بىلىنەتتى . دەم ـ دەم ئۇچۇپ ، دەم ـ دەم چۈشۈپ تۇرغان تورغايلارنىڭ چۇرۇلداشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى .

ئىلى يولى ئەگرى ـ توقاي ، ئەگرى ـ توقاي ،
توقايلىقتا سايرايدۇ بىر جۈپ تورغاي .
سايراپ ـ سايراپ ئۇ نېمىلەرنى دەيدىغاندۇ ؟
ياكى مېنى ئۆلسۇن دەمدىغاندۇ .

ئىلى يولى ئەگرى ـ توقاي ، ئەگرى ـ توقاي ،
توقايلىقتا سايرايدۇ بىر جۈپ تورغاي .
مەن يىراقتىن كېلىۋاتسام ، كېلىۋاتسام ،
زوق ـ شوق بىلەن سايرايدۇ ئاشۇ تورغاي .

تورغايلار ئۇنىڭغا ئاشۇ ناخشىنى ئەسلەتتى . نۇرغۇن قايناق ھايات كارتىنىلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان بۇ ناخشا ئۇنىڭ پىغانلىرىنى تېخىمۇ ئۆرلىتىۋەتتى . كۆزىدىن ئىختىيارسىز تاراملاپ ئاققان ياش قۇياش نۇرىدا پارقىراپ كەتتى . خەلق ئارىسىدا ئادەمنى ھاياجانغا سالىدىغان نۇرغۇن ناخشىلار بولسىمۇ ، بۇ ناخشا ئۇنىڭغا بۆلەكچىلا تەسىر قىلدى . بەلكىم ناخشىدا دېيىلگەندەك تورغايلار ئۇنى ئۆلسۇن دەۋاتقانمىدۇ ؟...

سالاۋات توختاپ قالدى . ئانچە يىراق بولمىغان يەردىكى تاش ئۈستىدە بىر ئادەم ئولتۇراتتى . ئۇنىڭ موكچەيگەن تۇرقىدىن بىر خىل ھەسرەت ـ نادامەت تۆكۈلۈپ تۇراتتى . سالاۋات ھەيران قالدى . ئېچىنىش تۇيغۇسى بىلەن قاراپ «بۇ كىمدۇ ؟» دېگەنلەرنى ئويلىدى . ئۇنىڭ تۇرقى ئالدىغا يېرىم ئېگىلىپ ، غاڭزىسىنى شوراۋاتقان ئادەمنىڭ تۇرقىغا ئوخشايتتى . ئۇ قىمىرلىمىدى ، بېشىنى كۆتۈرۈپ سالاۋاتقا قاراپمۇ قويمىدى .

دېلىغۇللۇقتا تېڭىرقاپ قالغان سالاۋات ئەندىشىلىرىنى قايرىپ قويۇپ ، ناتونۇش ئادەمگە قاراپ قەدەم تاشلىدى . ئۇنىڭ تەقدىرى قىل ئۈستىدە تۇراتتى . شۇنداقتىمۇ ئۇ قەدىمىنى توختاتمىدى . ئۇنىڭ ھازىر باشقا ئىشلارنى ئويلىغۇدەك ماجالى قالمىغانىدى .

ئۇ سالام بەرمەكچى بولغان «ئادەم» توساتتىنلا بىر بۆركۈتكە ئايلىنىپ ئۇچۇپ كەتتى . سالاۋات ھاڭ ـ تاڭ قىلىپ ئىچىدە كۆك تامان ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈلۈپ كېتىۋاتقان بۆركۈتكە قاراپ قالدى . ھەممە نەرسە ئۇنىڭدىن بەزگەندەك قىلاتتى . نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئادەمدىن قېچىپ يۈردى ، مانا ئەمدى ئالدىغا كېلىۋىدى ، بۆركۈتكە ئايلىنىپ ئۇچۇپ كەتتى .

قۇياش تاغنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ ، جاھاننى قاراڭغۇلۇق باسماقتا ئىدى . قۇياش نۇرىنىڭ ئاستا ـ ئاستا غايىب بولۇشىغا ئەگىشىپ ، ئۇنىڭدىكى جۈرئەت بىلەن ئىشەنچمۇ بارغانسېرى سۇسلىشىۋاتاتتى . قاراڭغۇلۇق ئۇنىڭ قەلبىگە بۆسۈپ كىرىپ ۋەھىمە ، چىداپ بولماس ئازاب ـ ئوقۇبەت پەيدا قىلدى . ئۇ ئۆزىنى بىلىپ ـ بىلمەي رېئاللىققا باش ئەگدى . ماغدۇرىدىن كېتىپ پۈكلىنىپ قالدى . يۈرىكى لازا قۇيغاندەك ئېچىشىپ ئاغرىپ كەتكەچكە ئىڭراپ كەتتى . ئۇ ئۆزىنى ئاستا ـ ئاستا كاردىن چىقىرىپ ئۆلۈمگە مەھكۇم بولغان ئەڭ قەدىرسىز ئادەمدەك ھېس قىلىشقا باشلىدى . ئۇنىڭ بىر چاغلاردىكى غەيرىتى ، غۇرۇرى ، ھېچ نەرسىگە باش ئەگمەيدىغان جاسارىتى ئاللىقاچان غايىب بولغانىدى .

كەنت تەرەپتىن كالىلارنىڭ مۆرەشلىرى ، ئىتلارنىڭ

قاۋاشلىرى ئاڭلاندى . ھەممە ياق جىمجىتلىققا چۆكتى . قەيەردىندۇر بىر يەردە بىرىنىڭ يۈرەكنى ئەزگۈدەك مۇڭلۇق ناخشىسى ئاڭلاندى . كېچىنىڭ جىمجىت ھاۋاسىدا دولقۇنلىنىپ كېلىۋاتقان بۇ ناخشا ئادەمنىڭ ھەسرىتىنى قوزغاپ، ئۇنتۇلغان ئۇزاق ئۆتمۈش خاتىرىلىرىنى ۋاراقلاۋاتقاندەك قىلاتتى . سالاۋات ئۆمرىدە مۇنداق ئۆزگىچە ئاۋازنى ئاڭلاپ باقمىغانلىقىنى ھېس قىلدى . ئۇنىڭ مۇزلاپ ھېچ نەرسىنى سەزمەس بولۇپ قالغان يۈرىكى ناخشا بىلەن تەڭ قىرغاققا چىقىپ قالغان بېلىققا ئوخشاش پىلتىڭلاشقا باشلىدى . ناخشا داۋام قىلىۋاتاتتى . غايىبتىن كەلگەن بىر كۈچ ئۇنى لەيلىتىپ، ساما تامان ئېلىپ چىقىپ كەتتى، سالاۋات ئېسىنى يوقاتتى .

## 28

ئانىنىڭ كۆڭلى نېمە ئۈچۈندۇر پەرىشان ئىدى . ھېلى تۇتقان نەرسىسىنى ھېلى ئۇنتۇپ، ھويلىنىڭ ئىچىدە پىرقىراپ يۈرەتتى . كوچا تەرەپتىن بىرمۇنچە ئاياللارنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى . ئانا بىرئاز ئەجەبلەنگەن بولسىمۇ، بۇنى تېزلا ئۇنتۇپ ئېغىل تەرەپكە ماڭدى . شۇ ئارىدا دەرۋازا ئېچىلىپ تۆت ئايال كىرىپ كەلدى . ئانا ھەيرانلىق ئىچىدە ئۇلار بىلەن سالاملاشتى .

— ئاڭلىساق ساقسىز بولۇپ قاپسىز ، ۋاقتىدا كىرەلمەي سەت بولدى ، — دېدى ئېگىز بويلۇق ئايشەم خېجىل بولغان ھالدا . ئانا قولىنى ئالدىغا تارتىۋالغان پەرتۇققا سۈرتتى .

— قېنى ئۆيگە كىرىڭلار ، بىكار ئاۋارە بوپسىلەر . بىر كۈن قىزىتمام ئۆرلەپ ، پۇت - قولۇمدا جان يوق يۈردۈم . ھازىر ياخشى بولۇپ قالدىم ، دوختۇر سوغۇق ئۆتكەن دەيدۇ ، — ئانا سۆزلىگەچ مېھمانلارنى ئۆيگە باشلىدى . كىرگەنلەرنىڭ ھەممىسى مەھەللىدىكى ئاياللار بولۇپ ، ئادەتتە ئۇلار ياخشى ئۆتۈشەتتى . ئانا نەچچە كۈنىنىڭ ئالدىدا ئاغرىپ قالدى ، مەھەللىدىكى ئاڭلىغانلىكى كىشىلەر ئۇنى

يوقلاپ كىردى .
ئانا ئۆزىنى يوقلاپ كىرگەن ئاياللار بىلەن چايغا ئولتۇرغان بولسىمۇ گېلىدىن ھېچ نەرسە ئۆتمىدى . مېھمانلار پاراڭ بىلەن بولۇپ كەتكەچكە ئۆي ئىگىسىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئۆزگىرىشكە دىققەت قىلىپ كەتمىدى . ئانا ئۇلارغا پات ـ پات يەر تېگىدىن قاراپ قوياتتى . ئۇنىڭ چىرايىدىكى جىددىيلىك بارغانسېرى گەۋدىلىنىشكە باشلىدى . كۆڭلى جايىدا بولمىغاچقا ئاياللارنىڭ قىلىشىۋاتقان سۆزلىرى قۇلىقىغا خۇشياقمىدى .
— توي ئوينايمىز دەپ بىرمۇنچە يېڭىلىقلاردىن قۇرۇق قالغان ئوخشايمىز ، ھېلىقى ياۋايى ئادەم توغرىسىدىكى گەپنى سىلەرمۇ ئاڭلىغانسىلەر ھەرقاچان . ئۇ قانداق گەپ زادى ؟ — دېدى ئايشەم گەپنىڭ تېمىسىنى يۆتكەپ .
— شۇنداق ، تاغدا راستتىنلا ياۋايى ئادەم بار ئىكەن . ئۇنى تۇرمىدىن قاچقان بىر جىنايەتچى مۇشۇ يېقىن ئەتراپتا ئۇچرىتىپتۇ . ئۇنىڭ كەسپى بۇلاڭچىلىق بولغاچقا ، ئالدىغا تۇنجى بولۇپ يولۇققان ئادەمنى بۇلاش توغرىسىدا قەسەم ئىچىپتىكەن ، — دېدى ئايشەمنىڭ گېپىنى تەستىقلاپ ھەممىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرىدىغان يوغان يۈزلۈك زۆھرە ئالدىدىكى چاينى ئوتلىغاچ .
— ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ ؟ ئادەمنىڭ تاقىتىنى تاق قىلماي سۆزلىسەڭچۇ ، خېنىم ؟ — دېدى زۆھرەنىڭ ئاغزىغا كىرىپ كەتكۈدەك بولۇپ ئۇنىڭ گېپىنى تىڭشاۋاتقان جەملە ئۇنىڭ بىقىنىنى نوقۇغان ھالدا .
— تەلىيىگە تاغدا بىر هاراقكەش يولۇقۇپتۇ ، بۇلاڭچى ئۇنىڭ يانچۇقىدىكى بىر بوتۇلكا هاراقنى بۇلاپ راسا ئىچىپتۇ . ئاسمانغا چىقىپ ئەرشنى ، يەرگە كىرىپ كەشنى كۆرگۈدەك ھالغا كەلگەندە ، يەنە بىر ئادەمگە يولۇقۇپتۇ ، ئەمدى تەلىيىم كەلدى دەپ ئويلىغان چېغى ، ئايلىنىپ كەينىگە ئۆتۈپ «قىمىرلىما ، جېنىڭنىڭ بارىدا يېنىڭدىكى نەرسىلەرنى تاشلا ، ياۋاش بول . ئەزمەڭنى ئەزمەي تېز بول» ۋارقىراپتۇ .

ھېلىقى ئادەم قولىنى كۆتۈرۈپ، كەينىگە شۇنداق بۇرۇلغانىكەن، بولاقچىنىڭ ئاغزى يۇرىكىگە تىقىلىپ، جىنى چىقىپ كەتكىلى ئاز قاپتۇ. ئۇنىڭ كۆرگىنى يۈز - كۆزىنى يۇڭ باسقان ياۋايى ئادەم ئىكەن، ئۇ ئالدى - كەينىگە قارىماي بەدەر قېچىپتۇ. قورقىنىدىن بىرنەچچە كۈن تاغۇتاشقا مۆكۈنۈپ يۈرۈپ يۈرىكى ئورنىغا چۈشكەندە كېلىپ مەلۇم قىپتۇ. بىچارە بەك قورقۇپ كەتكەن چېغى، بالامنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە ساقچىخانىغا كەلگەندە غال - غال تىترەپ تۇرارمىش.

پاتەمخان بىر چەتتە تۇرۇپ ئۇلارنىڭ قىلىشقان سۆزلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلىدى. ئۇ يۇرىكىدە بولغان ئۆزگىرىشتىن ئۆزىمۇ ھەيران قالدى. تېخى يېقىنىراقتىلا ئازابتىن ئۆرتەنگەن يۇرىكى مانا ئەمدى تىمتاس بولۇپ قالدى. ئازراقمۇ بىئارامىلىق ھېس قىلمىدى. ئۇنىڭ تاشتەك قېتىپ قالغان ۋۇجۇدىدا ئازابمۇ - نەپرەتمۇ يوق ئىدى.

ئاياللارنىڭ كېيىنكى سۆزلىرى ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى. تاغدا ياۋايى ئادەم پەيدا بوپتۇ. دېمەك، سالاۋات ھايات دېگەن گەپ. ئۇ مۇشۇنچىۋالا چوڭ خەۋەرنى قانداقسىگە ئاڭلىماي قالدىكىنە؟ ھەممە گەپ بوۋىيدا. ئۇ بولارنى ئۇنىڭدىن يوشۇرغان گەپ. ئەتراپنى قامال قىلىپ، بۇ خەۋەرنىڭ ئۆيگە كىرىشىنى توسۇپتۇ. ئەگەر ئاياللار كىرمىگەن بولسا، ئۇ بىخەۋەر يۇرىۋېرەتتىكەن. ئەسلىدە يۇرىكى بىكارغا سىقىلماپتىكەن. بىچارە بالا نەلەردە سەرسان بولۇپ يۈرىدىغاندۇ؟ ياۋايى بولۇپ كەتكۈدەك بولغان بولسا، كۆرمىگىنى قالماپتۇ. بەلكىم ئۇنچىۋالا ئەمەستۇ. باشقىلارنىڭ تونۇۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئەتەي شۇنداق بولۇۋالغاندۇ...

ئاياللار كەتتى. ئانىنىڭ كۆڭلىدىكى پەرىشانلىق ئورنىنى مانا ئەمدى توسۇۋالغىلى بولمايدىغان تەقەززالىق ئىگىلىدى. ئېرىنىڭ شۇنچىۋالا چوڭ ئىشنى ئۆزىدىن مەخپىي تۇتقانلىقىغا ئاچچىقى كېلىپ، ئۆتى يېرىلغۇدەك بولدى. ئۇ زادى نېمىلەرنى ئويلاپ

يۇرىدىغاندۇ ؟...

پاتەمخان تاماق ۋاقتىدىمۇ ، ئورۇنغا كىرىپ ياتقاندىمۇ ئېرىگە ئوچۇق چىراي ئاچمىدى . ئارىلاپ ـ ئارىلاپ سورىغان سوئاللارغىمۇ تـۇزۇكـرەك جاۋاب بەرمىدى . ئۇنىڭ كاللىسىدا ئەگىپ يۈرگەن خـىـيـالـلارنـى بـىر ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيتتى . ئايالنار يەتكۈزگەن ئۇچۇر كېچىكىپ كەلگەن بولسىمۇ ، ئۇنىڭ قەلبىنى بېسىپ تۇرغان ئېغىر تاشنى يۆتكەپ ، كۆڭلىگە بىر خىل ئازادىلىك بـېـغـىـشلىدى . نەچچە كۈنلەردىن بېرى كۆرۈۋاتقان قاباھەتلىك چۈشـلـەرنـى ھـەيـدەپ ، نىمجان بولغان ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى يېڭىۋاشتىن ئۇرغۇتتى . خېلىدىن بېرى ئاغزىدىن چىقىرالمىغىنى بىلەن ئوغلىنىڭ بىرەر پالاكەتكە يولۇققانلىقىنى كۆڭلى سېزىپ يۈرەتتى . شۇنچە ئۇزۇندىن بېرى ئۇنىڭدىن خەۋەر بولمىدى . باش قاتۇرۇپ ئىزدىنىشتىنمۇ نەتىجە چىقمىدى . ئانىنىڭ ئويلىغانلىرى ، كۆڭلىگە پۈككەنلىرى شۇ پېتىچە قالدى . ۋاقىتنىڭ ئۇزىرىشى ، قەھرىتان قىشنىڭ سوغۇقى ئانىنىڭ ئىشەنچىنى يالماپ كەتتى . دەل شۇنداق پەيتتە ئامباردىن جۇۋا يوقالدى . ئانىنىڭ قاراڭغۇلاشقان قەلبىدە يېڭىۋاشتىن ئۈمىد پەيدا بولدى . سالاۋات چوقۇم كېلىدۇ ، دېگەن خىيال بىلەن نەچچە كۈنلەرنى دېرىزە تۈۋىدە ، ئىشىك ئالدىدا ئۆتكۈزدى . بىراق ، سالاۋات كەلمىدى . ئانا مۈڭلىنىپ قالدى . «ئـامباردىن جۇۋىنى ئوغرىلىغان سالاۋات بولسا كېرەك» دېگەن خىيالغا كېلىپ قاتتىق ئازاب چەكتى ، ھەتتا ئاغرىپ ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلىشقىمۇ تاس قالدى . دەل مۇشۇ چاغدا ئايالنار ئۇنىڭغا ئۇنىڭ كۆڭلىنى لال قىلىدىغان خەۋەرنى يەتكۈزدى .

بىر كېچە كىرىپك قاقماي چىققان ئانا تاڭ بەلگە بەرگۈچە ئـورنىدىن تۇردى . ئېغىلدىن ئاتنى ئاچىقىپ ، ئاخشام تەييارلاپ قويغان خۇرجۇننى ئارتىپ يولغا چىقتى .

پاتەمخان كېتىۋېتىپ نەگە بېرىش ، نېمە قىلىش توغرىسىدا ئويغا پاتتى . ئۇ گەرچە بۇ يەردىكى تاغ يوللىرىنىڭ ھەممىسىنى بىلسىمۇ ، تاغ بەك چوڭ بولغاچقا نىشان چوقۇم ئېنىق بولمىسا

بولمايتتى . ئۇنىڭ خىيالىغا بىردىنلا ئاق قېيىن جىلغىسى كېلىپ قالدى . ئاق قېيىن جىلغىسى دەريانىڭ ئۇ چېتىدە بولۇپ ، جىلغا ئىچى تار بولسىمۇ ، بوك - باراقسان ئاق قېيىن ئورمانلىرى بىلەن قاپلانغانىدى . قېيىن دەرىخىنىڭ زىچلىقىدىن جىلغىنىڭ ئىچى دائىم دېگۈدەك قاراڭغۇ تۇراتتى . سالغا كەنتىنىڭ ئادەملىرى داۋاملىق ئۇ يەرگە بېرىپ ئوۋ ئوۋلاشنى ياخشى كۆرەتتى . ئاق قېيىن جىلغىسىنىڭ ئىككى تەرىپى تىك قىيا بولغاچقا ، بۇ يەر ھەم تىك ، ھەم خەتەرلىك ، ھەم قورقۇنچلۇق ئورۇن ھېسابلىناتتى . بەزى ئۇستىلار ئۇ يەرگە بېرىپ بىرنەچچە كۈن يېتىپ ئېگەر ، تەڭنە ، كۇرەك دېگەندەك ئائىلىگە كېرەكلىك نەرسىلەرنى ياساپ كېلەتتى . يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ جىلغا قاقاسلىقىقا ئايلاندى . ئاندا - ساندا قېلىپ قالغان قېيىنلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا كىشىلەر قېيىنلارنى كېسىپ تۈگەتتى . ياۋايى ھايۋانلارنىمۇ رەھىمسىزلەرچە ئوۋلىغاچقا نۇرغۇن ھايۋانلارنىڭ نەسلى قۇرۇپ كەتتى . پۈتۈن جىلغا مانا ئەمدى سۇرلۇك قىياپەتتە سوزۇلۇپ ياتاتتى . ھازىر ئادەملەر بۇ جىلغىغا كەمدىن - كەم كېلەتتى .

ئانا كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ سول تەرەپكە بۇرۇلدى . كۈن تېخى ئەتىگەن بولسىمۇ ، ھاۋا يەنىلا ئىللىق ئىدى . تاغ ئارىسىدىكى جىلغا ئىچىدىن ئورماننىڭ شىلدىرلىغىنى ، تورغايلارنىڭ زوق - شوق بىلەن سايرىغىنى ئاڭلىناتتى . ئوزۇق ئىزدەپ يۈرگەن بىرقانچە قۇماي سۈزۈك ئاسماندا لەيلەپ يۈرەتتى . تاڭ ئالدىدىكى سۈبھى كەڭ دالىنى كېسىپ ئۆتكەن دەريا سۈيىنى مۇشۇ زېمىننىڭ بېلىگە باغلاپ قويغان شايى پوتىدەك كۆرسىتىپ تۇراتتى . ئېدىرلىقلار گويا بىر كۈن كەچ كىرگۈچە ھەرىكەت قىلىپ ھالىدىن كەتكەن غايەت زور مەخلۇققا ئوخشاش ، بىر - بىرىگە باش قويغىنىچە سوزۇلۇپ ياتاتتى . ئېدىرلىقنىڭ غولىنى بويلاپ سوزۇلغان چىغىر يول يۇقىرى ئۆرلەپ كېتىۋاتقان يىلانغا ئوخشاش كۆرۈنەتتى . مەھەللە تەرەپتىن خورازلارنىڭ بوينىنى سوزۇپ پۈتۈن كۈچى بىلەن چىللىغان ئاۋازى ئارىلاپ - ئارىلاپ ئاڭلىنىپ قالاتتى . پۈتۈن

ئەتراپ تىمتاس بولۇپ، قۇياش نۇرىنىڭ ئىللىتىشىنى كۈتۈۋاتقاندەك قىلاتتى. ئەمدىلا كۆتۈرۈلۈۋاتقان قۇياش نۇرىدا ئانىنىڭ كۆزى قامىشىپ كەتتى. تاغ تەرەپتىن كېلىۋاتقان مەيىن شامال ئۇنىڭ يۈزىنى سىيپاپ ئۆتتى. بۇ مەيىن شامال شۇنچىلىك ئاجىز ئىدىكى، ئۇنىڭ ئۈزۈلمەي چىقىۋاتقانلىقىنى ياكى توختاپ قالغانلىقىنى ئېنىق بىلگىلى بولمايتتى. تۆۋەن تەرەپتىن چىقىپ كەلگەن بىر تۈلكە پاتەمخانىغا بىرپەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، بۇرۇلۇپلا نېرىقى ياندىكى جىلغىغا چۈشۈپ كۆزدىن غايىب بولدى. قارىغاندا ئۇمۇ تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە خېيىمخەتەرگە تەۋەككۈل قىلىپ، تەرەپ - تەرەپكە چېپىپ يۈرگەندەك قىلاتتى. ئانىنىڭ يۈرىكى بىر شۇملۇقنى سەزگەندەك ئەندىكىپ كەتتى. كونىلار «تۈلكە يامانلىقنىڭ بېشارىتى» دەپ بىلگەچكە، ئانا ئاتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ توختاتتى. ئىچىدە بىرنېمىلەرنى دەپ دۇرۇت ئوقۇغاندىن كېيىن ئاتنى دېۋەتتى. ئاتمۇ بىر نەرسىدىن ئېھتىيات قىلىۋاتقاندەك پات - پات پۇشقۇرتۇپ قوياتتى. ئانا بېشىنى كۆتۈرۈپ يىراقلارغا قارىدى. بۇ ياقلارغا ئۆتمىگەنلىكىگە تالاي يىللار بولغانلىقىنى ئويلاپ كۆڭلى بىر قىسما بولدى. بىر چاغلاردا ئۇمۇ ياشلىق ھاياتىي كۈچىنىڭ تۈرتكىسىدە، تاغۇتاشلارغا چىقىپ، كوللېكتىپ ئەمگەكلەرگە قاتناشقانىدى. ئۇ چاغلار نېمىدېگەن كۆڭۈللۈك، نېمىدېگەن قىران چاغلار ئىدى - ھە! چالغىلار چېپىلىۋاتقان، سىيىرلار سېغىلىۋاتقان، ناخشىلار ئېيتىلىۋاتقان، ھەممە ياق قاينام - تاشقىنلىق ئىلكىدە تەبەسسۇم قىلىۋاتقان. ئۇ بىلىدىغان بۇرۇنقى ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان قىرقىم قورۇدىن ھازىر ئەسەرمۇ قالمىغانىدى.

ئانا ئېغىر تىنىدى. قايناق تۇرمۇش خاتىرىلىرىنىڭ گۇۋاھچىسى بولغان تونۇش يەرلەرنى كۆرگەندە قەلبى پىچاق بىلەن تىلغاندەك ئېچىشىپ، ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ كەتتى.

ئات بىردىنلا قۇلاقلىرىنى يوپۇرۇپ يۈرۈشنى ئاستىلاتتى. جىلغىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى غولدا بىرنەرسە مىدىرلاۋاتقاندەك

قىلاتتى . ئانا ئۆزىمۇ تۇيمىغان ھالدا ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ، مىدىرلاۋاتقان نەرسە تامان چېپىپ كەتتى .

سالاۋاتنىڭ قولىقىغا ناھايىتى نۇرغۇن ئات دۈپۈرلەپ چېپىپ كېلىۋاتقاندەك ئاڭلاندى . ئۇ ناھايىتى تەستە بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئولتۇرۇشقان كۆزىنى يىراقلارغا تىكتى . تۇمان باسقان يىراق بىر يەردىن قارا ـ قۇرا بىرنەرسە ناھايىتىمۇ ئاستا چېپىپ كېلىۋاتاتتى . سالاۋات قولىنى پۇلاڭلاتماقچى بولۇپ مىدىرلىۋىدى، ئۆزىنى دەڭسىيەلمەي دۈم چۈشتى . ئۇ بىر كېچە تالادا يېتىپ، ھېچنېمە بولمىغىنىغا ھەيران بولاتتى . سەھەرنىڭ سوغۇق شامىلى ئۇنى ھوشىغا كەلتۈردى . يېقىنلا يەردە خورازلارنىڭ چىللىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى . ئۇ نېرۋىسىنى يىغىپ ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇ يەردە ياتقانلىقىنى ئېسىگە ئالدى . ئورنىدىن تۇرۇش ئۈچۈن شۇنچە تىرىشىپ باققان بولسىمۇ تۇرالمىدى . جانسىزلانغان پۇت ـ قولى ئۆزىگە زادىلا بويسۇنمايلا قالماستىن، يۈرىكىمۇ زەئىپ سوقۇۋاتاتتى . شۇنداقتىمۇ ماڭمىسا بولمايتتى . بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىشتىن بۇرۇن ئانىسىنى كۆرۈۋېلىش ئىستىكى گۈلخان بولۇپ يېنىۋاتاتتى . بىرنەچچە قېتىم ئورنىدىن تۇرغان بولسىمۇ، پۇتىغا كىشەن سېلىنغاندەك دومىلاپ كەتتى . كۆپ ئۆتمەي ئىتلارنىڭ قاۋىغان ئاۋازى ئاڭلاندى . ئۇ مەھەللىنىڭ قولىنى سۇنسىلا يېتىدىغان يەردە ئىكەنلىكىنى جەزم قىلدى . مانا ئەمدى نۇرغۇن ئاتلىقلار كەلمەكتە . ئۇلارنىڭ ئارىسىدا چوقۇم ئانىسىمۇ بار . ئانا ئەنە شۇنداق ئىنسان . ئەڭ قىيىن مەزگىللەردە ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولىدۇ . بالىسى ئۈچۈن ئوت ـ دېڭىزغا كىرىشتىنمۇ يانمايدۇ .

بىر قارا سايە ئۇنىڭغا ئېڭىشىۋاتاتتى . ئۇ ئانىسىنى تونۇدى . خۇددى شېرىن ئۇيقۇغا كېتىۋاتقاندەك ھالەتتە ئاستا ئىڭىرىدى :

— جېنىم ئاپا !

ئانا ئۇنى باغرىغا باستى . ھەسرەتكە تولغان كۆز ياشلىرى يامغۇر كەبى قۇيۇلماقتا ئىدى...

ئۇ بىر تەرەپتىن ياش تۆكسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئوغلىنىڭ ئاغزىغا سۇ تېمىتاتتى. سالاۋات ئاخىر كۆزىنى ئاچتى. ئۇنىڭ پەرىزى راست چىققانىدى. گەرچە بۇ يەردە نۇرغۇنلىغان ئاتلىقلار بولمىسىمۇ ئانا بار ئىدى. ئانا ئاخىر خىزىرغا ئوخشاش تۇمان ئىچىدىن چىقىپ كەلدى. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ بىر پەرىشتە.

ئانا بۇ يەردە ئۇزاق تۇرسا بولمايتتى. شۇڭا، سالاۋاتنى ئاتقا مىندۈردى. غايىبتىن كەلگەن كۈچ ـ قۇۋۋەت ئۇنى ئەينى يىللاردىكى غەيرەت ـ شىجائىتى ئۇرغۇپ تۇرغان ياشلىق مەزگىلىگە قايتۇرغاندەك قىلاتتى. ئانا ئاتنى دېۋىتتى.

ئانا ئوغلىنى تېپىۋالدى. ئەمدى ئۇنى نەگە ئاپىرىپ، نەگە قويۇش كاللا قاتۇرمىسا بولمايدىغان مۇھىم ئىش ئىدى.

بىردىنلا ئۇنىڭ ئېسىگە بىر چاغلاردا ياسىغان ئوغرىدىن مۇداپىئە كۆرۈش پونكىتى كەلدى. ئۇ يەر ھازىرچە يوشۇرۇنۇپ تۇرۇشقا بولاتتى. «پونكىت» دەپ ئاتىلىدىغان گەمە ناھايىتى قاراڭغۇ بولسىمۇ دېرىزىسىدىن ھەرھالدا كۈن نۇرى چۈشۈپ تۇراتتى. سالاۋات ئىشىكتىن كىرىپلا خېلى ۋاقىتچە ھېچ نەرسىنى پەرق ئېتەلمەي تۇرۇپ قالدى. كۆزى بىرنەرسىلەرنى پەرق ئەتكىلى بولغاندىن كېيىنلا ئاپىسىنىڭ يۆلىشى بىلەن گەمىنىڭ تۆرىگە تاشلاپ قويۇلغان قوراي ئۈستىگە كېلىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ دىمىغىغا زەي يەر بىلەن چىرىگەن ئەمەننىڭ قاڭسىق ھىدى ئۇرۇلدى. شاخ ـ شۇمبا بىلەن يېپىلغان تورۇس شىلدىرلاپ چاشقانلار يۈگۈرۈشۈپ كەتتى. سالاۋاتنىڭ قۇلىقىغا بۇ ئاۋاز ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك، نۇرغۇن ئادەم تېز قەدەم بىلەن باستۇرۇپ كېلىۋاتقاندەك ئاڭلىنىپ كەتتى. تورۇسنىڭ بىر يېرىدىن شۇرقىراپ توپىلار چۈشەتتى.

ئانىنىڭ ئاۋازى ناھايىتى يىراق بىر يەرلەردىن كېلىپ لەرزان ھەم يېقىملىق ياڭراۋاتقاندەك سالاۋاتنىڭ ھەسرەتلىرىنى كۆچەيتىپ، ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالاتتى. خىيالى، ئوي ـ پىكىرلىرى چېچىلىپ ھەممە نەرسە ئارىلىشىپ كەتكەچكە ئانىسىنىڭ

ئاخىرقى سۆزلىرىنى ئاڭلىيالمىدى. شۇنداقتىمۇ قەددىنى سەل - پەل رۇسلىۋالغاندىن كېيىن ئىككى قولى بىلەن بېشىنى چاڭگاللاپ، يەلكىسىدىكى ئېغىر يۈكنى بىر ئامال قىلىپ تاشلىۋەتمەكچى بولۇۋاتقاندەك بىر خىل قىياپەتتە سۆزلىدى:

— جېنىم ئاپا، ئەقىلسىز ئوغلىڭىزنى كەچۈرۈڭ. مەن شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ ئۆزۈمگىمۇ، سىلەرگىمۇ چىدىغۇسىز دەرد - ئەلەملەرنى سېلىپ قويدۇم. ئۇ ئايال ئۆلۈپ قالدى. مېنىڭ ئەسلىدە ئۇنى ئۆلتۈرۈش نىيىتىم يوق ئىدى. مەن ئۇ يەرگە ئادەم ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى پۇلۇمنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن بارغان. ئەمدى بۇ ئىشلارنى چۈشەندۈرمەن دەپمۇ چۈشەندۈرۈپ بولالمايمەن. ئۆزۈمنى مەلۇم قىلىشنى ئويلاپ باقتىم. ئادەم ئۆلۈشنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق سەۋەبى بارغۇ؟ قارىقويۇق ھەممىنى ماڭا ئارتىپ قويماس دەپمۇ ئويلىدىم. بىراق، ئۆلگۈچى شەھەر باشلىقىنىڭ ئايالى. ئۇنىڭ بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرىلىقىمدا ئاسمان - زېمىن پەرق بار. مۇشۇ بىر نۇقتا مېنىڭ قېچىشىمغا تۈرتكە بولدى. ئەمدى ياخشى بولدى، سىزنى كۆردۈم. ئارزۇ - ئارمىنىمغا يەتتىم، ئۆلۈپ كەتسەم ئەمدى ئارمىنىم يوق.

سالاۋات گويا ھازىرلا بىرى كىرىپ تۇتۇپ كېتىدىغاندەك سۆزىنى بىراقلا تۈگەتتى. ئانا ئۇنىڭ مەيۈسلۈك ئىچىدە پىلدىرلاپ قالغان كۆزىگە قارىدى. ئۇ نۇرغۇنلىغان تەسەللى سۆزلىرىنى قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئېچىنىش تۇيغۇسى قەلبىنى مۇجۇپ، كۆڭۈل ئارامىنى ئېلىپ كەتكەچكە بىر ئېغىز سۆزمۇ قىلالمىدى.

گەمە ئىچىنى چاشقانلارنىڭ ۋىچىرلاشلىرى بىر ئالدى. ئانىنىڭ قۇچىقىغا باش قويغان سالاۋاتنىڭ سارغايغان چىرايىدىن خاتىرجەملىك جىلۋە قىلاتتى. ئۇ بالىلىقىدىكى غەمسىز چاغلىرىغا قايتقاندەك تۇيغۇغا چۆمدى.

سالاۋات بېشىنى كۆتۈردى. ئانىنىڭ كۆزىدىن تۆكۈلۈۋاتقان مونچاق ياشلار ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئېزىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ھەسرەتكە تولغان ۋۇجۇدىدىن يۈرەك - باغرىنىڭ ئېزىلگەنلىكى چىقىپ

تۇراتتى . سالاۋات بىردىنلا ئانىنىڭ قېرىپ ، مۈكچىيىپ قالغانلىقىنى سەزدى . رەھىمسىز بىر كۈچ ئانىنى ئۇنىڭدىن تارتىپ كەتمەكچى بولۇۋاتاتتى . ئۇ بۇ كۈچكە تاقابىل تۇرماقچى بولغاندەك ئانىسىنى تېخىمۇ بەكرەك قۇچاقلىدى .

— بىلىمەن ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى قىياس قىلغان . بولغۇلۇق بولدى . پۇشايمان قىلغان بىلەن ئورنىغا كەلمەيدۇ ، بالام ، — ئانا ئۇنىڭ ئۆسۈپ كەتكەن چاچلىرىنى سىلىدى ، — ھازىرچە مۇشۇ يەردە ئارام ئال . قانداق قىلىش توغرىسىدا سەن ئەسلىڭگە كەلگەندە بىرنەرسە دېيىشەيلى . مەن بۇ يەردە ئۇزۇن تۇرسام بولمايدۇ . بېرىپ تەلەيگە ئېيتاي ، ئۇ ناھايىتى ئوبدان قىز ، سېنى تېپىۋالغىنىمنى ئاڭلىسا چوقۇم خۇش بولىدۇ .

سالاۋات بېشىنى كۆتۈردى ، ئاندىن يېلىنغان ئاۋازدا :

— خۇش بولۇپ قالاي ، ئاپا ، بۇ ئىشنى ئۇ ھەرگىز ئۇقمىسۇن . مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشىدىغان يۈزۈم يوق ، — دېدى . ئانا ئۈنچىقمىدى . ئانا ـ بالىنىڭ كۆڭلىدە دېيىشىدىغان نۇرغۇن سۆزلىرى بولسىمۇ دېيىشكىمۇ ئۈلگۈرمەيلا ئايرىلىشتى . ئانىنىڭ ماڭىدىغان چاغدا تاپىلىغان سۆزلىرى قۇلاق تۈۋىدە خېلى ئۇزۇن جاراڭلىدى . تەلەي راستىنلا ئۆزىنى ھېلىمۇ ياخشى كۆرەمدىغاندۇ ؟ ئوتتۇرىلىقتا شۇنچە چوڭ ئىشلار بولۇپ كەتتى . ئىستىقبالىدىن ئېغىز ئېچىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس . مانا مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئانىنىڭ ئۇنى ماختىشىدىكى سەۋەب زادى نېمە ؟ بەلكىم قورساقتىكى بالىنى كۆزدە تۇتۇۋاتقاندۇ . بەلكىم كۆڭلىنى ياساش ئۈچۈن شۇنداق دەپ قويغاندۇ .

سالاۋاتنىڭ خىيالى قورساقتىكى بالىغا كېلىپ توختىغاندا ، ھېسسىياتلىرى چاپچىپ كەتتى . تەلەينىڭ ئېغىرلاشقان سىيماسى كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ ، ھەسرەتلىرى داۋالغۇپ كەتتى . تەلەي راستىنلا ياخشى ئايال ئىدى . سالاۋات ئۇنى خورلىدى . ئۇنىڭدىن چېنىپ ، خېتىنى بەردى . ئورنىنى تولدۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان خاتالىقلارغا يول قويدى . ھەممە نەرسە بەربات بولدى . ئۇنىڭ

ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ، تاماشىسىغا شېرىك بولغانلار باشقا كۆن چۈشكەندە غايىب بولدى. پەقەت تەلەيلا ھېلىھەم ئۇنىڭ ئۇچۇن ياش تۆكمەكتە. بەلكىم ئۇ يەنە تاغۇتاشتا يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن ئېرىنى ساقلاۋاتقاندۇ، بولمىسا ئانىسى ئۇنى ماختارمىدى؟ سالاۋات شۇ خىياللار بىلەن ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇ شۇ تاپتا شۇنداق شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەندىكى، بىرى كېلىپ ئاتىنىڭ بېشىدەك ئالتۇن بەرسىمۇ ئۇيقۇسىدىن ۋاز كەچمەيتتى...

ئانا ئەتىسى قاق سەھەردە يەنە كەلدى. بۇ چاغدا سالاۋات چۈشىدە ئەمدىلا تۇغۇلغان بالىسىنى ئەركىلىتىپ بىرنېمىلەرنى دەۋاتاتتى. ئۇ ئاياغ تىۋىشىدىن چۆچۈپ ئويغاندى. ئانا ئۇنىڭ ئوبدانلا تۈزىلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ خۇش بولدى. ئۇزۇن يىللار بۇرۇقتۇرمىلىقتا ياتقان ئەسكى گەمىنىڭ ئىچى بىردىنلا شادلىققا چۆمدى. ئانا ئۇنىڭغا مەھەللىدىكى يېڭىلىقلار توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى. دادىسى، يارۇي ھاما ھەم مەھەللىدىكى ئۇ كۆڭۈل بۆلىدىغان باشقا ئادەملەر توغرىسىدا سۆزلىدى. زەينەپ بىلەن ئېرىنىڭ كېلىپ كەتكىنىنى تىلغا ئالدى. بولاكچىنىڭ ياۋايى ئادەمگە يولۇققىنىنى دېگەن چېغىدا سالاۋات تولا كۈلۈپ ئۇچەيلىرى ئۈزۈلۈپ كېتەيلا دەپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن قايغۇ - ھەسرەت بىردەم بولسىمۇ نېرى بولدى.

— سەن بۇ يەردە ئەمدى داۋاملىق تۇرساڭ بولمايدۇ، ئەتە مەن سەھەردە كېلىمەن. ئارشاڭدا بىر ئۆڭكۈر بار. سېنى شۇ يەرگە يەتكۈزۈپ قوياي. ئۇ يەر بىخەتەر، — دېدى ئانا گەپنىڭ تېمىسىنى يۆتكەپ. سالاۋات ئويلىنىپ قالدى. ئارشاڭ ئاۋرال تېغىنىڭ ئەڭ ئېگىز يېرىگە جايلاشقانىدى. ئۇ يەر قىشتا ئاپئاق قار ئاستىدا قالاتتى. كۆلتۈك قارنىڭ قېلىنلىقى بىر مېتىردىن ئېشىپ كېتىدىغان بولغاچقا ئات - ئۇلاغلارنىڭ مېڭىشىمۇ تەسكە توختايتتى. ئۇ يەردىن سىرتقا قارىسىڭىز ھەممە نېمە كىچىكلەپ بىر تەكشىلىككە ئايلىنىپ قالغاندەك، ئالدىدىكى بەلدىن ئېشىپ چۈشىسىلا تۇمان ئاستىدا قارىيىپ كۆرۈنۈپ تۇرغان شەھەرگە بىر

دەمدىلا بارغىلى بولىدىغاندەك كۆرۈنەتتى . باھارنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن قارلار تېخىمۇ يۇمشاپ ، كۈنگەي يەرلەردىكى كۆپكۆك مايسىلار كۆزگە چېلىقاتتى . كۆپ ئۆتمەيلا تاغۇتاشتىن ئېرىگەن قار سۇلىرى چوڭ ئېقىنلارنى ھاسىل قىلىپ ، گۈلدۈرلەپ ئاقاتتى . كۈنىنىڭ تەپتى بىلەن قاپتالدىكى گىياھلارنىڭ ھىدى تارقاپ ، كاككۇك ئاۋازى جىلغا ئىچىنى لەرزىگە كەلتۈرەتتى .

سالاۋات قىمىرلاپ قويدى . ئۇ بىر يىلى دادىسىغا ئەگىشىپ ئۇ يەرگە بارغان . ئۇ يەر ھاۋاسى ساپ ياخشى جاي . شۇغىنىسى مەھەللىگە تولىمۇ يىراق . ئۇنىڭ ئۇستىگە ھازىر پەقەت ئانىلا ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدۇ . ياش چوڭايغاندا ئۇ يەرگە بېرىپ كەلمەكنىڭ ئۆزىمۇ ئاسان ئەمەس . پۇرسەت تېپىپ بۇنى ئانىغا چۈشەندۈرۈش كېرەك . ئۇ تۇرغان ئۆڭكۈرمۇ قالتىس بىخەتەر . ئانا كۆرسە چوقۇم ياقتۇرۇپ قالىدۇ . سالاۋات تاماق يېگەچ شۇلارنى ئويلىدى .

## 29

سالاۋاتنىڭ ئۇيقۇسى قېچىپ ، كاللىسىدا خىلمۇخىل خىياللار پەيدا بولدى . ئۇ ئۆزى ئۆڭكۈردە بولسىمۇ ، ئەمما ئوي - خىيالى يەنىلا قايناق ، كىشىگە ئاسايىشلىق ئاتا قىلىدىغان يېزىدا ئىدى . بۇ يەردىكى مۇزدەك تام ئىچى ئۇنىڭغا سىرلىق ھەرىكەتلەر بىلەن تولغاندەك ، كىمدۇر بىرلىرى ئۇنچىقماي مېڭىپ يۈرگەندەك ، ئۇخلاپ قالسىلا ۋۇجۇدىدىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسىسىنى ئوغرىلاپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلاتتى . ۋاقىت مىنۇت - سېكۇنتلاپ ئۆتۈۋاتاتتى . ھەممە نەرسە ئاستا - ئاستا بېسىقىپ ، كېچىدە بولىدىغان ئېغىر سۈكۈنات ھۆكۈم سۈرگەن چاغدىمۇ ئۇنىڭدىكى بۇ خىل ھېسسىيات پەقەتلا بېسىلمىدى . ئۇ ئۆزىدىكى بىئاراملىقنى ئازراق بولسىمۇ تارقىتىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا چىقتى . مۈشۈككە ئوخشاش تىمىسقىلاپ تاغ چوققىسىغا چىققاندىن كېيىن تاش

ئۇستىگە ئۇلتۇردى . ئاسماندىكى يۇلتۇزلار يەرگە كۆچۈپ چۈشكەندەك شەھەر ئاسمىنىنى سان ـ ساناقسىز چىراغلار يورۇتۇپ تۇراتتى .

ئانا ئۆگكۈرنى ياقتۇرۇپ قالدى . سالاۋاتنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىنى ئەستايىدىل ئاڭلىغاندىن كېيىن ، ئارىشاڭغا بېرىش نىيىتىدىن ياندى .

— ئۇنداق بولسا گېپىمىز گەپ بولسۇن . بۇ ئۆگكۈر ماڭىمۇ ياقتى . سەن بۇ يەردە تۇرغان ۋاقتىڭدا سىرتقا ئامال بار چىقمىغىن . مەنمۇ پەقەت زۆرۈر تېپىلغاندا كېلىمەن . سەن ئۇچۇن هازىر ئەڭ مۇھىمى بىخەتەرلىك . هازىر تۇرمۇشقا كېرەكلىك نەرسىلەر ئاساسي جەھەتتىن تولۇق بولدى ، مېنى كەلمىدى دەپ ئاغرىنىپ يۈرمە . مەن ساڭا كەينىمگە ئادەم چۈشمىدى دەپ كاپالەت بېرەلمەيمەن . تەلەي ياخشى قىز ، گەرچە سىلەر ئايرىلىپ كەتكەن بولساڭلارمۇ ، ئۇ يەنىلا سېنىڭ غېمىڭنى يەپ يۈرىدۇ . قالغان ئىشلار خۇدايىمغا ئامانەت . ئۆزۈڭنى كۆپ ئاسرا . بەلكىم بۇ ئىشلارنىڭمۇ هەل قىلىش چارىسى تېپىلىپ قالار .

ئانا كېتىدىغان چېغىدا شۇنداق دېدى . سالاۋات يىغىدىن ئۆزىنى ئارانلا تۇتۇۋالدى . ئانا كەتتى . ئۇ ئوغلىغا ئۇمىد ، ئىشەنچ قالدۇرۇپ كەتتى . شۇنداقتىمۇ سالاۋاتنىڭ قەلبىنى بىر خىل ۋەھىمە بېسىپ تۇراتتى .

سالاۋات يىراقتىكى چىراغ يورۇقىغا قاراپ خىيالغا پاتتى . قارىغانسېرى پىكرى چېچىلىپ ، كۆز ئالدىدا ئۇزاق ئۆتمۈش خاتىرىلىرى نامايان بولدى . ئۇ هەر دائىم پىكرى چېچىلغاندا مۇشۇنداق تۇيغۇلارغا چۆمەتتى . ئۆزىنىڭ قاچانلاردىن بېرى مانا مۇشۇنداق خىيالچان بولۇپ قالغانلىقىنى ئويلاپ ئېغىر خورسىناتتى . ئاللىبۇرۇن شېرىن چۈشكە ئايلانغان گۈزەل خاتىرىلەر يۈرىكىدە ئالتوپىلاڭ كۆتۈرۈپ ، قەلبىدە يېڭىۋاشتىن يالقۇن پەيدا قىلاتتى . كۆز ئالدىدا تەلەينىڭ قىياپىتى پەيدا بولغاندا ، خۇددى هوشىدىن كېتىۋاتقاندەك ئىككى كۆزىنى مەهكەم يۇمۇپ



قاتتىق ئاھ ئۇراتتى . يۈرەككە ئارامبەخش سۆزلىرىنى ئاڭلىماقچى بولغاندەك دىققىتىنى يىغىپ ، ئەتراپقا سەگەكلىك بىلەن قۇلاق سالاتتى . مانا بۇگۇنمۇ شۇنداق بولدى . ئۆتمۈشنى ئەسلەش ، ھاياجانغا تولغان دەقىقىلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈش ئۇنىڭ سىقىلغان ، تۇنجۇققان قەلبىگە ئارام بەردى .

بەزى چاغلاردا ئۇ ئۆزىنىڭ ھەددى - ھېسابسىز ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى تارتىۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇپ قالاتتى . ھەممە نەرسە ئۇنىڭغا يەنە بۇرۇنقىدەكلا قىزغىن ، بۇرۇنقىدەكلا سۆيۈملۈك تۇيۇلۇپ ، قەلبى شېرىن تۇيغۇنىڭ تۈرتكىسىدە شادلىققا چۆمۈپ كېتەتتى . ئەتراپىدا ئەگىپ يۈرگەن خەۋپ - خەتەرنى ئېسىدىن چىقىرىپ ، بىر چاغلاردىكىدەك ناخشا ئېيتقۇسى ، ئاتقا مىنىپ بولۇشقا چاپقۇسى كېلەتتى . تۇشمۇتۇشتىن باستۇرۇپ كېلىۋاتقان شىددەتلىك ھاياجان دولقۇنلىرىغا غەرق بولۇپ ، يېڭى - يېڭى پىلانلار ئۇستىدە ئىزدىنەتتى . بىراق ، كۆپ ئۆتمەستىنلا رېئاللىق قوينىغا قايتىپ كېلىپ ، ئازاب ئىچىدە يىراقلارغا كۆز تىككىنىچە ئولتۇراتتى . قەلبىدە كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئاچچىق - پىغانلارغا بەرداشلىق بېرەلمەي ، ھەسرەتكە تولغان كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكتى .

سالاۋات بېشىنى چۆمكىدى . سىقىلىپ كېتىۋاتقان يۈرىكىنىڭ نالىسىگە بەرداشلىق بېرەلمەي ئۆرە ئولتۇردى . كەينى - كەينىدىن تاماكا چېكىپ ، ئۆكۈر ئىچىدە توختىماستىن ئۇياق - بۇياققا ماڭدى . ئاخىر بولماي ئورنىغا قايتىپ كېلىپ ، «كارىۋات» قا ئۆزىنى ئوڭدىسىغا تاشلاپ ئىككى كۆزىنى بىر نۇقتىغا تىككىنىچە دېمىنى ئىچىگە يۇتتى . توساتتىن ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن مۇنداق بىر خىيالىي مەنزىرە ئۆتكەندەك قىلدى .

تونۇش ، ئەمما ئۆزگىرىپ كەتكىنىگە ئۇزۇن بولغان قەدىمىي مەھەللە ، ئادەم بويىدىن ئېگىز ئۆسكەن ئەمەن ، قوراي بىلەن چاتقاللار ئارىسىدىن يۇگۇرۇپ چىققان بۆدۆنە بىلەن كۇل رەڭ توشقان بالىلىرى ، بىر - بىرىگە ياندىشىپ سېلىنغان ئۆيلەرنىڭ

تېمىغا چاپلانغان كالا تېزەكلىرى، ئەپكەش كۆتۈرۈپ سۇغا چىققان ئاياللار، موزايلارنىڭ ئەنسىز مۆرەشلىرى…

بۇ مەنزىرىلەر يالغان ئەمەس. ھەممىسى ئۇ بېسىپ ئۆتكەن مۇساپە. ئۇ كۆرگەن بالىلىق ئارزۇ - ئىستەكلىرى مۇجەسسەملەنگەن ھەقىقىي ھايات كارتىنىسى.

«سېنىڭ بۇنچىلىك ھەسرەت چېكىشكە ھەققىڭ يوق. كونىلار ‹ئــۆزۈم تاپقان بالاغا، نەگە باراي دەۋاغا› دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان. ئويلاپ باق، سېنىڭ زادى نېمەڭ كەم بولۇپ باققان؟ باشقىلارغا ئوخشاش تومۇزنىڭ پىژ - پىژ ئىسسىقلىرىدا كەتمەن چېپىپ باققانمۇ؟ بىرەرىگە قەرز بولۇپ ئاھ ئۇرۇپ باققانمۇ؟ ياق، خۇدايىم سېنى ياراتقان چاغدا ھەممە نېمەڭنى تەل قىلىپ ياراتقان. بــىراق، سېنىڭ مەنمەنچىلىك، ئاچ كۆزلۈك، ھەددىدىن زىيادە رەڭۋازلىقىڭ ساڭا تەگرى ئاتا قىلغان بەختنى يالماپ يۇتۇۋەتتى. كۆرۈۋاتــقان كۈنلــىرىڭ ساڭــا تېخى ئازلــىق قىلــدۇ» دېدى ئــۇ ئۆز - ئۆزىگە.

ئۇنىڭ مېڭىسى خىرەلىشىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۆزى ئاستا - ئاستا يۇمۇلۇشقا باشلىدى.

ئــالــتــۇن رەڭــلىك كىيىم ئىچىدىكى تەلەي ئۇنىڭ كۆزىگە جۇلالىنىپ تۇرغان قۇياشقا ئوخشاش كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇزۇندىن بېرى قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە بېسىلىپ ياتقان سۆيگۈ ۋولقانى ئېتىلىپ چىققاندا، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن مۇھەببەتنىڭ توسۇۋالغىلى بولمايدىغان كۈچ - قۇدرىتى ئېتىلىپ چىقتى. ئۇ تەلەينى باغرىغا مەھــكــەم بېسىپ، كۆزىنى يۇمدى. ۋۇجۇدىغا تارالغان ئىللىق ھارارەتنىڭ تەسىرىدىن گۈزەل بىر دۇنياغا كىرىپ كېتىۋاتقاندەك بولدى. تەلەينىڭ يۈرىكى خۇددى سائەت ئىسترېلكىسىدەك شۇنچە ئېنىق، شۇنچە جاراڭلىق بىر رىتىمدا سوقماقتا ئىدى. سالاۋات قــۇلاق ســالــدى. يــۈرەكــنــىــڭ ســوقــۇشــى ئۇنىڭغا بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقاندەك ئاڭلىنىپ كەتتى. ئۇ چەكسىز ھاياجان ئىچىدە ئــۇنى باغرىغا تېخىمۇ مەھكەم باستى. تەلەينىڭ يۈرىكىنىڭ بىر

خىلدا سوقۇشى ئۇنىڭغا ئۇزاق ئۆتمۈشنى ئەسلەتتى . ئۇ ئۆتمۈشنىڭ قايتىپ كېلىپ ، شۇ چاغلاردىكى بەخت تۇيغۇسىدىن ئۆزىنى بەھرىمەن قىلىشنى ئارزۇ قىلدى . شۇ ئۆتمۈش خاتىرىلىرى ئىچىدە مەڭگۈدىن ـ مەڭگۈگە لەرزان ئۇچۇشنى تىلىدى . توساتتىنلا بىر توپ ئادەم ئۆڭكۈر ئىچىگە باستۇرۇپ كىرىپ ، تەلەيىنى ئۇنىڭ باغرىدىن يۇلۇپ ئالغىنىچە ئاچىقىپ كەتتى . ئۆڭكۈردە پەقەت يەرگە يىقىلغان سالاۋات بىلەن تەلەيىنىڭ «سالاۋات !» دېگەن ئاۋازى ياڭراپ قالدى . سالاۋات بىردىنلا يىغلاپ تاشلىدى . ئاۋازىنىڭ سىرتقا چىقىپ كېتىشى بىلەن چۆچۈپ ئويغىنىپ ، زۇلمەت باسقان ئۆڭكۈر ئىچىگە تىكىلدى . ھېلىمۇ ياخشى ئۇ كۆرگەن قاباھەتلىك ئىشلار چۈش بولۇپ چىقتى .

ئۇ ھاردى ، چارچىدى . خىيالىدا ھەممىشە ئۆزىنى شىددەتلىك قاينام ئىچىدە بىر چۆكۈپ ، بىر لەيلەپ تۇنجۇقۇپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى . بەزىدە تېخى تەقدىرگە تەن بېرىپ سەۋر ـ تاقەت قىلىشنى ، پېشانىسىگە نېمە پۈتۈلگەن بولسا شۇنى كۆرۈشنى ئويلاپمۇ قالاتتى . گەرچە ئۇ تېخى بىر قارارغا كەلمىگەن بولسىمۇ ، ھامان شۇنداق بىر نەتىجە بىلەن ئاياغلىشىدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ قالغانىدى . ئۇ ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى . ئۇنىڭ كۈلكىسىدىن ئۆزىنى قاتتىق مەسخىرە قىلىۋاتقان ھالەت ئىپادىلىنىپ تۇراتتى . ئۇ كىچىككەنلىكىنى ، چېكىنىشكە ئازراقمۇ يول قالمىغانلىقىنى ، شۇ تاپتا ۋاقتىنى ئىسراپ قىلىپ ، بىھۇدە ئويلاردا بولۇۋاتقانلىقىنى ، بۇنداق ئوينىڭ گەرچە كېچىككەن بولسىمۇ ئازابلانغان قەلبىگە تەسەللى بولۇشنى ئۈمىد قىلىۋاتقانلىقىنى بىلەتتى . ئۇ ئاخىر ئۆز تەقدىرىنى تەلەيىنىڭ تەقدىرى بىلەن قوشۇۋەتتى . مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئۆزىگە تەسەللى تاپالايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەنىدى .

ئەتراپ قاراڭغۇ ، تىپتىنچ ، ھەممە نەرسە ئاۋۋالقىدەكلا ئىدى . پەقەت سالاۋاتنىڭ ئېغىر تىنىق ئاۋازىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى . گەرچە ئۇ تەلەيىنى چۈشىدە كۆرگەن بولسىمۇ ، خۇددى رېئاللىقتا

كۆرگەندەكلا شۇنداق ئىنىق كۆردى . ئانىنىڭ دىگەنلىرى توغرا . تـەلەي ياخشى ئايال . سالاۋات ئۇنىڭدىن پەقەتلا يامانلىق كۆرۈپ باققىنى يوق . بەلكىم ئۇمۇ شۇ تاپتا قاباھەتلىك بولسىمۇ ، ئادەمنىڭ روھــــنــى ئۇرغۇتىدىغان ئەنە شۇنداق چۇشلەرنى كۆرۈۋاتقاندۇ ، چۇشىدە سالاۋاتنى باغرىغا بېسىۋاتقاندۇ…

كـىچـە شـۇنـداق جـمـجـىـت ئـىـدى . سالاۋات ئانىنىڭ تـاپـىلىغانلىرىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ ئۆڭكۈردىن چىقتى . تـەلـەيـنـىـڭ ئـادەمـنـىـڭ قەلبىنى بىھوش قىلىدىغان سىيماسى تـوخـتـىـماستىن ئۇنى يېنىغا چاقىرىۋاتاتتى . ئۇ ئەقلىنى ئىشقا سـېلىپ ، خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ھەممىسىنى ئارقىغا تاشلاپ ، تاڭ سۇزۇلـۇشىنىڭ ئالدىدا قەدىردان مەھەللىسىگە يېقىنلاپ كەلدى . مـەھـەلـلە سىرتىدىكى تۆپىلىكتە بوككىدە ئۆسكەن چاتقاللىقنىڭ ئارىسىغا كىرگەندىن كېيىن بوينىنى سوزۇپ ، جىمجىت ئۇيقۇدا ياتقان مەھەللىسىگە سەپسالدى . ئۇنىڭ ئۇچۇن بەش قولدەك تونۇش ئۆيلەر ، قاتار ـ قاتار قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان دەل ـ دەرەخلەر ، تۆت كـوچـا ئـېغىزىغا سېلىنغان ياغاچ كۆۋرۈك ، مال سۇغىرىدىغان كۆلچەكلەر كۆز ئالدىدا زاھىر بولدى .

ئۇنىڭ بۇ زېمىندىكى نۇرغۇن ئەسلىمىلىرى ئۇنىڭ قايغۇ ـ ھەسرىتىنى كۆچەيتەتتى . ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ئەسلىمىلەر ئۇنىڭ ئۆتمۇشىگە ئايلانغان بولسىمۇ ، ھامان تۇنۇگۈنكى ئىشلاردەكلا قەلبىگە بۆسۈپ كىرىپ ، ئاشۇ غوۋغاسىز ، ئاجايىپ گۈزەل ھايات كارتىنىلىرى ئىچىگە غەرق قىلاتتى . بوۋىسىنىڭ ئاجايىپ يېقىملىق نـاخـشىلىرى ، مومىسىنىڭ ئۇزاق كېچىلەردە زېرىكمەي ئېيتىپ بـېرىدىغان چۆچەكلىرى يېقىنلا يەردە ئاڭلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى . بەلكىم بوۋىسى بىلەن مومىسى ھازىرغىچە ھايات بولغان بولسا بۇ ئىشلار بۇنداق بولۇپ كەتمەس ئىدى . ئەپسۇس ، ئۇلار بۇ دۇنيادىن مەڭگۈگە خوشلاشتى .

سـالاۋات يـېـنـىـك نەپەس ئېلىپ ، مۇزدەك يەرگە باغرىنى بـاسـقـىنىچە ئۇزاق ياتتى . ئۇنىڭ ئوي ـ پىكىرلىرى دادىسىنى

كۆرۈش بىلەن تېخىمۇ قالايمىقانلىشىپ كەتتى . ئۇ ھەر قېتىم دادىسى بىلەن بىللە بولغان ۋاقىتتا ئۆزىنى قەپەسكە سولىنىپ قالغاندەك ، ئۆزى بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغان ناھايىتى تەكەببۇر ئادەمگە ھەمراھ بولۇۋاتقاندەك ئىنتايىن بىئەپ سېزەتتى .

دادىسى ئۇنىڭغا «ۋاي» مۇ دەپ كەتمەيتتى . ئاچچىقلىنىپ ، چېچىلىپمۇ يۈرمەيتتى . شۇنداق بولسىمۇ ئۇنىڭدىن يەنىلا بىر خىل سوغۇقلۇق ، دادىلاردا بولۇشقا تېگىشلىك بولمىغان تەكەببۇرلۇق چىقىپ تۇراتتى . ئۇنىڭ ئۇستىگە كەيپىياتى تۇراقلىق تۇرمىغاچقا ، بىردەم تۇتۇلۇپ قارا يامغۇرلۇق ھاۋاغا ئوخشاش گۈلدۈرلەپ كېتەتتى . گۆرەن تومۇرلىرى كۆپۈپ ، كۆزلىرى قەھرى - غەزەپكە تولۇپ ، ناھايىتى زەھەرلىك سۆزلەر بىلەن ئاچچىقىنى چىقىراتتى . شۇنداق بولغاچقىمۇ سالاۋات كىچىكىدىن تارتىپ دادىسى بىلەن ئارىلىق ساقلاشقا ئادەتلىنىپ قالغاچقا ، كۆڭلىدىكى گەپلەرنى چوڭ بولغاندىمۇ دادىسىغا دەپ ، ئۆزىگە تەسەللى تېپىشقا ئادەتلەنمىگەنىدى .

سالاۋات ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز ئازاب ئىچىدە قالدى . قەلبىدە پەيدا بولغان بىر كۈچ ئۇنى دادىسىنىڭ كەينىدىن چاپماسلىققا ، «دادا» دەپ ۋارقىرىماسلىققا ، ئۇنىڭدىن رەھىم - شەپقەت تىلىمەسلىككە ئۈندەۋاتاتتى .

تاڭ ئېتىپ قۇياش چىقتى . سەھەرنىڭ تەننى شۈركۈندۈرىدىغان سوغۇقى بوشاپ ، جىمى جاھان ئىللىشقا باشلىدى .

## 30

تەلەي ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا قۇلاق سالدى . ئىشىكنى ئېچىپ قاراڭغۇلۇققا كۆز يۈگۈرتتى . ئەتراپ تىمتاس بولۇپ ، تاڭ تېخى يورۇمىغانىدى . ئۇ يەنە بىر ئۇخلىۋېلىش ئۈچۈن كۆزىنى يۇمدى...

تەلەي كېتىۋاتاتتى . يۈز ـ كۆزىنى سىيپاپ ئۆتكەن مەيىن شامال بىلەن كەڭ دالىدا ئېچىلىپ كەتكەن ياۋا گۈللەرنىڭ ، باغلاردا چېچەكلەپ كەتكەن مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ خۇشبۇي ھىدى دىماغقا ئۇرۇلاتتى . تەلەيىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئىللىق سېزىم دولقۇنلاپ بىر دىنلا ھاياجىنىنى باسالماي قالدى .

سالاۋات چاچ ـ ساقاللىرى ئۆسكەن ، چىرايى تاتارغان ، قەددى ـ قامىتى پۈكۈلگەن ھالەتتە كېلىۋاتاتتى . تەلەيىنىڭ خۇشاللىقى غايىب بولۇپ ، قەلبىنى پەرىشانلىق ئىگىلىدى . كۆزىدىن قايغۇ ـ ئەلەم تەپچىپ ، چىرايى مىسكىنلىك ئىچىدە تاتىرىپ كەتتى . ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆرلەپ چىققان كۈچلۈك يىغان ئۇنىڭ ھەممە نېمىسىنى سۈپۈرۈپ كەتتى . ئۇ ھۆكرەپ يىغلاپ تاشلىماسلىق ئۈچۈن لېۋىنى چىشلىگىنىچە سالاۋاتقا ئۆزىنى ئاتتى . ئۇلار ھەشقىپىچەك بولۇپ بىر ـ بىرىگە چىرمىشىپ كەتتى . قاتتىق ھاياجانغا چۆمۈپ ، چاپچىپ كەتكەن ھېسسىياتلىرى بىرئاز بېسىققاندا ، سۇ بويىغا كېلىپ ئولتۇردى . تەلەي بېشىنى كۆتۈرۈپ سالاۋاتقا سىنچىلاپ قارىدى . سالاۋاتنىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ كەتكەن بولۇپ ، ئۆسۈپ كەتكەن ساقال ـ بۇرۇتى ئاستىدا پۈلتىيىپ چىققان ياڭاق سۆڭەكلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى . ۋەھىمىلىك ئىچىدە يېنىپ تۇرغان كۆزىنىڭ ئىچىدىكى قىلغا ئوخشاش كۆكۈچ تومۇرلار قىزىرىپ ئەسلىي رەڭگىنى يوقاتقانىدى . ئېڭىكى تېخىمۇ ئۇزىراپ ، قاڭشارلىق بۇرنى سوزۇلۇپ كالپۇكىغا تېگەيلا دەپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى . كىرلەشكىنىدىن قاسماق بولۇپ كەتكەن كۆڭلىكىنىڭ ئىچىدىكى ئىككى مۈرىسى ئېگىزلەپ قۇلىقىغا تەگلەشكەن ، بويىنى قىسىقىراپ ، بەستى كىچىكلەپ كەتكەندەك قىلاتتى . قارىچۇقى چوڭايغان كۆزىدىن ئالاقزادىلىك بىلەن جىددىيلىك چىقىپ تۇرغاچقا ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى بۇرۇنقى سالاپەتتىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى . تەلەيىنىڭ يۈرىكىنى بىر دىنلا بىراۋ قولىنى سېلىپ سۇغۇرۇۋالغاندەك پۈت ـ قولىدا جان قالمىدى .

— مەن ئادەم ئەمەس ، مەن ئالۋاستى . مەندە ساڭا قارىغۇدەك

يۈز ، ئېغىز ئېچىپ گەپ قىلغۇدەك سۆز قالمىدى . بىلىمەن ، سەن مېنى مەڭگۈ كەچۈرمەيسەن . ئالدىڭدا ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىمدىن مەڭگۈ ئۆتمەيسەن . چۈنكى ، مەن سېنىڭ ماڭا بولغان ئوتلۇق مۇھەببىتىڭنى قەدىرلىمىدىم . ماڭا قىلغان ئەقىدەڭنى دەسسەپ چەيلىدىم . ئۇلارنى بىلىپ يەتكەندە ئۆزۈمنىڭ تولىمۇ كىچىككەنلىكىمنى ھېس قىلدىم . ئالدىڭدا ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىم ئۈچۈن سەندىن كەچۈرۈم سورايمەن .

تەلەيىنىڭ ھېسسىياتلىرى داۋالغۇپ كەتتى . ئۇنىڭ سالاۋاتقا دەيدىغان نۇرغۇن گەپلىرى بولسىمۇ ، نېمىشقىدۇر لام ـ جىم دېمەي ئولتۇراتتى . چۈنكى ، ھازىر ئۇنىڭ كاللىسىدا ئۆتكەن ئىشلار تېخى تۈنۈگۈنلا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلاردەك ناھايىتى ئېنىق تۇراتتى . ئۇنىڭ ئەتەي بولسىمۇ ئاشۇ ئىشلارنى چاقچاق تەرىقىسىدە ئۇنىڭغا دېگۈسى بولسىمۇ ، ئەمما ئۇنىڭ ئازار يېگەن دىلىنى ئازابلىغۇسى كەلمەي ئۈنچىقمىدى . شۇ تاپتا ئۇنىڭ قەلبىدىمۇ سالاۋاتقا ئوخشاش بىر خىل ھەسرەت پەيدا بولغانىدى . ئۇ بۇ خىل ھەسرەتنىڭ بارغانسېرى كۈچىيىپ ، پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى ئالىقىنىغا ئالغانلىقىنى سەزدى .

سالاۋات قىمىرلاپ قويدى . نۇرى خىرەلەشكەن كۆزلىرىنى چەكسىز ھاۋا بوشلۇقىغا تىككەندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدى :

— مەن سېنى مېنى كەچۈرۈشكە زورلىمايمەن . ئىرادەڭگە مۇخالىپ ئىش قىلىشىڭنىمۇ خالىمايمەن . چۈنكى ، سەن تولىمۇ جاسارەتلىك ئايال . مېنىڭ سەندىن كۈتىدىغان ئۈمىدىم بۇنىڭدىن كېيىن يەنە داۋاملىق جاسارەتلىك بول . بالىنى ياخشى قاتارغا قوش . ئۇ ھەرگىز دادىسىنى دوراپ قالمىسۇن . ئۆزۈڭنى كۆپرەك ئاسرا . چۈنكى ، بالىمىزغا سەن بولمىساڭ بولمايدۇ ، قېرىپ قالغان ئاتا ـ ئانامغىمۇ سەن بولمىساڭ بولمايدۇ…

ئۇنىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ سۆزلىيەلمەي قالدى . كۆزىدىن يامغۇرغا ئوخشاش تۆكۈلگەن ياش مەڭزىنى بويلاپ ئېقىپ چۈشتى . ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ تەلەي ئۆزىنى ئوڭلاپ بولغۇچە سۇغا ئۆزىنى

ئاتتى . جىمجىت دالىدا «خەير ـ خوش ، ھەممىسى ساڭا قالدى !» دېگەن سادا ياڭراپ كەتتى .

تەلەي يىغلىدى ، قاقشىدى . قەھرى بىلەن ئۆركەشلەۋاتقان سۇنى بويلاپ جېنىنىڭ بارچە يۇگۇرۇپ كېتىۋېتىپ ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ كەتتى . ئۇنىڭ پۇتۇن ئەزايى چىلىق ـ چىلىق تەرگە چۆمگەنىدى .

ئۇ شۇنداق ئۇچۇق كۆرگەن چۈش ئۇنىڭ ئارامىنى ئېلىپ كەتتى . قانداق قىلسا بولىدىغانلىقىنى بىلەلمەي خېلى بىر ۋاقىتچە ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى .

تەلەي كېتىۋېتىپ كۆڭلىگە نۇرغۇن نەرسىلەرنى پۈكتى . قېينانىسىنىڭ غەمكىن يادىڭغۇ چىرايى كۆز ئالدىغا كەلگەندە يۈرىكى بىگىز تىققاندەك ئېچىشىپ كەتتى . ئۇنى كۆرمىگىنىگىمۇ نەچچە كۈنلەر بولۇپ كېتىپتۇ . ھازىرقى ئەھۋالى قانداقراق تۇرغاندۇ ؟ ھېلىمۇ يېرىم كېچىدە ، تاڭ سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ ، ئوغلىنىڭ ئاياغ تىۋىشىنى تىڭشاۋاتقانمىدۇ ؟ ئۇ ھەقىقەتەنمۇ كۆپ جاپا چەكتى . ئانا بولماق نېمانداق تەستۇ ـ ھە ؟

ئانا ئۇنى ھويلىدا قارشى ئالدى . ئېتىكىدىكى تەمەشلەرنى تونۇر بېشىغا تۆكۈپ ، ئىككى قولىنى كەڭ يايغىنىچە ئۇنى باغرىغا باستى .

— جېنىم بالام ، كۆز قارىچۇقۇم . تىنچ ـ ئامان تۇردىڭمىزمۇ ؟ ئايىغى چىقماس ئۆيىنىڭ ئىشلىرى بىلەن بولۇپ كېتىپ سىزنى يوقلاپ كېلىشكىمۇ ۋاقىت چىقىرالمىدىم . دادىڭىزنىڭ خىيالى بىر يەردە ئەمەس . بۇرۇنقى ۋاققاستىن ئەسەرمۇ قالمىدى ، قارىسا ئادەمنىڭ ئىچى ئاغرىيدۇ...

تەلەي قېينانىسىنىڭ سۆزلىرىنى ناھايىتىمۇ يىراق بىر يەردە ئاڭلاۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدى . ھازىر ئانىنىڭ كۆڭلى بىر يەردە بولمىغاچقا ، كاللىسىدا بولۇپ ئۆتكەن نۇرغۇن ئىشلار ئەكس ئېتەتتى .

ئانا كېلىنىنىڭ سۆزلىرىنى جىمجىت ئولتۇرۇپ ئاڭلىدى .

كـۆڭلىدە يۈز بېرىۋاتقان ئۆزگىرىشلەرنى چاندۇرماسلىق ئۈچۈن سوغۇق بىر خىل كەيپىياتتا مىدىرلاپ قويدى . كېلىنىنىڭ ھېلىمۇ سالاۋاتنىڭ غېمىنى يەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغىنىدا ، قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىگە يوشۇرۇپ قويغان مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلىۋېتىشكە تاس قالدى . ئوغلىنىڭ «خۇش بولۇپ قالاي ، جېنىم ئاپا ، بۇ ئىشنى ئۇ ھەرگىز ئۇقۇپ قالمىسۇن ، مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە يـۈزۈم يـوق» دېـگـەن ئـاۋازى جاراڭلىمىغان بولسا سالاۋاتنىڭ نەدىلىكىنى دەۋەتكەن بولاتتى .

— سۇ دېگەن ياخشىلىقنىڭ ، پاكىزلىقنىڭ ئالامىتى ، قىزىم . ئۇنىڭ سۇغا ئۆزىنى ئېتىپ ئاققىنىغا قارىغاندا ، ئىشلار يامانلىققا ئـەمـەس ، بەلكى ياخشىلىققا يۈزلىنىدىكەن . سالاۋات ئاقلىنىپ ، گـۇناھسىزلىقى ئىسپاتلىنىدىكەن . تاڭ سەھەردە ئادەمگە شادلىق بېغىشلايدىغان خەۋەر ئەكەلگىنىڭىزگە رەھمەت .

تەلەينىڭ يۈرەكلىرى ئويناپ كەتتى . ئانىنىڭ دېگەنلىرىگە قىل سـىـغـىـش مـۇمكىن ئەمەس ئىدى . دۇنيادا چۈش دېگەن تولا . ئادەمنىڭ ئەقلىنى لال قىلىپ ، كۆڭلىگە شادلىق بېغىشلايدىغان بۇنداق چۈش ھەممە ئادەمگە نېسىپ بولىۋەرمەيدۇ . دېمەك ، سالاۋات تـىـنچ ـ ئامان . ئۇ پات ئارىدا ئۆزى ياخشى كۆرگەن كىشىلەر ئارىسىغا قايتىپ كېلىدۇ .

— ئۇنداقتا بىز قانداق قىلىمىز ؟ ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كـۈتـۈپ ئـۆيدە ئولتۇرىۋېرىمىزمۇ ؟ بەلكىم ئۇنىڭ يەيدىغانلىرى قالمىغاندۇ ؟ كىيىملىرى يىرتىلىپ كىر بولۇپ كەتكەندۇ ؟ !

تـەلـەي يەنە نۇرغۇن سۆزلەرنى دېمەكچى بولغان بولسىمۇ ، داۋاملىق سۆزلەۋېرىشنى لايىق تاپمىدى . ئانىنىڭ كۆزىدىن ئەگىگەن ياش ئۇنىڭ دېمەكچى بولغانلىرىنى يالماپ كەتتى .

— رەھـمـەت قـىزىم ، رەھمەت ! خۇدايىم بىرىڭىزنى مىڭ قـىـلـىـپ ، مۇراد ـ مەقسىتىڭىزگە يەتكۈزەر . ماڭـا مۇشـۇ سۆزىڭىزنىڭ ئۆزىلا يېتىپ ئاشىدۇ . مەن سىزدىن مىڭ مەرتىۋە رازى .

ئانىنىڭ كۆزىدىكى ياش يىپى ئۈزۈلگەن مارجانغا ئوخشاش تۆكۈلۈپ كەتتى . ئۇ يىغلاۋاتاتتى . ھەسرەتلىرىنى ئىچىگە يۇتۇپ ، ئۈن ـ تىنسىز يىغلاۋاتاتتى . تەلەيىنىڭمۇ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ ، كۆزىدىكى ياش يامغۇرغا ئوخشاش تۆكۈلۈپ كەتتى . ئۇ قېيىناناسىنىڭ بويىنىدىن قۇچاقلاپ ، ئۇنىڭ باغرىغا سىڭىپ كەتمەكچى بولغاندەك بىر خىل قىياپەتتە ئۆكسۈيتتى . ئانىمۇ ئۇنىڭ بېشىدىن سىلاپ ، باغرىغا مەھكەم باستى . بۇنىڭ بىلەن ئۇزۇندىن بېرى يىغىلىپ قالغان ھەسرەتلىك ياشلار بىراقلا تۆكۈلۈشكە باشلىدى . تەلەي ئۆيگە قايتىپ كېلىپ خېلى ئۇزۇنغىچە قەلبىدە كۆتۈرۈلگەن ھېسسىياتىنى باسالمىدى . كۆز ئالدىدىن سالاۋاتنىڭ چۈشكۈن ھەم بىچارە تۇرقى كەتمەي ، يۈرىكى لازا قويغاندەك ئېچىشىپ كەتتى . غايىبتىن كېلىۋاتقان بىر ئاۋاز ئۇنى سالاۋاتنى ئىزدەشكە ، ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا ئۈندەيتتى . سالاۋات ماڭا موھتاج ، ئۇنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە قول قوۋۇشتۇرۇپ قاراپ تۇرسام بولمايدۇ ، دېگەننى ئويلىغاندا يۈرىكى ئىختىيارسىزلا قاتتىق سېلىپ كەتتى . ئالدىرىغانسېرى ۋاقىت كەينىگە سۈرۈلۈپ كېتىۋاتقاندەك ، ھەرىكەتلىرى قولاشمايۋاتقاندەك بىلىندى . ئۇ تەييارلىقىنى تۈگىتىپ سىرتقا چىققاندا ئەل ئايىغى تېخى بېسىقمىغانىدى . شۇڭا ، بىرئاز كۈتۈشكە توغرا كەلدى . ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى تەقەززالىق ئۇنى ئالدىرىتاتتى . بالدۇرراق يولغا چىقىپ ، بالدۇرراق مەنزىلگە يېتىشنى ئويلايتتى . ئۇنىڭ سەۋر ـ تاقىتى تۈگەپ ، پۇت ـ قوللىرى ھەرىكەتكە كەلدى . كوچىغا چىققاندىن كېيىن ئەتراپقا ئىنچىكىلىك بىلەن كۆز يۈگۈرتۈپ ، ئېقىپ كېتىۋاتقان يۈرىكىنى ، كۆڭلىنى تىنچىتىش ئۈچۈن دېمىنى ئىچىگە يۇتتى . ئەگەر تونۇش ـ بىلىشلەردىن بىرەرى ئۇچراپ قالغۇدەك بولسا دەيدىغان گەپلىرىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ ، مەھەللىنىڭ سىرتىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى . كەچكى شەپەق تارقاپ ، زېمىن قاراڭغۇلۇق ئىلكىگە ئۆتكەن بولسىمۇ ، ئەل ئايىغى يەنىلا بېسىقمىغانىدى . تەلەي مەھەللىدىن چىقىپ يولنىڭ يېرىمىنى

بېسىپ بولغۇچە كۆڭلىنى پەقەتلا تىندۇرالمىدى . ئۇنىڭ ئوي - پىكرى سۆيۈملۈك مەھەللىسىگە ، ئىللىق ئائىلىسىگە يۆتكەلگەن چاغدا ، نېرۋىلىرى تىرسىلداپ كەتتى . ئەنە ئانىسى ، شۇ تاپتا ئانىسى ئۇنىڭغا چۆچەك ئېيتىپ بەرمەكتە . سورىغان سوئاللىرىغا ئەستايىدىللىق بىلەن جاۋاب بەرمەكتە . ئارزۇ - ئارمانلىرىنى بايان قىلىپ ، پەند - نەسىھەت قىلماقتا . ئەنە قوشنىلار ، ئۇلارمۇ بۇ ئائىلىنىڭ بەختىگە ئورتاق بولۇپ ، تېخىمۇ بەكرەك روناق تېپىشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرۈشمەكتە . ئەزەلدىن ئاز گەپ قىلىپ ، ئاز كۈلىدىغان دادا بىر خىل خۇشخۇيلۇق ئىچىدە ئىشىككە يۆلىنىپ ، قولۇم - قوشنىلارغا بىرنېمىلەرنى دېمەكتە . يەنە ئويلىمىغان داڭلىق ئادەملەر دادىسىغا دەستە - دەستە گۈللەرنى تۇتماقتا...

ئۇ كېتىۋېتىپ نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئويلىدى . ئويلىغانسېرى كۆڭۈل كۈيلىرى داۋالغۇپ كەتتى . ئەتراپ قاراڭغۇ ئىدى . يېقىنلا بىر يەردە ھۇۋۇقۇشنىڭ سايرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى . بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى . قەدىدىنى رۇسلاپ سايراۋاتقان قۇشنى تاپماقچى بولغاندەك بىر خىل قىياپەتتە ئۇيان - بۇيانغا قارىدى . قۇلاق تۈۋىدە باشقىلاردىن دائىم ئاڭلايدىغان «ھۇۋۇقۇشنىڭ سايرىشى شۇملۇقنىڭ ئالامىتى» دېگەن سۆز ياڭراپ ، كۆڭلى تېخىمۇ بىئارام بولۇپ كەتتى . ئۇ چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ ، بۇ يەردىن تېزرەك كېتىۋېلىش ئۈچۈن تېز - تېز قەدەم بىلەن يۈرۈپ كەتتى .

ئۇنىڭ ئالدىنى دەريا توسۇپ تۇراتتى . ئۇ دەريانى بەك ياخشى كۆرەتتى . ھەر قېتىم دەريادا چۆمۈلگەندە ، ئىنزھار قىلىپ بولمايدىغان بىر خىل شادلىققا چۆمەتتى . دەريا ئۇنىڭغا خۇشاللىق ھەم كۈچ - قۇدرەت ئاتا قىلىپلا قالماي ، يەنە ئۇستىدىكى مەينەتچىلىكلەرنى يۇيۇپ ، ئۇنى يېپيېڭى ئادەم قىلىپ چىقاتتى .

سۇ سوغۇق بولسىمۇ سالاۋات كىيىمىنى يېشىپ دەريادىن كېسىپ ئۆتتى . گەرچە باش ئەتىياز بالدۇر يېتىپ كەلگەن بولسىمۇ ، تاغۇتاشتىكى قار - مۇزلار ئۇزۇل - كېسىل ئېرىپ بولمىغاچقا ، دەريانىڭ ئېقىنى كۈچلۈك ئەمەس ئىدى .

تەلەي قەددىنى يەنە بىر قېتىم رۇسلاپ ئەتراپقا زەن سالدى . بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ قويۇق ئۆسكەن چاتقاللار ئادەمنىڭ ئىچىگە قورقۇنۇش سالاتتى . يېقىنلا بىر يەردە «تەلەي» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى . تەلەي تۇرۇپ قالدى . ئۇ بۇ ئاۋازنى تونۇغانىدى . ئەگەر مۇشۇ ئاي ، مۇشۇ كۈنلەردە قاتتىق دەككە - دۈككە ئىچىدە ياشاۋاتقان بولسىمۇ ، ئەمما ھالقىلىق پەيتكە كەلگەندە ھەممىنى ئۇنتۇپ ، ئۆزىنى بۇ دۇنيادىكى بىردىنبىر ئادەمدەك سېزەتتى . ئۇ ئاڭلىغان ئاۋاز سالاۋاتنىڭ ئاۋازى ئىدى .

كۈچلۈك بىر جۈپ قول ئۇنى بېلىدىن قۇچاقلاپ ئۆزىگە تارتتى . تەلەي ئۇنىڭ ھاسىراۋاتقانلىقىنى ، تىترەۋاتقانلىقىنى روشەن ھېس قىلدى . ئۇ قوۋۇرغىلىرىنىڭ قارسىلداپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزمىگەن ھالدا سالاۋاتقا مەھكەم يېپىشتى . شۇ تاپتا ئىككى گەۋدە بىر - بىرىگە سىڭىپ كېتەيلا دەپ قالغانىدى . سالاۋات ھاياجان ئىلكىدە بىرنەرسىلەرنى دېگەن بولسىمۇ ، تەلەي ئۇنىڭ نېمىلەرنى دېگەنلىكىنى ئېنىق ئاڭلىيالمىدى...

تەلەي قاراڭغۇدا سالاۋاتنىڭ چىرايىنى ئېنىق كۆرەلمىگەن بولسىمۇ ، ئەمما پەرەز قىلدى . كۆڭۈل ئويىدا ئۇنىڭ جۇدەڭ ، ساقال - بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ كەتكەن چىرايى روشەن ئەكس ئېتىپ تۇراتتى . ئۇ گويا چالا بوغۇزلانغان موزايغا ئوخشاش تىپىرلايتتى ، ھاسىرايتتى . بېشى بىلەن ئىككى قولى كونتروللۇقىنى يوقاتقاندەك ئۇنىڭ مەيدىسى بىلەن بەدىنى ئۈستىدە مىدىرلايتتى . ئۇ مۇشۇنداق بىر ھالەتنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقىنى پەرەز قىلغان بولسىمۇ ، لېكىن ئىشلار بەك تۇيۇقسىز يۈز بەرگەچكە ، بۇ ئىشلارنىڭ راستلىقىغا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى . ئۇ ئۆزىنى بىھوش سېزىپ ، تەگرىدىن تاڭ ئاتماسلىقىنى ، ئەڭ بولمىغاندا تاڭ ئېتىش ۋاقتىنى بىرنەچچە كۈن بولسىمۇ كېچىكتۈرۈپ بېرىشنى تىلىدى . ئۇنىڭ قورقۇنچ باسقان رېئاللىققا قايتقۇسى ، ئازاب - ئوقۇبەتمۇ تارتقۇسى يوق ئىدى .

سالاۋات قولىنى تەلەينىڭ بېلىكىدىن بوشاتتى - دە ، بېشىنى

بۇراپ ئۇنىڭ چىرايىغا تىكىلدى . ئىككى ئېغىز شۇنچىلىك يېقىن ئىدىكى ، ھەتتا ئېلىشۋاتقان نەپەسلىرىمۇ بىر - بىرىنىڭ يۈزىگە ئىسسىق ئۇرۇلاتتى . تەلەي گەۋدىسىنى كۆتۈرۈپ سالاۋاتقا قارىدى . كېچە قاراڭغۇسىدا ئۇ سالاۋاتنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ قاراۋاتقانلىقىنى كۆرمىگەن بولسىمۇ ، ئەمما نەپەس ئېلىش رىتىمىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن ، ئۆزىگە ئوتلۇق تەبەسسۇم قىلىۋاتقانلىقىنى سەزدى . ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى يالقۇنلۇق مېھىر - مۇھەببەت گۈركىرەپ پۈتكۈل ئورمانلىق يانغىنغا ئايلانغاندەك يېنىپ كۆيۈۋاتاتتى . كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان كۆڭۈل رىشتىسى بىر - بىرىنى مەھكەم باغلاپ ، ئۆمۈچۈك تورىدەك ئۇلارنى ئىسكەنجىگە ئېلىۋاتاتتى . ئۇلار گەرچە كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى تۆكۈپ قىزغىن پاراڭلاشمىغان بولسىمۇ ، تىنىقى ، يۈرىكىنىڭ تېپىرلىشى ئارقىلىق بىر - بىرىنىڭ كۆڭلىدىكى سۆزلىرىنى چۈشىنىپ بولغانىدى . تەلەي گەپ قىلىشقا تەمشىلىۋىدى ، سالاۋات ئۇنىڭ ئاغزىنى توسۇۋالدى .

— ئۆيگە كېتەيلى ، — دېدى تەلەي پىچىرلاپ ، — سىز مېنىڭ ھاياتىم ، مېنىڭ بارلىقىم ، مېنىڭ ھەممە نەرسەم ھەتتاكى جېنىممۇ سىز ئۈچۈن پىدا . ماڭا پەقەت سىز بولسىڭىزلا بولدى . سىزنى ھەر كۈنى كۆرۈپ تۇرسام ماڭا شۇنىڭ ئۆزىلا كۇپايە . بۇ يەر خەتەرلىك ، تېزدىن ئۆيگە كېتەيلى .

تەلەينىڭ سۆزلىرىدىن سالاۋات ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدى . ئىلگىرى ئۇ كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ ، تەلەينىڭ دىلىنى رەنجىتكەنلىكىنى ئويلاپ يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدى . ئۇ ئىزدىگەن ھەم يەتمەكچى بولغان بەختى ھالقىلىق پەيتتە يۈزىنى ئۆرۈپ تاشلاپ كەتتى . ئاشۇ «بەخت» ئۈچۈن ھەممىدىن كەچكەن سالاۋات ئاخىر بېرىپ تىكەندەك يالغۇز قالدى . ئۇنىڭ تۇنجۇققان قەلبى تەسەللىگە موھتاج بولۇپ تۇرغاندا ، كۆزىگە ئەينى چاغدا ئالىۋاستى بولۇپ كۆرۈنگەن تەلەي پەيدا بولۇپ ، ھەسرەتلىرىگە ئورتاقلاشتى . ھەممە نەرسە ئەھمىيىتىنى يوقاتقان بۈگۈنكى كۈندە

تەلەي ئۇنىڭ ئالدىدا بىردىنلا پەرىشتە سۈپەت ئۇلۇغ ئىنسانغا ئايلاندى. مانا ئەمدى بولغۇلۇقنىڭ ھەممىسى بولدى. ياق دەپ يېنىۋېلىشقا ئازراقمۇ ئىمكان قالمىغانىدى. تەلەي تۇساتتىنلا يۈز بەرگەن ئىشلارغا پۇشايمان قىلمىغان بولسىمۇ نېمىشقىدۇر شۇنداق ئويلاپ قالدى. سالاۋاتنىڭ تىنىقى يەنە شۇ بۇرۇنقىدەكلا ئۆتكۈر ئىدى. ئۇنىڭ قورسىقىنىڭ ئاچ ياكى توق ئىكەنلىكىنى سوراش شۇ چاغدىلا تەلەينىڭ ئېسىگە كەلدى. سالاۋات ئۇنى ئۆزىدىن سەل - پەل نېرى قىلىپ، ئۆزىگە تونۇش بولغان بىر جۈپ كۆزىگە ئاچ كۆزلۈك بىلەن تىكىلدى. تەلەي ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ھېلىقىدەك ھالەتنى ئوچۇق كۆردى. ئۇمۇ ئەنە شۇنداق ھېسسىياتنىڭ تۈرتكىسىدە لاغىلداپ تىترەپ كېتىۋاتاتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، سالاۋاتنىڭ قۇچىقىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقتى.

— ئۆيگە كېتەيلى. كەينىمدىن مېڭىڭ. ئۆي تولىمۇ بىخەتەر. سىزنىڭ ئۆيۈمدە ئىكەنلىكىڭىزنى ھېچكىم خىيالىغا كەلتۈرمەيدۇ.

سالاۋات ئۈنچىقمىدى. خۇددى كىچىك بالىدەك بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە تەلەينىڭ كەينىدىن ماڭدى. ئۇ ئاخىر مۇرادىغا يەتتى. ئۆزىگە تونۇش مەھەللىدىن ئۆتۈپ ھويلىغا كىرگەندە، تامىقىغا بىر نەرسە قادالغاندەك بولۇپ نەپىسى سىقىلدى.

سالاۋاتنى تاشقىرىقى ئۆيدە قالدۇرغان تەلەي پەردىلەرنى ھىملاپ ئەتتى. ھېچقانداق يوچۇق قالمىغانلىقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىنلا ئۇنى ئىچكەركى ئۆيگە باشلىدى. تەلەي مانا ئەمدى سالاۋاتقا قايتىدىن سىنچىلاپ قارىۋىدى، كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ، ئىچ - ئىچىدىن بىر خىل ئېچىنىش پارتلاپ چىقتى. ئۆيگە بارغاندا چوقۇم پەيدا بولىدۇ، دەپ تەسەۋۋۇر قىلغان قىزغىن كەيپىيات ئورنىدا كىشىنى ئېچىندۇرىدىغان، بىئارام قىلىدىغان مەنزىرە يېيىلىپ ياتاتتى. تەلەينىڭ ئالدىدا تۇرغان ئادەمنىڭ راستتىنلا سالاۋات ئىكەنلىكىگە ئىشەنگۈسى كەلمەيۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا ياداپ قۇرۇق ئۇستىخان بولۇپ قالغان سالاۋات تۇراتتى. ساقال - بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ كەتكەن بولسىمۇ، پىلدىرلاپ تۇرغان

بىر جۈپ كۆزى يەنىلا قەيسەرلىك بىلەن چاقناپ تۇراتتى . قوۋۇزىدىكى بۇلجۇڭ گۆشلىرى ئىنچىكىلەپ كەتكەن بوينى بىلەن قوشۇلۇپ ، ئۇنىڭ ھەددى ـ ھېسابسىز ئېغىر كۈنلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى . سەل ـ پەل پۈكۈلگەن قەددى ـ قامىتى ئۆزىگە يېقىنلاپ كېلىۋاتقان خەۋپ ـ خەتەرنى كۆرمەكچى بولغاندەك ئالدىغا ئېڭىشكەندى .

تەلەي ئوچاق بېشىدا چۆرگىلەپ يۈرگەندىمۇ ، تاماق قىلىپ سالاۋاتنىڭ ئالدىغا قويغاندىمۇ ئۇنىڭ بىچارە ھالىتىنى كۆز ئالدىدىن يەقەتلا نېرى قىلالمىدى . سالاۋات تامىقىنى يېگەچ تەلەيگە تىكىلدى . ئۇنىڭ قىش ئاپتىپىدا قىزارغان يۇمىلاق يۈزىدىن مېھرىبانلىق چىقىپ تۇراتتى . باھاردەك ئېچىلىپ كەتكەن چىرايىدا خۇرسەنلىك ، پەقەت مۇراد ـ مەقسىتىگە يەتكەن ئادەملەردە بولىدىغان خاتىرجەملىك ئەكس ئېتەتتى...

تەلەي ئورۇننى راسلاپ بولغاندىن كېيىن ئۈن ـ تىنسىز ھالدا كىيىمىنى يەشتى . ئىككى قولى بىلەن چېچىنى جۆندەشتۈرگەندىن كېيىن يوتقاننىڭ ئىچىگە كىرىپ ياتتى . ئۇ ئەندىشە ھەم ناز ئىچىدە ئۇخلاپ قالغان ئادەمگە ئوخشاش يەڭگىل نەپەس ئېلىپ ، سالاۋاتنىڭ ئۆزىگە تونۇش ئاياغ تىۋىشىغا قۇلاق سالدى . سالاۋات يەنە شۇ ئولتۇرغان ئورنىدا مىدىرلىماي ئولتۇراتتى . ئۇنىڭ مۈكچەيگەن گەۋدىسىدىن نېمىشقىدۇر تېخىچە ئازابلىنىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى . كۆپ ئۆتمەي ئۆيىنىڭ چىرىغى ئۆچۈپ ، پۈتۈن جاھاننى قاراڭغۇلۇق باستى .

## 31

تەلەي ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا قۇلاق سالدى . ئىشىكنى ئېچىپ قاراڭغۇلۇق ئىچىگە كۆز يۈگۈرتتى . ئەتراپ تىمتاسلىققا چۆمگەن بولۇپ تاڭ تېخى يورۇمىغانىدى . ئۇ ئىشىكنى ياپقاندىن كېيىن ھېچنېمىنى سەزمەي ئۇخلاۋاتقان سالاۋاتنىڭ قېشىغا

قىيسايدى ـ دە ، بېشىنى ئۇنىڭ كۆكرىكىگە قويدى . سالاۋاتتىن كېلىۋاتقان ئاچچىق تەر پۇرىقى تەلەينىڭ ۋۇجۇدىنى ئېرىتىپ ، قەلبىدە ئىللىق بىر سېزىم پەيدا قىلدى . ئۇ تىترەك باسقان لەۋلىرىنى ئاستا ئۇنىڭ لېۋىگە تەگكۈزدى . سالاۋات كۆزىنى ئېچىپ ئۇنى باغرىغا مەھكەم باستى .

تاغ كەينىدىن سۈبھى ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈلۈۋاتاتتى . تولىمۇ ئۇزۇنغا سوزۇلغان بىر كېچە ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۆتۈپ كەتتى . كىشىلىك ھاياتنىڭ تولىمۇ شېرىن تۇيغۇسىغا چۆمۈلگەن سالاۋات بىلەن تەلەي بىر ـ بىرىگە گىرە سالغىنىچە تاڭ سۈزۈلگەنلىكىنىمۇ سەزمەي ياتاتتى . تەلەي بىرنەرسىدىن چۆچۈگەندەك بېشىنى ياستۇقتىن يۇلۇپ ئالدى . ئەنسىزچىلىك ئىچىدە ئەتراپقا قاراپ چىققاندىن كېيىن ، يېنىدا تاتلىق ئۇخلاۋاتقان سالاۋاتقا بۇرۇلۇپ قارىدى . تەلەينىڭ قوشۇمىسى ئىختىيارسىز تۈرۈلدى . «باشقا كەلگەندە باتۇر» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى ھەقىقىي چۈشەنگەندەك بولدى . ۋىسال تەشنالىقى ئۆتۈپ كېتىپ ئۇنىڭ ئورنىغا رەھىمسىز رىيئاللىق دەسسىگەن چاغدا تەلەينىڭ قەلبىنى چۇلغىۋالغان دەككە ـ دۈككىمۇ غايىب بولدى . ئۇ ئۆزىنى بىردىنلا پىشىپ يېتىلگەندەك ، ھېچ نەرسىگە پەرۋا قىلمايدىغان گىگانت ئادەمدەك ھېس قىلدى . ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەمدى بۇ دۇنيادا ئەنسىرىگۈدەك ھېچ نەرسە قالمىغانىدى .

. تاڭ ئاتتى . تەلەي ئۆيلىنىش ئارقىلىق بۇ خەۋەرنى قېينانىسىغا يەتكۈزۈش قارارىغا كەلدى . بالا دەردىدە يۈرەك ـ باغرى كاۋاپ بولۇۋاتقان ئانا بۇ خەۋەرنى ئاڭلىسا قانداق قىلار ؟ بەلكىم قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي قالار ، خۇشاللىقىدا نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالار .

دەرۋازىغا قولۇپ سېلىۋاتقان تەلەي شۇلارنى ئويلىدى . سالاۋات ھازىرچە گۇناھكار بولغىنى بىلەن ھامان بىر كۈنى ئاقلىنىپ چىقىدۇ ، — دېگەن ئۈمىد ئۇنىڭ كاللىسىدا توختىماستىن ئەگىپ يۈرەتتى . ئۇنىڭ مۇشۇ بەخت تۈپەيلىدىن ئەسلىي ھالىتىگە

قايتىپ كەلگەنلىكى ئۇنى تولىمۇ خۇش قىلىۋەتكەنىدى . سالاۋاتنىڭ چىن دىلىدىن بىلدۇرۇۋاتقان رايىشلىقى ، كۆزىدىكى ساختىلىقتىن خالىي سەممىيلىكنى كۆرۈش ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان خەۋپنى ئۇنتۇلدۇرۇپ ، ئاجايىپ شېرىن تۇيغۇلار ئىچىدە مەست بولۇشىغا سەۋەبچى بولاتتى . قانداقلا بولسۇن ، ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايدىغان ، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق كۆيۈنۈشكە ، ئىلتىجاغا ئىگە بولغانلىقىدىن خۇش بولاتتى .

تۇيۇقسىز كەلگەن بۇ خەۋەر ئانىنى چۆچۈتۈۋەتتى . ئۇ خۇددى قاتتىق ئۇخلاۋاتقان كىشى تۇيۇقسىز ئويغانغاندا ئۇندەرىگەندەك هالەتتە داڭقاتقىنىچە تۇرۇپ قالدى . خۇددى مۇهىم بىر ئىشنى ئېسىگە ئالماقچى بولغاندەك كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى قوشۇمىسى ئۇستىگە قويۇپ بىرپەس تۇردى ، ئاندىن ئىشىكنى ئالدىراپ ياپتى :

— بۇ قانداق گەپ ، بالام؟ سىز راست دەۋاتامسىز ؟

ئۇنىڭ تۇرقىدىن بۇ گەپلەرگە ئىشەنمەيۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى . تەلەي ئانىنىڭ تىكىلىپ قارىشىغا بەرداشلىق بېرەلمەي بېشىنى تۆۋەن سالدى .

— راست دەۋاتىمەن ، ئانا ، ئۇ هازىر ئۆيدە ئۇخلاپ قالدى . بۇنداق مۇهىم ئىشنى ئالدى بىلەن سىزگە خەۋەر قىلاي دەپ بۇ يەرگە كېلىشىم . بۇنىڭغا پەقەت سىزلا چارە تاپالايسىز .

ئانا ئولتۇرۇپ قالدى . بۇنداق بولىدۇ دەپ ئويلىمىغاچقا ، دەماللىققا نېمە دېيىشىنى بىلەلمەيۋاتاتتى . بىر هېسابتا ئۇنىڭ ئۆيىگە ساق ـ سالامەت كەلگىنىمۇ چوڭ ئىش ئىدى . يەنە كېلىپ بۇ ئەتراپتا ئەڭ بىخەتەر جاي تەلەينىڭ ئۆيى . سالاۋاتنىڭ تەلەيگە قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنى بۇ يەردىكىلەرنىڭ هەممىسى بىلىدۇ . هېچكىممۇ تەلەينى بۇنداق قىلىدۇ دەپ ئويلىمايدۇ . بولغۇلۇق بولدى ، قانداق قىلىش توغرىسىدا بىر قارارغا كەلگۈچە ئۇنىڭ شۇ يەردە تۇرغىنى ياخشى .

— ئەمىسە سىز هازىرنىڭ ئۆزىدىلا قايتىپ كېتىڭ . بۇ ئىشنى ئەمدى ئىنس ـ جىنغا تىنغۇچى بولماڭ . ئىككىمىزدىن باشقا

ھېچكىم بىلمىسۇن . مەن ھايال بولماي كەينىڭىزدىن بارىمەن .
كېلىنىنى يولغا سېلىۋەتكەن ئانا ئويلىنىپ قالدى . ئانا بىر چاغلاردا شۇنداق بولۇشنى ئۇمىد قىلغان . بىراق ، ئەينى چاغدا سالاۋات ئۇنى «كۆرەر كۆزۈم يوق» دېگەن . مانا ئەمدى بىردىنلا قارارىنى ئۆزگەرتىپ ئۇنى ئىزدەپ كەپتۇ . تەلەي ئالتۇنغا تېگىشكۈسىز ياخشى ئايال . بىر ئادەمگە قارىغاندا ئىككى ئادەمنىڭ ئەقلى كۆپ بولىدۇ . ئىشلاردا بىر - بىرىگە ھەمدەم بولۇشىدۇ .
ئانا نېمە ئۈچۈندۇر ئۆينى ، ھويلىنى تەپسىلىي كۆزىتىپ چىقتى . ئېرى تۇنۇگۇن قاراڭغۇ - ماراڭغۇدا چىقىپ كەتكەنچە قايتىپ كەلمىگەچكە ئۆينى قۇلۇپلاپ كوچىغا چىقتى . تەلەي خۇددى يىغلىشقا كېتىۋاتقان كىشىدەك قەددىنى تىك تۇتۇپ ، چىرايىنى ئۆزگەرتمىگەن ھالدا ئەتراپقا نەزەر تاشلىدى . ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزىگە تونۇش نۇرغۇن شادلىقلار بىلەن قايغۇ - ھەسرەتلەرنى ئاتا قىلغان تونۇش كوچا سوزۇلۇپ ياتاتتى . يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى كۆك بىلەن بوي تالاشقان سۇۋادان دەرەخلەر ئۇنىڭ كۆزىگە قايغۇ - ئەلەم ئىچىدە ئىككى ياققا تەۋرىنىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى . ئۇ ئاشۇ دەرەخ سايىلىرىغا ، شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان ئېرىق سۈيىگە قارىغىنىچە شېرىن ھېس - تۇيغۇلارغا چۆمدى .
خىيال سۈرگىنىچە ئۆيگە كىرگەن تەلەي كارىۋات ئۈستىدە بەخۇدۇك ئۇخلاۋاتقان سالاۋاتقا مېھرى بىلەن قاراپ قويدى . تەلەي بوسۇغىدا بىرپەس تۇرغاندىن كېيىن ، كەينىگە بۇرۇلۇشىغا سالاۋات مىدىرلاپ ئورنىدىن تۇردى ۋە ئۇنىڭغا قاراپ :
— رەھمەت ساڭا ، مەن سەن بولغاچقىلا بۇ دۇنياغا يېڭىدىن تۆرەلگەندەك شۇنداق خاتىرجەم ، شۇنداق شېرىن ئۇخلاپتىمەن . ئالدىڭدا تولىمۇ خىجىلمەن . ماڭا قىلغان ياخشىلىقلىرىڭنى بۇ دۇنيادا قايتۇرالمىسام ، ئۇ دۇنيادا چوقۇم قايتۇرىمەن ، — دېدى .
— بۇ نېمە دېگىنىڭىز ؟ ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا تەكەللۇپ سۆز كېتەمدۇ ؟ بۇ مېنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىم . ئوتتۇرىلىقتىكى بولار - بولماس ئىشلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، بىز

يەنلا بىر ئائىلە كىشىلىرى . مەن سىزنى چىن قەلبىمدىن ياخشى كۆرىمەن . ماڭا سىز بولمىسىڭىز بولمايدۇ ، دۇنياغا كۆز ئېچىش ئالدىدا تۇرغان بالىمىزغا سىز بولمىسىڭىز بولمايدۇ ، — تەلەي گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمىدى .

— مېنى كەچۈرگىن ، قاتتىق ئۇخلاپ كەتكەچكە تاڭ ئېتىپ كەتكەنلىكىنىمۇ بىلمەي قاپتىمەن . قائىدە بويىچە ئاخشاملا كېتىشىم كېرەك ئىدى . مېنىڭ ساڭا يەنە ئاۋارىچىلىك تېپىپ بەرگۈم يوق . ئۆزۈم تاپقان بالانى ئۆزۈم يىغىشتۇرمىسام مېنى ئەمدى تەڭرىمۇ كەچۈرمەيدۇ .

تەلەينىڭ دىماغلىرى ئېچىشىپ كەتتى . سالاۋات چىن يۈرىكىدىكى گەپنى قىلدى . ئۇ تەلەينى ئاياۋاتاتتى ، ئاسراۋاتاتتى . باشقا ئىش قىلىپ بېرىش قولىدىن كەلمىسىمۇ ، سەمىمىي ساداقىتى بىلەن ئۇنىڭ بۇ ئىشقا چېتىلىپ قالماسلىقى ئۇچۇن بۇ يەردىن كېتىشكە تەييارلىنىۋاتاتتى . تەلەي ئالدىراپ قالدى . دەماللىققا نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قىمچىلىپ كەتتى .

— يوقىلاڭ خىياللاردا بولماڭ ، ئاپام ھازىرلا يېتىپ كېلىدۇ . قالغان گەپنى ئاپام كەلگەندىن كېيىن مەسلىھەتلىشىپ بىرنەرسە دېيىشەيلى ، مەن سىزنى ھازىر كەتكۈزۈۋېتەلمەيمەن . قاراڭ تۇرقىڭىزغا ، ئاجىزلاپ ئەرۋاھقىلا ئوخشاپ قاپسىز . ئەنسىرەپ كەتكۇدەك ئىش يوق .

سالاۋات نېمە دېيىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى . ئۇنىڭ كۆزلىرىدە شۇ تاپتا ھەيرانلىقتا بىر خىل سۆيۈنۈش تەپچىپ تۇراتتى .

— ئاپام كېلەمدۇ ؟ بۇنى ماڭا نېمىشقا بالدۇرراق دېمىدىڭ ؟ ماۋۇ ئىشنى ؟ !

ئۇ ئالدىراپ ـ سالدىراپ كىيىنىشكە تۇتۇندى . كەينىگە بۇرۇلغان تەلەي بوسۇغىدىن ئاتلاپ ئىشىكنى ياپتى . كەينىدىنلا ھويلىدا گۈلدۈرلىگەن ئاۋازلار ئاڭلىنىپ ئىشىكنى ئېچىپ كىرگەن ئانا ئوغلىنى باغرىغا بېسىپ ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى .

— يىغلىمىغىن ئاپا ! ئۆزۆڭمۇ ئاران تۇرسەن ، سەن بۇنداق قىلساڭ مەن ئوڭايسىزلىنىپ قالىدىكەنمەن . بىز ئاخشام تۇيۇقسىزلا ئۇچرىشىپ قالدۇق . ئۇ بوي بەرمەي مىنى ئۆيگە باشلاپ كەلدى . سەن توغرا دەپتىكەنسەن ، ئاپا ، تەلەي ھەقىقەتەن ياخشى ئىكەن .

ئانا كۆزىدىكى ياشنى سۇرتتى . ئىككى قولى بىلەن سالاۋاتىنىڭ كۆزىنى سىلاپ ئۇنىڭغا ئۇزاق تىكىلدى .

— ئۇ ماڭا ھەممىنى دىدى . سىلەرنىڭ يىڭىۋاشتىن جەم بولغىنىڭلارنى كۆرۈپ بەك خۇش بولدۇم . تەلەي ياخشى ئايال ، ھازىر ئۇنداق ئاياللارنى تاپماق ئاسان ئەمەس .

ئانا - بالىنىڭ گەپ - سۆزلىرى تۈگەي دىمەيتتى . ئانا - بالىنى ئۇزاق - راق پاراڭلىشىۋالسۇن دەپ ئويلىغان تەلەي ھويلىدا خىلى ئۇزۇن ۋاقىت ئۆزىنىڭ ئىشى بىلەن مەشغۇل بولۇپ يۈردى .

بىر ھەپتىمۇ ھەش - پەش دىگۈچە ئۆتۈپ كەتتى . قايغۇ - ھەسرەتكە تولغان جۇدالىق پەيتلەر ئاخىر يىتىپ كەلدى . ئانا بىلەن تەلەي سالاۋاتىنىڭ نەرسە - كىرەكلىرىنى جايلاشتۇرۇشقا كىرىشتى . تەلەي ئۆزى كۆڭۈل قويۇپ پىشۇرغان يىمەكلىكلەرنى بىر خالتىغا سالدى . خالتىنىڭ ئىچىدە سۇرلەنگەن گۆشمۇ ، بوغۇرساقمۇ ، ماي ئارىلاشتۇرۇلغان تالقانمۇ ، مىۋە - چىۋە ۋە نانمۇ بار ئىدى . ئانا قولىنى ئىگىز كۆتۈرۈپ ئوغلىغا دۇئا قىلدى . سالاۋاتمۇ خوشلىشىدىغان چاغدا دەيدىغان گەپلىرىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغانىدى . ئەمما ، ماڭار ۋاقتىدا گىپىگە بىرنەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك ، دىمەكچى بولغان سۆزلىرىنىڭ بىرىنىمۇ دىيەلمىدى . تەلەينىڭمۇ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ دەيدىغان گەپلىرىنى سىرتقا چىقىرالمىدى . لىۋىنى مەھكەم چىشلىگىنىچە كۆزىدىن قۇيۇلۇۋاتقان ياشقا ئىگە بولالماي ئىسەدەپ كەتتى .

سالاۋات قاراڭغۇلۇق ئىچىدە دەريادىن يەنە بىر قېتىم كىسىپ ئۆتتى . كۈنىنىڭ ئىسسىقى بىلەن دەريا يۈزى ئۆرلەپ ، سۇ ئاستىدىكى دولقۇنلار كۆپىيىپ كەتكەچكە ، ئۇ پۈتۈن ماھارىتىنى

ئىشقا سىلىپ ئۆزدى .
ئـۇ ۋاقــىتنى توغرا مۆلچەرلىيەلمىگەنلىكتىن ، مەھەللىدىن چــىقىپ تاغ باغرىغا يېتىپ بارغۇچە تاڭ ئېتىپ كەتتى . ئەمدى قەدىمىنى بۇرۇنقىغا قارىغاندا بىر ھەسسە تېزلەتمىسە ئۆڭكۈرگە يېتىپ بارغۇچە يەر - جاھان قۇياش نۇرىغا چۆمۈپ كېتەتتى . ئۇ شۇلارنى ئويلاپ غەيرەتكە كەلدى .

## 32

سالاۋات بۈگۈن كەتتىنىڭ سىرتىدىكى ئورمانلىققا يەنە كەلدى . كۆز ئالدىدا ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن مەھەللىسى ، كەڭرى كەتكەن ئېــتــىــزلــىق ، تالاي كېچىلەرنى ھاياجانلىق ئىچىدە ئۆتكۈزگەن كۆپكۆك ئاسمان تۇراتتى . قۇلىقىغا مەھەللە تەرەپتىن كېلىۋاتقان كۈلكە - چاقچاق بىلەن ناخشا ئاۋازى ئاڭلانماقتا ئىدى . بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزى ناھايىتى ياخشى بىلىدىغان ھەم ئىشتىراك قىلغان تەسىرلىك كۆرۈنۈشلەر .
سـالاۋات گـويـا ئـالدىغا سەكرىمەكچى بولغاندەك بىر خىل قــىــيــاپــەتــتــە ئـۆز ئورنىدا تۇرىۋەردى . ئەتراپىنى بولۇق چاتقال ئورمانلىقى ئوراپ تۇراتتى . يىلتىزدىن تۇپلەپ چىققان بۇ ئورمانلار شـۇنـچــىــلــىك زىچ ئۆسكەنىدىكى ، ھەتتا ئارىسىدىن تورغايلارمۇ ئۆتەلمەيتتى . شاختىن - شاخقا قونۇپ سايراپ يۈرگەن خىلمۇخىل قۇشلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، بۇ يەرنىڭ جىمجىتلىقى كىشىگە ئادەم ئـايـىغى بېسىلمىغان ئىپتىدائىي ئورمانلىقنى ئەسلىتەتتى . سەل نېـرىـدا تولغىنىپ كېلىۋاتقان دەريا سۈيىنىڭ قۇياشتا تاۋلانغان كۈچلۈك نۇرى قېلىن چاتقاللار ئارىسىدىن ئۆتۈپ كۆزگە روشەن تاشلىنىپ تۇراتتى . ئۇ شۇنچە كۆزىتىپمۇ قارشى تەرەپتە ھېچقانداق غــەيــرىــي نــەرســىــنــى ســەزمــىــدى . سالاۋات بۇنداق بولار دەپ ئـويــلــىمىغانىدى . ئۆيدىن قايتىپ كەلگەن ئىككى كۈن ئىچىدە نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئويلىدى . توساتتىنلا ئەپيۈنگە خۇمار بولۇپ

قالغان ئادەمدەك مەھەللىسىگە بارغۇسى كېلىپ كەتتى . ئۇنى سىرلىق بىر كۈچ مەھەللىگە بېرىشقا ئۈندەيتتى . ئۇ قايتا ـ قايتا ئويلىنىش ئارقىلىق ئاپىسىنىڭ جېكىلىگەنلىرىنى يادىدىن چىقىرىپ ، ئۆڭكۈردىن چىقتى...

سالاۋات دېمىنى ئىچىگە يۇتتى . بېشىنى كۆتۈرۈپ ئورمانلارغا ، كۈمۈشتەك تولغىنىپ ئېقىۋاتقان ئەزىم دەرياغا قارىدى . ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ دۇنيادا ھەممىدىن مۇقەددەس بىلىنگەن ئادەم بولۇپ يېتىلىشى ئۈچۈن ھەددى ـ ھېسابسىز قۇربانلارنى بەرگەن ، تالاي ئېغىرچىلىقلارنى كۆتۈرۈپ چوڭ قىلغان ئۆيى ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغا سوزۇلغان كوچىنىڭ بىر بېشىدا خىرە ـ شىرە كۆرۈنۈپ تۇراتتى . ئۇ ئۆزىگە بەكمۇ تونۇش مەھەللىسىگە قاراپ خورسىندى . ئۆيدىن ئاخىرقى قېتىم يېنىپ چىققاندا دەرۋازىنىڭ بىر تەرىپى ئۇلتۇرۇشۇپ قىڭغىيىپ قالغانىدى . ئۇ ئۆزىچە بۇ قېتىم كەلگەندە دەرۋازىنى چۈۋۈپ ، زامانغا لايىق قىلىپ ياساشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى . ئەمما ، تەقدىر ئۇنىڭ بۇ ئويىنى تىرىپىرەن قىلىپ دەرۋازا ئەمەس ، ھويلىدىكى بىر تال ياغاچنىمۇ ئۇياقتىن ـ بۇياققا يۆتكەش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلدى .

سالاۋات ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز ئازابتا قالغانىدى . قەلبىدە پەيدا بولغان بىر كۈچ ئۇنى قىلىشقا تېگىشلىك بولمىغان ئىشنى كەينىگە سۈرمەسلىككە ئۈندەۋاتاتتى . ئۇ ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ چاتقاللىقتىن چىقتى ـ دە ، ئەتراپقا بىرقۇر سەپسېلىۋەتكەندىن كېيىن يولغا چۈشتى .

ئۇ بارغانلا يەردىكى تونۇش مەنزىرىلەر ئۇنىڭ خاتىرىلىرىنى قوزغايتتى . ئېتىزلىقلار ، بىر ـ بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن توپىلىق يوللار ، ھەر خىل شەكىلگە كىرىپ قالغان قەدىمىي تېرەكلەر ، ئاندا ـ ساندا ئۇچراپ قالىدىغان قورام تاشلار ، تاغ باغرىدىن تاغ چوققىسىغىچە سوزۇلغان چاتقال ئورمانلىرى ، جىغان توپىدىن ھاسىل بولغان ھەيۋەتلىك توقاينىڭ ئارىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان سۈزۈك ئاسمان ، تاش يېرىقلىرىدىن بۇلدۇقلاپ ئېتىلىپ

چىقىۋاتقان سۈپسۈزۈك بۇلاق سۈيى ، كۆز يەتكۈسىز ئېگىزگە سوزۇلغان جىلغا ئۈستىدە ئەگىپ يۈرگەن بۈركۈت ، قۇمايغا ئوخشاش ئۇچارقاناتلار ئۇنىڭ كۆزىگە ئۆتۈپ كەتكەن ئاجايىپ گۈزەل ئەسلىملەرنى يېڭىۋاشتىن نامايان قىلاتتى . ئۇ ئاشۇ يۈرەكنى ھاياجانغا سالىدىغان ، قايغۇ - ھەسرەتلەرنى قوزغايدىغان ھاياجان خاتىرىلىرىنى ئەسكە ئالماسلىققا تىرىشقانسېرى ، ئاشۇ ئەسلىملەر كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ ئۇنىڭغا ئارام بەرمەيتتى .

سالاۋات چوڭقۇر خىيالغا پېتىپ كەتكەچكە ، ئالدى تەرەپتىن كېلىۋاتقان ئادەم بىلەن دوقۇرۇشۇپ قېلىشقا تاس قالدى . ئالدى تەرەپتىن دادىسى ئېغىر قەدەم تاشلاپ كېلىۋاتاتتى . ئۇنىڭمۇ كالىلىسى جايىدا بولمىغانلىقتىن ئۆزىنى ئارانلا دالدىغا ئېلىشقا ئۈلگۈرگەن ئوغلىنى كۆرمەي قالدى . دادا ئېغىرلاشقان گەۋدىسىنى تەستە كۆتۈرۈپ ، توقايلىقنىڭ چېتىدىكى قورۇقنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى ۋە ھايال بولمايلا چىلان تورۇق ئاتنى يېتىلەپ چىقتى . دادىسى بۇ ئاتنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى . شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئالماشتۇرۇشقا كۆزى قىيماي بېقىپ كېلىۋاتاتتى . تورۇقنىڭ بىردىنبىر ھۈنىرى ياۋاش ، ھارۋىنى ياخشى تارتىدىغان بولغاچقا دادا ئۆزى يېمىسىمۇ ئاتقا يېگۈزەتتى . ئىشتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئېرىنمەستىن يېتىلەپ يۈرۈپ سۇۋۇتاتتى .

سالاۋات ھودۇقۇش ئىچىدە كۆزىنى ئاتتىن يۆتكەپ دادىسىغا قارىدى . ئۇ دادىسى بىلەن مانا مۇشۇنداق يەردە ئۇچرىشىپ قالىمەن دەپ ئويلىمىغاچقا ، ھاياجاندىن تىترەپ كېتىۋاتاتتى . ئۇ يوشۇرۇنغان جايدا دېمىنى ئىچىگە يۇتقىنىچە دادىسىنىڭ چىلان تورۇقنىڭ ئۈستىۋېشىنى ئەستايىدىللىق بىلەن سىلىغانلىقىنى ، يالىنى تاراپ بويىنىدىن قۇچاقلىغانلىقىنى كۆردى . دادا شۇ تاپتا ئىچىدىكى دەرد - ئەلىمىنى ئۇزۇن يىللىق دوستى بولغان تورۇققا تۆكۈپ ، ئۈن - تىنسىز يىغلاۋاتقاندەك قىلاتتى . سالاۋاتنىڭ

بىر دىنلا ۋۇجۇدى تىترەپ ، دىمىغىغا قاڭسىق بىر نەرسە تىقىلغاندەك بولدى . ئەگەردە ئاپىسىنىڭ «بالام پەۋقۇلئاددە داداڭ بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالغۇدەك بولساڭ ، ئۆزۈڭنى چەتكە ئال ، ئۆزۈڭنى چەتكە ئالالمىغان چاغلىرىڭدا ئۇنىڭ سۆزىگە كىرىپ ، ئىرادەڭگە خىلاپ ئىشلارنى قىلىپ سالما ، ئۇنىڭ قاتماللىشىپ كەتكەن كالىلىسى يەنە شۇ بۇرۇنقى زاماندا» دېگەن سۆزى قۇلاق تۈۋىدە ياڭرىمىغان بولسا يوشۇرۇنغان يېرىدىن چىقىپ دادىسىنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئاتقان بولاتتى . دادا بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپقا قاراپ قويغاندىن كېيىن ، تورۇق ئاتنى يېتىلەپ قەدىمىنى يۆتكىدى .

دادا كەتتى ، ئۇنىڭ ئەسلىدىنلا ئازابلىنىپ تۇرغان قەلبىگە تۇز سەپكەندەك ، كۆزىگە غىل ـ پال كۆرۈنۈپ قويۇپلا كېتىپ قالدى .

سالاۋات پۈتۈن زېھنىنى يىغىپ ئەتراپقا سەگەكلىك بىلەن كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى . خەۋپ ـ خەتەرنىڭ يوقلۇقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن قەدىمىنى يۆتكەپ يولغا چىقتى . سالاۋات كېتىۋېتىپ ئالدى تەرەپتە يورغىلاپ كېتىۋاتقان كەكلىكلەرنى كۆرۈپ قالدى . ھازىرچە بۇ يەرگە ئادەملەر كۆپ كەلمىگەچكە كەكلىكلەرنىڭ تاغدىن چۈشۈپ بەخۇدۇك يايرايدىغان ۋاقتى ئىدى . ئۇ بىردىنلا كۆزىنىڭ چۆرىسىدە قىپقىزىل چەمبىرىكى بار كەكلىكلەرگە قىزىقىپ قالدى . بىر چاغلاردا دادىسىنىڭ تاغدىكى بىر تونۇشى ئۇنىڭغا ئادەمنىڭ زوقىنى تارتىدىغان چىرايلىق بىر جۈپ كەكلىك ئەكېلىپ بەرگەنىدى . ئۇنىڭ خىيالىنى ئالدى تەرەپتىن كېلىۋاتقان ئاياغ تىۋىشى بۇزدى . سالاۋات چۆچۈپ كېتىپ دەرھال ئۆزىنى دالدىغا ئالدى . ئۇچ ساقچى ئۇنىڭدىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردە توختاپ تاماكا چەكتى . سالاۋات يوشۇرۇنغان يېرىدىن تېزرەك ئايرىلمىسا بولمايتتى . ھەر قاچان يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان خەۋپ ـ خەتەر ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئەگىپ يۈرەتتى . بىراق ، شۇ پەيتتە ئۇنىڭ خەۋپ ـ خەتەرنى ئويلاشقا چولىسى تەگمەيتتى . چۈنكى ، ئۇ ئۆزىگە شادلىق ھەم بەخت ئاتا قىلىدىغان ئۆيىنىڭ ئالدىغىلا كېلىپ قالغانىدى . ئەنە تەلەي

ئۇنىڭغا قاراپ تەبەسسۇم قىلماقتا . قوللىرىنى كەڭ يېيىپ ئۇنى باغرىغا بېسىشقا تەييارلانماقتا . ئۇ ئائىلىنىڭ ئىللىقلىقىنى ، تۇرمۇشنىڭ تىل بىلەن ئىپادىلىگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە لەززەتلىك ئىكەنلىكىنى ئۆيىدە قونغان ئاشۇ كۈنلا ھېس قىلغانىدى . تەلەيىنىڭ ۋۇجۇدىدىن تارالغان ، ئەمما كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان سىرلىق نۇر ئۇنىڭغا خۇشاللىق ئاتا قىلىپلا قالماي يەنە تېخى ھېچ نەرسىگە پىسەنت قىلمايدىغان روھ ئاتا قىلدى . قەلبىدىكى قورقۇنچ بىلەن ۋەھىمە غايىب بولۇپ ، كۆڭلىدىكى بۇلۇتلۇق ئاسماندا قۇياش پەيدا بولغاندەك يورۇپ كەتتى . ئۇ بۇ دۇنيادا ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاخىرقى بىر كۈنى ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلىدىغانلىقىنى بىلەتتى . شۇڭا ، مەيلى قانچىلىك ياشىسۇن ، ئىش قىلىپ قەلب رىزقى تۇگەپ كۆزنى يۇمۇۋالغۇچە ياخشىراق ياشاشنى كۆڭلىگە پۈكتى .

ساقچىلارنىڭ بىرى ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ، ئايغىنى ئوڭلىدى . ئۇنىڭ ئىڭىشكەندە چىققان تىنىقىنى سالاۋات ئېنىق ئاڭلىدى .

— مېنىڭچە دەريادىن ھازىرلا ئۆتۈپ ، قاراڭغۇ چۈشكۈچە ئۇ تەرەپتە ساقلايلى . ۋاققاس بەلكىم بۈگۈن ئۆيىدىن يەنە چىقىشى مۇمكىن . ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا ئۇنىڭ كەينىگە ئادەم سېلىپ قويۇش پۈرستى چىقىدۇ . شۇندىلا ئۇنىڭ نەگە بېرىپ ، نەدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ، كىملەر بىلەن ئالاقىلىشىپ ، كىملەر بىلەن پاراڭلاشقانلىقىنى بىلەلەيمىز .

ياندىكى ساقچى ناھايىتى ئاستا سۆزلىگەن بولسىمۇ ، سالاۋات ئۇنىڭ گېپىنى ئېنىق ئاڭلىدى . ئۇ شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان ئاپشاركىنى كۆردى . ئۇ گەرچە ئۇلارنىڭ بۇ يەردە نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمىسىمۇ ، دەريادىن ئۆتۈپ دادىسىنى ساقلايدىغانلىقىنى بىلدى . ھېلىمۇ ياخشى مەھەللە تەرەپتىن ئۇرۇپ تۇرغان سەلكىن شامال بولغاچقا ، ئاپشاركا بىر ئادەمنىڭ يېقىنلا



يەردە يوشۇرۇنۇپ ياتقانلىقىنى بىلەلمەي قالدى ، بولمىغان بولسا…

سالاۋاتنىڭ پۇت ـ قولىدا جان قالمىدى . ئۇنىڭ تەلپىگە ساقچىلار ھايال بولمايلا يۈرۈپ كەتتى . ھەممە نەرسە سۇنىڭ كۆپۈكىدەك غايىب بولدى . خېلىغىچە ئورنىدىن تۇرۇشقا پېتىنالمىغان سالاۋات تەسلىكتە ئۆرە بولۇپ دۆڭدىن پەسكە چۈشتى .

مەھەللىدىكى ئىتلارنىڭ ئارىلاپ ـ ئارىلاپ قاۋىغان ئاۋازى ، ياشلارنىڭ توختىماي ئېيتىۋاتقان مۇھەببەت ناخشىسى ، تۇيغۇننىڭ ئاجايىپ ماھارەت بىلەن چېلىۋاتقان ئېغىز گارمونى ئاڭلاندى . دېمەك ، مەھەللىدە توي بولغان . قىز كۆچۈرۈشكە ماڭغان ياشلار مانا مۇشۇنداق ناخشىلارنى ئېيتىدۇ . بىراق ، بۇلارنىڭ ھەممىسى نېمە ئۈچۈندۇر سالاۋاتنىڭ قۇلىقىغا يېقىملىق ئاڭلىنىپ ، يۈرەك ـ باغرىنى ھاياجانغا سالالمىدى . ئۇ پەقەت مەھەللە تەرەپتىن كېلىۋاتقان خىلمۇخىل ئاۋازلارنىڭ ئۇنىڭ تۇرمۇشىدىن بارغانسېرى يىراقلاپ كېتىۋاتقانلىقىنىلا ھېس قىلدى . ئۇنىڭغا قاينام ـ تاشقىنلىق تۇرمۇشنىڭ ئۆزى بولمىسىمۇ يەنىلا بۇرۇنقىدەك داۋاملىشىۋاتقانلىقى ئەلەم قىلاتتى . ئۇ جان قايغۇسىدا قېچىپ يۈرۈپتۇ . بۇ يەردە بولسا تۇرمۇش ئاۋۋالقىدەكلا . ئۇنىڭسىز باشقىلارنىڭ ھېچ يېرى كېمىيىپ قالمىغان . ئىتلار يەنە شۇ بۇرۇنقىدەكلا قاۋىماقتا . ياشلار مۇھەببەت ناخشىسىنى توۋلىماقتا .

سالاۋاتنىڭ كۆزىدىن ئاققان ياش بىردەمدىلا يۈز ـ كۆزىنى ھۆل قىلىۋەتتى . ئۇنىڭ ھەسرەتلىرى دولقۇنلاپ كېتىۋاتاتتى . ئۇ ئۇنتۇلۇشقا باشلىغان ۋەھىمىلىك تۇرمۇش ساقچىلارنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن ئۆز ئەكسىگە قايتتى . سالاۋات شۇنىڭدىنلا دادىسىنىڭ ئۆزىنى كېچە ـ كۈندۈز ئىزدەۋاتقانلىقىنى بىلدى .

تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىدى . چارچاپ كەتكەن سالاۋات قۇياش تاغ تەرەپتىن كۆتۈرۈلگەندە ئۆڭكۈرنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى . يۈرىكى ئۆرۈلۈپ ، پۇت ـ قولىدا جان قالمىغان بولسىمۇ ،

غەيرىتىنى يىغىپ ئۆڭكۈر ئىچىگە كىردى . قۇياشنىڭ قىزغۇچ نۇرىدا پۈتۈن دالا تاۋلىنىپ تۇراتتى .

## 33

باھار كەلدى . ھويلا - ئارامىلاردا دەرەخلەرنىڭ ھال رەڭ چېچەكلىرى غۇچچىدە ئېچىلدى . ئەتراپنى ئادەم مەستخۇش قىلىدىغان خۇش پۇراق ھىدلار بىر ئالدى . كۈن بىردىنلا ئىسسىپ كەتكەچكە ، ئىلى دەرياسى تېشىپ ، قىرغاقتىكى ئۆيلەرنى ، باغۋارانلارنى سۇ بېسىپ كەتتى . دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئارالمۇ سۇ ئاستىدا قېلىپ ، پەقەت چاتقاللارنىڭ ئۇچىلا كۆرۈنۈپ قالدى . ئانا ئۆركەشلەپ تۇرغان دەرياغا بىرپەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ، ئايغىنى يېشىپ سۇغا كىردى . ئانا دەريانى ياخشى كۆرەتتى . قىز چاغلىرىدا دائىم دېگۈدەك قېلىن چاتقاللار كەينىگە ئۆتۈپ ، سۇغا چۆمۈلەتتى . جانغا راھەت مۇزدەك سۇ ئۇنىڭ ئىچ پۇشۇقىنى ئېلىپ ، بۇ دۇنياغا قايتىدىن تۆرەلگەندەك ئۆزىنى يەپيەڭگىل ھېس قىلدى . ئانا بېشىنى كۆتۈرۈپ ئالدىدىكى ئورمانلىققا نەزەر تاشلىدى . ئورمانلىق ئۇيقۇدا ياتقان غايەت زور مەخلۇقتەك سوزۇلۇپ ياتاتتى . ئورمانلىق ئۇنىڭغا جاسارەت ئاتا قىلىپلا قالماي ، يەنە ئۇنىڭغا چەكسىز مېھىر - مۇھەببەت ئاتا قىلدى . ئۇنىڭ ئۇ يەردە شادلىققا تولغان نۇرغۇن ئىزلىرى قالغانىدى . ئۇ كۆزىنى يۇمۇۋىدى ، قۇلىقىغا شوخ يىگىتلەرنىڭ گۇس - گۇس دەسسەشلىرى ، بەرنا قىز - چوكانلارنىڭ يېقىملىق كۈلكە ئاۋازى ئاڭلانغاندەك قىلدى . بۇ خىل قىيقاس - چۇقانلارنىڭ دالىدىكى تورغايلارنىڭ سايرىشى ، يىراقتىن كېلىۋاتقان دەريا شاۋقۇنى بىلەن گىرەلىشىپ رىتىمسىز ، ئاجايىپ بىر خىل كۆرۈنۈشلەرنى ھاسىل قىلغىنىنى ھازىرمۇ ئۇنىڭ ئېسىدە....

يىراقتىن كىمدۇر بىرىنىڭ ھەسرەتلىك ناخشىسى ئاڭلاندى .

ئانىجان يادىمدا بار ،
تىنماي ئازاب چەككەنلىرىڭ .
كېچىلىرى ئۇخلىماي ،
ئاق سۈت بېرىپ باققانلىرىڭ .

ئانىجان يادىمدا بار ،
تىنماي ئازاب چەككەنلىرىڭ .
ئون سەككىزگە كىرگۈچە ،
شام بولۇپ ئاققانلىرىڭ .

ئانا ئۈمچەرەپ كەتتى . ئۇنىڭ ھەسرەتلىرى مۇشۇ دەريا سۈيىگە ئوخشاش تېشىپ كېتىۋاتاتتى . شۇ كۈنلەردە سالاۋات نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتقاندۇ ؟ مانا بىر ھەپتىدىن بېرى ئۇ تەرەپلەرگە ئۆتكەن ئادەم يوق . چۈنكى ، ھازىرقى ئەھۋال بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدۇ . پۇقراچە كىيىنىپ ، ئۆينى ئايلىنىپ يۈرگەن ساقچىلارنى كۆرگەن ئادەم بار . ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ ئېرىنىڭ ئاغزىدىن ئۇنىڭ ئۆڭكۈرگە بارغانلىقىنى ئاڭلىدى . دېمەك ، ۋاققاس ئۆڭكۈرنى ئاخىر تاپقان . سالاۋاتنىڭ بەزى نەرسىلىرىدىن ئۇنىڭ شۇ يەردىلىكىگە ھۆكۈم قىلغان . ئىككى كۈن يېتىپ بالىنى ساقلىغان بولسىمۇ ، لېكىن بالا ئۆڭكۈرگە قايتمىغان . شۇنىڭ بىلەن ئۇ سالاۋاتنىڭ بۇ ئۆڭكۈرنى باشقىلارنىڭ بايقاپ قالغانلىقىنى سېزىپ باشقا ئورۇنغا يۆتكەلگەن ، دېگەن خۇلاسىنى چىقىرىپ قايتىپ كەلگەن . بالىنىڭ تەلەيىنىڭ ئۆيدە بىر ھەپتە تۇرغانلىقى ئالەمچە ئىش بولغان . مانا مۇشۇلار ئۇنىڭ تىنچىپ قالغان كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇپ ، يۈرىكىنى مۇجۇماقتا . بىر قىش ئۇخلاپ يېڭىۋاشتىن كۆكلەپ چىققان شۇمبۇيىغا ئوخشاش غەش قىلماقتا . ئانا سۇدىن چىقىپ ، موزايلارنى ئالدىغا سېلىپ ماڭغاندىمۇ ئۇلارنى ئويلاپ ماڭدى . قاراڭغۇ چۈشۈش ئالدىدا تۇراتتى . تاغ كەينىگە مۆكۈشكە ئالدىراۋاتقان قۇياشنىڭ ئاجىز نۇرىدا ئانىنىڭ يۈزىدىكى قورۇقلار تېخىمۇ روشەنلىشىپ ،

ئۇنى تېخىمۇ بىچارە ھالغا كىرگۈزۈپ قويدى . قانداق قىلىش كېرەك ؟

ئانا ئاخىر بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى تەلەيگە دېيىش نىيىتىگە كەلدى . ھازىر ئۇنىڭغا پەقەت تەلەيلا ياردەم بېرەلەيتتى .

تەلەي ئانىنىڭ ئېيتقانلىرىنى قاتتىق ئىزتىراپ ئىچىدە ئولتۇرۇپ ئاڭلىدى . ئانىنىڭ يۈرەكنى مۇجۇپ ، كۆڭۈللەرنى بىئارام قىلىدىغان ھەربىر ئېغىز سۆزى تەلەينىڭ يۈرەك - باغرىنى تىلغاپ ئۆتتى . ئۇ ئانىنىڭ تىترەۋاتقان لەۋلىرىدىن ئەھۋالنىڭ ھەقىقەتەن ئېغىرلىقىنى ھېس قىلدى .

— مەن سالاۋات بىلەن ئۇچراشقانلىقىمنى ، ئۇنىڭ تۇرۇۋاتقان ئورنىنى بىلىدىغانلىقىمنى سىزگە دېمىگەنىدىم ، بالام ، ئەمدى سىزگە دېمىسەم بولمايدۇ ، سىز ئۇ يەرگە بېرىپ سالاۋاتنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى ئۇقۇپ كېلىڭ . ئۇ ھازىر بىزنىڭ ياردىمىمىزگە ، تەسەللىرىمىزگە موھتاج ، — ئانا گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي يۆتىلىپ كەتتى .

تەلەي ئانىنىڭ كۆزلىرىدىن بىر خىل يېلىنىش ئالامىتىنى كۆردى . ئانا يۆتىلىنى توختىتىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، — گەرچە ئەھۋال مۇرەككەپ بولسىمۇ ، بۇ يەردە ھېچكىم سىزدىن گۇمانلانمايدۇ . ھازىر ئۇنىڭغا ياردەم بېرەلەيدىغان بىردىنبىر ئادەم ئىككىمىز . ئەمىسە شۇنداق بولسۇن ، ھەممە ئىش سىزگە قالدى .

تەلەي بېشىنى لىڭشىتتى . چىمەلتەك قولىنى ئاغزىدا چىشلىگىنىچە ئۇن - تىنسىز ياش تۆكتى . ئۇنىڭ دولقۇنلىنىۋاتقان ھەسرەتلىرى يۈرىكىنى پارە - پارە قىلىپ ، كۆزىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلۈشكە باشلىدى . يۈرىكىنىڭ ئاستىنقى قاتلىمىدا كۆيۈۋاتقان بىر ئوت ۋۇجۇدىنى ئۆرتەيتتى .

تەلەي ئەل ئايغى بېسىققاندا ئۆيىدىن سوغۇرۇلۇپ چىقتى . گەرچە ئۇنىڭ قورسىقى يوغىناپ ، يۈرۈش - تۇرۇشىدا ئۆزگىرىش بولغان بولسىمۇ ، يەنىلا ھەممە خەۋپ - خەتەرنى قايرىپ قويۇپ يولغا چىقتى . يېقىندىن بېرى ئۇنىڭ مىجەزى بىردىنلا ئۆزگىرىپ

جـــمـمـغـۇر ، خىيالچان ، ئۆزىنى باشقىلاردىن قاچۇرىدىغان بولۇپ قــالــدى . ئۇنىڭ پۈتۈن ھېسسىياتى كۆز ئالدىدىكى قورقۇنچلۇق رېئاللىقنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش بىلەن بەند ئىدى . ئويلاپ تېـگـىـگە يەتكىلى بولمايدىغان چىگىش تۈگۈن ئۇنىڭ ئەقلىنى ، زېـھـنـىـنـى ، كۈچ - قۇۋۋىتىنى خورىتىۋاتاتتى . تەلەي ئەتراپقا سـەگـەكـلـىـك بـىـلـەن كۆز يۈگۈرتتى . كېچە قاراڭغۇ بولغاچقا ھـېـچـنېمىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى . پەقەت ئۆزىنىڭ نەپەس ئېلىشىدىن باشقا ھېچقانداق شەپە ئاڭلانمايتتى .

سالاۋات تەلەي كەلگەندە بېشىنى پۈركەپ بۇ دۇنيادىن بىخەۋەر تــاتـلـىـق ئـۇخـلاۋاتـاتتى . تەلەي كېلىپ نوقۇغان چاغدىلا گويا قورقۇنچلۇق مەخلۇققا دۈچ كېلىپ قالغاندەك ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ، ئەتراپقا ئالاقزادىلىك بىلەن قارىدى . ئۇ تەلەينىڭ ھامان بـىـر كـۈنـى ئـۆزىنى ئىزدەپ كېلىدىغانلىقىنى بىلسىمۇ بۈگۈن كـېـلـىـدىـغـانلىقىنى ، يەنە كېلىپ بۇنچە كەچ كېلىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغاچقا يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كېتىشكە تــاس قالدى . ئۇ بىر خىل خاراموشلۇق ئىچىدە ئالدىدا تۇرغان تەلەيگە خېلى ۋاقىتچە چەكچىيىپ قاراپ تۇردى .

— مـېـنـى كـەچـۈرۈڭ ، تـۇيـۇقـسـىـز كـېـلـىـپ سىزنى چۆچۈتۈۋەتتىم . ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ساق - سالامەت . ئاپامىمۇ شۇنداق ئوبدان تۇرۇۋاتىدۇ . بۇ قېتىم مېنى ئاپام ئەۋەتتى .

تەلەي زورۇقۇپ چۈشەندۈردى . بىراق ، بۇ چاغدا سالاۋاتنىڭ قۇلىقىغا ھېچ نەرسە كىرمىدى . دەسلەپتە ئۇ تەلەينىڭ سۆزلىرىگە قـۇلاق سـېـلـىـپ ئـاڭـلاپ ، كـۆڭـلـىـدە بـىـر خـىـل لەززەتكە ئوخشىمايدىغان ، يۈرىكىگە نەشتەردەك سانجىلىۋاتقان ئازابنى ھېس قىلدى . ئۇنىڭ ھەم لەززەتكە ئوخشايدىغان ، ھەم ئوخشىمايدىغاندەك ھېس قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسى تۇرمۇشتا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەر بولغاچقا ، بەزىدە ئۆزىنى قانات ياساپ كۆكتە پەرۋاز قىلىۋاتقاندەك ، ھېچ نەرسىگە تەگدىشى يوق يېگانە باتۇردەك سەزسە ، شۇنىڭغا ئۇلاپلا مەيدىسىنى كېرىپ ، قەددىنى رۇسلاپ مەغرۇر يۈرگەن ۋاقىتلىرىنى

ئەسكە ئالدى . ئەنە شۇ چاغدىكى خاتىرىلەر ئۇنىڭ ئېسىدە ھېلىمۇ شۇنداق ئېنىق تۇرۇپتۇ . بىراق ، سالاۋاتقا بۇ ئەسلىمىلەر ھازىر شۇنداق مەنىسىز ، شۇنداق تۇتۇرۇقسىز ، كۆڭۈلنى بىئارام قىلىۋاتقاندەك بىلىنەتتى . شۇ تاپتا ئاشۇ ئىشلار ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن بولماستىن ، باشقا بىرىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەندەك ، تەلەي ئۇنىڭغا قايسىبىر كىتابتىن مۇھەببەت ھېكايىسى ئوقۇپ بېرىۋاتقاندەك ، ئۆزىمۇ نەچچە مىڭ ياشقا كىرىپ قالغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدى . يەنە كېلىپ ھازىر ئاشۇ ئەسلىمىلەرنى ئەسكە ئېلىشنىڭ نېمە ھاجىتى ؟ بىر گۇناھكارغا ، بىر قاچاققا نىسبەتەن ئۇنىڭ قىلچىمۇ ئەھمىيىتى يوق . بىراق ، بۇلارنى تەلەي راستتىنلا بىلمەمدىغاندۇ ؟ راستتىنلا ھېس قىلمىغانمىدۇ ؟

بىر كېچىلىك سەپەر ھاردۇقىدىن كېيىن تەلەينىڭ پۇت - قوللىرى بوشىشىپ ، كۆڭلىدە بىر خىل ئازادىلىك ھۆكۈم سۈرەتتى . ئۇ دەيدىغانلىرىنى دەپ بولغاچقا ، ئىچىدىكى قاراڭغۇلۇق بىردىنلا تارقاپ ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئاجايىپ يارقىن ، يۈرەككە ئارامبەخش ئېتىدىغان يورۇقلۇق ئىگىلەپ ، ھەممە نەرسىنى سۆيۈملۈك ھەم قەدىرلىك كۆرسىتىۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى . ئۇنىڭ ھازىرقى ھېسسىياتى ئۇزۇن ۋاقىت دەشتى - چۆللەردە ئادىشىپ بىردىنلا ئۆزىنىڭ يۇرۇق ، ئازادە ئۆيىگە كېلىپ قالغاندەك ھېسسىيات ئىدى . بۇنداق ھېسسىيات ئۇنى ھەممە كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئۇنتۇشقا ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئالغا قاراپ مېڭىشقا ئۈندەيتتى . ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ سالاۋاتنىڭ غەم باسقان چىرايىغا قارىغىنىچە ئۇيقۇغا كەتكىنىنى تۇيماي قالدى .

تەلەينىڭ مەيدىسىگە قويغان بىر جۈپ نازۇك قولى نەپەس ئېلىش بىلەن تەڭ بىر كۆتۈرۈلۈپ بىر چۈشۈپ تۇراتتى . بىر - بىرى بىلەن ھىملەشكەن لېۋى نېمە سەۋەبتىندۇر بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەيتتى . سالاۋات ئۇنىڭ ئاپتاپتا يېرىلغان بولسىمۇ يەنىلا گۈزەللىك پارلاپ تۇرغان چىرايىغا ئۇزاق قاراپ ئولتۇردى . ئۇنىڭغا شۇ نەرسە ئايان بولدىكى ، ئايال كىشىنىڭ تۇنجى مۇھەببىتى

راستتىنلا ئۇنىڭ قەلبىدە لاۋۇلداپ يېلىنجاپ تۇرىدىكەن . مانا تەلەيمۇ ئۆز ئۆمرىدە نۇرغۇن كۆلپەتلەرنى تارتقان بولسىمۇ، ھالقىلىق پەيتتە خەۋپ - خەتەرگە قارىماي ئۇنىڭ يېنىدا پەيدا بولدى . بۇنىڭدىن كېيىن بېشىغا قانداق كۈن كېلىدىغانلىقىدىن بىخەۋەر ئۇنىڭ يېنىدا ئۇخلاپ يېتىپتۇ .

سالاۋات بىردىنلا ئۆزىنىڭ تەلەيگە بىر ئۆمۈر تۆلەپ بولالمايدىغان قەرزگە بوغۇلغانلىقىنى ھېس قىلدى .

ھاۋا ئوچۇق بولغاچقا قۇياش زېمىننى كۆيدۈرۈۋاتاتتى . سىرتنى بىرقۇر كۆزىتىپ كىرگەن سالاۋات تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ تەلەينىڭ قورسىقىغا قولىقىنى ياقتى . بۇ دۇنياغا پات ئارىدا كۆز ئېچىش ئالدىدا تۇرغان يېڭى مېھمان گويا ئۇنىڭغا تەلپۈنۈۋاتقاندەك تېپىرلاپ كەتتى . بۇنىڭ بىلەن سالاۋاتنىڭ ۋۇجۇدى قورۇلۇپ، قەلبى ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر خىل ئازاب ئىچىدە مۇجۇلۇپ كەتتى . ئۇ ئازدى، شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ جىنايەت ئۆتكۈزدى . ئەمىلىگە قاراپ مۇكاپات ئېلىش، جىنايىتىگە قاراپ جازا تارتىلىش قەدىمدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بىر خىل ئەنئەنە . سالاۋات بۇنى ئوبدان بىلىدۇ . ئۇ ئويلاپ باققان، جىنايىتىگە توۋا قىلىپ كەڭچىلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىنىشنى تەلەپ قىلىشنى ئويلىغان . ئەمما، ھەر قېتىم مۇشۇ ئىش يادىغا كېلىش بىلەن قورساقتىكى مۇشۇ مېھمان كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ، ئويلىغان ئويلىرى تىرىپىرەن بولۇپ كەتكەن . مانا بۈگۈنمۇ ئۇ دادىسىنىڭ مۇشۇ ئويلىرىنى بىلىپ قالغاندەك تېپىرلىماقتا، ئۇنىڭغا تەلپۈنمەكتە...

سالاۋاتنىڭ كۆزىدىن سىرغىپ چىققان ياش مەڭزىنى ھۆل قىلىۋەتتى . ئۇ تۇغۇلۇش ئالدىدا تۇرغان بالىسىغا، تەلەيگە، ئاتا - ئانىسىغا يەنە نۇرغۇن ئادەملەرگە يۈز كېلەلمەيدۇ .

چۆچۈپ ئويغانغان تەلەي خۇددى چۈشەكەۋاتقاندەك ئۇندەرەپ سالاۋاتنى باغرىغا باستى . ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى، ھەتتا تىنىقىمۇ

سالاۋاتنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭىپ كەتمەكچى بولغاندەك قىلاتتى. سالاۋات بولسا مۇھەببەت يالقۇنى چەككە يەتكەندە بولىدىغان ئەسەبىيلىك ئىچىدە تىپىرلاۋاتقان جىسمىنى ئېنىق سېزىپ تۇرسىمۇ، ئۆزىنى قاتتىق تىزگىنلەپ، سوغۇق كەيپىيات ئىچىدە مىدىر قىلماي تۇردى.

— مەن دېسەم سەندە ئىككى جاننىڭ ھەققى بار. شۇڭا، ۋاقتىدا تاماق يەپ، ۋاقتىدا ئۇزۇقلىنىشقا دىققەت قىلمىساڭ بولمايدۇ، مەن ھەممىنى تەييار قىلىپ قويدۇم.

تەلەي كۈلدى، سالاۋاتنىڭ كۆكرىكىگە قويغان بېشىنى كۆتۈرۈپ، شامنىڭ نۇرىدا سۇس يېنىپ تۇرغان ئۆتكۈرنىڭ بۇلۇڭىغا قارىدى. راست دېگەندەك ئۇ يەرگە سېلىنغان داستىخاننىڭ ئۈستىدە بىرمۇنچە يېمەكلىك تۇراتتى.

— مېنىڭ ھېچ نەرسە يېگۈم يوق. ماڭا پەقەت سىز بولسىڭىزلا بولدى. بىردەم ياتايلى، سىزگە دەيدىغان نۇرغۇن يۇرەك سۆزلىرىم بار.

ئۇ شۇنداق دەپلا كىيىملىرىنى يېشىشكە باشلىدى. گەرچە ئۇ بېشىنى يوتقانغا پۈركەپ قۇلۇلىدەك تۈگۈلۈپ ياتقان بولسىمۇ، بىراق ئۇزۇندىن بېرى قەلبىنى مۇجۇپ تۇرغان قايغۇ ـ ھەسرەت يوتقانغا كىرىشى بىلەنلا يەنە كۈچىيىشكە باشلىدى.

سىرتتا ھاۋا گۈلدۈرلەۋاتاتتى... تەلەي سالاۋاتنىڭ مەيدىسىگە مەڭزىنى ياققىنىچە ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى، بۇنىڭدىن كېيىنكى پىلانلىرىنى، بۇ دۇنياغا كۆز ئېچىش ئالدىدىكى بالىسىغا تەقدىم قىلىدىغان مېھىر ـ مۇھەببىتىنى تەسىرلىك ھەم جانلىق سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ سۆزىدە كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچ، ئاجايىپ يارقىن مېھىر ـ مۇھەببەت بار ئىدى. سالاۋات ئۇزۇنغىچە جىمىپ كەتتى. ئويلىغانلىرىنى دېيىش ياكى دېمەسلىك ئۈستىدە باش قاتۇردى. ئاخىرىدا يەنىلا دېيىش قارارىغا كەلدى:

— تەلەي، بۇ گەپلەرنى ساڭا دېمىسەم بولمايدۇ. شۇڭا،

كـۆڭـۈل قـويـۇپ ياخشى ئاڭلا . مەن كۆپ ئويلىنىش ئارقىلىق ئۆزۈمنى مەلۇم قىلىش نىيىتىگە كەلدىم . چۈنكى ، ئالاقزادىلىك مـېـنـىـڭ جېنىمغا تەگدى . بۇ ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋالغاندىن مىڭ مـەرتـىـۋە يـاخـشـى ئەمەسمۇ ؟ شۇنداق بولغاندا مېنىڭ پېيىمدا يـۈرگـەنـلـەرمـۇ «ئـۇھ» دەپ ئارام ئالىدۇ . يەنە مەن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئويلىدىم . ئويلاۋېرىپ ساراڭ بولاي دەپ قالدىم .

تـەلەي دېمىنى ئىچىگە يۇتقىنىچە سالاۋاتنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالدى . ئۇ ئېرىگە نېمىدەپ تەسەللى بېرىشنى ، كۆڭلىنى قانداق ياساشنى بىلمەيتتى . ئۇ سالاۋاتنىڭ ھەسرىتىنىڭ قىيان سۈيىدەك ئۆركەشلەپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى . سالاۋاتمۇ گويا ئۆزى بىلەن ئۆزى سۆزلىشىۋاتقاندەك سۆزىنى داۋام قىلدى :

— بـولـدى ، بـۇ خىيالدىن ۋاز كەچتىم ، چۈنكى بۇ يەردە بـاشقىلار ئاسانلىقچە بايقىۋالالمايدىغان مۇھىم بىر ھالقا بار . بۇ ھـــالقىنى چـۈشەنـدۈرۈپ بېرىشــكە چـامام يېـتـەمدۇ - يوق ، بىلمەيمەن ، — سالاۋات سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە كۆزىنى بىر نۇقتىغا تىككىنىچە جىمىپ كەتتى . ئۇنىڭ قاتتىق زىددىيەت ئىچىدە قـالغانلىقى مانا مەن دەپ چىرايىدىن چىقىپ تۇراتتى . تەلەينىڭ لەۋلىرى تىتـرەپ كەتتى . ئۇ ئەزەلـدىن سالاۋاتنى بۇنداق ھالەتتە كۆرۈپ باقمىغانــدى . سالاۋات سـۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى ، — سـاڭـا چــىن كـۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن . ساڭا قىلغان - ئـەتـكـەنلىرىمنى كەچۈرۈۋېتىپ ، يەنە مېنىڭ ئېغىرچىلىقىمنىمۇ كـۆتـۈرۈپ كـېـلىۋاتىسەن . مۇشۇلارنى ئويلىسام ھازىرلا ئۆلۈپ تۈگەشكۈم كېلىدۇ . سەن بىر پەرىشتە . سەن بىر ئۇلۇغ ئىنسان . شۇڭا ، سەن ۋە ئاپام مېنىڭ نەزىرىمدە بىر ئەۋلىيا . مەن شەھەر باشلىقىنىڭ ئايالىنى ئۆلتۈرۈپ قويدۇم . ئۆزۈمنى مەلۇم قىلغىنىم بـىـلـەنـمـۇ مـېنى ھەرگىز بوش قويۇۋەتمەيدۇ . مەن ئۆلۈمدىن قورقىدىغانلاردىن ئەمەس . ئەمما ، بۇ سىلەر ئۈچۈن ئېغىر كېلىدۇ . بـولـۇپـمـۇ ، ئـاپـامـنـىـڭ شۇ چاغدىكى ھالىتىنى كۆز ئالدىمغا

كەلتۇرۇشتىن قورقمەن. شۇڭا، بىز سەۋر ـ تاقەت بىلەن بىر مەزگىل ئۆتەيلى، بەلكىم كېيىنچە بىرەر ياخشى چارە تېپىلىپمۇ قالار. پەقەت سەنلا يېنىمدا بولساڭ مەن ھېچنېمىدىن قورقمايمەن. سەن مېنىڭ ھاياتىم، بارلىقىم.

سىرتتا بىردىنلا چېلەكلەپ قۇيغاندەك يامغۇر شارقىراپ چۈشۈشكە باشلىدى. يېقىنلا يەردە چاقماقنىڭ دەھشەتلىك چاققان ئاۋازى ئاڭلاندى.

## 34

سۇبھى بىلەن تەڭ تۇتۇلغان ھاۋا كۆپ ئۆتمەستىن ئېچىلىپ كەتتى. ئاسماننى قاپلىۋالغان بۇلۇتلار تارقاپ، قۇياش ئىللىق نۇرىنى چېچىشقا باشلىدى. ھەممە نەرسە شاد ـ خۇراملىققا چۆمۈپ، پۈتۈن ئالەم يېڭىۋاشتىن ياسىنىۋاتقاندەك بىلىنەتتى. قىغ ئاستىدىن چىققان قۇرت ـ قوڭغۇزلار، تام ئاستىدىكى تۆشۈكلەردىن ماراۋاتقان «ئۆتۈكچى» لەر، ئېرىق قىرلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن ئاقۇچ ھورلار قۇياشنىڭ سېخىيلىقىغا تەنتەنە قىلىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. ھەممە نەرسە بىردىنلا ئېچىلىپ، قۇياش نۇرىغا چۆمۈلگەن زېمىن باغرىدا ھوشىنى يوقىتىۋاتقاندەك قىلاتتى.

ۋاقىقاس دالىدىن ئۆيىگە قايتىپ كېلىۋاتقان چاغدا قۇياش ئاللىقاچان تاغ كەينىدىن كۆتۈرۈلگەنىدى. ئۇنىڭ پۈكۈلگەن قەددى گويا يەردىن بىرنەرسىلەرنى تېرىپ كېلىۋاتقاندەك ھالەتكە چۈشۈپ قالغانىدى. ئۇ دالىدىن ھەيدەپ كېلىۋاتقان ماللىرىنى ئالدىغا سالغىنىچە دوقمۇشتىن ئايلاندى. ماگىزىن ئالدىدىكى سەيناغا توپلاشقان كىشىلەر ئۇنى كۆرۈپ، كۈلكە ـ چاقچىقىنى توختىتىپ، پەس ئاۋازدا كۇسۇرلىشىشقا باشلىدى. ۋاقىقاسنىڭ تەنلىرى تىكەنلىشىپ كەتتى. ئۇلاردىن خېلى ئۇزىغاندىن كېيىن، ئارقىسىدا

قاتتىق كۈلكە ئاۋازى ئاڭلاندى .
— مېنىڭ ئەمدى چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى . مەن ئۇ ئەقىلسىزنى تېپىپ سۆزلىشىمەن ، گېپىمگە كىرسە ئۇنى كۆردۈم ، كىرمىسە بۇ يەردىن كېتىمەن .
ئىشىكتىن كىرگەن ۋاققاس شۇنداق دېدى . ئۇنىڭ تۇرقىدىن ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان قاتتىق ئەسەبىيلىك چىقىپ تۇراتتى .
پاتەمخان ئۆزىگە خاپىلىق تېپىۋالماسلىق ئۈچۈن ، تىلىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان سۆزىنى ئىچىگە يۇتۇۋەتتى . شۇنداقتىمۇ ئىيرىنىڭ قىلىۋاتقان ھەرىكەتلىرىگە قاراپ يۈرىكى يىڭنە سانجىلغاندەك ئېچىشىپ كەتتى .
— نېمىدەپ شالىڭىزنى چاچىسىز ؟ بىلىپ قويۇڭ ، مەن بالىنى تالادىن كۆتۈرۈپ كىرگەن ئەمەس . ئەھۋالدىن قارىغاندا سىزنىڭ كۆڭلىڭىز بالىنى تۇتۇپ بەرمىگۈچە تىنمايدىغان ئوخشايدۇ ، يۈرىكىڭىز شۇنىڭغا چىدىسا قولىڭىزدىن كەلگىنىنى قىلىڭ . سىز بالىنى نابۇت قىلغاندىلا ئاندىن دەيدىغانىنى دېيىشەرمىز .
پاتەمخان شۇنداق دېگىنىچە يېشىنى يېڭىگە سۈرتتى .
نېرىقى ئۆيدىن ئېگەر - توقۇمنى كۆتۈرۈپ چىققان ۋاققاس توختىدى :
— مېنىڭ يۈرىكىمنى ئېچىشمايدۇ دەمسەن ؟ ھازىر ئۇنىڭ ئۈچۈن بىردىنبىر چىقىش يولى ئۆزىنى مەلۇم قىلىش . كوچا - كويلاردىكى گەپ - سۆزلەرگە قۇلاق سېلىپ باق . سەن نېمىشقىمۇ قەلبىمنى چۈشەنمەيدىغانسەن ؟ سېنىڭ گېپىڭگە كىرىپ ئۇنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتسەك ئۇ تۇگىشىدۇ . بۇ بەك خەتەرلىك . سەن كوتۇلدىساڭ كوتۇلداۋەر ، ئەمما مېنىڭ ئالدىمنى ئەمدى ھېچكىم توسۇيالمايدۇ .
ۋاققاسنىڭ يۈزىدىكى بۇلجۇڭ گۆشلەر لىپىلداپ كەتتى . پاتەمخان چۈشەندى ، ئۇنىڭ ئاخىرقى قارارغا كېلىپ بولغانلىقىنى

چۈشەندى. ئۇ بۇرۇندىن بىرەر ئىشتا بىر قارارغا كەلگەندە، يۈزىدىكى بۇلجۇڭ گۆشلەر مۇشۇنداق لىپىلداپ كېتەتتى...

ۋاققاس مەھەللىدىن چىقىپ سولغا بۇرۇلغاندىن كېيىن، تاغ تەرەپنى نىشانلاپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى ھازىر خېلىلا تىنچىپ قالغانىدى. ئايالى بىلەن دېيىشىپ قالغاندىن كېيىن كۆڭلىنى قاتتىق بىسەرەمجانلىق قاپلىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ خىل بىسەرەمجانلىق كۆپ ئۆتمەيلا تارقاپ ئۇنىڭ ئورنىنى ئانىسىنىڭ «ئانىلارنىڭ ھەممىسى بالىسىغا چىدىمايدۇ. ئۇنىڭ ئۇچۇن پەرۋانە بولۇپ ئوتتا كۆيىدۇ» دېگەن بىر خىل تەسەللىسى ئىگىلىدى. ئۇ ئايالىنىڭ ۋۇجۇدىدىن تۆكۈلۈپ تۇرغان مەيۈسلۈكنى، چۈشكۈنلۈك ئارىلىشىپ كەتكەن بىچارە قىياپەتنى كۆردى. ھازىر پاتەمخاننىڭ بۇرۇنقىدەك مەزمۇت، قەيسەر قىياپىتىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. ئۇ بالا دەردىدە تۈگىشىپلا كېتىۋاتاتتى.

تۇياقلىرى قىزىغان ئات پۇشقۇراتتى. قۇلاقلىرىنى يوپۇرۇپ ئۇياق - بۇياققا قارايتتى. ۋاققاس بېشىنى كۆتۈرۈپ ۋەھىمە پەيدا قىلىدىغان ھەيۋەتلىك قىيا تاشقا قارىدى. ئادەم بېشىغا ھازىرلا دومىلاپ چۈشىدىغاندەك تۇيغۇ بېرىدىغان قورام تاشلار ئېگىزلىكتە ئېسىلىپ تۇراتتى. ۋاققاسنىڭ كۆزىگە قورام تاش بېشىنى چىقىرىپ ئەتراپقا سەپسېلىۋاتقان ئادەمدەك كۆرۈنۈپ كەتتى. بۇنداق كۆرۈنۈشلەرنى ھەممىلا يەردە دېگۈدەك ئۇچراتقىلى بولاتتى. ئۇ يەنە قانتىنى كېرىپ ئۇچۇشقا تەمشىلىۋاتقان بۈركۈتكە، تاياق تۇتۇپ مال بېقىۋاتقان مالچىغا ئوخشايدىغان تاشلارنىمۇ كۆردى. بۇ تاشلار راستتىنلا ئادەمدە بىر خىل ۋەھىمە پەيدا قىلاتتى.

توساتتىنلا ھاۋانى تۇمان قاپلىدى. بۇنىڭ بىلەن ھەممە نەرسە ئۆز ئەكسىنى يوقىتىپ، ھەيۋەتلىك تاغ چوققىسىمۇ كۆرۈنمەي قالدى. قاراڭغۇلۇق تېزلىك بىلەن باستۇرۇپ كېلىپ، ھەممە نېمىنى يۇتۇپ كەتتى. تۇمان پەيدا قىلغان قاراڭغۇلۇق دەستىدىن بىر قەدەم نېرىدىكى نەرسىنى كۆرگىلى بولماي قالدى. كۆزىنى

يوغان ئېچىپ قارىمىسا ياكى ئۆز تۇيغۇسىنى ئۇستىلىق بىلەن ئىشقا سالمىسا مېڭىش يۆنىلىشىدىن ئادىشىپ قېلىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. كۆپ ئۆتمەستىنلا يامغۇر تامچىلاشقا باشلىدى. نېمە سەۋەبتىندۇر يامغۇر بىردەمدىلا توختاپ قالدى. قوغۇشۇندەك ئېغىر ئاسمان پەسلەپ هاۋانى سىقىپ چىقىرىۋەتكەندەك، ئېغىرلىقى تېخىمۇ روشەنلىشىپ، گەدىنىنى سىقىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. گەرچە تۇمان ئاستا - ئاستا تارقاپ ئەتراپ يورۇغان بولسىمۇ، بۇ دۇنيادا هاياتلىق ئۇزۇل - كېسىل تۈگىگەندەك، پۈتكۈل جاهان ئېغىر سۈكۈت ئىچىدە ئۇن - تىنسىز سوزۇلۇپ ياتاتتى.

سالاۋات بىردىنلا جىددىيلىشىپ قالدى. قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ، تۆت ئەتراپقا قارىدى. تۇماندىن كېيىنكى خاتىرجەملىك تارقاپ، ئۇنىڭ ئورنىنى قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان ۋەھىمە ئىگىللىدى. راستتىنلا ئالدى تەرەپتىن ئۇششاق تاشلارنىڭ شىلدىرلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتاتتى. بۇ خىل ئاۋازنىڭ پەقەت ئادەم ياكى ئات - ئۇلاغ ماڭغان چاغدىلا چىقىدىغانلىقىنى ياخشى بىلىدىغان سالاۋات ئۆزىنى دالدىغا ئالدى. يىراقتىن ئات يېتىلىۋالغان بىر ئادەم كېلىۋاتاتتى. سالاۋات دادىسىنى ئېنىق تونۇدى. ئۇ يوشۇرۇنغان ئورنىدا مىدىرلىماي، بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىۋاتقان دادىسىغا قاراپ تۇراتتى. ئۇچىسىغا تۆت يانچۇقلۇق چاپان، پۇتىغا ئۇزۇن قونچلۇق ئۆتۈك كىيگەن دادا ئۇنىڭ كۆزىگە بىر كۈندىلا قېرىپ مۈكچىيىپ كەتكەندەك بىلىنىپ كەتتى. ئۇ گويا ئېتىنى سۆرەپ ئەمەس، بەلكى ئات ئۇنى سۆرەپ ماڭغاندەك كۆرۈنەتتى. سالاۋات ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىدى. ئۇ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان كۆڭلىگە پۈكۈپ كەلگەن بىر خىل روهسىزلىق، قەددىدىن زىيادە قايغۇ - هەسرەت چىقىپ تۇراتتى. بىر چاغلاردا قەددىنى تىك تۇتۇپ يۈرىدىغان دادىدىن مانا ئەمدى ئەسەرمۇ قالمىغانىدى.

— دادا!

سالاۋات ۋارقىرىغىنىچە دادىسىغا قاراپ يۈگۈردى. دادا

چۆچۇپ كەتتى . ئۇ ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەيلا قالدى . دادا ئوغلىنى باغرىغا مەھكەم باستى ، ئاندىن ئوغلىنىڭ بېشىدىن - ئايىغىغىچە سىـەپـسالدى . سالاۋاتنىڭ ۋۇجۇدىدىن بىر خىل مەڭگۈ قۇتۇلۇپ كەتكىلى بولمايدىغان غەم - غۇسسە تۆكۈلۈپ تۇراتتى . ئۆسۈپ كەتكەن ساقال جاۋغىيىنى يېپىپ تۇرسىمۇ ، ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كـۆزىـدىن نۇرغۇن جەبىر - جاپا تارتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى . ئۇنىڭ ھازىر بىر چاغلاردىكى قوپاللىقى ، كۆرەڭلىكىدىن ئەسەرمۇ قـالـمـىـغان بـولۇپ ، چىرايىدىكى مەيۈسلۈك ئادەمنىڭ ئىچىنى ئـېـچـىشتۇراتتى . ئەمما ، ئۇ يەنىلا بىر خىل جاھىللىق چىقىپ تۇرىدىغان مەغرۇرلۇقنى ساقلاپ قالغان بولۇپ ، گەۋدىسىنى تىك تـۇتـۇپ ، قەددىنى رۇسلاپ تۇراتتى . بۇرۇن چانىقى كىرىلگەندە ئـۇنىڭدىكى بۇ خىل ئىپادە تېخىمۇ روشەنلىشىپ ، ئۇنى تېخىمۇ قەتئىي ، تېخىمۇ جاسارەتلىك قىلىپ كۆرسىتەتتى . قوشۇمىسىنى پات - پات تۈرۈپ ، بىر جۈپ كۆزىنى يىراقلارغا تىكىپ چوڭقۇر نـەپـەس ئېلىشىدىن ھېلىمۇ زېھنىي كۈچ - قۇۋۋىتىنى ساقلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغىلى بولاتتى .

— سىلەرنى خويمۇ سېغىندىم ، — دېدى دادىسىنى ئۆڭكۈرگە بـاشلاپ كىرگەن سالاۋات كۆڭلىدىكى گەپنى قىلىپ . دادا تاش ئۈستىدە بەخۇدۇك ئولتۇراتتى . ئۇنىڭ بۇ خىل ئولتۇرۇشى سالاۋاتقا تەسەللىي بېرىپ ، كۆز ئالدىدىكى قايغۇ - ھەسرىتىنى كۈچەيتىدىغان قورقۇنچلۇق مەنزىرىلەرنى ئاللىقاياقلارغىدۇر غايىب قىلىۋەتتى . قەلبىدە پەيدا بولغان ئىشەنچ ھاياتلىق يولىدىكى بارلىق توسالغۇلارنى بىتچىت قىلىپ ، سۈرئىتى چېكىگە يەتكەن پويىزغا ئوخشاش ئۇنى ئېلىپ ، مەنزىل تامان يۈرۈپ كەتتى . شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنى ھېچقاچان گۇناھ ئۆتكۈزۈپ باقمىغاندەك ئەركىن ھەم يەڭگىل سېزىۋاتاتتى .

ۋاقـقـاس نـېـمـىدۇر بىرنەرسە دېمەكچى بولاتتىيۇ ، لېكىن دېـيـەلـمەيتتى . سالاۋات دادىسىغا ھەيرانلىق ئىلكىدە تىكىلدى ، ۋاقىت قىستاپ كېتىۋاتاتتى . ۋاققاس شۇ تاپتىلا ئۆمرىدە ۋاقىتنىڭ

راستىنلا ئالتۇندىنمۇ قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئەڭ دەھشەتلىك ئاخىرقى مىنۇت يېتىپ كەلگەندە ئۇنىڭ يۈرىكى ئېغىپ، بەدىنى تىكەنلىشىپ كەتتى. ئۇ بالىنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئۆزىنىڭ ياشلىق سىيماسىنى كۆرگەندەك بولدى.

— بالام! — ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى. ئۇ غەيرەتكە كەلگەندەك قىلاتتى. سەللا كېچىكسە دېمەكچى بولغانلىرىدىن ۋاز كېچىپ قالىدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەچكە چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ سۆزىنى داۋام ئەتتى، — ماڭا چۈشەندۈرمەن دېمە، ھازىر بىزنىڭ ئالدىمىزدا ئىككىلا يول تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ بىرى قورقۇنچلۇق بولسىمۇ ئاقىۋىتى بىرقەدەر ياخشى يول. يەنە بىرى قورقۇنچلۇق بولمىسىمۇ، ئاقىۋىتى ھالاكەت بىلەن ئاياغلىشىدىغان يول. بىرىنچى يولغا پەقەت ئۆزىنى مەلۇم قىلىش ئارقىلىقلا يەتكىلى بولىدۇ. ئۇچرىشىپ قالغىنىمىز ياخشى بولدى، بالام. ئاپاڭ ئىككىمىزنى ھەسرەتتە قويماي دېسەڭ ئۆزۈڭنى مەلۇم قىل...

دادىنىڭ سۆزلىرىدىن سالاۋاتنىڭ تېنى شۈركۈنۈپ، كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى. دېمىسىمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا ئىككى يول تۇراتتى. ئۇ مەيلى قايسى يولدا ماڭسۇن، نەتىجىسى ئوخشاش. بۇنى كۆڭلى تۇيۇپ تۇرۇپتۇ.

سالاۋات ئاخىر ئويلىغانلىرىنى بىرمۇبىر ئالدىرىماستىن سۆزلىدى. ئۇنىڭ مىسكىن ئاۋازى، زورۇقۇپ چۈشەندۈرۈشلىرى دادىسىغا ئازراقمۇ تەسىر قىلمىدى. دادا بولغۇچى ئۇنىڭ سۆزلىرىنى پەقەت ئەدەپ يۈزىسىدىن چىداپ تۇرۇپ ئاڭلىدى. سالاۋات ئۇنىڭ سۈكۈت ئىچىدە بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە قاراپ ئولتۇرغىنىغا قاراپ قاتتىق بىئارام بولدى. ئۇ ھەر دائىم ئۆزىنىڭ ئاتاق - ئابرۇيى ھاقارەتكە ئۇچرىغان چاغدا مانا مۇشۇنداق ئۇيۇل تاشقا ئوخشاش ئىنكاسسىز ھالەتتە ئولتۇراتتى.

سالاۋات ئۆتكۈزگەن خاتالىقىنى ئېتىراپ قىلىش، كۆز ئالدىدا بولۇپ ئۆتكەن دەھشەتلىك مەنزىرىلەرگە ئىشىنىش، ئۆزىنى كۈتۈپ



تۇرغان قورقۇنچلۇق جازانى كۆز ئالدىغا كەلتۇرۇش بىلەن بىللە ، قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن ھاياتقا بولغان ئىنتىلىش ، شۇنداقلا يورۇقلۇققا بولغان ئۈمىدنى ھېس قىلدى . گەرچە بۇ خام خىيال ئىچىدىكى رېئاللىقتىن ناھايىتى يىراق بولغان ئىنتىلىش ھەم ئۈمىد بولسىمۇ ، ئۇ يەنىلا يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن بىخلىنىپ ، ئاجايىپ شېرىن تۇيغۇلارنى پەيدا قىلىۋاتاتتى . بۇنداق تۇيغۇدىن پەيدا بولغان ياشاش ئىستىكى بىر پەسىيىپ ، بىر كۈچىيىپ ئۇنى چاقىراتتى . تولىمۇ قىممەتلىك ھاياتنى ھېچبىر ئىككىلەنمەي داۋاملاشتۇرۇشقا ئۈندەيتتى . بەزى چاغلاردا ئۇ يۈرىكىدە پەيدا بولغان ئاشۇ ئۈمىدنىڭ تۆرەلمىگە ئوخشاش مىدىرلاۋاتقانلىقىنى ، تېپىرلاۋاتقانلىقىنى روشەن سېزەتتى . ھايات ـ مامات ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن كۈرەش جەريانىدا ئۆزىنىڭ بىر قاچقۇن ، ئادەم ئۆلتۈرۈپ كەچۈرگۈسىز گۇناھقا پاتقان قاتىل ئىكەنلىكىنى ئويلىغىنىدا ئۆزىنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى شۇنچە ئوچۇق ، شۇنچە رەھىمسىز ، شۇنچە ئەرزىمەس بىر ھالەتتە كۆز ئالدىدا پەيدا بولاتتى . شۇنداق چاغلاردا زەھەرگە چىلانغان خەنجەر ئۇنىڭ يۈرەك ـ باغرىنى تىلغاپ ، ئىنسان بالىسى چىداپ بولالمايدىغان ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنى ئاتا قىلاتتى . نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىپ قويغانلىقىنى بىلەلمەي ، ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرگەن ھالدا خۇداغا نالە قىلىپ يۈم ـ يۈم يىغلاپ كېتەتتى . ئولتۇرسا ـ قوپسا ئېلىشىپ قالغان ئادەمگە ئوخشاش ئىچىدە بىرنېمىلەرنى دەپ كېتەتتى .

دادا غالىب كەلدى . ئاتا ـ ئانا مېھرىگە تەڭ كېلەلمىگەن سالاۋات ئاخىر ئۆزىنى مەلۇم قىلىش قارارىغا كېلىپ ئاتقا مىنگەشتى . دادا ئۇنى ئېلىپ ماڭغاندا ، بىر ـ بىرىگە مىنگەشكەن ھەيۋەتلىك تاغ تىزمىلىرى ئۇنى باغرىغا باسماقچى بولغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى .

ئات پۇشقۇرتۇپ بىر تۆپىلىك ئۈستىگە چىقتى . بىر تەرىپى باشتىن ـ ئاخىر تام بىلەن ئايرىۋېتىلگەن مەھەللە ئورمانلىقىنىڭ

كـەيـنـــدە ئۆزۈندىن ـ ئۆزۈنغا سوزۇلۇپ ياتاتتى . ئۆيلەرنىڭ تۈرخۈندىن چىقىۋاتقان ئىس ھاۋادا لەيلەپ ، ئاستا ـ ئاستا يۇقىرى كـۆتـۈرۈلـەتتى . چىتلاق تامنىڭ ئۇ چېتىدىكى بوش يەردە مال پادىلىرى ئوتلاپ يۈرەتتى . سالاۋات بېشىنى بۇراپ يۇقىرىقى ئېقىنغا قارىدى . شىددەتلىك ئېقىۋاتقان دەريا سۈيى قۇياش نۇرىدا يالتىراپ كـۆزلـەرنـى قـامـاشـتۇراتتى . ئۇياق ـ بۇياققا قاتناۋاتقان كېمە يىراقتىن ئالىقانچىلىكلا كۆرۈنەتتى . ئاسماندىكى بۇلۇت قاتلىمى لـەرزان چىقىۋاتقان شامال تەسىرىدە يىراق ـ يېقىنلاردا لەيلەپ يۈرەتتى . كۆن پېتىشقا تېخى بالدۇر بولسىمۇ ، ئەتراپ جىمجىتلىق ئىچىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى .

ئۇ دېمىنى ئىچىگە يۇتقان ھالدا كۆمۈشكە ئوخشاش تولغىنىپ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيىگە سىنچىلاپ قارىدى . پۈتۈن ئەتراپ ئېغىر سۈكۈنات ئىچىدە سوزۇلۇپ ياتاتتى . ھەممە نەرسە ، ھەتتا دەريا سـۈيـىـمـۇ ئـۇنىڭ كۆزىگە گويا ئۆزىنىڭ ھاياتىدەك كۆڭۈلسىز تۇيۇلدى . بۇ ھال كۆۋرۈك ئۈستىگە چىققاندا تېخىمۇ كۈچىيىپ كـەتـتـى . سـالاۋات بـىـردىـنـلا كەينىدىن ئەگىشىپ كېلىۋاتقان ئـاپـشاركىنى كۆرۈپ ئالاقزادە بولۇپ كەتتى . ئۇ ھېلىقى كۈنى مـەھەللىگە يېقىن تۆپىلىك ئۈستىدە كۆرگەن ئاپشاركا ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كېلىۋاتاتتى . ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە بىردىنلا ساقـچـىـلارنـىڭ قىلىشقان سۆزلىرى جاراڭلاپ كەتتى . كۆزىگە تـۇشـمـۇتـۇشتىن ساقچىلار چىقىپ ھازىرلا تۇتۇپ كېتىدىغاندەك بىلىنىپ ، يۈرىكى ئەنسىز سېلىپ كەتتى . دەريا سۈيى ئۆركەشلەپ ئـېـقىۋاتاتتى . ۋاققاس ئۆزىنى ئوڭلاپ بولغۇچە ئاتتىن سەكرەپ چـۈشـكەن سالاۋات ئۆزىنى دەرياغا ئاتتى . ۋاققاس ئات ئۈستىدە داڭقاتقىنىچە قېتىپلا قالدى . غەرب تەرەپتىن تۈتەپ چىققان قاپقارا بۇلۇت تېزلىك بىلەن سۈرۈلۈپ كېلىۋاتاتتى . دالىدىكى گۈلدۈرماما ئاۋازى دەريا شاۋقۇنىنى ، ۋاققاسنىڭ ئېچىنىشلىق نالىسىنى يالماپ كەتتى...